
ئىسمائىل تۆمۈر



# توختى جانباز

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى


شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
توختى جانباز

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: بابىز سەيدۇللا

ISBN 978-7-5373-2575-2

(民文)定价:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى




ئىسمائىل تۆمۈر

# توختى جانباز

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



本书主要介绍托合提拳把戏苦链式术成为一代宗师后为人民造福的故事。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەت ئابلىز بۆرەيار
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن

## توختى جانباز (تارىخىي رومان)

ئاپتورى: ئىسمائىل تۆمۈر
نەشرىيات: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
تېلېفون: 0998 — 2653927
ئادرېسى: قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 844000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 880×1230 م م 32 / 1
باسما تاۋىقى: 14.5
نەشرى: 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
باھاسى: 46.00

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتوردىن

كىچىكىمدە يۇرتۇمدىكى ئاغىنەم مەمەتتىن توختى ئاخۇن جانباز ھەققىدە خېلى جىق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغانىدىم، مەمەتكە ئۇ ھېكايىلەرنى ئاتىسى باسىت ئاخۇن سۆزلەپ بەرگەنىكەن. باسىت ئاخۇن ئاكا گۇچۇڭدىن بىزنىڭ يۇرتقا بىرىپ تۇرۇپ قالغان ئادەم ئىدى. بۇ ئادەم توختى ئاخۇن جانبازنى كۆرگەنىكەن.

ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدە ئادەمدە ھەرخىل ئاررزۇ - ھەۋەسلەر بولىدىكەن. بالىلىق چاغلىرىمدا مەنمۇ جانبازلىققا ھەۋەس قىلدىم، بۇ بەلكىم توختى ئاخۇن جانباز ھەققىدە ئاڭلاپ يۈرگەن ھېكايىلەرنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك. توخۇمۇ بىلگىنىنى چىللاپتۇ دېگەندەك، ئاغىنىلەر بىلەن ئاز - تولا مەشقمۇ قىلىپ باققان بولدۇق. بىراق، «ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر ماقامغا يورغىلايدۇ» بولدى، خالاس. بالىلىقتىكى شۇ ھەۋەس خۇددى كۆلگە كۆمۈلگەن سۆكسۆك ئوتۇن چوغىدەك، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋەردى......

تەقدىر - قىسمەت بىلەن ئالىي مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇشقا، مەكتەپ پۈتكۈزگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئەھمەد زىيائى قاتارلىق ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلارغا شاگىرت بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئوتتۇز يىلچە شۇغۇللانغان تەتقىقات خىزمىتى، يېتۈك ئالىملار بىلەن بىرگە ئىشلەش مېنىڭ «قانات - قۇيرۇق» ىمنى يېتىشتۈردى. بۇنداق ئىمكانىيەت مېنىڭ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، بىرەر رومان يېزىشىمغا شارائىت ياراتقان

www.uyghurkitap.com

بولدى. باللىقتىكى ئارزۇ - ھەۋەس چوغى قايتىدىن يېلىنجىدى.

گۈچۈڭلۈك زىيالىيلاردىن كەچلىك گېزىتنىڭ سابىق باشلىقى ئابلا ئىمىن، تۈرك تىلى ئۇستازىمىز، تەتقىقاتچى مۆمىن ئابلا ئەپەندى، مەمەت مۇئەللىم، مەركەز تەرجىمە ئىدارىسىدە ئىشلىگەن پېشقەدەم رەھبەر قېيىم ۋاھىدى، تىجارەتچى ئىسمائىل ھاجى، «گۈلشەن مەكتىپى» نىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقىشقا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچى ساتتار ئەپەندى قاتارلىقلار مېنىڭ بۇ تارىخىي رومانىنى يېزىپ چىقىشىمغا ئالاھىدە ياردەم قىلدى ۋە قىزغىن رەۋىشتە قوللاپ، مەدەت بەردى. ئابلا ئەپەندى ئۆزى يازغان «توختاخۇن جانباز» ناملىق كىنو سىنارىيەسىنىڭ كوپىيەسىنى، توختى ئاخۇن جانبازنىڭ سۈرىتىنى، ئۆزى ساقلاپ قويغان — توختى ئاخۇن جانباز ھەققىدە كەچلىك گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ھېكايە، رىۋايەتلەرنى، «شىنجاڭ تەنتەربىيەسى» ناملىق ژۇرنالنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانىنى سېخىيلىق بىلەن ماڭا ئىنئام قىلدى. ئابلا ئىمىن ئەپەندىگە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

گۈچۈڭگا جۇغراپىيەۋى مۇھىتنى كۆرگىلى بارغىنىمدا، ئىسمائىل ھاجى بىلەن ساتتار ئەپەندى ماڭا ئالاھىدە ياردەم قىلدى. ئىسمائىل ھاجى مېنى تۇغقىنى ساتتار ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى. ساتتار ئەپەندى مېنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە توختى جانبازنىڭ كونا مەھەللىسى، غول بويلىرى، سېپىل ئەتراپى، لىخۇا جەنزە مەيدانلىرى، خانئېرىق كوچىسى، چوڭ مەسچىت، دامياۋ، نياڭ نياڭ بۇتخانىلىرى تەرەپلەرنى ئېرىنمەي ئايلاندۇردى ھەم ماڭا گۈچۈڭ بازىرىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئاددىي ئىسكىمىسىنى (خەرىتىسىنى) سىزىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن رومانىنىڭ جۇغراپىيەۋى جەھەتتىكى ماتېرىيالى ئاساسەن پۈتتى. مەن بۇ بۇرادەرلەرگە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

بۇ رومانىنىڭ ئاساسلىق سۇژېتى، پېرسوناژلىرى، كۆرۈنۈشلىرى، تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە توختى ئاخۇننىڭ

كەچمىشلىرىنى ئاجايىپ ئىدىتلىق سۆزلەپ بەرگۈچى بەكرى ھاجىم ئوغلى ئابدۇسالام ئىدى. ئۇ جانبازلىقنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى ماڭا نەمۇنە قىلىپ كۆرسەتتى، ھەتتا نىزامىدىن ئاكىنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلانغان ئۇنتۇلغۇ لېنتىسىنى بەردى ۋە ئۆزى ئاڭلاپ ئېسىدە مەھكەم ساقلاپ يۈرگەن توختى ئاخۇن ھەققىدىكى نازۇك تەرەپلەرنى، توختى ئاخۇننىڭ خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر بولۇپ جەمئىي يەتتە ئۇستىنىڭ قولىدا ماھارەت ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئىنتايىن تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. جانبازلىقنىڭ خەنزۇچە ئاتالغۇلىرىنى ئۇيغۇرچە ئېلىشقا ھەم كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. قىسقىسى، توختى ئاخۇننىڭ چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ ئوغلى ئاتاۋۇللا قارىينىڭ جانبازلىقتا ئۈزۈپ چىققان ئابدۇسالام ئاتلىق بۇ شاگىرتى بولمىغان بولسا، بۇ روماننىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ھەقىقەتەن تەسكە چۈشەتتى. مەن بۇ يەردە ئابدۇسالامغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىدا بەزى تېمىلارغا قەلەم تەۋرىتىلمىگىنىدەك، جانبازلىق تېمىسى توغرىسىدىمۇ بىرەر يېرىك ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلمىدى. دېمەك، بۇ رومان نەمۇنە بولمىغان ئەھۋالدا يېزىلدى. جانبازلارنىڭ، گۇچۇڭلۇقلارنىڭ، جۈملىدىن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېستېتىك زوقىغا مەزكۇر يازمىنىڭ مەنزۇر بولۇشىدىن گەپ ئېچىش تەس. شۇنداقتىمۇ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ توختى ئاخۇن جانبازغا بولغان سېغىنىشى، تەلپۈنۈشى ۋە مىللەتداش يېتۈك جانبازغا بولغان غايىبانە ئىززەت - ھۆرمىتى تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ روماننى جۈرئەت بىلەن نەشرگە سۇندۇم. مۇكەممەللىك كېيىنكى قەلەمكەشلەردىن ھاسىل بولغۇسى.

2008- يىلى 28- سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب ئاتا ئارزۇسى..........................1
ئىككىنچى باب يېتىمنىڭ قاياشى يېتىم..................35
ئۈچىنچى باب كىشىلەر ئىشىكىدە.........................85
تۆتىنچى باب سەھرا سەيلىسى.........................108
بەشىنچى باب خاماندىكى توقۇنۇش......................132
ئالتىنچى باب مەشرەپتىن يانغاندا......................155
يەتتىنچى باب مەيداندىكى ئېلىشىش....................180
سەككىزىنچى باب مەيدان بۇزغان توختى..................193
توققۇزىنچى باب نورۇز كۈنىدە.........................218
ئونىنچى باب تۆت جانباز..............................242
ئون بىرىنچى باب كېچىدىكى قاراۋۇل.....................259
ئون ئىككىنچى باب توختى ئاخۇننى ئىزدەپ كەلگەنلەر.......279
ئون ئۈچىنچى باب قول بېرىشكەن ئاغا - ئىنىلەر..........306
ئۇت تۆتىنچى باب ئالتاي - چۆچەك يولىدا................319
ئون بەشىنچى باب نىزامىدىن بىلەن ئەلى تۆگە............348
ئون ئالتىنچى باب ئاتا - بالىنىڭ ئېلىشىشى..............361
ئون يەتتىنچى باب گۈلشەن مەكتىپى......................369
ئون سەككىزىنچى باب توختى ئاخۇن تۇرپاندا...............394
ئون توققۇزىنچى باب ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭدا..................412
يىگىرمىنچى باب ساتىراشخانىدا.........................425
يىگىرمە بىرىنچى باب يۇلتۇز ئۆچتى......................449

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرىنچى باب

# ئاتا ئارزۇسى

مىلادىيە 1887- يىلى كۈز.

تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان قەدىمىي يۇرت گۇچۇڭ شەھىرى ئۈستىدىن تۈن پەردىسى ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. ئادەملەر يېڭى بىر كۈنلۈك تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

گۇچۇڭ بازىرى كوچىلىرى بەش تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۇچى بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا تۇتىشاتتى. كوچىلارنىڭ باش تەرىپى بارا - بارا كەڭ يېزا - قىشلاقلارغا يېيىلسا، مەيدانغا تۇتاشقان تەرىپى ساپان چىشى شەكلىنى ھاسىل قىلغانىدى. مانا مۇشۇ ساپان چىشى شەكلىدىكى كوچىنى يەرلىك خەنزۇ، خۇيزۇلار «لىخۋا جەنزە» ① دەپ ئاتىشاتتى. مەشرىقتىن باشلانغان بىر ئۆستەڭ شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە سوزۇلغان. بۇ ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپى تۈگمەنىيشى مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەھەللىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە «سەككىز قورۇ»، ئۇنىڭ نېرىسىدا ئېرىق كوچىسى، خانئېرىق كوچىسىنىڭ

---

① لىخۋا جەنزە — گۇچۇڭدا بەش كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان چوڭ بازار، ئورنى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، شەكلى ساپاننىڭ پولات چىشىغا ئوخشىغاچقا، خەنزۇچە شۇنداق دەپ ئاتالغان — ئاپتوردىن.

www.uyghurkitap.com

شەرقىي شىمال تەرىپىگە چوڭ مەسچىت مەھەللىسى جايلاشقان. ئۆستەڭ ئەنە شۇ چوڭ مەسچىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، «تۇنۇك»، «ئىبرتۇك»، «سەنتۇك» تەرەپكە سوزۇلاتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىدىكى مەھەللىلەر ئۇيغۇر مەھەللىلىرى ئىدى. «شىلەيشاڭ كوچىسى» مەغرىب تەرەپتە بولۇپ، ئۇ يەردە مانجۇ، خەنزۇ، خۇيزۇ مەھەللىلىرى بىرى - بىرىگە چەتلەش جايلاشقانىدى. شەھەر چۆرىسىدە يېگىدىن سوقۇلۇۋاتقان سېپىل بار ئىدى.

گۇچۇڭنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى مورى دېگەن يۇرتقا، بېيتىك تاغلىرىغا، چۆرىدىن ئوتلاقلىرىغا تۇتىشاتتى. كەڭرى كەتكەن غول ئېقىن سېپىلنىڭ سىرتىدا — شەرقتىن مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئەنە شۇ خانئىرىق كوچىسى مەھەللىسىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان چوڭ مەسچىتتىن بامدات نامىزىدىن ئالدىراش يانغان ئىككى ئادەم شەھەر مەركىزىدىكى مەيداندا توختىدى. بۇلارنىڭ بىرى، ئېگىز بوي، قارامتۇل، تەمبەل كەلگەن 30 ياشلار ئەتراپىدىكى تۆمۈرچى ئۇستا گۆھەردىن؛ يەنە بىرى، ئوتتۇرا بوي، كەڭ مۈرىلىك، ئاق سېرىق كەلگەن، تاقا شەكىللىك ساقال - بۇرۇت قويغان ئەسمەتۇللا ئىسىملىك ئادەم ئىدى.

— سىلى ئۆيگە بېرىپ ئېغىلدىكى قارا قوينى ئەچىقىپ هويلىدا سويغاچ تۇرسىلا ئەسلا بەگ ئاغا، ئەستاغپۇرۇللا! سىلىنى يەنە بۇرۇنقى ئىسىملىرى بىلەن ئاتاپ ساپتىمەن. مېنىڭ مۇشۇ ئەس - يادىمنىزە! — گۆھەردىن ئۇستا كۈلگىنىچە شۇنداق دېدى - دە، شىلەيشاڭ تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى، — مەن خۇيزۇلار مەھەللىسىگە بېرىپ دىڭ ئاخۇننى چوڭ مەسچىتتىن[1]،

---

[1] دىنىي مەزھەپ تۈپەيلى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار چوڭ مەسچىت، كىچىك مەسچىت دەپ ئايرىلىدۇ — ئا.

گا ئىمامنى[1] كىچىك مەسچىتتىن تىپىپ ئوغلۇم توختىنىڭ سۈننەت تويىغا ئېيتىپ قوياي. بۈگۈن جۈمە، بۇ مۆتىۋەرلەرنى بالدۇرراق ئېيتىپ قويمىساق بىزلەرنىڭ داستىخىنىمىزغا چولىسى تەگمەي قېلىشى مۇمكىن!

— بولىدۇ، سىلى مېڭىۋەرسىلە! — ئەسمەتۇللا گۆھەردىن ئۇستىغا قولىنى پۇلاڭلاتتى - دە، ئىچىدە:«مۇشۇ گۆھەردىن ئۇستىنىزە، بەزىدە توختىمىلىق، بەزىدە ئالدىراڭغۇ ئادەم- دە بۇ، ئالدىرىغاندا ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي دەۋېرىدۇ، مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىمنى ئاغزىڭدىن چىقارما، دەپ قانچە قېتىملاپ ئېيتتىم. مېنىڭ تېگى - تەكتىمنى، ئەسلىي زاتىمنى كىشىلەر بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگەنچە ....... ھەي، بۇ ئادەمنىڭ يادىدا گەپ تۇرمايدۇ....... ئالدىراڭغۇلۇقىدىن ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئوغلىنى خەتنە قىلدۇرىمەن دەپ يۈرىدۇ بۇ ئادەم.......» ئەسمەتۇللا شۇنداق غودۇرىغىنىچە گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئەسمەتۇللانىڭ ئەنسىرىشىدە ئالاھىدە سەۋەب بار ئىدى......

مىلادىيە 1864 - يىلى كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. ئۇرۇمچىدە خۇيزۇلار قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ خەنچىڭ قەلئەسىنى ئىشغال قىلىۋالغان. ئىلى، قەشقەر، خوتەن ئارقا - ئارقىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن[2]. شۇ قاتاردا تۇرپان، پىچان تەرەپلەردىمۇ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. لۈكچۈن ۋاڭى ئەفرىدۇن (1827 — 1873 - يىللار) جەنۇبىي شىنجاڭغا قېچىپ كەتكەن.

---

[1] پاكار، دىقماق كەلگەن خۇيزۇ ئىمامنى كىشىلەر «گائىمام» دەپ ئاتاشقان.

[2] «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە كىتابنىڭ 750 - ، 751 - بەتلىرىگە قارالسۇن. بۇ كىتاب 1994 - يىلى 1 - ئايدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان.

ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ماموت 1881 ـ يىلى ئىنانچىخان بولغان. ئەنە شۇ لۈكچۈن ۋاڭلىرىغا كاھ بېگى بولغان ئەسلا بەگ دېھقانلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوردىدىن جازالىماقچى بولغاندا، گۇچۇڭغا قېچىپ چىقىپ، ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە ئىشلەپ جان بېقىپ يۈرگەن. ئىسمىنى ئەسمتۇللا دەپ ئۆزگەرتكەن. شۇ چاغلاردا گۇچۇڭ شەھىرىنىڭ سېپىلى ئېگىزلىتىلىپ سوقۇلۇۋاتقان. ئىشلەمچىلەر قاتارىدا ئەسلا بەگمۇ سېپىل سوققان ھەم گۆھەردىن ئۇستا بىلەن تونۇشۇپ، چىقىشىپ قالغان. گۆھەردىن ئۇستا ئەسمتۇللانى مۇساپىر بىلىپ، ئۆز ھويلىسىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ئۇنىڭغا بېرىپ، ئاش ـ تاماقتا بىرگە بولغان. ئالتە ئايدىن بېرى ئەسمتۇللا گۆھەردىن ئۇستا بىلەن سىردىشىپ، سۆھبەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەنىدى. ئەسمتۇللانىڭ ئەسلىي ئىسمىنىڭ ئەسلا بەگ، لۈكچۈن ۋاڭىنىڭ كاھ بېگى ئىكەنلىكىنى گۇچۇڭ تەۋەلىكىدە گۆھەردىن ئۇستىدىن باشقىلار بىلمەيتتى.

گۆھەردىن ئۇستا تېگى ـ تەكتىدىن گۇچۇڭنىڭ يەرلىك ئادەملىرىدىن بولۇپ، ھازىرقى تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدە ئاتا ـ بوۋىسى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ھويلىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان. بۇ مەھەللىدە بۇرۇندا بىر تۇر قەلئە بولۇپ، كىشىلەر شۇ تۇرا ئەتراپىنى چۆرىدەپ مەھەللە قىلىشقان. گۇچۇڭنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نامى «پۇلۇي» [①] ئىكەن، كېيىنچە ياڭبالىق ئاتىلىپتۇ. ئىسلام دىنى

---

① قەدىمدە گۇچۇڭ بىرىنچى پۇلۇي، مورى ئىككىنچى پۇلۇي دەپ ئاتالغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى گۇچۇڭ ـ جىمسارنى يازلىق پايتەخت قىلغاندا، بۇ خانلىق دائىرىسىدىكى بەش شەھەرنىڭ بىرى قانئۈگەربالىق، گۇچۇڭ ياڭبالىق دەپ ئاتالغان — ئا.

بۇ يەرلەرگە تارالغاندا ئاشۇ تۇر قەلئە بار جاي پارسچە «ئابدارتۇرا» دەپ ئاتىلىپتىكەن. «يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۈچ لىنىيەنىڭ شىمالىي لىنىيەسىدىكى بۇ مۇھىم تۈگۈن — سۈيى ئەلۋەك، يايلاق - ئوتلاقلىرى كەڭرى، ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان مۇنبەت زېمىن بىرىنچى پۇلۇي يەنى ياڭبالىقنىڭ نامى ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە ناملىرىدىن خەنزۇچە نامغا ئۆزگىرىپ «گۇچۇڭ» — «قەدىمىي شەھەر» دەپ ئاتالغان. گۆھەردىن ئۇستا مانا مۇشۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ يەرلىك پۇقرالىرىدىن ئىدى.

دەرۋەقە، گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئالدىرىغىنى راست ئىدى. چۈنكى، گۆھەردىن ئۇستا «توختى ئىسىملىك بۇ ئوغلىنىڭ بەش ياشقا — خەتنە[1] قىلىش يېشىغا توشۇشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنىدى......»

گۆھەردىن ئۇستا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ ئىككىنچى يىلى بىر ئوغۇل پەرزەنتلىك بولدى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن گۆھەردىن ئۇستا قولىنىڭ قىسقىلىقىغا قارىماي، خېلى كەڭرى داستىخان راسلاپ ئات تويى قىلىپ بەردى. بالىنىڭ قىرقى توشقاندا مەھەللە - كويىنى، ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يورۇقلارنى چىللاپ بۆشۈك تويى ئۆتكۈزدى. نىھايەت، تۇنجى ئوغۇل بۇدرۇق چوڭ بولۇپ، ئالتە ئايلىق بولغاندا — ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك «پاقلان» بولغاندا، تۇيۇقسىز تارقالغان قىزىل كېسەللىكى سەۋەبلىك چاچراپ كەتتى. گۆھەردىن ئۇستا ئايالى بىلەن خېلىغىچە قايغۇرۇپ - يىغلاپ يۈردى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە گۆھەردىن ئۇستا ئىككىنچى پەرزەنت يۈزىنى كۆردى.

---

[1] ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندا ئەرەبلەرنىڭ ئوغۇل بالىنى خەتنە قىلىش ئادىتىنىمۇ بىرگە قوبۇل قىلغان. ئوغۇل بالا بەش ياشقا ياكى يەتتە ياشقا توشقاندا خەتنە قىلىنىدۇ — ئا.

تۇنجى بالىسىدىن ئايرىلىپ قالغان گۆھەردىن ئۇستا چوڭلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە كىچىكرەك بىر مۇراسىم ئۆتكۈزدى. مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنى ئەتىگەنلىكى گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ھويلىسىدا قۇيماق ـ پوشكال سېلىنىپ ياغ پۇرىتىلدى. گۆھەردىن ئۇستا ئۆز قولى بىلەن قوي سويۇپ قان قىلدى. ئۆيگە تۆت بەش نەپەر بوۋى، يەتتە ـ سەككىز نەپەر كۆپ بالىنى قاتارغا قوشقان ئاياللار، يېقىن ئايال تۇغقانلار چاقىرىلغانىدى. گۆھەردىن ئۇستا قوينى سويۇپ، گۆشىنى پارچىلاپ بولغاندىن كېيىن، تۇغۇتلۇق ئايالى ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغۇسىنىڭ ئاستىدىن ئادەم زوڭزىيىپ ئۆتكۈدەك بىر تۆشۈك ئېچىپ بېرىپ، ھويلىدا تەرىنى سۈرتكەچ ئولتۇرۇپ مۇراسىم تەرتىپلىرىنى كۆزەتتى.

ھەممە ھازىرلىقلار پۈتكەندىن كېيىن بوۋىلەر خەتمە ئوقۇشقا كىرىشتى. خەتمە ئوقۇش تاماملانغاندىن كېيىن داستىخان سېلىندى. بوۋىلەر مېھمان قىلىنغاندىن كېيىن داستىخان يىغىلىپ، بوۋاق چىرايلىق زاكىلىنىپ، ئانىسى قولىغا ئېلىپ ئولتۇردى. بوۋىلەر ئىچىدىكى پېشقەدەملەردىن ئىككىسى بىرى قولىغا قايچا، بىرى قولىغا رەڭدار لاتىنى ئېلىپ، بالا تىلىنى ھەر قېتىم چىقارغاندا لاتىنى بىر پارچىدىن كېسىپ چىقتى. لاتا كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇ پۇرۇچلاردا ھەممە قولمۇقول بىر قۇراق چاپان تىكىپ بالىغا كىيدۈردى. ئاندىن بالا ئۆگزىدىكى تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈرۈلۈپ، بوسۇغا ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئۇدا بالىلىق بولغان پېشقەدەم ئايالدىن بىرى بالىنى كۆتۈردى. يەنە بىرى دۇمبىسىگە بىر خۇرجۇن ئارتىپ، ئىككىسى بىرلىكتە مەھەللە ئارىلاپ، توققۇز ئۆيدىن بىر سىقىمدىن ئۇن، بىر قوشۇقتىن سۈيبېغى تىلەپ قايىتىپ كېلىشتى. تىلەپ كېلىنگەن ئۇن ـ ياغدا كىچىك ـ كىچىك قازان قاتلىمىسىدىن يەتتە ـ سەككىزى راسلاندى، قاتلىما راسلىنىۋاتقاندا مەلۇم بىرىنىڭ ئىچىگە بىر دانە

كۆز مونچاق سىلىپ قويۇلدى. قاتلىما ئاياللارنىڭ ئالدىغا قويۇلۇپ يېپىلگەندە، ھېلىقى كۆز مونچاق ئاياللارنىڭ بىرىگە چىقىۋىدى، شۇ ئايال بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن گۆھەردىن ئۇستا يەنە بىر مال سويۇپ، قايسى كۈنى مۇراسىمغا قاتناشقان ھېلىقى ئاياللارغا قايتىدىن داستىخان راسلاپ مېھمان قىلدى ۋە بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتكەن ئايالنى ئۇبدان رازى قىلىپ، بالىنى «تىلەپ» قايتۇرۇپ كەلدى. بالىنىڭ ئىسمىنى سېتىۋالدى قويدى. ئەمما، ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ بالىمۇ چاچراپ كەتتى......

ئۈچىنچى بالىمۇ تۇغۇلدى - يۇ، يەتتىنچى كۈنى ئۇمۇ چاچراپ كەتتى. ئائىلىدە ئاز - تولا كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ بولۇپ ئۆتتى. يۇتىنىڭ ئۈچىنچى قارايدىغان قولۇم - قوشنىلاردىن گۆھەردىن ئۇستىغا: بالىسى توختىمايدىغان مۇنداق خوتۇننى قويۇۋەتكىن، دېگۈچىلەرمۇ بولدى. ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن: بۇ كونا ئۆيلۈكلەردىن كۆچۈپ كېتەيلى، دېگۈچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. لېكىن، گۆھەردىن ئۇستا ھەر ئىككىلا «مەسلىھەت» كە كۆنمىدى. ئۇ يۈرىكىدە يىغلاپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ يۈردى. لېكىن، ھويلىسىدىكى تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا ئىزچىل ھۈنەر قىلىدىغان ئادىتىنى تاشلاپ، بۇيرۇتما ئىشلارنىمۇ قوبۇل قىلماي، مەلۇم ۋاقىت تاغ - ئېدىرلار ئىچىدە قازاق ئاۋۇللىرىنى ئارىلاپ، ئات - ئۇلاق تاقىلاپ يۈردى. سېپىل سوققان يەرلەردە ئىشلىدى. ئورما ئودى، بىراق بۇمۇ ئەپلەشمىدى. مۇنداق يۈرۈشتىن نېمىش ھاسىل بولۇر ئەمدى؛ «ئاتالمىساڭ ئوقۇغىدىن، چىچالمىساڭ پوقۇغىدىن» كۆرۈپ يۈرگۈلۈكمۇ؟ جاننى ئالسا ئىگەم ئالدى، بەندىدە نېمە ئامال؟ خوتۇندا نېمە گۇناھ؟ تۇغۇلغان باللارنى گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئايالى ھاشىخان خۇددى كەپتەرلەر باچكىسىنى باققاندەك بېقىشتىغۇ؟......

كۆڭۈللەر ئۆتتۈۋەردى. بىر مەزگىل تالا - تۈزدە ئىشلەپ يۈرگەن گۆھەردىن ئۇستا ئۆيىدە مۇقىم تۇرۇپ، ئاتا كەسپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇ گۈچۈك تەۋەسىدە خېلى كامالەتكە يەتكەن تۆمۈرچى ئىدى. بۇيرۇتما ئىشلار ئۇنىڭغا ھەردائىم كېلىپ تۇردى. ئۇ ئۇستا پولۇپەز ئىدى. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلارغا پات - پاتلا تەكلىپ قىلىنىپ، داشقازانلاردا ئوخشىتىپ پولۇ ئېتەتتى. ئۇ ھەم ماھىر چېلىشچى ئىدى. تويلاردا، نورۇز پەسىللىرىدە چېلىشقا چۈشۈپ ئارىلاپ كالا بېشى ئالاتتى [1]. ئۇ دوستلار ئارا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ - ئولتۇرۇشلاردا ئۇستا ئۇسسۇلچى، قىزىقچىلاردىن بىرى ئىدى. مانا ئەمدى ياز كۈنلىرىدىكى باغ - باراۋەتلەردە، قىشلىق مەشرەپلەردە ئۇمۇ دوستلىرىدىن چەتتە قالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى، تۇرمۇشى ئىلگىرىكى ئىزىغا چۈشتى.

ئۈچ يىلدىن كېيىن گۆھەردىن ئۇستا يەنە ئوغۇللۇق بولدى. بۇ بالا يېشىغىمۇ يەتتى، ئۈچ ياشقىمۇ كىردى. بالا ئوتىدا يۈرىكى كاۋاپ بولۇپ كەتكەن ئاتا - ئانا ئۇنىڭغا، «توختى» دەپ ئىسىم قويۇپ، مۇشۇ تۆتىنچى بالىسىنىڭ بولسىمۇ توختاپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىشتى. بۇ بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا تۇغۇلۇشىدا ناھايىتى سەردان تۇغۇلدى. ئۇ بىر ياشقا كىرگەندىلا ماڭدى. ئۈچ ياشقا كىرگەندە بەش - ئالتە ياشلىق ئوغۇل باللارچىلىك بوي تارتىپ، ناھايىتى تىمەن چوڭ بولدى. ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئوغۇزخانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پۇتى يۇقا پۇتىدەك، بېلى بۆرى بېلىدەك، مۈرىسى قارا بۇلغۇن مۈرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى. پۇت - قوللىرىدا قويۇق تۈكلەر

---

[1] ئىلگىرى چېلىشتا ئۇتۇپ چىققانلارغا مەرىكىدە سويۇلغان كالا بېشى ئىنئام قىلىناتتى — ئا.

بار ئىدى. گۆھەردىن ئۇستا بۇ بالىسىغا تولىمۇ ماز بولاتتى[①]. ئۇ ھەم ئەندىشە - ئەنسىزلىكتە ئىدى. ئۇ بالىسىغا ئىسمىئەزەم يېزىلغان تۇمار، كۆز مونچاق، تىلتۇمار دېگەنلەرنى قوشلاپ ئېسىۋەتتى. پەيشەنبىلەردە چامىنىڭ يېتىشىچە ئەرۋاھلار روھىغا ئاتاپ، بالىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكى ئۈچۈن ياغ پۇرىتىپ تۇردى. مانا ئەمدى بالا ئامان - ئېسەن بەش ياشقا توشتى. ئامانەتلىك بۇ پانىي ئالەمنىڭ خۇي - پەيلىنى كىم مۆلچەر قىلالىسۇن؟ گۆھەردىن ئۇستا ئالدىرىماي تۇرالامتى؟

— ھوي، ئەسمەتۇللا ئاغا، پۇت - قوللىرى چاپسان، چېۋەر ئادەم جۇمۇ سىلى، قوينى بىردەمدىلا سويۇپ بوپتىلاغۇ! — گۆھەردىن ئۇستا ھويلا ئىشىكىدىن چوڭ - چوڭ چامدىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

ئەسمەتۇللا ئاغا گۆھەردىن ئۇستامدىن ئايرىلىپ ھويلىغا كىرىپلا تاھارىتى سۇنماستا قوينى بوغۇزلاپ، ھويلىدىكى يوغان قارا تالنىڭ شېخىغا ئاغامچا سېلىپ، ئۆزى يالغۇزلا كۆتۈرۈپ ئېسىپ، تېرىسىنى ئاجرىتىپ، ئۈچەي - باغرىنى ئەمدىلەتىن تارتىۋاتاتتى.

— گۆھەردىن ئۇستا، ئەمدى گۆشنى پارچىلايمەن، سىلى دېسىلە، گۆشنى قازاقچە ئۆگە - ئۆگىلەپ پارچىلامدىم ياكى پالتا بىلەن چاناپلا پارچىلايمۇ؟ — دېدى ئەسمەتۇللا ئاغا.

— سىلىنىڭ تۇرپان، پىچانلىرى ئەمەس بۇ يەر، ئۆگە - ئۆگىلەپ پارچىلىسىلا، گۆشنى مېھماننىڭ ھۆرمىتىگە بېقىپ ئالدىغا قائىدە بىلەن قويىمىز. سىلى كۆپنى كۆرگەن، كۆپ يۇرت ئارىلىغان ئادەم، شۇنىمۇ سوراپ تۇراملا؟ — گۆھەردىن ئۇستا

---

① ماز بولماق — مەزۇزلانماق، شەرقىي شىنجاڭ شېۋىسى، ھەۋەسلەنمەك مەنىسىدە — ئا.

www.uyghurkitap.com

خۇشال ئىدى. ئۇ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئىچىگە سىغمايۋاتقان خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ــ گۇچۇك ـ جىمىسار، مورى دېگەنلەرنىمۇ تورپان، پىچان، توقسۇنلاردىن كەلگەن قېرىنداشلار بىلەنلا يۇرت بولغان، ــ ئەسمىتۇللا ئاغىمۇ بوش كەلمىدى.

ــ ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بۇ يەرنى «تاغ ئارقىسى» دەيدۇ. بۇ يەردە قازاقلاردا ساقلانغان بەزى ئادەتلەرمۇ بار، شۇڭا دەيمىنا،ــ گۆھەردىن ئۇستا كۆپنى كۆرگەن ئەسمىتۇللا ئاغىنى ھۆرمەت قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ئوقۇغان، ئوردىدا بەگ بولغان، ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. شۇڭا، گۆھەردىن ئۇستا گېپىنىڭ ئاخىرىنى سىلغايتىپ چۈشۈرگەنىدى.

ــ قەدىمىي قائىدىمىز بويىچە پارچىلىسىلا دېمەكچىكەنلىغۇ سىلى، شۇنداقمۇ؟

ــ شۇنداق، موللا ئادەمدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلمايدىكەنغۇ، ــ گۆھەردىن ئۇستا كۈلۈپ كەتتى سۆيۈنگەنلىكىنى يوشۇرالماي.

گۆھەردىن ئۇستا ھويلىنىڭ مەغرىب تېمىغا يۆلەپ ئوچاق سېلىشقا تۇتۇندى. ئۇ ئوچاقتا كېرەكلىك كېسەكلەرنى ھويلىغا يۆتكەپ بولۇپ، لاي ئەتمەكچى بولۇپ قولىغا گۈرجەك ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئايالى ھاشىخان توختىنى چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، قولىدىن يېتىلەپ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. توختى خۇشال ئىدى. ئۇ قاپقارا قوي كۆزلىرىنى ئاتىسىغا تىكىپ:

ــ ئاتا، ئاتا، ئەمدى مەن ئاغىنىلىرىم بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى خەتمە تويۇمغا ئېيتقىلى چىقسام بولامدۇ؟ ــ دەپ چۇرقىراپ سۆزلىدى.

گۆھەردىن ئۇستا گۈرجەكنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، قوللىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئوغلى توختىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ

دە، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا سەپسالدى: توختى بېشىغا زەڭگەر دوخاۋىغا گۈل قوندۇرۇلغان چىرايلىق بۆك، ئۇچىسىغا كۆك تېرىكىدىن ئەستەرلىك، تىك ياقىلىق چاپان، ئىچىگە ئاق چۆچۈنچىدىن چامچا[1]، قارا كاجىدىن ئىشتان، پۇتىغا يارىشىملىق ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ كىچىكلىتىلگەن يىگىتكە ئوخشاپ قالغانىدى.

— پاھ - پاھ! مېنىڭ ئوغلۇم چوپچوڭلا بىر يىگىت بولۇپ كېتىپتىغۇ! — گۆھەردىن ئۇستا ئوغلىغا ھەۋەسى كېلىپ ئۇنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ تۇرقىغا قايتا قاراپ چىقىپ:

— ئاناڭنىڭ قولى گۈل جۇمۇ ئوغلۇم، سېنى تويى بولىدىغان يىگىتلەردەكلا ياساندۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ؟! — گۆھەردىن ئۇستا ئايالى ھاشىخانغا مەمنۇنلۇق بىلەن قارىدى.

— قولىمىز قىسقا بولۇپ قالمىغان بولسا، ئوغلىمىزنى شاھزادىلەردەك ياساندۇرغۇم بار ئىدى، — دېدى ھاشىخان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

ھاشىخان ئوتتۇرا بوي، قارا قۇمچاق، بېجىرىم، مېھرىلىك، يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىدى. ئۇ بېشىغا ناۋات رەڭ ياغلىق ئارتقان، ئۇچىسىغا گۈلى چوڭ، تېگى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك ئاددىي رەختتىن تۈز كۆڭلەك كىيگەن، پۇتىغا شاقىلداق كېپىلا ھويلىغا چىققان بولۇپ، قولىقىغا كىچىكرەك زىرە سالغان، قول بارماقلىرىغا نە ئۈزۈك، نە بىلەزۈك سالمىغان، ئاددىي كىيىنگەن تۇرۇقتا ئىدى.

— ھېلىمۇ كاتتا ياساندۇرۇپسەن ئانىسى، تۆمۈرچىنىڭ

[1] شەرقىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئوغۇللار — ئەرلەر كىيىدىغان كۆڭلەكنى «چامچا» دەپ ئاتايدۇ — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئوغلىنى بۇنىڭدىن پۇزۇر ياساندۇرساڭ خەقلەرنىڭ كۆزى تېگىدۇ. هە راس، بالىغا تىلتۇمار، كۆز مونچاقلارنى ئاسقانمىدىڭ؟ — گۆھەردىن ئۇستا بالىنىڭ بوينىغا قارىدى. توختىنىڭ بوينىدا يىپەك يىپ بىلەن چىك چىگىلگەن تىلتۇمار ئېسىقلىق تۇراتتى. — كۆز مونچاقنى ئاسماپسەنغۇ ئانىسى؟ — گۆھەردىن ئۇستا بالىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى سىلاشتۇردى.

— چاپاننىڭ ياقىسىنىڭ كەينىگە قارىسىلا، — دېدى هاشىخان.

— هە، مانا ما يەرگە قاداپ قويۇپتىكەنسەن - دە، ئانىسى.

— سىلىچە بولغاندا ھەممىنى ئوغلىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ، ئۇنى مەيىگە قوشىدىغان ئارغىماقتەك بېزىۋەتسەم بوپتىكەن - دە؟

گۆھەردىن ئۇستا هاشىخاننىڭ چاقچاق ئارىلاش گېپىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، توختىنىڭ ئۇستىبېشىغا قايتىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىققى ۋە بىردىنلا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— بالىنىڭ بېلىگە باغلايدىغان پوتا قېنى؟ ئوغول بالا بېلىگە پوتا باغلىمىسا ئۇ قانداقمۇ بىجىرىم يىگىت بولۇپ يېتىلەلەيدۇ؟ — دېدى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، پوتىنى راسلاپ قويۇپ باغلىمىغىنىمنى كۆرۈۋاڭ، راست ئەمەسمۇ، ئوغۇل بالا بېلىگە پوتا باغلىمىسا دۇرۇس بولمايدىغۇ، مانا هازىرلا ئەچىقاي، — هاشىخان شاقىلدىقىنى شاقىلداتقىنىچە ئۆيگە كىرىپ، مەللە رەڭ پوتىنى ئېلىپ چىقىپ ئوغلىنىڭ بېلىگە باغلاشقا تەمشەلدى.

— هوي ئانىسى، بۇ پوتىنى ئوغلىمىزنىڭ بېلىگە باغلىساڭ قانداق بولىدۇ؟ ماڭ، مېنىڭ كۆك پوتامنى ئېلىپ كەل! — گۆھەردىن ئۇستا سەل رەنجىگەندەك قىلدى. ئۇنىڭ ئويىچە، مەللە رەڭ ماتا پوتا ئوغلىنىڭ يېڭى ئۇستىبېشىغا پار كەلمەيتتى.

ھاشىخان بايام گۆھەردىن ئۇستا ئوچاق سېلىشقا تۇتۇنغاندا چاپان - چارىسىنى سېلىپ قويغان يەردىن كۆك رەڭلىك ئۇزۇن پوتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. گۆھەردىن ئۇستا كەڭ پوتىنى ئوتتۇرىسىدىن يىرتىپ قاتلاپ، ئوغلى توختىنىڭ بېلىگە ئىككى يۆگەپ چىڭ چىگدى - دە:

— مانا ئوغۇل بالا دېگەن مۇنداق بولۇشى كېرەك! — دېدى توختىنىڭ ئۇرقىغا رۇقلىنىپ.

—ھە مانا - مانا، توختى ئوغلۇم ئەمدى رەسمىي چېلىشچى گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاپسەن! — ئەسمەتۇللا ئاغا قوينىڭ گۆشىنى پارچىلاپ بولۇپ، قولىنى يۇيۇپ بېلىدىكى پوتىسىغا سۈرتكەچ، بۇ تەرەپكە كەلدى ۋە تۆش يانچۇقىدىن ئون دانە يارماقنى چىقىرىپ، — مانا بۇ يارماقلارنى ئالە ئوغلۇم، سېنىڭ سۈننەت تويۇڭنى قۇتلۇقلىغىنىم بولسۇن! — دېدى ۋە توختىنىڭ بۇدرۇق قولىنى تۇتۇپ يارماقلارنى ئۇنىڭ ئالقىنىغا سالدى.

—رەھمەت ئەسمەتۇللا چوڭ ئاتا ! توختى چۈچۈك تىلدا رەھمەت ئېيتىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— جۇۋاپ كېتىپلا، ئەسمەتۇللا ئاغا!؟— گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ھاشىخان تەڭلا ھەشقالال ئېيتتى.

شۇ ئارىدا مەھەللىدىكى بالىلاردىن ئىككى - ئۈچى— توختىنىڭ تەڭتۇشلىرى ئاخشامقى كېلىشكىنى بويىچە توختى بىلەن بىللە يېقىن - يورۇقلارنى سۈننەت تويىغا ئېيتىش ئۈچۈن ھويلىغا كىردى. ئۇلار ئەسمەتۇللا ئاغا، گۆھەردىن ئۇستا ۋە ھاشىخانلارغا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ سالام بېرىشتى ۋە سالام ئېلىك ئېلىنغاندىن كېيىن، توختىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا مېڭىشتى. بۇ ئۈچ بالا توختىنىڭ ئاغىنىلىرى بولۇپ ساتتار، قادىر، مەمەتلەر ئىدى.

— ھەي ئىسىت، قولۇم قىسقا بولمىغان بولسا، ئوغلۇمغا چىلان تورۇق تايدىن بىرنى مىندۈرگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە؟! — گۆھەردىن ئۇستا ئاغزىنى چىكىلىداتتى.
ئادەتتە ئىمكان يار بەرگەن ئائىلىلەر سۈننەت تويىنى قىلىدىغان ئوغلىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، مەھەللە - كويدىكى يېقىن - يورۇقلارنى سۈننەت تويىغا ئېيتقۇزاتتى.

— ھازىر مىنىمىسە كېيىن مىنەر ئىلاھىم، — ھاشىخانىمۇ شۇ ئارزۇدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— ئوغۇل بالا چوڭ بولغاندا پىيادە يۈرمەمدۇ ياكى ئاتقا مىنىپ يۈرمەمدۇ، بۇ ئاتا - ئانىنىڭ ئوغلىنى قانداق تەربىيەلىشىگىمۇ باغلىق، — دېدى ئەسمەتۇللا ئاغا.

— شۇنداق، شۇنداق، ھەق گەپنى ئېيتتىلا ئەسمەتۇللا ئاغا! — گۆھەردىن ئۇستا ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

ھويلىغا قولۇم - قوشنىلار بىرلەپ، ئىككىلەپ كىرىشكە باشلىدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن ھەركىم ئۆزىگە يارىشا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشتى.

× × ×

توختى ئاغىنىلىرى بىلەن ھويلىدىن چىقىپ تۈگمەنبېشى، سەككىز چوڭ قورۇ، خانئېرىق كوچىسى مەھەللىسى ۋە چوڭ مەسچىت مەھەللىلىرىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ يېقىنلىرىنى ئارىلاپ جۈمەدىن يېنىپ ئۆتكۈزۈلىدىغان سۈننەت تويىغا ئېيتىپ ماڭدى. ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىن - يورۇقلارنىڭ بەزىلىرى توختىنىڭ يانچۇقىغا بىرنەچچە يارماق سېلىپ قويدى، بەزىلىرى بىرەر پارچە رەختنى توختىنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپ پوتىسىغا قىستۇرۇپ قويدى، يەنە بىرقىسىملەر رەختنى ئۇنىڭ

بىلىگە چىگىپ قويىدى. ئۇلار ئەمدى لىخۇا جەنزە مەيدانىدىكى دۇكانلار تەرەپكە ماڭدى. ئۈستىبېشىغا ھەرخىل رەختلەر ئارتىلغان توختىنى كۆرگەن مانجۇ، خەنزۇ، خۇيزۇلار ئۇنىڭ ئۈستىبېشىغا نېمىشقا شۇنچە جىق تۈرلۈك رەڭدىكى رەختلەرنى ئېسىۋالغانلىقىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراشسا، بازار ئارىلاپ يۈرگەن ئۇيغۇر، قازاق دۇكاندارلار: ھەببەللى، چوڭ بولۇپسەن، سۈنەت تويۇڭ بولىدىكەن - دە؟ يارامىلىق، باتۇر يىگىت بول جۇمۇ؟! دېيىشىپ توختىنى ئەركىلىتىپ قويۇشاتتى. توختى يانچۇقىدىكى مىس يارماقتىن بىر ئۇچۇم ئېلىپ ئاغىنىلىرىگە ئۈرۈستىن كەلگەن كەمپۈت؛ تاڭگاچىنىڭ يايمىسىدىن ھەربىر ئاغىنىسىگە بىر تالدىن كۈنجۈت سېپىلگەن تاڭگا ئېلىپ بەردى ۋە ئۆزىمۇ يېگەچ ماڭدى.

— كۆز كىرسىمۇ كۈن ئىسسىپ تۇرىدىغۇ؟ — دېدى ساتتار بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈگەچ.

— ئاپتاپ چىقمىسا ئېتىزلىقتىكى قوناقلار قانداق پىشىدۇ؟ — دېدى قادىر.

قادىر سەھرالىق بالا بولۇپ، بۇلتۇر سەنتۇڭ تەرەپتىن مۇشۇ تۈگمەنبېشى مەھەللىسىدىكى سادىق قارىي دېگەن تۇغقىنىنىڭكىگە دىنىي ساۋاتىنى چىقارغىلى كەلگەن. توختىدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولغىنى بىلەن جۇغى كىچىك ئىدى. ئۇ بىر يىلدىن بۇيان توختى، ساتتار، مەمەتلەر بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ ئاغىنە بولۇپ قالغانىدى.

— ھەي ئاغىنىلەر، ئەمىسە غول تەرەپكە مېڭىپ مەھەللىگە دەرەخلىق ئارىلاپ قايتمايمىزمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلايلىچۇ، مۇنچە جىق رەختنى ئۈستىبېشىمغا چىگىۋېلىپ مەنمۇ ئىسسقلاپ كەتتىم، — توختى بېشىدىن بۆكىنى ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تەر مونچاقلىرى ئاپتاپتا خۇددى بۆككە قوندۇرۇلغان ئاق ئۈنچىلەردەك يالتىراپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

بالىلار غول تەرەپكە يۈزلەندى. ئۇلار دامياۋ (چوڭ بۇتخانا) ۋە نىياڭ نىياڭ مىياۋ (ئۇماي ئانا بۇتخانىسى)[1] ئالدىدىن ئۆتۈپ، چوڭ مەسچىتنىڭ يېنى بىلەن غول تەرەپكە چۈشىدىغان كونا ھارۋا يولىغا چىقتى. ساتتار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆستەڭ بويىدىكى قارا تالدىن تۆت - بەش تال چىۋىقنى ئۇشتۇپ كېلىپ ئاغىنىلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئات قىلىپ مىنىشكە بىردىن بەردى. بالىلار تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىشىپ غول ئېقىن تامان خۇشال چېپىشىپ كەتتى.

— ھاۋ - ھاۋ - ھاۋ، — تۇساتتىن بالىلارنىڭ ئالدىنى بىر كۈچلۈك توسۇۋالدى. بالىلار ئات قىلىپ مىنگەن چىۋىقلىرىنى ئالمان - تالمان قوللىرىدا تۇتۇپ، كۈچۈكنى ئۇرۇشقا تەمشەلدى. شۇ ئەسنادا قورۇ ئىچىدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى ئۆسكىلەڭ بىر ئوغۇل بالا چىقىپ توختىلارغا قاراپ:

— قايسىڭ سەن، مېنىڭ ئالامويناق كۈچۈكۈمگە چېقىلغان؟ — دېدى كۈچۈكنىڭ يېنىغا كېلىپ تەرىنى تۈرگىنىچە ۋارقىراپ. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن بىشەملىك چىقىپ تۇراتتى. غول تامان سوزۇلغان كونا ھارۋا يولىنىڭ مۇشۇ دوقمۇشىدا ھويلىسى كەڭرى، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىگە قوتان سېلىنغان بىر قورۇ بار بولۇپ، بۇ روزى قاسساپ دېگەن كىشىنىڭ قورۇسى ئىدى. كۈچۈكنىڭ ھاۋشىشى بىلەن يۈگۈرۈپ چىققان ئۆسكىلەڭ بالا ئەنە شۇ روزى قاسساپنىڭ ئوغلى مامۇت ئىدى.

— بىز كۈچۈككە چېقىلمىدۇق، ئۇ ئۆزى ھاۋشىپ بىزنىڭ ئالدىمىزنى توستى، — دېدى توختى.

---

[1] نىياڭ مىياۋ بۇتخانىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار، جۈملىدىن خەنزۇلارنىڭ تۇغمىغان ئاياللار بالا تىلەپ تاۋاپ قىلىدىغان بۇتخانىسى— ئا.

— سىلەر چېقىلمىساڭلار كۆچۈكۈم بىكاردىن - بىكار هاۋشۇمايدۇ. ئېيتىشە، زادى قايسىڭ چېقىلدىڭ؟ — ماۇت بۇ تۆت بالىنى كىچىك كۆرۈپ، مەھەللىسىگە كېلىپ قالغان بۇ «شۇمتەك» لەرنى بوزەك قىلاي دەپ ئويلىغانىدى.

بالىلار بىر - بىرىگە قاراشتى، توختىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ بىر قەدەم ئالدىغا چىقىپ:

— بىز غول يۇقىرىلاپ ئۆيىمىزگە قايتىش ئۈچۈن بۇ يولدىن ماڭغانىدۇق، كۈچۈكۈڭ هويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بىزگە قاراپ هاۋشىدى، بىز كۈچۈكۈڭگە چېقىلمىدۇق، — دېدى.

— چېقىلىشمىساڭ كۈچۈكۈم بىكاردىن - بىكارغا هاۋشامدۇ؟ يالغان ئېيتما؟!

— ئىشەنمىسەڭ كۈچۈكۈڭدىن سوراپ باق! — توختىنىڭ ئاچچىقى تۇتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، بۇدرۇققىنا مۇشتۇمى تۈگۈلدى.

— ئەجەب چوڭ گەپ قىلىسەنغۇ شۇمتەك، كۈچۈكنىڭ گەپ قىلغىنىنى سەن نەدە كۆرگەنىدىڭ؟! — ماۇت قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ، يەرگە «چىرت» قىلىپ بىزنى تۈكۈرۈۋېتىپ، توختىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

شۇ ئارىدا غول تەرەپتىن ئۆتتۈرا ياشلىق بىر ئادەم كۆتەك هارۋىغا تال شوپۇردىن لىق بېسىپ كېلىپ، يول ئۈستىدە بىر - بىرىگە هۈرپىيىپ تۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ هارۋىسىدىن چۈشۈپ قاراپ تۇردى.

— مېنى شۇمتەك دېمە، مەن چوڭ بولدۇم، بۈگۈن سۈننەت تويۇم بولىدۇ، — دېدى توختى قوشۇمىسىنى تۈرگەن پېتى.

ماۇت ئوڭ قولى بىلەن توختىنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتەردى. لېكىن، توختى، ئورنىدا مىختەك تۇردى.

— چوڭ بولغان بولساڭ مەن بىلەن چېلىشالامسەن؟ ئەگەر

www.uyghurkitap.com

چېلىشىپ مېنى يىقىتالىساڭ بۇ يولدىن ئۆتسەن، بولمىسا كەينىڭگە يانسەن؟! — دېدى ماموت كۆرەڭلەپ.

— ئۇ ئەمدى بەش ياشقا كىرگەن تۇرسا، سەن دېگەن ئون ياشقا كىرگەن تۇرساڭ، سېنىڭ بىلەن قانداق چېلىشقۇدەك توختى؟ — دېدى ساتتار ئارىغا كىرىپ، ساتتار بۇ ماموت ئۇششۇقنى تونۇيتتى.

— مەن چوڭ بولدۇم دەيدىغۇ ئەمسە، بۇ هارامزادە؟

— تىللىما! — دېدى توختى.

— ئەمسە مەن بىلەن چېلىشالامسەن؟

— چېلىشىمەن! — توختى شۇنداق دېدى ـ دە، ئېتىلىپ بېرىپ ماموتنى قاق بەلدىن تۇتۇپ يىرلا چىرماق بىلەن ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئوڭدىسىغا چۈشكەن ماموت ئورنىدىن قوپۇپ قولىنىڭ دومبىسى بىلەن بۇرنىنى شارتتىدە ئېرىتتى ـ دە، «چىرت» قىلىپ بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ:

— كېلە شۇمتەك! — دېدى ۋە ئېتىلىپ كېلىپ توختىغا قول سالدى.

توختى ماموتنىڭ ئانچە كۈچى يوقلۇقىنى بىرىنچى تۇتۇشتىلا بىلىپ بولغانىدى. ئۇ يۈرىكىنى توختىتىپ، ئۇياققا، بۇياققا بىر ـ ئىككى قېتىم چايقىلىپ تۇرۇپ ماموتنى كەينىگە بىر قەدەم سۈردى ـ دە، شۇ دەقىقىدە ئۇنى ئوڭ يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئاتتى. توختىنىڭ هەمراهلىرى چۇرقىرىشىپ كەتتى ۋە تارتقۇشلاشتا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن رەختلەرنى ئېلىپ قېقىشتۇرۇپ، توختىنىڭ بېلىگە باغلاشتۇردى.

— هۇ، ئاناڭنى شۇمتەك، ئاياپ قويسام مېنى تۇيۇقسىز يىقىتىۋەتتىڭا؟! — ماموت ئورنىدىن قوپۇپ يەنە چېلىشماقچى بولۇپ ئالغا ئىنتىلدى.

— بولدى قىل ھوي مامۇت! — دېدى ياياتىن بىرى بالىلارنىڭ چېلىشقىنىغا قاراپ تۇرغان — ھارۋىغا شوپۇر بېسىپ كەلگەن ئادەم. بۇ مۇشۇ غول ياقىسىدىكى يانباغىرلىقتا ئولتۇرىدىغان سېتى دېگەن ئادەم ئىدى، — ئىككى قېتىم يېقىلغان ئادەم يېڭىلگەن بولىدۇ. سەن يېڭىلدىڭ، بولدى قىل! ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەللىسىدىن ئۆتكەن بالىلارنى بوزەك قىلىمەن دېگەن ئادەم ئوغۇل بالا ھېسابلانمايدۇ!

سېتى مامۇتقا ھاي بېرىپ توختىتىپ تۇرغاندا، ۋاڭ - چۇڭنى ئاگلاپ ھويلىسىدىن چىققان ئېگىز بويلۇق روزى قاسساپ يېتىپ كەلدى. ئۇ مەھەللىدىشى سېتى بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ ئەھۋالنى ئۇقتى ۋە ئاچچىقىدا، نامەردلىك قىلغان ئوغلى مامۇتنى ئىككى شاپىلاق سېلىۋەتتى. مامۇت يىغلىغىنىچە بۇرنىنى تارتىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. روزى قاسساپ توختىنىڭ گۆھەردىن ئۈستىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى، بۈگۈن ئۇنىڭ سۈننەت تويى بولىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ، يانچۇقىدىن بىرنەچچە يارماق چىقىرىپ توختىغا تۇتقۇزدى ۋە:

— بۈگۈن سېنىڭ سۈننەت تويۇڭكەن بالام، قۇتلۇق بولسۇن، ئاتاڭغا سالام ئېيتقىن، — دېدى ھەم ئۇنىڭ ئۈست - باشلىرىنى سىلاشتۇرۇپ يولغا سېلىپ قويدى. روزى قاسساپ توختىنىڭ بەدەنلىرىنىڭ مىقتىلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇ ئىچىدە «چېلىشچىنىڭ بالىسى يەنىلا چېلىشچى بولىدىكەن - دە!» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئوغلى مامۇتنىمۇ مىقتا يىگىت قىلىپ ئۆستۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى - دە، سېتى بىلەن خوشلىشىپ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى.

× × ×

جۈمە نامىزىدىن كېيىن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى. يۇرت

مۆتىۋەرلىرىدىن سەمەتھاجى، ئىمىنباي، قارىھاجى، ئابدۇكېرىم ئاخۇن، خۇيزۇ مۆتىۋەر دىڭ ئاخۇن قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمىتۇللا ئاغا دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. سۈننەت تويىغا چاقىرىلغان مۆتىۋەرلەردىن پەقەت گىلا ئىمامىلا كەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ سۈننەت تويىغا چوڭ مەسچىتتىن دىڭ ئاخۇنىنىڭ تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئۇققانىدى. ئۇ ئاغزىدا «بارىمەن» دەپ قويدى ـ يۇ، كەلمىدى. خۇيزۇلاردىكى دىنىي مەزھەپ تۈپەيلى چوڭ مەسچىت، كىچىك مەسچىت مۇسۇلمانلىرى ئاسانلىقچە بىر يەردە بولۇشتىن ئەيمىنىشەتتى. خەيرىيەت، مۆتىۋەر مېھمانلار بىلەن باشقا مېھمانلار ئايرىم ئۆيلەرگە ئولتۇرغۇزۇلدى.

مېھمانلار مەسە ئۇستىگە كىيىۋالغان كۆن ساپقايلىرىنى[1] پەگاھتا سېلىشىپ تۆرگە چىقىپ ھۆرمەت، مەرتىۋىلىرى بويىچە ئورۇن ئېلىشتى. ئوتتۇرىدا سەمەتھاجى ئولتۇردى. بۇ كىشى گۇچۇڭ تەۋەسىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك دىنىي مۆتىۋەر ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئىمىنباي ئولتۇردى. بۇ ئادەم بايلارنىڭ ئالدى ئىدى. سەمەتھاجىنىڭ سول يېقىغا يۇرتنىڭ ئاخۇنى ئۇيغۇر مەھەللىسىدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ خاتىپى ئابدۇكېرىم ئاخۇن جايلاشتى. ئىمىنباينىڭ يېنىدا دىڭ ئاخۇن ئولتۇردى. ئابدۇكېرىم ئاخۇنىنىڭ يېنىدا چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامەتچىلىكىنى قىلىدىغان قارىھاجى دېگەن كىشى ئولتۇردى. قالغان مېھمانلارمۇ تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئېلىشتى.

مېھمانلار جايلىشىۋالغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ، گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئۆيىگە بەرىكەت تىلىدى. ئوغلىنىڭ سۈننەت

---

[1] ساپقاي — كۆندىن تىكىلگەن كالاچسىمان ئاياغ، مەسىنىڭ ئۇستىگە كىيىلىدۇ — ئا.

تۇۋىنى قۇتلۇقلىدى. ئاخىرىدا ئەل ـ يۇرتقا تىنچ ـ ئامانلىق تىلىشىپ، يۈزلىرىنى، ساقاللىرىنى سىيپاشتى. ئىشىكتە قولىدا چىلاپچا ـ ئىۋرىق تۇتۇپ تۇرغان ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا مۈرىسىگە گۈل كەشتىلىگەن چۈچىلىق ئۇزۇن ياغلىقنى سېلىپ، مېھمانلارنىڭ چوڭىدىن باشلاپ قوللىرىغا سۇ بەردى، ئاندىن داستىخان سېلىنىپ، داستىخانغا سۈت قوشۇپ يېقىلغان توقاچلار، ئالاھىدە يېقىلغان چېكىم نانلار، ھېجىرلاردا قايماق، قېتىقلار، گۆلە ـ قاق، ياڭاق، چىلان، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق يېمەكلەر، تىلىنغان قوغۇن ـ تاۋۇزلار تىزىلدى. سىنچايدىن كېيىن ئاپقۇرلاردا قايماق چاي كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار داستىخاندىكى مول نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ پاراڭلاشتى.

— ھازىر جاھان بىرئاز تىنچىپ قالدىمۇ دەيمەن؟ — دەپ گەپ باشلىدى سەمەتھاجى.

— شۇنداق، زوزۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى ياقۇپبەگنى — بەدەۋلەتنى[1] يوقاتقاندىن كېيىن، پامىر تاغلىرىدىن تارتىپ خوتەن چۆللۈكلىرىگىچە بولغان كەڭ زېمىن بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتتى. جاھان تىنچىپ قالغاندەك بولدى. ئېيتىپ باقسىلاچۇ ئىمىنباي، سىلى دائىم چېگرا ئاتلاپ سودا قىلىدىغان ئادەم!؟ — دېدى ئابدۇكېرىم ئاخۇن ئىمىنبايغا قاراپ.

— توغرا، ھازىر جاھان سەل تىنچىپ قالدى، مۇشۇ تۆت ـ بەش يىل مابەينىدە جۇڭگو بىلەن رۇسىيە «ئىلى چېگرا

---

[1] بەدەۋلەت — قوقانلىق ياقۇپبەگنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە 1865 ـ يىلى ئەسكەر باشلاپ قەشقەرگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن. جەنۇبىي شىنجاڭنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ «يەتتە شەھەر دۆلىتى» نى قۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارى زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلگەن. 1884 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى قۇرۇلغان — ئا.

شەرتنامىسى»، «قەشقەر چېگرا شەرتنامىسى»، «تارباغاتاي غەربىي جەنۇبىي چېگرا شەرتنامىسى»[1] دېگەندەك شەرتنامىلەرنى ئىمزالىغاندىن كېيىن چېگرا تەرەپلەر خېلى تىنچىقىپ قالدى، بىزنىڭ سودىمىزمۇ كاپالەتكە ئىگە بولۇپ قالدى، — دېدى ئىمىنباي. ئۇ گۈچۈڭ، مورى، جىمىسار تەۋەسىدىن يۇڭ - تېرە يىغىپ رۇسىيە بىلەن چېگرا سودىسى ئېلىپ بارىدىغان ئادەم ئىدى.

— سىلى دەپ باقسىلا دىڭ ئاخۇن، ئىلگىرى جاساقلىق تۈزۈمى ۋە نەسەبى بەگلىك[2] بىلەن يۇرت باشقۇرۇلاتتى، ھازىر نېمە بولدى بۇ يۇرت باشقۇرۇش ئىشلىرى؟ خەنزۇ، خۇيزۇلارنىڭ «قولىقىڭلار ئۈزۈن» كېلىدۇ، سۆزلەپ باقسىلا؟ — سەمەتھاجى ئۇڭ تەرەپكە قاراپ دىڭ ئاخۇندىن سورىدى.

دىڭ ئاخۇن ئۇيغۇرچە سۆزلەشكە ئۇستا، ئېغىر - بېسىق كەلگەن، يەرلىك مۆتىۋەر خۇيزۇ ئاخۇن ئىدى. ئۇ سەمەتھاجىنىڭ چاقچاق ئارىلاش سۆزىگە لايىق گەپ قىلىپ:

— مېنىڭ قولىقىممۇ سىلىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئوخشاشلا ئەتىگەندە مايزىنىڭ ئەزان ئېيتقىنىنى، خورازنىڭ چىللىغىنىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، — دېدى كۈلۈپ، — سىلى ئويلىغاندەك، دەرۋەقە، خەنزۇ، خۇزۇ قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە ئىچكىرىگە، دىخۇاغا[3] بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىغانلار بار، شۇنداقلا گۈچۈڭگە ئىچكىرىدىن سودا قىلىش يولى بىلەن كېلىدىغانلار، دار ئاستىدىن قېچىپ كېلىدىغانلار، ئاستىرتىن خانلىق مۇپەتتىشى بولۇپ كېلىپ

---

[1] بۇ مەلۇماتلار ئۈچۈن «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» غا قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994- يىلى 1- ئايدا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنغان — ئا.

[2] نەسەبى بەگلىك — بەگلىك ئاتىدىن بالىغا قالىدىغان تۈزۈم.

[3] ئۈرۈمچىنىڭ ئەينى چاغدىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى — ئا.

تەكشۈرۈپ كېتىدىغانلار بار، ئۇلار ئاشۇ يامۇل ئورۇنلاشقان ھەم مانجۇ، خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان شىلەيشاڭ مەھەللىسىگە ئورۇنلىشىدۇ. بىزنىڭ شۇ يەردىكى بۇرادەرلىرىمىزنىڭ قولىقى سەل ئۇزۇن، شۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، زوڭدۇڭتاڭ ھەزرەتلىرى بەدەۋلەتنى يوقاتقاندىن كېيىن ئىلگىرى غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان بۇ زېمىن «شىنجاڭ ئۆلكىسى» بولۇپ قۇرۇلدى. ھازىر يۇرتىمىزدا ئۆلكە، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ليۇجىڭتاڭ شىنجاڭنىڭ سەيياره تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ۋېي گۇاڭشۇ شىنجاڭ پەرمانبېگى قىلىپ تەيىنلەندى.

مانا - مانا، دىمىدىمۇ، دىلىڭ ئاخۇننىڭ قولىقى ئۇزۇن، كۆپنى بىلىدۇ دەپ، بىزلەر بولساق تېخىچىلا پالانى يۇرتتا پالانى بەگ، پالانى ئاخۇن، پالانى ھاجىم بار دېگەننىلا يادىمىزدا ساقلاپ يۈرىمىزكەن. يۇرتقا كىم سۇلتان، كىم ھاكىم بولدىسىغا ئانچە پەرۋا قىلىپمۇ، دىققەت قىلىپمۇ كەتمەيدىكەنمىز، — دېدى سەمەتھاجى.

— يوغىسۇ، بىزلەر يۇرت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاز - تولا قۇلاق شىڭشايتىپ قويغىنىمىزلا بار. ئىمىنبايدەك كىشىلەر دۆلەت سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى، چېگرا تەرەپلەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنىمۇ بىلىپ تۇرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى دىلىڭ ئاخۇن سەمەتھاجىنىڭ گېپىگە قارىتا.

بىزلەر كەسپىي سودىگەرلەرغۇ، يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر دېگەندەك، شۇ سودا يوللىرىغا مۇناسىۋەتلىك گەپلەرلا قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالىدىكەن، — ئىمىنباينىڭ سۆزى بىلەن ۋەزىيەت توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر تۈگەللەنگەندەك بولدى.

— ھە، قېنى گۆھەردىن ئۇستا، خەتنىسى قىلىنىدىغان ئوغۇللىرى، — سەمەتھاجى گۆھەردىن ئۇستىغا قارىدى.

گۆھەردىن ئۇستا ھويلىدا ئاغىنىلىرى بىلەن ئوينىۋاتقان ئوغلىنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئۆي ئىچىدىكى چوڭلارغا سالام بېرىشنى ئېيتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — توختى ئۆي ئىچىگە كىرىپ چوڭلارغا تۇرگۇنلۇك بىلەن سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىسمىڭ نېمە ئوغۇل؟ — سەمەتھاجى بالىغا سەپسالغاچ، سورىدى.

— ئىسمىم توختى.

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟

— بەش ياشقا.

— ھىم، خېلى تۇرگۇن بالا بوپسەن، چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— تۆمۈرچى بولىمەن.

— ھا - ھا - ھا!— سەمەتھاجى ۋە باشقىلارمۇ يەڭگىل كۈلۈپ قويدى، — مال ئىگىسىنى تارتمىسا گۆشى ھارام دېگەن شۇ- دە! گۆھەردىن ئۇستا، ئوغۇللىرى خېلى تىمەن چوڭ بوپتۇ، بالىنى ئوقۇتاي دەملا ياكى ھۈنەر ئۆگىتەي دەملا!

گۆھەردىن ئۇستا كۆڭلىدە سەمەتھاجىغا نارازى بولۇپ «تىلىڭغا تاش» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئوغلىغا «تىل تېگىش» تىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇختىتىپ:

— ئوغلىمىز ساق - سالامەت بەش ياشقا توشتى، ئىنشائاللا، تەڭرى ئۆمرىنى بەرسە ئۇنى يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئارزۇيۇم بار. مانا، بالا ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ، بىزدە «ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول» دەيدىغان گەپ بار. ھەرقايسىلىرى يۇرتىمىزنىڭ مۆتىۋەرلىرى، ئەقىل ئۆگىتىشسىلە! — دېدى.

— ئوقۇتۇپ موللا قىلسىلا! — دېدى خاتىپ ئاخۇن

ئابدۇكېرىم.

— سودىغا سالسىلا، يەتتە ئەقلىمنى ئايلىنىپ يۇرت كۆردۇ، ئالتۇن - كۈمۈش يىغالايدۇ، ئالەم كېزىپ كۆزى ئېچىلىدۇ، — دېدى ئىمىنباي.

— شوتاڭدا[1] ئوقۇتۇپ ئەمەلدار قىلسىلىمۇ بولىدۇ، گۆھەردىن ئۇستا، — دېدى قارىھاجى ئىمام.

باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى بىرھازا تىڭشىغان سەمەتھاجى ئۇززۇن قارا ساقىلىنى تۇتاملاپ سىيرىپ ئولتۇرۇپ گەپكە كىرىشتى:

ئوغۇل بالا ھۈنەرلىك، ئوقۇمۇشلۇق، پۇلدار بولۇپ ئۆتسە بۇ جاھاندا نامدار بولۇپ ياشايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، مۇسۇلمان بەندە ئالدى بىلەن دىن يولىنى تۇتۇشى، تەقۋا بولۇشى، ئاندىن پۇل تېپىپ، مۇسۇلمانچىلىقنىڭ بەش پەرزىنىڭ بىرى بولغان ھەج - ھەرەم قىلىشى كېرەك. مۇشۇنىڭدا ئاندىن ئۆمرىنى زايە قىلمىغان بولىدۇ، قانداق دېدىم بۇرادەرلەر؟

— ھەق گەپ!

— ئالتۇندەك گەپ قىلدىلا سەمەتھاجىم، ئالتۇندەك گەپ!

— ھېكمەت دېگەن مانا شۇ!

سورۇندىكىلەر سەمەتھاجىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى بىر ئېغىزدىن تەستىقلاشتى. گۆھەردىن ئۇستىمۇ پەگاھتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

— سەمەتھاجىمدىن سورىۋالىدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى سۇپىنىڭ لېۋىدىرەك يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئەسمەتۇللا ئاغا.

— خوش، نېمە گەپتى ئۇ، سورىسىلا، — سەمەتھاجى ساقىلىنى تۇتاملاپ سىيرىپ ئولتۇرغاچ ئەسمەتۇللا ئاغىغا قارىدى.

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرى يېزىپ قالدۇرغان

[1] شوتاڭ — خەنزۇچە مەكتەپ — ئا.

نادىر كىتابىتا «بۇ دىن دالى دۇنيا دالى قارىشىدۇر»[1] دېگەن بىر مىسرا بارلىقى ئېسىمدە. سىلىنىڭ بايا ئېيتقان گەپلىرىگە قارىغاندا، ئادەملەر ھەم دىن يولىغا، ھەم دۇنيا يىغىش يولىغا تەڭ ئاتلىنىشى كېرەكتەك قىلىدۇ. بۇ ئىككى يول بىر - بىرىگە قارشى ئەمەسمىدۇ؟

سەمەتھاجى خېلى تېرەن موللىلاردىن يەنى گۇچۇك دائىرىسىدە قازىلىق قىلىۋاتقان ئۆلىما ئادەم بولسىمۇ، ئەسمەتۇللا ئاغا سورىغان سوئالغا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى ۋە بىرھازا ساقلىنىپ تۇتامداپ سىيرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن:

— ئاخىرەت ئۈچۈن مۇسۇلمانغا تەقۋادار بولماق زۆرۈر، تىرىكچىلىك ئۈچۈن مال - دۇنيا يىغمايمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە، — دېگەچ گۆھەردىن ئۇستىغا قارىدى، — بۇ بۇرادىرىمىز كىم بولىدۇ ئۆزى؟

— بۇ موللا ئاغىمىزنىڭ ئىسمى ئەسمەتۇللا، مېنىڭ بىر نەۋرە ئاغام بولىدۇ، تۇرپاندىن كېلىشى، — دېدى گۆھەردىن ئۇستا.

— ياخشى، ئۆزىمۇ موللا سۈپەت ئادەمكەن، ئىلمىمۇ خېلى تېرەن ئوخشايدۇ، — دېدى سەمەتھاجى ئەسمەتۇللا ئاغىغا سىنچىلاپ قارىغاچ، — سىلى نەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان ئىدىلە؟

ئەسمەتۇللا ئاغا «مەن لۈكچۈن مەدرىسەسىدە ئوقۇغان»

[1] بۇ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ مىسراسى. بۇ سۆز ئويۇنى قىلىش ئارقىلىق مەنە يېشىپ بېرىلگەن مىسرا يەنى«دىن» سۆزىدىكى «د» بىلەن «دۇنيا» سۆزىدىكى «د» ھەرپى ئەرەبچىدە «دال» ئوقۇلىدۇ. مەنىسى: دىن يولىنى تۇتساڭ دۇنيا يولى قالىدۇ. دۇنيا يىغساڭ دىن يولىغا تولۇق ماڭالمايسەن، دېمەكچى.

دېمەكچىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنىڭ سېزىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— مەن ئاتامدا ئوقۇغان، — دەپ يالغان ئېيتتى.

ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ نەزەرىدە، گەرچە يالغان ئېيتىش گۇناھ بولسىمۇ، ئەمما بەزىدە پايدىلىق يالغاننى ئېيتمايمۇ بولمايتتى.

— ھەم، ياخشى، — دېدى سەمەتھاجى دىمىقىنى قاقىلاندەك قىلىپ.

— ئاتىلىرىڭنىڭ ئىسىم - شەرىپى كىم بولغىيدى؟ — خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان قارىھاجى ئىمام سوراپ قالدى.

— ئاتامنىڭ ئىسمى سابىت ئاخۇن، — دېدى ئەسمەتۇللا ئاغا يەنە بىر يالغاننى توقۇپ.

— سابىت ئاخۇن...... سابىت ئاخۇن...... — دەپ تەكرارلىدى قارىھاجى، — ئەجەب ئاڭلىمىغان ئىسىمكىنا بۇ؟ سىلى تۇرپاننىڭ نەرىدىن؟ — قارىھاجى ئىنچىكىلەپ سورىدى. بۇ ئادەمنىڭ مۇنداق ئىنچىكىلەپ سورىشىدا سەۋەب بار ئىدى. قارىھاجى ئەسلىي تۇرپان شەھەر ئىچىدىن بولۇپ، يىقىندىلا كۇچۇڭغا چىقىپ تۇرۇپ قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرەلەيتتى. ئۇ يېتىشكەن قارىي قۇرئان بولۇپ، تۇرپان شەھىرىدىكى بىر مەسچىتتە ئىمام ئىدى. گەرچە بۇ ئادەم خېلىلا ئىلىملىك بولسىمۇ، ئەپسۇس، قىمارغا بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ كۈندۈزلىرى ئۆيىدە، مەھەللە - كويدا يۈرۈپ، بەش ۋاق ناماز ۋاقتىدا مەسچىتتە ئىمامەتچىلىك قىلىپمۇ، كېچىسى «ئويماندەك» دېگەن يەردە بولىدىغان قىمار سورۇنىغا كىرەتتى. ئۇ بۇ ئادىتىنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋېتەلمىدى. خۇددى «مەسچىتنىڭ مورىسى يوق، ئادەتنىڭ دورىسى يوق» دېگەندەك، قىمارۋازلىق ئۇنىڭ ئادىتىگە

ئايلانغان شۇ مەزگىللەردە، بىر كېچىسى ئۇيمانەگدىكى قىمار تاڭغا سوزۇلۇپ كەتتى. قارىھاجى بۇ كېچە ئىمامەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇتتۇرۇپ قاقسەنەم بولۇپ كەتتى. «يىقىلغان چىلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، «مانا ئۇتتۇۋالىمەن، ئەنە ئۇتىمەن» بىلەن ناماز ۋاقتىغا يەتتى. تويۇقسىز ئەتراپ مەسچىتتە ئورۇلغان تاك - تاك ئاۋازىدىن چۆچۈگەن قارىھاجى ئۇپۇل - تۇپۇللا تۆت ئوشۇقنى تاشلاپ، ئۆزى ئىمامەتچىلىك قىلىدىغان مەسچىت تامان يۈگۈردى. ئالمان - تالمان تاھارەت ئېلىپلا مېھرابقا چىقتى. ناماز باشلاندى، باشلاندى - يۇ، بىرىنچى رەكەت نامازنىڭ تۇنجى سەجدىسىگە باش قويغان قارىھاجى ئۇيقۇغا ئەسىر بولۇپ قالدى. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ سەجدىگە چۈشكەن نامازخانلار «سۇبھانالla، سۇبھانالla» دەپ قايتا - قايتا پىچىرلاپ باقدى. لېكىن، ئىمامنىڭ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ سەجدىدىن باش كۆتۈرگىنىنى سەزمىدى. ئۇلار يەنە بىرقانچە رەتتىن «سۇبھانالla» دەپ پىچىرلاپ بېقىشتى- يۇ، ئىمامنىڭ سەجدىدىن باش كۆتۈرگىنىنى زىنھار سېزىشمىدى. قېنى قىزىقراق نامازخاندىن بىر - ئىككىسى ناماز قائىدىسىنىڭ بۇزۇلۇشىغا قارىماي بېشىنى كۆتۈرۈپ مېھراب تەرەپكە قارىدى، ئىمام يېنىك خورەك تارتىۋاتاتتى...... نامازخانلار ئىلگىرى - كېيىن سەجدىدىن باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، ئىمامنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ غۇدۇراشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئىمام تۇيۇقسىزلا، خۇددى كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈۋېتىپ چۆكۈپ چىققان بالىلارغا ئوخشاش سەجدىدىن باش كۆتۈردى. باش كۆتۈردى - يۇ، «ئاللاھۇئەكبەر» دېيىشىنىڭ ئورنىغا، «دەتتىككام!» دەپ تۇۋلاپ سالدى! مەسچىتتە ئاۋۋال كۈلكە، ئارقىدىن غۇدۇراش باشلاندى. ئىمان ئىشنى بۇزۇپ قويغانلىقىنى سەزدى - دە، يەردىن قۇيۇنتاز كۆتۈرۈلگەندەك تېزلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇيۇلدىغىنىچە مەسچىتتىن چىقىپ، ئۆزىنى تۇن قاراڭغۇسىغا

ئاتتى...... قارىھاجى ئاتالغان بۇ ئادەم شۇ يىتكىنچە تۇرپان شەھىرىدىن يوقىلىپ، گۇچۇڭدا پەيدا بولدى. گۇچۇڭدا ئۇ ئۆزىنىڭ دىللارنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق قىرائىتىنىڭ كۆچى بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى چوڭ مەسچىتكە ئىمام بولۇپ قالدى...... گۇچۇڭ تەۋەلىكىدە ئۇنى تونۇيدىغان ئادەم چىقمىدى. لېكىن، ئۇ تۇرپان تەۋەسىدىكى ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك تونۇغاچقا، ئەسمىتۇللا ئاغىنىڭ «مەن تۇرپاندىكى سابىت ئاخۇننىڭ بالىسى، ئاتامدا ئوقۇغانمەن» دېگىنىگە شۈبھىلىنىپ، تەپسىلىي سوراپ كەتكىنى ئىدى.

ئەسمىتۇللا ئاغا ئۇنىڭ شۈبھىلەنگىنىنى سېزىپ، يەنە بىر رەت يالغان ئېيتتى.

بىزنىڭ تېگىمىز تۇرپانلىق، ئاتام كېيىنچە ئۆيىمىزنى توقسۇننىڭ قاغىچاق دېگەن يېرىگە كۆچۈرۈپ كېتىپتىكەن.

— مۇنداق دېسىلە، — دېدى قارىھاجىنىڭ كۆڭلى ئەمدى ئىزىغا چۈشكەندەك بولۇپ، ئۇ ئەسمىتۇللا ئاغىنىڭ ئۆزىنىڭ تېگىنى بىلىپ قالىدىغان بىرەر ئادەم بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

— بالىنى بىرەر موللىغا بېرەلا، گۆھەردىن ئۇستا؟ — دېدى سەمەتھاجى.

— ئەسلىدە ھەرقايسىلىرىغا ئوغلۇم توختىنى «گۆشى سىلىنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ» [1] دېگەن قائىدە بويىچە تۇتۇپ بېرەي دەپ ئويلاپ يۈرۈۋېدىم. ئەسمىتۇللا ئاغام يۇرتتىن چىقىپ قالدى. بۇ ئادەمگە يۇرتىمىز گۇچۇڭ يېقىپ قالغان ئوخشايدۇ، بىر مەزگىل تۇرىدىغان چېغى، بالىنىڭ ساۋاتىنى مەن چىقىرىپ قوياي دەۋاتىدۇ، — دېدى گۆھەردىن ئۇستا تەۋەززۇ بىلەن.

---

[1] بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى موللىغا ئوقۇتقىلى بەرگەندە شۇنداق دەيتتى — ئا.

— ياخشى بوپتۇ، — دېيىشتى سورۇندىكىلەر بىر ئېغىزدىن.

خېلىدىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان دىڭ ئاخۇن سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئەسمەتۇللا ئاغىغا قاراپ ئېغىز ئاچتى.

— گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئوغلى توختىنى سىلى ئوقۇتىدىغان بولدىلىمۇ بۇرادەر؟

— نەۋرە ئىنىمنىڭ كۆڭلىنى دەپ توختىنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىپ قويياي دەيمەن.

— بۇ بالىنىڭ دىتىنى دەڭسەپ كۆردىلىمىكىن؟ ئۇيغۇرلاردا «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق» دېگەن گەپ بارغۇ؟

— دەڭسەپ كۆردۈم، توختى زېرەك، ئەقىللىق، چىدامچان، غەيرەتلىك بالا ئىكەن. «موللا ئوقۇپ يەر، قاغا چوقۇپ يەر» دېگەنىدەك، ئەگەر موللىلىقتا يېتىپ قالسا ئوقۇپ يەر، ھۈنەردە يېتىلىپ قالسا، ئىنشائاللا، شۇ ھۈنەرنىڭ ھورىدا ياشار. سەمەتھاجىم بايا ئوبدان گەپ قىلدى. تىرىكچىلىك ئۈچۈن پۇل تاپماي بولمايدۇ. كىشىگە خار بولماي ياشاش ئۈچۈن ھۈنەرلىك بولماي بولمايدۇ. بىزدە:«باي — يۇرتنىڭ ئوزۇقى» باتۇر — يۇرتنىڭ قوزۇقى» دەيدىغان گەپ بار، — دېدى ئەسمەتۇللا ئاغا. ئۇ بايا دەرۋازا تۈۋىدە مېھمانلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە، دىڭ ئاخۇننىڭ يېتىلگەن بىر جانباز ئىكەنلىكىنى پەملىگەنىدى. دىڭ ئاخۇننىڭ بايامقى سۆزلىرىدىنمۇ بىرەر مەنىنى سەزگەنىدەك قىلغان ئەسمەتۇللا ئاغا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ماقال - تەمسىل بىلەن چۈشۈرگەنىدى.

سىنچى دىڭ ئاخۇن ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ تېرەن موللا، سەزگۈر، زېرەك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن، بەرگەن جاۋابىدىن سېزىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ، قايىللىقىنى

بىلدۈردى. سەمەتھاجىمۇ ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ دانىشمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى پەملىگەن بولسىمۇ، ئانچە چىراي ئاچماي ئولتۇرغانىدى. چۈنكى، «ئىككى قوشقارنىڭ بېشى بىر قازاندا قاينىمايدۇ» غانلىقى ئايان ئىدى. لېكىن، ئەسمەتۇللا ئاغا سۆز ئارىسىدا سەمەتھاجىنىڭ بايامقى سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ بۇ ئادەمگە قايىللىقى ئېشىپ، چىرايى ئېچىلدى. مانا مۇشۇ چاي داستىخىنى ئۇستىدىكى قىسقىغىنە سۆھبەتتە بۇ بىرقانچە مۆتىۋەرنىڭ نەزەرىدە پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرغان ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ سىماسى بارا - بارا يۈكسىلىپ باردى. بۇرۇنقى ئۆلىمالىرىمىزدىن بىرى مۇشۇنداق كەيپىياتقا بېغىشلاپ، مۇنداق ئىككى مىسرا يېزىپ قالدۇرغانىكەن.

گەر ئالىمنىڭ ئورنى پەگاھ بولسا، كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگاھ، پەگاھ بولدى تۆر[1].

چاي داستىخىنى يىغىلىپ قايتىدىن سېلىندى. داستىخانغا گۆھەردىن ئۇستا ئۆز قولى بىلەن ئەتكەن پولۇ تارتىلدى. سەمەتھاجىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پولۇغا قوينىڭ يانپاش گۆشى، ئىمىنباي بىلەن دىلى ئاخۇن ئالدىغا قويۇلغان پولۇغا باش ئىلىك، ئايدۇكېرىم ئاخۇن بىلەن قارىھاجىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پولۇغا ئوتتۇرا ئىلىك بېسىلغانىدى. قالغان مېھمانلارغىمۇ تېگىشلىك رەۋىشتە گۆش بېسىلىپ تاۋاق تارتىلدى. مېھمانلار يانلىرىدىن قەلەمتىراچلىرىنى چىقىرىپ پولۇغا بېسىلغان گۆشلەرنى پارچىلاشقا باشلىغاندا، سەمەتھاجى ئالدىدىكى تاۋاققا بېسىلغان يانپاش گۆشتىن بىر پارچىنى ئىككى قوللاپ ئەسمەتۇللا ئاغىغا سۇندى.

[1] «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن.

مەرىكە سورۇنلىرىدا قوينىڭ يانپاش گۆشى ئەزەلدىن ئەڭ هۆرمەتلىك ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇلاتتى. ئەسمەتۇللا ئاغا گۆشنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ «ھەشقاللا» دېدى. مېھمانلار ئاشقا بېقىشتى.

داستىخان يىغىلىشتىن ئىلگىرى يەنە ھەربىر مېھماننىڭ ئالدىغا يۇمشاق ناننىڭ ئۈستىگە بىر پارچىدىن پىششىق گۆش بېسىلغان «زەلە» قويۇلدى. مېھمانلار پاتىھە قىلىشىپ داستىخاندىن ياندى. دېڭ ئاخۇن ھويلىغا چىققاندا قولىدىكى زەللىنى ئويناپ يۈرگەن بالىلارنىڭ بىرىگە تۇتقۇزۇپ، گۆھەردىن ئۇستا ۋە ئەسمەتۇللا ئاغا بىلەن خوشلىشىپ ياندى. سەمەتھاجىمۇ خوشلاشقاندا ئەسمەتۇللا ئاغىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ياندى.

× × ×

مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن ھاشىخان مۆتىۋەرلەرگە داستىخان راسلىغان شۇ ئۆيگە توختىنى ئاتاپ تىككەن يېڭى يوتقان - كۆرپىنى سالدى. توختى ئىشتىنىنى ئۆزى سېلىپ ئورنىغا ياتتى. ئۇنىڭدا نە خۇدۇكسىرەش، نە قورقۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. تۈنۈگۈندىن بېرى ساتتار، قادىر ۋە مەمەت ئاغىنىلىرى خەتنىگە قىلسا ئۇنداق ئاغرىيدۇ، مۇنداق ئاغرىيدۇ، دەپمۇ باققانىدى (بۇ بالىلار توختىدىن 2 — 3 ياش چوڭ بولۇپ، خەتنىسى قىلىنىپ بولغان). لېكىن، توختى ئۇ گەپلەردىن ئانچە «ئۈركۈپ» كەتمىدى. ئۇنىڭ يادىدا ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستىنىڭ «ئوغۇل بالا چىداملىق بولۇشى كېرەك. ئوغۇل بالا قورقۇنچاق بولسا ئوغۇل بالا ھېسابلانمايدۇ» دېگەن گېپى مەھكەم ساقلانغانىدى. ئۇ كىچىك چېغىدىن تارتىپلا مۇدۇرۇپ - يىقىلىپ كەتسىمۇ، پۇت - قوللىرى قاناپ كەتسىمۇ يىغلىمايتتى. يىقىلسا ئورنىدىن ئۆزى تۇراتتى......

ئەسمەتۇللا ئاغا قومۇش قىسقۇچ ۋە ئۇستۇرىسىنى بىر پارچە پاكىز لاتىغا ئوراپ كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ توختى ياتقان يەرگە كېلىپ ئەپلىك جايلىشىپ ئولتۇردى - دە، يوتقاننى ئېچىپ توختىنىڭ «چۇمىسى»نىڭ ئۇچىنى سىلاپ تۇرۇپ«قورقما بالام، ھېچ ئىش يوق، ئاغرىمايدۇ جۇمۇ» دېدى. ساتتار، قادىر، مۇھەممەتلەر پەگاھتا قارىشىپ تۇراتتى. گۆھەردىن ئۇستا ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەر تۇغقانلىرىدىن بىر - ئىككىسى ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ يېنىدا ياردەملىشىشكە تەييار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ قولىدا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمى ئاقلىنىپ تەييارلانغانىدى. ئەسمەتۇللا ئاغا شىپالىق قوللىرى بىلەن توختىنىڭ چۇمىسىنىڭ ئۇچىنى قومۇش قىسقۇچ بىلەن قىسىپ تۇرۇپ ئىتتىك بىلەنگەن ئۇستىرا بىلەن شارتلا قىلىپ ئازراق تېرىسىنى كەستى. «چىم» قىلغاننى سەزگەن توختىنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ توختىدى، لېكىن ئۇ يىغلىمىدى. تۇخۇم تۇتۇپ تۇرغان كىشى تۇخۇمنى توختىنىڭ ئاغزىغا سالدى. شۇ ئەسنادا يەنە بىر ئەر تۇغقان كۆيدۈرۈلگەن پاختا كۈيۈندىسىنى تەخسىدە ئېلىپ كېلىۋىدى، ئەسمەتۇللا ئاغا ئۇنىڭدىن بىر چىمدىم ئېلىپ توختىنىڭ چۇمىسىنى كەسكەن يەرگە بېسىپ، قاننى توختاتتى. توختىنىڭ پەگاھتا قارىشىپ تۇرغان ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ «پىگگىدە» ئاۋاز چىقارمىغىنىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىشىپ تۇرۇشتى. سۈننەت قىلىش ئاخىرلاشتى. گۆھەردىن ئۇستا ئايالى ھاشىخان بىلەن ئۆيگە كىرىپ، پەتنۇسقا سېلىنغان بىر كىيىملىك رەخت ۋە رەخت ئۈستىگە قويۇلغان ئازراق پۇل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ رەھمىتىنى بىلدۈردى. ئەسمەتۇللا ئاغا دۇئاغا قول كۆتۈرۈۋىدى، باشقىلارمۇ ئەگەشتى. دۇئادىن كېيىن ئەسمەتۇللا ئاغا رەخت ئۈستىدىكى پۇلنى توختىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە ئۆزرە ئېيتىپ

رەختىنى ھاشىخانىغا قايتۇردى. چۈنكى، ئەسمەتۇللا ئاغا مۇشۇ ھويلىدا يېتىپ قوپۇپ، ئۇلار بىلەن بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ قالغانىدى.

چوڭلار ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ساتتار، قادىر، مۇھەممەتلەر توختىنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باب

# يېتىمنىڭ قاياشى يېتىم

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتتى. بەشىنچى ئاي كىرىشى بىلەن دەل - دەرەخلەر باراقسانلاشتى، غول ئېقىن ئىچىدىكى چىملىق - سازلىقلار يېشىل مەخمەلگە ئورانـدى. دەرەخلىقلەردە كاككۇكلار تىنماي سايرىشاتتى. مەھەللە - كويدا كىچىك ئوغۇل باللار تال چىۋىقلارنى ئات ئېتىپ قىيغىتىشىپ ئويناشسا، كىچىك قىزلار سۆگەت نوتىلىرىنىڭ يۇمران پوستلىرىنى سويۇۋېلىپ چاچ ياساپ ئويناشماقتا. دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن قولى بوشىغاندەك، گۆھەردىن ئۇستىمۇ ساپان چىشى، تىرنا - سۆرەم، كەتمەن - ئوتىغۇچلارنى ياساش، رېمونت قىلىشتەك ئىشلارنىڭ جىددىيچىلىكىدىن سەل ئارا - چولا بولۇپ قالغان مەزگىلى ئىدى.

تاڭغا يېقىن سىم - سىم ياغقان يامغۇر ھاۋانى نەمخۇش قىلغانىدى. چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ھاۋا سۈزۈلۈپ، كۆن پارقىراپ چىقتى، كەڭ تەبىئەت خۇددى يۇيۇنۇپ - تارانغان قىزدەك تۇسكە كىرىپ، كىشى كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەتتى.

ناشتىدىن كېيىن گۆھەردىن ئۇستا قوتاندىكى ئىككى قويغا بوغۇز تۆكۈپ بېرىپ قولنى يۇيۇپ بولۇپ، بىرنېمىنى خىيال قىلغاندەك ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۆستەڭ بويلىرىنى ئايلىنىپ كىرگەن ئەسمىتۇللا ئاغا گۆھەردىن ئۇستىغا قاراپ:

— گۆھەردىن ئۇستا، بۇگۇن ھاۋا ناھايىتى ياخشىكەن، غول بويلىرىنى بىردەم ئايلىنىپ كېلەيلىمۇ؟ — دېدى.

— ماقۇل، ئەسىمتۇللا ئاغا، بارساق بارايلى، ئەتىيازنىڭ پەيزىنى سۈرمەكمۇ بىر ھۇزۇر، — گۆھەردىن ئۇستا شۇنداق دېگەچ، ئۆيگە كىرىپ تۇرپان ئاستانىدە توقۇلغان يوللۇق پالازدىن بىرنى قاتلاپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ چىقتى، — بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالساق يەرگە سېلىپ ئولتۇرارمىز دەپ ئېلىۋالدىمغۇ، بۇ پالازنى؟

ياخشى قىپلا، — ئەسىمتۇللا ئاغا قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئىككى بۇرادەر ھويلىدىن سىرتقا چىقىشتى. دەرۋازا ئالدىدا توختى ئاغىنىسى ساتتار بىلەن چىپاق① ئويناپ ئولتۇراتتى. توختى ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئۇستازى ئەسىمتۇللا ئاغىنىڭ بىر ياققا ماڭغانلىقىنى بىلىپ:

— ئاتا، نەگە ماڭدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— غول بويلىرىنى ئايلىنىپ كېلەيلى دەپ چىقتۇق.

— بىزمۇ بىرگە بارايلىمۇ؟

— گۆھەردىن ئۇستا ئەسىمتۇللا ئاغىغا قارىدى، چۈنكى گۆھەردىن ئۇستىنىڭ پەمىچە، ئەسىمتۇللا ئاغىنىڭ غول بويىدىكى خالىي يەردە پاراڭلاشقۇسى باردەك ئىدى. ئەسىمتۇللا ئاغا ئىككى - ئۈچ كۈن ئىلگىرى جىمجىتلا يوقاپ كېتىپ، ئىككى كۈن ئۆتكەندە يەنە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئەسىمتۇللا ئاغا باش لىڭشىتىپ قويدى. توختى بىلەن ساتتار چوڭلارنىڭ ئالدىدا غول تامان سوزۇلغان يولدا يۈگۈرۈشۈپ كەتتى.

---

① ئەتىياز كۈنلىرى باللار سۆگەت نوتىلىرىدىن قىسقا - قىسقا قىلىپ كېسىۋالغان ياغاچلىرىنى قولىنىڭ دۈمبىسىگە قويۇپ ئاسمانغا ئېتىپ، قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن تۇتۇپ ئوينايدىغان ئويۇن. بۇ قىسقا ياغاچلار قويغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، ئارىدا ئاچىماق ياغاچ قۇشقار ھېسابلىنىدۇ. قوشقار بىرقانچە قويغا ھېسابلىنىدىغان، تۇتۇپ ئوينايدىغان ئويۇن — ئا.

ئەسمەتۇللا ئاغا گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— گۆھەردىن ئۇستا، مەن بىر مەزگىل ئۆزۈمنى دالىدىغا ئېلىپ تۇرايمىكىن دەيمەن.

— نېمىش بولدى ئەسمەتۇللا ئاغا؟

— ھازىرچە بىرەر ئىش بولغىنى يوق، «سۇ كەلگۈچە توغان سال» دېيىشكەن.

—بىرەر خەۋەر، شەپە ئاڭلاپ قالدىڭمۇ؟

— ئالدىنقى جۈمە كۈنى بازار ئارىلاپ يۈرگىنىمدە، رەستىدە لۈكچۈن ۋاڭنىڭ كاھىلىرىدىن ئىككىسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇلار چوقۇم مېنى ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن نېمە، تايىنلىق.

— «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار» دەپتىكەن، بىھۇدە شۈبھىلىنىپ يۈرمىسىلە.

— ياق، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار چوقۇم مېنى ئىزدەپ كەلگەن نېمىلەر.

گۆھەردىن ئۇستا سەل ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى، ئەسمەتۇللا ئاغا تۆت - بەش قەدەمچە ئىلگىرى كەتتى.

— ئەگەر سىلىنى بۇرۇنقى خىزمەتلىرىگە قويغىلى ئىزدەپ كەلگەن بولسىچۇ؟

— مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى مەن ئادالەت ياقلايمەن، دەپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دېھقانلارنىڭ دۇمبىقىنى چالغانىدىم. ئۇردا مېنى «كۆزگە قادالغان مىخ» ھېسابلاپ، ھەپسىگە ئالماق بولغاندا، بۇ ئىش ماڭا ئالدىن تۇيۇق بولۇپ قېلىپ، لۈنچۈندىن قېچىپ چىققانىدىم، ئۇردىدىكىلەر قارا سانىغان ئادەمنى ئامان قويمايدۇ.

گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمەتۇللا ئاغا بىردەم جىم - جىم مېڭىشتى. گۆھەردىن ئۇستىنىڭ بۇ بۇرادەردىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. ئەسمەتۇللا قولى گۈل، كۆپ ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

كۆندۈزلىرى گۆھەردىن ئۇستىغا ھەمدەملىشىپ تۆمۈرچىلىك قىلسا، ئەتىسى - ئاخشىمى ئوغلى توختىغا ساۋاق بېرەتتى. توختىغا دىنىي ساۋاق، ھېساب، ئەرەب، پارس تىلى، شېئىرىيەت قاتارلىقلاردىن تەلىم بېرىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئەخلاق - پەزىلەت، ئادەم بولۇش يوللىرىنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىتىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئەسمەتۇللا ئاغا توختىغا پەي سوزۇش، ئات مىنىش شەكلىدە تۇرۇش، قوم خالتىغا ئۇرۇش، يەڭگىللىك ماھارىتى قاتارلىق جانبازلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەتىسى - ئاخشىمى ئەستايىدىل ئۆگىتىۋاتاتتى؛ چېلىشىشنىڭ يانپاشقا ئېلىش، مۈرە تولغاش، چىرماق سېلىش، كۆتۈرۈپ تاشلاش قاتارلىق پەنتلىرىنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن گۆھەردىن ئۇستا تولىمۇ خۇرسەن ئىدى. گۆھەردىن ئۇستا ئۆزىمۇ چېلىشچى ئادەم بولغاچقا، ئوغلىنىڭ ھەم ساۋاتلىق، ھەم ئاتا ئىزىنى باسقان چېلىشچى بولۇپ يېتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. بالىنى باشقا بىرەر موللىغا بەرسە مۇنداق ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسمەتۇللا ئاغا گۆھەردىن ئۇستىنىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىدىمۇ تېپىلغۇسىز بىر ياردەمچى بولۇپ قالغانىدى.

— بىزدىن كۆڭۈللىرى قالدىمۇيا ئەسمەتۇللا ئاغا؟ — گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئىمكان بار ئەسمەتۇللا ئاغىنى تۇتۇپ قالغۇسى بار ئىدى.

— يوغىسۇ، سىلى ماڭا ئۆز ئىنىمدىنمۇ چارە بولۇپ قالدىلا، مۇساپىر بولۇپ يۈرگىنىمدە ياشپاناھ بولدىلا، بۇنىڭ ئۈچۈن سىلىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىشىم كېرەك، شۇغىنىسى، زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق، دەپتىكەن ئۇلۇغلار، جاھان كەگرى بولغان بىلەن ماڭا زامان تار بولۇۋاتىدۇ. لۈكچۈن ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ يۈرگۈچە، ئۆزۈمنىلا

دالدىغا ئېلىپ تۇراي.

گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمەتۇللا ئاغا يەنە بىردەم جىم - جىم مېڭىشتى.

— نەدىرەك پاناھلىنىپ تۇراي دەيلا؟

ئەسمەتۇللا ئاغا تۆت ئەتراپىغا قارىۋېتىپ:

— نەچچە كۈن ئىلگىرى مەن گۇچۇڭنىڭ چۆرىن دېگەن يېرىنى ئايلىنىپ كەلدىم، ئۇ يەر كەڭرى كەتكەن چىغلىق، ئوتلاق ئىكەن، شۇ جايدا بىر خۇرجا ® بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم، ئاشۇ پىنھان جاي ماڭا باب كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۇ يەرگە ئادەم - ئىنسان بەك ئاز بارىدىكەن. شۇ خۇرجانىڭ قويىنى ئاشۇ كەڭرى كەتكەن جاڭگالدا بىر مەزگىل بېقىپ تۇرايمىكىن دېدىم، — دېدى.

گۆھەردىن ئۇستا گەپ قىلىشقا ئاغزىنى ئۆمەللىدى - يۇ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئېغىز ئاچالمىدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟! زامانىنىڭ پەيلى شۇنداق تۇرسا، ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم! مىڭلاپ نادان، يۈزلەپ قارامىدىن مۇشۇنداق كاتتا ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ياشىغىنى ئەلا ئەمەسمۇ؟ ئەمما، بۇ تەڭشەلمىگەن ئالەم ئىكەن، ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق ئىكەن!

ئەسمەتۇللا ئاغا گۆھەردىن ئۇستىنىڭ دېيەلمەيۋاتقان بىر گېپىنى ئۆزى ئېيتتى:

— توختى زېرەك، غەيرەتلىك بالا بولغان، بىراق مەن ئامالسىز سىلەردىن ئايرىلىپ كېتىدىغان بولدۇم، ساۋاقنى يېرىم يولدا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم، مەن چۆرىنگە جايلىشىۋالغاندىن

---

® خۇرجا — خەنزۇچە يەر ئىگىسى دېگەن مەنىدە، بۇ سۆز شەرقىي شىنجاڭ رايونىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ — ئا.

كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ تـوختىنى يېنىمغا ئەكەلـدۇرەمەن، مەن قـويىنى باقىـدىغان باينىـڭ ئىـسمى قۇنانبـايكەن، ئەسلىرىدە تۇتسىلا.

گـۆھەردىن ئۇسـتا بىـلەن ئەسـمەتۇللا ئاغـا سۆزلەشـكەچ، ھەر يىلـى نـورۇز پائـالىيىتى ئۆتكۈزۈلـىدىغان كۆكۈلمەيـدانىغا يېتىـپ كەلـدى. سـاتتار بىـلەن تـوختى بـۇ يەرگە ئالدىقاچـان كېلىـپ بولغانـىدى. ئـۇلار چـوڭلارنى سـاقلىغاچ چىپـاقلىرىنى ئوينـاپ ئولتۇراتتى.

گۆھەردىن ئۇستا پالازنى يوغان سۆگەتنىڭ ئاستىغا سېلىپ، ئەسـمەتۇللا ئـاغىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىـپ قىلـدى. ئـۇلار پاراڭلاشقاچ ئەتراپتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلىشتى: غول ئېقىن كەگرى كەتـكەن دەرەخلىـق ئارىـسىدىن ئېقىـپ ئـۆتەتتى. غـول ئېقىنىنىـڭ ئىككـى قىرغىقى چىملىق - سازلىق بولۇپ، سازلىق لۆمۈلدەپ تۇراتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردە بۇلاق كۆزلىرىدىن سۇلار ۋىلىقلاپ ئۆرلەپ تـۇراتتى. غولنىڭ ئىككى ياقىسىدا سۆگەت، قـىرچىن، تېـرەك، قارىياغـاچلار بۈككىـدە ئۆسـكەن، بەزى جـايلاردا ئازغـان، بەزى جـايلاردا ماڭـدار ئۆسـكەن بولـۇپ، دەرخلىقـتە بۇلبـۇل، قارىغوجـا، كـاككۇك، تـاغ قۇشقاچلىرى چاڭىلـداپ سـايراپ تـۇراتتى. غـول ئىچـى ھەقىـقەتەن ياخشى بىـر ئارامگـاھ ئىـدى. گۈچۈگۈلـۈقلار بـۇ غـول ئېقىنـدا نـورۇز پائالىيىتىدىن تارتىپ ھەرخىل باراۋەتلەرنى ئۆتكـۈزۈپ تـۇراتتى. بـۇ غول ئىچىنى گۈچۈگۈنىڭ بىر «جەننىتى» دېيىشكىمۇ بولاتتى.

— سـاتتار بىـلەن تـوختىنى چېلىـشقا سـېلىپ باقـايلىمۇ گـۆھەردىن ئۇسـتا؟ — ئەسـمەتۇللا ئاغـا تۇيۇقـسىز سـوراپ قالـدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ئىككى - ئۈچ يىلدىن بۇيان توختىغا ئۆگەتكەن چېلىششى ماھارەتلىرىـدىن بىـر «ئىمتىھـان» ئېلىـپ، بـۇ كىچىـك شـاگىرتىدىن ئـايرىلىش ئالدىـدا ئۆزىنىـڭ ئۇنىڭغـا سـىڭدۈرگەن ئەجرىنىڭ «ئۈنۈمى» نى كۆرۈپ باققۇسى باردەك قىلاتتى.

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنداقراق خىيالنى سۈرۈپ تۇراتتىم ئەسسىمتۇللا ئاغا، ھوي توختى، ساتتار! بىرى كېلىڭلار، بالىلىرىم!— دەپ توۋلىدى گۆھەردىن ئۇستا.

ساتتار بىلەن توختى قوللىرىدىكى چىپاقلىرىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقلىرىغا سالغاچ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمىش قىلىمىز ئاتا؟ — سورىدى توختى.

— ئاغىنەڭ بىلەن ئىككىڭلار بىر مەرتەم چېلىشىپ باقامسىلەر؟

توختى بىلەن ساتتار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— بېرىڭلار، ئۈچ مەرتەم چېلىشىڭلار، ئىككىدە بىر بويىچە بولسۇن!

توختى بىلەن ساتتار يوتىسىغا باغلاش ئۈچۈن بېلىدىكى پوتىلىرىنى يېشىشتى، پوتا سەل ئۇزۇن كەلگەن بولسىمۇ، ئىككى - ئۈچ ئايلاندۇرۇپ چىگىپ، ئۇچىسىدىكى ئەستەرلىك چاپانلىرىنى سېلىۋېتىپ، چېلىشىپ كەتتى.

ساتار توختىدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. شۇڭغا قارىماي، توختىنىڭ بويى ساتتار بىلەن تەڭ كېلەتتى. قادىر ئىككى ئاي ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تۇغقىنى سادىق قارىيىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، سەھراسىغا قايتقان. مۇھەممەت بىر يىل ئىلگىرىلا بىر باينىڭ مېلىنى بېقىشقا يىللىقچىلىققا كەتكەنىدى. پەقەت مۇشۇ ساتتارلا توختى بىلەن بوش ۋاقىتلىرىدا دائىم بىللە ئويناپ، چېلىشىپ - يوملاقلىشىپ يۈرەتتى.

بىر - بىرىنىڭ پەنت ئۇسۇللىرىنى ئوبدان بىلىشكەن بۇ ئىككى ئاغىنە خېلىغىچە بىر - بىرىنى ئاتالمىدى. ئۇلارنىڭ بۇرۇنلىرىنىڭ ئۇستىدە مونچاقتەك تەرلەر پەيدا بولدى، قۇلاقلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تەرلەر سىرغىدى. كېيگەن ماتا چامچىلىرى نەملەشتى. ئىككىسى ئالدىغا، كەينىگە ئىتتىرىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ توختى بىرلا تولغىنىپ ساتتارنى ياتپاشقا ئېلىپ يەرگە ئاتتى.

— بارىكاللا! — بارىكاللا! چېلىشچىنىڭ بالىسى يەنىلا چېلىشچى بولىدىكەن - دە! — بۇ يېڭىدىن قىرقىلغان ئېۋون نەچچە قوينى غول يۇقىرىلاپ ھەيدەپ كەلگەن روزى قاسساپ ئىدى. ئۇ قويلىرىنى ئوغلى مامۇتقا قالدۇرۇپ، ئۆزى چوڭ - چوڭ دەسسەپ گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمىتۇللا ئاغا ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! ياخشى تۇردىلامۇ ئەسمىتۇللا ئاغا، سالامەتمۇ سەن گۆھەردىن ئاغىنە؟ — دەپ قىزغىن كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بىزلەر ئامان - ئېسەن، ئۆزۈڭچۇ، ئاغىنە روزاخۇن؟ — گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمىتۇللا ئاغا جاۋابەن سالام قايتۇردى.

— خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك تۇردۇق.

— بازاردىن قوي سېتىۋالغان ئوخشىمامسەن، قاسساپ ئاغىنە؟

— ياقەي، بۇ قويلارنى بىر ئاي ئىلگىرى ئالغانىدىم، كۆككە بىر تويغۇزۇپ ئاندىن يەم - بوغۇزغا قوياي دەپ ئوتلىتىپ يۈرگىنىم، سىلەرچۇ؟ بۇ يەردە بىر ئوبدانلا چېلىشىش سورۇنى قۇرۇۋېسىلەرغۇ؟

— ئالدىراش ئىشلار تۈگەپ قولىمىز بوشاپ قاپتۇ، خېلىدىن بېرى غول تامان ئۆتمەپتىمىز. ئەتىيازنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ باقايلى دەپ كېلىۋىدۇق، باللارمۇ ئەگەشتى. شۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ئولتۇردۇق. قانداق؟ چېلىشىش خۇمارىڭ تۇتۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ بەل تۇتۇشۇپ باقامدۇق؟ — گۆھەردىن ئۇستا روزى قاسساپقا چاقچاق قىلدى. گۆھەردىن ئۇستا بىلەن روزاخۇن بىر مەھەللىلىك تەڭتۇشلاردىن ئىدى. ئۇلار كىچىكىدە دائىم بىرگە

چېلىشىپ ئوينايتتى. چوڭ بولۇپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، روزى قاسساپ ئۆي ئايرىپ، قاسساپلىق كەسپىگە ماس كېلىدىغان مۇشۇ غول ياقىسىدىكى تۆپىلىككە قورۇ - جاي سېلىپ كېلىۋالغان، تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە بۇ قەدىناسلار كەمدىن - كەم ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

روزى قاسساپ ئەسمەتۇللا ئاغىدىن ئەيمەندى بولغاي:

— ئەمدى ئىككىمىز چېلىشىپ يۈرسەك ئەپسىز بولۇر، ئوغۇللىرىمىز چېلىشىپ باقسۇن، — دېدى روزى قاسساپ نېرىراقتا قويلارنى ئوتلىتىۋاتقان ئوغلى مامۇتنى توۋلاپ، — ھاي مامۇت! قويلارنى يانباغىرلىققا ھەيدەپ قويۇپ بېرى كەل!

مامۇت كېلىپ گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئەسمەتۇللا ئاغىغا سالام بەردى. ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش ئېگىز بوي، شادا پاچاق، قوللىرى ئارىدەك، بېلى ئۇزۇن، مۈرىلىرى كەڭ، بۇرۇتى خەت تارتىپ قالغان ئۆسكىلەڭ بالا ئىدى.

— گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئوغلى بىلەن چېلىشىپ باق، بىزمۇ كىچىكىمىزدە پات - پات چېلىشىپ ئويناتتۇق، قانداق، چېلىشالامسەن؟ — روزى قاسساپ ئوغلىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

— چېلىشىمەن! — مامۇت قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ قويۇپ، يانغا «چىرت» قىلىپ بىرنى تۈكۈردى.

توختى يوتىسىغا ئۆزىنىڭ پوتىسىنى، مامۇت ساتتارنىڭ پوتىسىنى چىگدى. ئىككى بالا چېلىشىشقا ھازىرلاندى.

گۆھەردىن ئۇستا بىردە مەيداندا تۇتۇشۇۋاتقان باللارغا، بىردە ئەسمەتۇللا ئاغىغا قاراپ قوياتتى. ئەسمەتۇللا ئاغا گۆھەردىن ئۇستىنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىسىنى چۈشەنگەندەك قىلىپ «ئالدىڭغا قارا» دېگەندەك، ئىما - ئىشارەت قىلدى ۋە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، خاتىرجەم ئولتۇردى.

ماموت ھەدەپ كۈچەپ توختىنى يەردىن ئۈزۈۋېلىشقا تىرىشاتتى. توختى بولسا مۈرىسىنى ماموتنىڭ مەيدىسىگە تىرىۋېلىپ، تىرەجىگەن پېتى ماموتقا ھېچبىر ئىمكان بەرمەيتتى. ماموت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، شادا پاچاقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، توختىنى ھېلىدىن - ھېلىغا چا پۇتلايتتى. لېكىن، ماموتنىڭ ئورۇق پاچاقلىرى يەرگە قاققان قوزۇقتەك مىقتا تۇرغان توختىنىڭ توم پاچىقىغا تەسىر قىلمايتتى. ماموت پەنتىنى ئۆزگەرتىپ توختىنى ئالدى - ئارقىغا ئىتتىرىپ باقتى. بىراق، توختى ماموتنىڭ مەيدىسىگە مۈرىسىنى تىرەپ تۇرۇۋېلىپ، خۇددى سەندەل كۆتىكىدەك تەۋرەنمەي تۇرۇۋالدى. ماموت مۆرە تولغاپ كۆردى، ئوڭ - سولغا چايقىدى. پەيتىنى پەملەپ تۇرغان توختى ماموت ئۇنى ئوڭ - سولغا چايقىغاندا، شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن يانپاشقا ئېلىپ يەرگە ئۇردى......

ئىككىنچى قېتىمدا توختى ماموت بىلەن بەل تۇتۇشقان ھامانلا ئۇنى يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ خۇددى تاغارنى تاشلىغاندەك چۆرۈۋەتتى. ماموت يەردىن قاڭقىغاندەكلا ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە چېلىشماق بولۇپ ئىنتىلىۋىدى، روزى قاسساپ زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— بولدى، يېڭىلدىڭ! ماڭ يۈگۈر، بېرىپ قويلارنى كەينىگە ياندۇر!

ماموت قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن بۇرنىنى ئېرتتى - دە، «چىرت» قىلىپ بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى يانباغىرلىققا قاراپ ماڭدى. كەينىدىن ساتتار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ يوتىسىغا چىڭىلىگەن پوتىسىنى تارتىۋىدى، ماموت ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋېتىپ، ئۆزى يېشىپ پوتىنى نېرىغا چۆرۈۋەتتى. ئۇ خۇددى يېقىلغىنىنى ساتتارنىڭ پوتىسىدىن كۆرگەندەك، سەتلەشتى.

روزى قاسساپ سەل تاتارغاندەك قىلدى - يۇ، دەماللىققا يەنە چىرايىغا كۈلكە ياماشتۇردى ۋە تەۋەززۇلۇق بىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مامۇت تېخى خام ئىكەن، ئۇنى يەنىمۇ پىشىلدۇرسام بولغۇدەك، — دېدى- دە، — ئۆي سايەن بىرىشىمالا؟ — دەپ ئەسمەتۇللا ئاغىغا تەكەللۇپ قىلدى، — قويلارنى قوتانغا ياندۇراي ئەمدى، — روزى قاسساپ شادا پاچاقلىرىنى كەڭ كەرگىنىچە گۈس - گۈس چامداپ يانباغىرلىققا قاراپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىدى: «بۇ گۆھەردىن ئوغلىنى نېمە بىلەن باقىدىغاندۇ؟ توختى مامۇتنى ئۆزىنىڭ سۈنئەت تويى كۈنى چېلىشىپ يىقىتقاندىن كېيىن، مەن مامۇتنىڭ ئۇنىڭدىن بەش ياش چوڭ تۇرۇپ يىقىلىپ قالغىنىدىن قاتتىق نومۇس قىلىپ، ئۇنىڭ چېچىنى ئىككى كۈندە بىر سىيرىپ چۈشۈرۈپ، كۈندە بىر جىڭ گۆش بىلەن ئۈچ يىل باققانىدىم. مامۇت توختىدىن يەنىلا يىقىلدى. ئالتە ئاي ئاتقان پاختام بىر چاپانغا يەتمىدى...... گۆھەردىن ئوغلىنى نېمە بىلەن باقىدىغاندۇ......؟»

گۆھەردىن ئۇستا ئەسمەتۇللا ئاغا بىلەن بالىلارنى باشلاپ بازارغا بېرىپ ئاشپۇزۇلغا كىردى. ئاشپۇزۇلغا ناھايىتى ئاز كىرىدىغان گۆھەردىن ئۇستا بۈگۈن خۇشاللىقىدا ئەسمەتۇللا ئاغا بىلەن توختى ھەم ئۇنىڭ ئاغىنىسى ساتتارنى كەڭ قوللۇق بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوغلى توختىنىڭ ناھايىتى تېمەن، قاۋۇل چوڭ بولغىنىغا مازۇزلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ توختىنى ئوبدان تەربىيەلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانىدى.

ئەسمەتۇللا ئاغا ئەتىسى بامداتتىن يېنىپلا يەڭگىل كۈدە - كۆرپە بىلەنلا گۇچۇڭ شەھىرىدىن ئايرىلىپ، چۆرىن تامان يول ئالدى. گۆھەردىن ئۇستا بىلەن توختى مەھەللىنىڭ سىرتىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، قول پۇلاڭلاتقىنىچە خوش ئېيتىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

× × ×

ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئادەم لايدىن ياسالغان بولۇپ، توپىنى لاي ئەتكۈچە ئىشلەتكەن سۇنىڭ ئوتتۇز توققۇز قېتىمى قايغۇ - ھەسرەت دەرياسىدىن ئېلىپ كېلىنىپ، بىر قېتىملىقى شادلىق دەرياسىدىن كەلتۈرۈلگەنىكەن. شۇڭا، ئىنسان ھاياتىدا شادلىق - خۇشاللىق ئاز، قايغۇ - ھەسرەت كۆپ بولىمىش. بۇ گەرچە رىۋايەت ياكى ئەپسانە بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتە - كەچمىشلىرىنى مۇشۇ رىۋايەت ياكى ئەپسانىگە تەققاسلاپمۇ ئېيتىشىدۇ. ئېيتقاندەك، بەزىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاشۇ رىۋايەت ياكى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشىشىپمۇ قالىدۇ.

توختى گەرچە ھايات مۇساپىسىگە ئەمدىلا قەدەم باسقان بولسىمۇ، ئۇ قايغۇ - ھەسرەتلىك كۈنلەرگە دۇچار بولدى — ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن توختىنىڭ باشپاناھى بولغان ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستا سەكتە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ تۇيۇقسىزلا ۋاپات بولدى. ئۆيدە توختى، ئانىسى ھاشىخان ۋە ئەمدىلا ئايىغى چىققان سىڭلىسى رايىمانخان يۆلەنچۈكسىز قالدى.

ھاشىخان قەيسەر ئايال بولۇپ، ئۇ جاپا - مۇشەققەتكە چىداملىق ئىدى، ئىككى بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇشقا بەل باغلىغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىنى بىرنېمە تاتىلاپلا تۇراتتى. ئۇ بولسىمۇ توختىنىڭ ئوقۇشسىز، تەربىيەتسىز قېلىۋاتقىنى ئىدى.

— بالام توختى، — دېدى ھاشىخان ئانا بىر كۈنى ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن، — سەن ھازىر ئوقۇشسىز، تەربىيەتسىز قېلىۋاتىسەن. مۇنداق بولۇۋەرسە رەھمەتلىك ئاتاڭنىڭ بېشى يەردە تىنچ ياتمايدۇ. سەن ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇشۇڭ

كېرەك. بىراق، سېنى بىرەر موللىغا تۇتۇپ بېرەي دېسەم، ھەر دائىم پەيشەنبىلىك [1] ئاپىرىشقا قولىمىز قىسقا كېلىپ قالغۇدەك. ئاتاڭ كۆز يۇمىدىغان چاغدا سېنى ئوقۇشسىز قالمىسۇن، مەندىن كېيىن قالغاندا ئەسمەتۇللا ئاغامنى ئىزدىسۇن، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. بالام، ئۇ ئادەم چۆرىن دېگەن يەردە قۇنانباي دېگەن كىشىنىڭ مېلىنى بېقىۋېتىپتۇ. چۆرىن بۇ يەردىن قىرىق چاقىرىمچە كېلىدۇ. سەھەر ماڭساڭ كەچكىچە تېپىپ بارالايسەن،— ھاشىخان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، كۆز چانىقىدا ياش لىغىرلاپ قالدى.

— مەن كەتسەم سىڭلىم بىلەن ئىنىككىڭلار قانداق قىلىسىلەر؟— توختى چوپچوڭ ئەر كىشىلەردەكلا سورىدى.

— خۇدايىم كەچ قويىسىمۇ ئاچ قويماس، دەپتىكەن بالام، ئۇرۇق - تۇغقانلار، قولۇم - قوشنىلار بار ئەمەسمۇ،— ھاشىخان توختىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشقا تىرىشاتتى.

— بولىدۇ، بارسام باراي، ئەسمەتۇللا چوڭ ئاتامدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايمەن، — توختى ئانىسى ھاشىخان بىلەن شۇنچىلىكلا سۆزلەشتى - دە، مەھەللىگە چىقىپ ساتتارنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ بىر مەزگىللىك ئوقۇشقا بارىدىغانلىقى، لېكىن نەگە بارىدىغانلىقىنىڭ ھازىرچە سىر ئىكەنلىكى، ئۆيدە ئېغىر - يېنىك ئىشلار چىقىپ قالسا ساتتارنىڭ ياردەملىشىپ تۇرۇشىنى تاپىلاپ، ئۇنىڭدىن ۋەدە ئالدى. بۇ توختىنىڭ ئاغىنىسى بىلەن ھەم خوشلاشقىنى بولۇپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ئەمدىلەتىن يورۇق چۈشكەندە، ھاشىخان

---

[1] پەيشەنبىلىك— موللىغا بېرىدىغان ھەق. ئوقۇش راسخودى ھەر پەيشەنبە كۈنى باللار موللىسىغا تاپقىنى بويىچە پۇل - پۈچەك، نان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ باراتتى. شۇ سەۋەبتىن «پەيشەنبىلىك» دېيىلگەن — ئا.

ئوغلى توختىنىڭ ناشتىلىقىنى بېرىپ، بىر قۇر كىيىمىنى بوغجۇملاپ، بىر قاپاقتا سۇ ئېلىپ، بىر كۈنلۈك ئوزۇقىنى پوتىسىغا تۈگۈپ، قولىغا بىر تاياقنى تۇتقۇزۇپ چۆرىن تامان ئۇزىتىپ قويدى.

توختى چۈش قىيىلغاندا چۆرىنگە بارىدىغان يول ئاراشقا يەتتى. ئۇ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن گۈچۈك چۆرىنگە بارىدىغان يولنى سوراپ ماڭدى. چۆرىن تامان قايرىلغاندا بولسا بۇ كۆز يەتكۈسىز چىغلىق - ئوتلاقلىقتا يول سورىغۇدەك ئادەممۇ ئۇچرىمىدى. توختى چىغلار ئارىسىدىن جەنۇب تەرەپكە سوزۇلغان ئۇلاق يولى بىلەن چۆل تامان ئىچكىرىلەپ كىرىۋەردى. بەزىدە چىغ تۈۋىدىن «شۇرتلا» قىلىپ ياۋا توشقانلار چىقىپ توختىنى قورقۇتۇۋېتەتتى. بەزىدە چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرگەن قىرغاۋۇل «چوك - چوك - چوك» قىلىپ چىكىلداپ چىغلار ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەتتى. دەسلەپتە بۇ كەڭ كەتكەن چىغلىقتىكى شەپىلەردىن چۆچۈپ، تېنى شۈركۈنگەن توختى ئەمدىلەتىن ھەربىر شەپىگە دىققەت قىلىدىغان، گاھى - گاھىدا توقمىقى بىلەن توشقانلارنى قوغلاپمۇ قويىدىغان بولدى. كۆكلەم ۋاقتى بولغاچقا، چۈجە چىقارغان كەكلىك، قىرغاۋۇللار ماڭدامدا بىر دېگۈدەك ئۇچراپ تۇراتتى. توختى شۇلارغا قىزىقىپ قانچىلىك يول ماڭغىنىنى بىلمەيلا قالدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىكرەك بىر دۆڭ ئۇچرىدى، ئۇ شۇ دۆڭگە چىقىپ قارىۋىدى، كۆز يېتىم يەردە بىرمۇنچە ئادەملەرنى كۆردى، شۇ تەرەپنىڭ ئۇ يەر، بۇ يەرلىرىدە ئوت يالقۇنى ھەم ئىس - تۈتەك كۆرۈندى. توختى خۇشاللىقىدا شۇ تەرەپكە يۈگۈردى، ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ چىغ تۈپچەكلىرىگە پۇتلىشىپ بىر - ئىككى قېتىم يىقىلىپمۇ قوپتى، ئۇ ئاخىر ئادەملەر بار يەرگە يەتتى، بۇ ئادەملەر چىغلىققا ئوت يېقىپ، بوز يەر ئېچىۋاتقانلار ئىدى.

توختى ئۆلارنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنگەندە، ئۆلار پايانسىز كەتكەن بۇ چىغلىقتا يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ كىچىك ئوغۇل بالىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قىلىشتى. ئۆلاردىن بىرسى:

— سەن كىم بىلەن كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم، — توختى تۇرگۇنلۇك بىلەن جاۋاب بەردى.

— بۇ يەرگە كەلگۈچە چىغلىقتا بۆرىلەردىن قورقمىدىڭمۇ؟

— قورقمىدىم، بۆرە ئۇچرىغان بولسا قولۇمدىكى ماۋۇ توقماق بىلەن ئۇرۇپ يىقىتاتتىم، — توختى شۇنداق دېدى - يۇ، بۇ چىغلىقتا بۆرە بارلىقىنى ئاڭلاپ ئۈنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— پاھ - پاھ! يىگىتكەنسەن، چوڭ بولساڭ باتۇر، پالۋان بولغۇدەكسەن، بۇ چىغلىقتا كۈندۈزى چوپچوڭ ئەرلەرمۇ يالغۇز ماڭمايدۇ، سەن قانداقسىگە مېڭىپ قالدىڭ؟ بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — بوز يەر ئېچىۋاتقان بۇ كىشىلەر ئارىسىدىكى ياشقا چوڭراق بىرسى شۇنداق دېدى.

— مۇشۇ تەرەپتە قۇنابـاي دېگەن كىشىنىڭ مېلىنى بېقىۋاتقان ئەسمىتۇللا دېگەن ئادەمنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

— ئەسمىتۇللا سېنىڭ كىمىڭ بولىدۇ؟

— مېنىڭ چوڭ ئاتام بولىدۇ، ئاتامنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى.

— ئەمىسە ئالدىڭغا قاراپ يەنە بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ماڭساڭ، بۇلاق تۈۋىگە تىكىلگەن بىر كىگىز ئۆي بار، ئەسمىتۇللا چوڭ ئاتاڭ شۇ يەردە مال باقىدۇ، چاپسانراق ماڭمىساڭ قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ!

توختى شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— نېمانداق يۈرىكى چوڭ بالا بۇ؟ ئادەم شالاڭ، بۆرە - بورسۇق بار بۇ جاڭگالغا يالغۇز ئاياغ باسقىنىنى كۆرمەمدىغان؟

www.uyghurkitap.com

— ئاتا - ئانىسى تازا بىر ھاۋاقتى ئادەملەر ئوخشىمامدۇ؟ سەككىز - ئون ياشلىق بالىنى جاڭگالغا يالغۇز ماڭدۇرغىنىغا قارىغاندا؟!

— بىر زۆرۈرىيەت بولمىسا، بۇ بالا بۇ چىغلىققا يالغۇز كەلمىگەن بولاتتى. بۇ بىر تۈرگۈن، قورقۇمىسىز بالىكەن، چوڭ بولغاندا چوقۇم باتۇر، يۈرەكلىك ئەر بولىدۇ جۇمۇ بۇ؟!

بوز يەر ئېچىۋاتقانلار شۇنداق دېيىشىپ، توختىنىڭ چىغلار ئارىسىدا بارا - بارا كىچىكەيىپ، يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ قېلىشتى. توختى ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى.

كىگىز ئۆيگە ئوتتۇز ماڭدامچە قالغاندا كىگىز ئۆينىڭ يېنىدىن يوغان بىر سېرىق ئىت تۇيۇقسىزلا قوپۇپ، «ھاۋ - ھاۋ - ھاۋ!» قىلىپ بوغۇق ھەم بوم ئاۋازدا ھاۋشىپ، ئېتىلىپ كەلدى. توختى قولىدىكى تايىقى بىلەن ھەملە قىلىپ جايىدا تۈرۈپلا قالدى. بۇ سېرىق ئىت شۇنچىلىك يوغان ئىدىكى، توختى تۆگۈل، چوڭ ئەرلەرنىمۇ يەرگە يىقىتىۋالىدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرى جۇلغۇغان بولۇپ، چۇشۇپ بولالمىغان كۆزلۈك يۇڭلىرى ئالىقاندەك - ئالىقاندەك چوڭلۇقتا بەدىنىنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلاپ گۆجەكتىكى[①] قوزا - ئوغلاقلار مەرەشكىلى تۇردى. قوزا - ئوغلاقلارنىڭ مەرەشكىنىنى ئاڭلىغان ئىت ھاۋشۇشتىن توختاپ، توختىغا تىكىلگىنىچە جايىدا قاراپ تۇردى.

كۆن مەغرىبتىكى تاغقا بىر غۇلاچچە قالغاندا قوي - ئۆچكىلەر مەرەشكىنىچە كىگىز ئۆيگە يېقىنلاپ كېلىشتى. سېرىق ئىت قوي پادىسى يانغاندا ھاۋشىپ، قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ پادا ئالدىغا

---

[①] گۆجەك — تاش پارچىلىرىدىن قوپۇرۇپ ياسىلىدىغان ياكى ياغاچلار بىلەن توراپ ياسىلىدىغان كىچىك قوتان. ساغلىقلار، ئۆچكىلەر كۈندۈزى ئوتلىغىلى ماڭغاندا قوزا - ئوغلاقلار بىرنەچچە كۈنلەر مۇشۇنداق گۆجەكلەردە تۇرىدۇ. ئانىلىرىغا ئەگىشىپ ماڭالىغۇدەك بولغاندا ئاندىن ئوتلاققا بىرگە بارىدۇ — ئا.

باراتتى. بۈگۈن خۇددى بىرسى گەپ ئۆگىتىپ قويغاندەكلا توختىغا قاراپ تۇرغىنىچە بىر ھەر ماڭدامۇ نېرىسىغا چامدىمىدى، توختىمۇ تايىقىنى تۇتقىنىچە جايىدا تۇرۇۋەردى. پادا كىگىز ئۆي ئەتراپىدا مىغىلداپ، بۇلاققا ئۆزىنى ئېتىشتى. لېكىن، يىلىنلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن ساغلىقلار، ئۆچكىلەر سۇغا شۇنچە تەشنا بولغىنىغا قارىماي، گۇجەك ئەتراپىنى چۆرگىلەپ ئەنسىز مەرەشمەكتە. ئاڭغىچە سۆكسۆك ئوتۇنى كۆتۈرگەن ئەسمىتۇللا ئاغىمۇ كىگىز ئۆيگە يەتتى. سېرىق ئىت بۇ يەرگە ناتونۇش ئادەم كەلگەنلىكىنى ئىگىسىگە مەلۇماتلىغاندەك يەنە ھاۋشۇشقا باشلىدى. ئەسمىتۇللا ئاغا ئۆشنىسىدىكى ئوتۇننى داڭقان پۇتلۇق ئوچاق قويۇلغان يەرگە چۆرۈۋېتىپلا ئىت قاۋىغان تەرەپكە كەلدى. ئۇ بىر ئوغۇل بالىنىڭ توقماق تۇتۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا ئىتتىك - ئىتتىك چامدىدى. ئىتمۇ ھاۋشىغان پېتى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، توختىغا ئېتىلىدىغاندەك ماڭدى.

— ھاي، ماڭ كەت! چاغ! — ئەسمىتۇللا ئاغا ئىتقا ۋارقىرىدى، سېرىق ئىت جىمىپ قالدى.

— ۋاي، توختىمۇ سەن، بالام!؟ — ئەسمىتۇللا ئاغا توختىنى تونۇپ، قۇچىقىنى كەڭ ئېچىپ كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىدى. ئاڭغىچە سېرىق ئىتمۇ كېلىپ توختىنى پۇراپ - پۇراپ قويۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، مۇلايىملاشتى. ئۇ بايام توختىغا ھاۋشىغىنىدىن ئۇيالغاندەك، ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇردى.

— ئۆي ئىچى تىنچلىقمۇ بالام؟ ئاتاڭ - ئاناڭ ئامان - ئېسەن تۇرامدۇ؟ بۇيەرنى قانداقمۇ تېپىپ كەلگەنسەن بالام؟

يىلدا پەقەت بىراقانچە قېتىملا ئادەم - ئىنسان كۆرگىلى بولىدىغان بۇ چىغلىقتا، ئەسمىتۇللا ئاغا قونانباينىڭ ئايدا بىر نۆۋەت ئوزۇق - تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئادەملىرىنى كۆرۈشتىن باشقا، ئەتىيازدا تۈل ئالغاندا ياكى كۈزدە يۇڭ قىرقىغاندا

كېلىدىغان — بىرقانچە كۈنلا تۇرىدىغان ئىشلەمچىلەردىن باشقا ئادەم كۆرمەيتتى. شۇڭا، غېرىبسىنغان بۇ ئادەم، يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان توختىنى كۆرۈپ كەينى-كەينىدىن سوئال سوراۋەرگەنىدى.

— ئاتام تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى توختى.

— ۋاي بالام، نېمە دەۋاتىسەن ئەمدى؟ ئاتاڭ نېمە كېسەل بولدى ئۇنداق؟ — ئەسمەتۇللا ئاغا شۇنداق بىجىرىم يۈرگەن گۆھەردىن ئۇستىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.

— سەكتە كېسىلى بوپتۇ دېگەندەك قىلغانتى ئاتامنى تېۋىپلار، — توختى مەيۈس جاۋاب بەردى.

ئەسمەتۇللا ئاغا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ «قالۇ ئىننە لىللاھى ۋە ئىننەئىلەيھى راجىئۇن» دېگەن قىسقا سۈرىنى ئوقۇپ يۈز - كۆزىنى، ساقاللىرىنى سىيپاشتۇردى ۋە توختىنى ئەگەشتۈرۈپ گۈجەكنىڭ چاقىسىنى ئېچىپ، قوزا - ئوغلاقلارنى چىقىرىۋەتتى. قوزا - ئوغلاقلار «مە - ئە - ئە، مە - ئە - ئە» قىلىپ مەرەشكىنىچە يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپ ئانىلىرىنى تېپىشقا ئېتىلىشتى. بىرھازا «مە - مۇ» دىن كېيىن قوزا - ئوغلاقلارنىڭ ئانىلىرىنى شاپىلدىتىپ ئېمىشكەنلىرى، ساغلىق، ئۆچكىلەرنىڭ قوزا - ئوغلاقلىرىنى ئارىلاپ پۇراپ قويۇپ، تىنماي كۆشەشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

ئەسمەتۇللا ئاغا ئوغلىقى چەتنەپ كەتكەن ئۆچكىدىن ئىككىنى تۇتۇپ ساغدى- دە، قويۇق ئېتىلگەن سۈت چاي ۋە قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان كۆمەچنان بىلەن توختىغا چاي بەردى. بىر كۈنلۈك يولنى پىيادە بېسىپ كەلگەن توختى قىزىق چايدىن ئىككى ئاپقۇر ئىچتى، كۆمەچتىنمۇ يوغان بىر پارچىنى چايغا تۇگۇرۇپ يېۋەتتى. چاي ئۇنىڭغا ئاجايىپ مەززىلىك تېتىدى. ئۇنى



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مۇگـدەك باسـتى ۋە داسـتىخان يېنىـدىلا قىڭغىيـىـپ ئۇيقۇغـا غەرق بولـدى. تـوختى چارچىغانـىدى. ئەسـمەتۇللا ئاغـا ئۇنـىڭ ئۈسـتىگە ئەستەرلىك ئۇزۇن چاپىنىنى يېپىپ قويدى. توختىنىڭ چىغلىقتىكى كۈنلىرى باشلاندى.

× × ×

توختى ئەسمەتۇللا ئاغا بىلەن مال بېقىشقا كىرىشىپ كەتتى. قوزا - ئوغلاقلار بارا - بارا چوڭ بولۇپ ئانىلىرىغا ئەگىشىپ ئوتـ-ـلىغىلى بارىدىغان بولدى. يوغان سېرىق ئىتمۇ توختىغا ئۆگىنىپ قالدى، توختى نەگە بارسا سېرىق ئىتمۇ تـاپ بېسىپلا يۈرىدىغان بولـدى. چىغلىقتا كـۈنلەر گەرچە ئـانچە زېرىكىشلىك بولمىسىمۇ، لېكىن ئـاش - تاماق يۈرەتتىكىدەك بولمايتتى. ئوتياشسىز يېگەن غىزا ئادەمنىڭ قـۇرۇق ئىسسىقىنى پـاتلا قوزغاپ قويـاتتى. ئۇنـىڭ ئۈستىگە چۆلدىكى بۇلاق سۈيىمۇ سەل شور تېتىيتتى.

ئەسـمەتۇللا ئاغـا مـاللار تويـۇپ بىـر يەرگە يىغىلىـپ كۆشـەپ يېتىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، توختىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ چىغلىقنىـڭ قۇمساڭغۇ يەرلىرىدىن يـاۋا كۆكتـات تەردى. بـۇ تەرەپلەردە مامكـاپ (سـېرىقچېچەك)، يـاۋا كـۇدە، يىڭنىـسىمان قۇملـۇق پىيـازى (ساسۇڭ)، سۇ تەپچىرەپ چىققان يەرلەردە سۈزە (يالپۇز)، بىدە قاتـارلىق يـاۋا كۆكتـاتلار ئۆسـەتتى. كـۆكلەم مەزگىلـدە بۇنـداق كۆكتاتلارنى چىغلىق ھەم قۇملۇقنىڭ مال ئاياغ باسمىغان يەرلىرىـ-ـدىن تېرىۋالغىلى بولاتتى. ئەسـمەتۇللا ئاغـا ھەربىـر يـاۋا كۆكتـاتنى تېرىۋالغاندا توختىغا ئۇنىڭ ئىسمىنى، قانـداق يېيىش ئۇسۇلىنى، قايسى خىل كۆكتاتنىـڭ قانـداق شـىپالىق رولـى بـارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئـان چىگىـدىغان ماتا ياغلىقتا بىـر يـاغلىق يـاۋا كۆكتـات تېرىـپ، يوغـان تـۇپلەنگەن

سۆكسۆكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ كۆكتاتلارنى ئادالاپمۇ ئالدى.

ماللارنى كەچقۇرۇن ئۆتەككە[①] ياندۇرغاندا، ئەسمەتۇللا ئاغا بىر كۆتۈرۈم، توختىمۇ بىر كۆتۈرۈم سۆكسۆك ئوتۇنى يۈدۈپ كېلىشتى. بۇ ئوتۇنلار كەچلىك تاماق ھەم ئەتىگەنلىك چاي قاينىتىشقا يېتەتتى. بۇ ئىش ئەتىسى يەنە تەكرارلىناتتى. ئەسمەتۇللا ئاغا بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى ياۋا كۆكتاتلارنى سېلىپ ھەم ئازراق قاق گۆش[②] توغراپ ئۇماچ ئېتىپ بەردى. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندە ياۋا كۆكتاتلاردىن ئوخشىتىپ سۇغا تۈگۈم[③] ئېتىپ بەردى. يەنە بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندە خېمىرنى يېيىپ، قۇشقاچ تىلى قىلىپ كېسىپ سارماچۇق[④] ئاش ئېتىپ بەردى. بۇ ئاش - تاماقلار توختىغا ئاجايىپ لەززەتلىك تېتىدى. ئارىلاپ بىرەر ياۋا توشقان، كەكلىك، قىرغاۋۇللارنىمۇ تۇتۇۋېلىپ ئاش تېتىقى قىلدى. توختىنىڭ ئاش - تامىقى ھەرھالدا گۆشسىز قالمىدى. گۆشسىز قالمىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەر قېتىملىق تاماق شۇنداق تەملىك، سىڭىشلىك ئىدى. توختى ئۆيىدە مۇنچىلىك لەززەتلىك تاماقلارنى يېگىنىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

توختى بىر كۈنى ئەسمەتۇللا ئاغىدىن سورىدى:

— ئەسمەتۇللا چوڭ ئاتا، سىلى ئاش - تاماقنى بەكمۇ ئوخشىتىپ ئېتىدىكەنلا، ئەسلىدە ئاش - تاماقنى ئايال كىشىلەرنىڭ ئەتكىنىنى كۆرگەن، سىلى قانداقسىگە ئاش - تاماق

---

① ئۆتەك — مال تۈرىدىغان قوتان، شەرقىي شىنجاڭ شېۋىسى — ئا.

② مالچىلار مال سويغاندا بىر قىسمىنى قاق سېلىپ قۇرۇتۇۋېلىپ، ساقلاپ يەيدۇ. بۇنداق گۆش «قاق گۆش» دېيىلىدۇ.

③ شەرقىي شىنجاڭ شېۋىسى — بەگشە، جۇۋاۋا، ھازىر بۇ سۆز ئىستېمالدىن قېلىشقا يۈزلەندى — ئا.

④ سارماچۇق ئاش — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي تاماق تۈرلىرىدىن ئۆگرىنىڭ بىر تۈرى — ئا.

ئېتىدىغان بولۇپ قالدىلا؟

— شۇنداق، ئاش - تاماقنى ئەسلىدە ئايال كىشىلەر ئېتىدۇ. ئەرلەر بولسا تالا - تۈزنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى قىلىدۇ. بۇ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان قائىدە. لېكىن، جان بېقىش ئۈچۈن ئەرلەرمۇ ئاش - تاماق ئېتىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. نېمىشقا دېسەڭ، بۇ قورساق دېگەن ھەپسا نەرسە، كۈندە ئۈچ ۋاق يېمىسەڭ بولمايدۇ، قورساق دېگەن ماڭساڭ ئالدىڭغا ئۆتۈۋالىدىغان، ئولتۇرساڭ ئېتىكىڭگە، ياتساڭ ئۈستۈڭگە چىقىۋالىدىغان نەرسە. تاماق ئېتىشنى بىلمىگەن ئەركىشى يالغۇز قالغاندا ياكى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا، ياكى بولمىسا مانا بىزگە ئوخشاش چۆل - باۋاندا مال - ۋاران باققاندا، ئاش - تاماقسىز قالىدۇ، ئاچ - توق يۈرۈش سالامەتلىككە زىيانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، نورۇز سەيلىسى دېگەندەك ئەل - جامائەت كۆپ يىغىلىدىغان سورۇنلاردا چوڭ - چوڭ داشقازانلاردىكى گۆش پىشۇرىدىغان، پولۇ ئېتىدىغان، نورۇز ئېشى — كۈچە قاينىتىدىغان ئىشلارنى ئەرلەر قىلمىسا، ئاياللار ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. سېنىڭ ئاتاڭ رەھمەتلىك گۆھەردىن ئۇستا، قولى گۈل ئادەم ئىدى. پولۇنى شۇنداق ئوخشىتىپ ئېتەتتى. بىر يېگەن ئادەم يەنە بىر يېسەم، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. قانداق؟ مېنىڭ ئېيتقانلىرىم توغرىمىكەن؟— ئەسمەتۇللا ئاغا توختىنىڭ سوئالىغا ئەتراپلىق جاۋاب بەردى. جاۋاب بەردىلا ئەمەس، بەلكى بۇ مەۋسۇم، سەبىي قەلب ئىگىسىگە جاھاندارچىلىق قىلىشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي يوللىرىدىن ساۋاق، چۈشەنچە بەردى.

ياز ئايلىرى كىردى. چىغلىقنىڭ كۈندۈزى ئىسسىق بولغىنى بىلەن كېچىسى سالقىن، ھاۋاسى سۈزۈك - تىنىق، جانغا راھەت ئىدى. ئەسمەتۇللا ئاغا قوتاندىن يىگىرمە ماڭدامچە يەرگە يەردىن

بىرەر غىرىچچە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغۇدەك سۇيا ياساپ، ئۇرۇن - كۆرپىنى شۇ سۇپىغا سالىدىغان بولدى.

چىغلىقنىڭ كەچقۇرۇنلۇقى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. سەلكىن شامال ئاللىقاياقلاردىن پۇراققا كىرگەن بۇغداي باشقىنىڭ سۈت ھىدىنى، چىغىرتماق گۈلىنىڭ شىرىن پۇرىقىنى، ھەرخىل ئوت - چۆپلەرنىڭ چۈچۈمەل، قاڭسىق ھىدلىرىنى ئېلىپ كېلىپ دىماققا ئۇراتتى. بۇ خىل ئارىلاشما پۇراققا قوتاندىن قوي تېزىكىنىڭ پۇرىقى، سۆكسۆك ئوتۇنىنىڭ ئىس ھىدى قوشۇلاتتى - دە، چىغلىقنىڭ ئۆزىگە خاس كەچلىك ھاۋاسىنى پەيدا قىلاتتى. سەلكىن شامالدا يەنە قارا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، چۆل ھۇۋقۇشىنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ «ھۇيت، ھۇيت» قىلىپ ھۇقۇيتىشلىرى، تۈلكە كۈچۈكلىرىنىڭ غىڭشىشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. مۇنداق ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندا سۇپىنىڭ يېنىدا ياتقان سېرىق ئىت ئورنىدىن تۇرۇپ قوتان ئەتراپىغا كېلىپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق ھاۋشىپ، بۇ چىغلىقتا ئاجايىپ بىر قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانىنىڭ بارلىقىنى جاكارلىغاندەك، ياشقا تىنىقلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى.

چىغلىقنىڭ كېچىسى ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىدى. سىياھتەك قارا ئاسمان شاھمات ئۇرۇقلىرىدەك يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. يەتتە تىكەن يۇلتۇز خۇددى چۈمۈچكە ئوخشاش ئېسىلىپ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتە مىغىلدىغان قويلاردەك يۇلتۇزلار توپى ئۇزۇن يېپىلغان، بەزى يۇلتۇزلار نۇرلۇق، بەزى يۇلتۇزلار پەنجىرە كۆزنىكىدىن ماراۋاتقان كىچىك بالىنىڭ كۆزىدەك ئاران پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى. تۇيۇقسىز بىر يۇلتۇز ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇزۇن، ئاق لېنتا قالدۇرغىنىچە شىددەت بىلەن زېمىنغا شۇڭغۇپ، كۆزدىن يىتتى. مۇشۇ كەمگىچە ئاي دالادا تۈنەپ باقمىغان توختىغا ئاسمان مەنزىرىسى ئاجايىپ قىزىقارلىق تۇيۇلدى. ئۇ يېنىدا تەسۋى

سىرىپ، دۇرۇت ئوقۇپ ئولتۇرغان ئەسمىتۇللا ئاغىدىن:

— ئەسمىتۇللا چوڭ ئاتا، يۇلتۇزدىن بىرى ئۇزۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ كەتتىغۇ، بۇ نېمىش؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەربىر ئادەمنىڭ ئاسماننىڭ مەلۇم يېرىدە بىر يۇلتۇزى بولارمىش. شۇ ئادەم ۋاپات بولغاندا، ئاسماندىن ئۇنىڭ يۇلتۇزىمۇ ئۇزۇلۇپ زېمىنغا چۈشۈپ كېتەرمىش.

— سىلى ئۆزلىرىنىڭ يۇلتۇزلىرىنىڭ ئاسماننىڭ قەيېرىدە ئىكەنلىكىنى بىلەمدىلا؟ — توختىنىڭ نەزەرىدە ئەسمىتۇللا چوڭ ئاتىسى ھەممىنى بىلگۈچى ئىدى.

— ياق بالام، بۇنى بىر ئاللادىن باشقىسى بىلمەيدۇ.

— ئاللا دېگەن كىم ئۇ، ئۇ نەدە تۇرىدۇ؟

— ئاللا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە — كۆڭلىدە تۇرىدۇ، بالام.

ئۇپۇقتىن ئاي كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئاسمانغا بارا - بارا ئۆرلەپ چىقىپ، كەڭ زېمىنغا ئاق نۇر سەپتى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى خىرەلەشتى.

توختى يەنە سوئال سورىدى:

— ئەسمىتۇللا چوڭ ئاتا، كۈن نېمىشقا كۈندۈزى، ئاي، يۇلتۇزلار نېمىشقا كېچىسىلا چىقىدۇ؟

— بۇ كەڭ كائىنات يارالغاندا ھەممە نەرسە قانۇنىيەتلىك، تەرتىپلىك يارىتىلغانىكەن. مەسىلەن، بىر يىل قىش، ئەتىياز، ياز، كۈز دېگەندەك تۆت پەسىل بويىچە، كېچە ھەم كۈندۈز قىلىپ يارىتىلغانىكەن. ئىنسانلار، ئۇچار قاناتلار، ھايۋانات، ھاشاراتلار، جۈملىدىن بارچە تىنىقلار كۈندۈزى ھەرىكەت قىلىپ، كېچىسى ئارام ئالىدىغان قىلىپ يارىتىلغانىكەن. لېكىن، بەزى جانلىقلاردىن ئۆز كۈشەندىلىرىدىن قورقۇپ كېچىسى ھەرىكەت قىلىدىغانلىرىمۇ بار. يەنە مەسىلەن، دەل - دەرەخلەر يازلىقى بويى ئۆسۈپ، قىشلىقى يوغىنايدۇ. بەزى جانلىقلار قىشلىقى ئۆچەككە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

ئۇخلاپ، يازلىقى ھەرىكەت قىلىدۇ. سۇلار سوغۇقتا قېتىپ مۇز بولۇپ، ئىسسىقتا ئېرىپ يەنە سۇغا ئايلىنىدۇ.... دېگەنىدەك، جانلىقلارنىڭ بەزىلىرى گۆش يەپ ھايات كەچۈرسە، بەزىلىرى ئوت - چۆپ يەپ ياشايدۇ. دېمەك، بۇ تۈرلۈك مۆجىزىلەر بىلەن تولغان جاھان تەرتىپ بىلەن قانۇنىيەتلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇ تەرتىپ بويىچە كۈن چىققان ۋاقىت كۈندۈز، ئاي - يۇلتۇز چىققان ۋاقىت كېچە دەپ ئاتالغان،— ئەسمەتۇللا ئاغا توختىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. بۇ چۆلدە توختىنىڭ بولغىنىمۇ بىر ھېسابتا ئوبدان بولدى. بولمىسا، ئەسمەتۇللا ئاغا قوي - ئۆچكىلەرنىڭ، سېرىق ئىتنىڭ، قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپلا ئۆتكەن بولاتتى.

ئەسمەتۇللا ئاغا توختىغا جانىۋارلىقنىڭ يەنە بەزىبىر يەككىل ھەرىكەتلىرىنى ئەتىسى - ئاخشىمى، كۈندۈزى ماللار تويۇنۇپ ياتقان مەزگىللەردە ئۆگىتىپ تۇردى. كىگىز ئۆينىڭ يېنىغا خېلى يىراق يەردىن كېسىپ، سۆرەپ كەلگەن قارىياغاچ بىلەن ئىككى يەرگە ئارىلىقنى يېقىن - يېقىن قىلىپ دار تىكىپ، تېرە شالۇۋۇرنىڭ پۇچقىقىنى كېسىپلا ئىچىگە قۇم قاچىلاپ، مۇشتلاپ مەشىق قىلىدىغان قۇم خالتا ياساپ بەردى. بۇ بەئەينى تۆمۈرچىلەر شەپشۈك ئاتلارنى باغلاپ - تېڭىپ تاقلايدىغان دارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئوڭ تەرەپتىكى دارغا بىر قۇم خالتا، سول تەرەپتىكى دارغا بىر قۇم خالتا ئېسىلدى. توختى بوش ۋاقىتلىرىدا بۇ خالتىلارنى ئۇرۇپ مەشىق قىلىشقا باشلىدى.

8 - ئاي كىرگەن كۈنلەر. بىر كۈنى ئەسمەتۇللا ئاغا ماللارنى باشقا كۈنلەردىكىدىن بالدۇرراق قوتانغا قايتۇردى - دە، راسا سەمرىگەن ئوغلاقتىن بىرنى سويۇپ يېرىمىنى قازانغا سېلىپ پىشۇرۇپ يېيىشتى. قالغان يېرىمىنى ئەتىسى كەچتە پىشۇرۇپ،

گۆشكە كېكىرگۆچە تويۇشتى. 8 ـ ئايلاردا سويۇلغان ئوغلاق گۆشى ئاجايىپ لەززەتلىك بولاتتى. توختى گۆچۈكىدا ئۆز ئۆيىدە قانچە قېتىملاپ گۆش يېگەندۇ بەلكىم، لېكىن بۇ چىغلىقتا يېگەن گۆشتىك تەمىگە پەقەتلا ئوخشىمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈنلەر ئۆتۈپ، 9 ـ ئاي كىردى. ئەسمەتۇللا ئاغا پاقلاندىن بىرنى بوغۇزلاپ، ئۇنىڭ گۆشىنىمۇ ئىككى ـ ئۈچ ۋاق سېلىپ يېدى. پاقلان گۆشىمۇ شۇنچە لەززەتلىك ئىدى.

ــ بۇ ماللارنىڭ يېرىمى سىلىنىڭمۇ ئەسمەتۇللا چوڭ ئاتا؟ ــ توختى تۇيۇقسىز سوراپ قالدى.

ــ قانداق دەيسەن بالام؟

ــ نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بىر ئوغلاقنى، بۈگۈن بىر پاقلاننى يېۋەتتۇق، شۇڭا دەيمىنا.

ئەسمەتۇللا ئاغا كۈلۈپ كەتتى:

ــ ئويلىغىنىڭ توغرا، لېكىن بۇ ماللار قۇنانباي دېگەن كىشىنىڭ. مەن ئۇ بايغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. يېگەن ئوغلاق ـ قوزىلارنى ئىش ھەققىمگە ھېساب قىلىدۇ، ياز كۈنى مالچىلارنىڭ جەننىتى ھېسابلىنىدۇ، ماللار سەمرىگەندە سۈتى كۆپىيىدۇ، قوزا ـ ئوغلاقلىرى يېگۈدەك بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇ 8 ـ ، 9 ـ ئايلاردا «قوزا ـ ئوغلاقلار پىشىدۇ»[1]. مالچىلار سۈت ـ قېمىزغا، گۆش ـ مايغا تويۇنىدىغان ياخشى كۈنلەر، ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا مالچىلار كۆپىنچە جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

ــ نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر باي، بەزى ئادەملەر كەمبەغەل

---

[1] قوزا ـ ئوغلاقلارنىڭ گۆشى يۇمران، تەملىك بولىدۇ. خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ مالچىلار ئىچىدە 8 ـ ، 9 ـ ئايلارنى «قوزا ـ ئوغلاق پىشتى» دەپ ئاتايدىغان ئادەت بار ـــ ئا.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالىدۇ؟

— ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشىدا ئوخشاش يالىڭاچ تۇغۇلۇپ، ئۆلگەندە كېپەن بىلەنلا ئۇ ئالەمگە رىھلەت (سەپەر) قىلىدۇ. ئادەم ئانىدىن تۇغۇلۇپ، يەر قوينىغا كىرگۈچە بولغان ئارىلىق تىرىكچىلىك جەريانى ھېسابلىنىدۇ. باي - كەمبەغەل بولۇش ئەنە شۇ تىرىكچىلىك جەريانىدىكى بەزى سەۋەبلەر ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان نەرسە. مەسىلەن، بەزىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن قالغان مال - بىساتى بولىدۇ؛ بەزىلەر سودا بىلەن بېيىپ كېتىدۇ؛ بەزىلەر يېمەي - ئىچمەي دېگۈدەك يىغىپ - توپلاپ باي بولىدۇ؛ مال - چاۋا قىلىپ، يەر - سۇ ئېلىپ تېخىمۇ كۆپ بايلىق يىغىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇلار تىرىشچانلىق ئاساسىدا بولىدىغان ئىشلار. بەزى بايلار پۇرسەتكە ئېرىشىپ، تاسادىپىي بېيىپ قالىدۇ؛ بەزىلەر ئامەت كېلىپ باي بولۇپ كېتىدۇ. ئىشقىلىپ، تىرىشچان ئادەم بۇ جاھاندا جاپانى تولا تارتمايراق ياشايدۇ.

— سىلى نېمىشقا جاپا تارتىپ بۇ چۆللەردە يالغۇز مال بېقىپ يۈرىدىلا؟

— مەن باي بولۇش يولىنى تۇتماپتىكەنمەن، ئوقۇش بىلەن بولۇپ كېيىنچە بەگ بولۇپ قالدىم شۇ.

— بەگ دېگەن نېمىش قىلىدۇ؟

— بەگ دېگەن ئەل - يۇرتنى باشقۇرىدۇ.

— ئەمىسە سىلى بۇ چۆلدە ماللارنى باشقۇرۇپ يۈرىدىلىغۇ؟

ئەسمىتۇللا ئاغا توختىنىڭ سوئالىدىن كۈلۈپ كەتتى. كۈلۈپ كەتتى- يۇ، شۇ ھامان چىرايىدا مەيۈسلۈك، ئەپسۇسلۇق، ئىزتىراپلىق كۆرۈلدى. گەرچە توختى ئەسمىتۇللا ئاغىنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى دېگەندەك چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئادەمدە پەرىشانلىقنىڭ بارلىقىنى غۇۋا

سەزگەندەك قىلدى.

— سوراپ قالدىڭ بالام، ئەمدى ساڭا ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي، لېكىن مەن توغرۇلۇق بىركىمگە تىنما، ئۆزۈڭلا بىلگىن جۇمۇ؟ — دېدى توختىنىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ. ئەسمەتۇللا ئاغا بۇ چۆلدە ئادەمسىراپ كەتكەنىدى.

بىرقانچە ۋاقىتتىن بېرى مۇڭداشقىلى ئادەممۇ تېپىلمايدىغان بۇ چىغلىقتا خۇددى گاچا ئادەمدەك سۆزلىمەي، پاڭقاي ئادەمدەك باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزىنى ئاڭلىماي ئۆتكەنىدى. نىھايەت، توختى ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى، ئەسمەتۇللا ئاغا ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك بولۇپ قالغان بۇ شاگىرتىغا سىرىنى تۆككۈسى كەلدى:

— مېنىڭ ئەسلىي ئىسمىم ئەسمەتۇللا ئەمەس، ئەسلا بەگ، مەن لۈكچۈن مەدرىسەسىدە ئون يىل بىلىم تەھسىل قىلىپ، كاتتا موللا بولغانىدىم. ئەفرىدۇن ۋاڭ مېنى ئوردىنى قوغدايدىغان كاھلارنىڭ بەگلىكىگە تاللىۋالدى. چۈنكى، مەن كاتتا موللا بولغانلىق سىرتىدا، ماھىر چېلىشچى، يېتىلگەن جانباز ئىدىم. تۇرپان تەۋەسىدە ئىلگىرىكى زامانلاردا شامىل دېگەن ماھىر مۇشتلاشچى، پەشۋاچى بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا داڭ كۆتۈرۈپلا قالماي، ھەتتا باشقا يۇرتلارغىمۇ بېرىپ ماھارەت كۆرسىتىپ داڭقى چىققان ئادەمكەن. كېيىن ئۇ ئۆز يۇرتىدا نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۈرۈپتۇ. ئالتاي، چۆچەك، ئىلى تەرەپلەردىن، ئالتە شەھەر تەرەپلەردىن يىگىتلەر تۇرپان تەۋەسىگە كېلىپ ھۈنەر ئۆگىنىپ كەتكەنىكەن. مەنمۇ شۇ ئادەمنىڭ شاگىرتىنىڭ شاگىرتىدىن ئۆگەنگەن ئۇستا جانبازلارنىڭ شاگىرتىنىڭ شاگىرتلىرىدىن جانبازلىقنى ئۆگىنىپ يېتىشكەنىدىم. ساڭا ئۆگەتكەن ھۈنەرلەرنىڭ تېگى ئەنە شۇنداق كەلگەن. مەن بەگ بولغىنىم بىلەن ھەرگىز ناھەق ئىش قىلمايتتىم. ئۇستازىمىز بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەنىدى. بەگلىك قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىردە، يۇرتىمىزدىكى دېھقانلار ۋاڭلىقنىڭ ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ قىلدى. دېھقانلارنىڭ تۇتقان يولى توغرا ئىدى. بىراق، ۋاڭ قاتتىق قوللۇق بىلەن دېھقانلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇپ، ھەپسىگە سولاپ، ھەتتا بىھۇدە قان تۆكۈپ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە يۈزلەندى. مۇنداق ئىشلارنى ۋاڭ كاھلارغا بەگلەرگە تايىنىپ قىلاتتى. مەن ناھەق ئىشنى قىلىشقا ئۇنىمىدىم، بويۇنتاۋلۇق قىلىپ ۋاڭنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى ئىجرا قىلمىدىم. ۋاڭ مەندىن قاتتىق خاپا بولدى ھەم مېنى جازالاپ، زىندانغا سالماقچى بوپتۇ. ۋاڭنىڭ بۇ خىيالىنى سېزىپ قالغان كاھلىرىمدىن بىرى ماڭا شەپە بېرىپ قويۇۋىدى، شۇ كېچىسىلا خوتۇن ـ بالىلىرىمنى تاشلاپ قېچىپ كەتتىم. قېچىپ گۇچۇڭغا كېلىپ، سېنىڭ ئاتاڭ بىلەن تونۇشۇپ، سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردە پاناھلىنىپ تۇردۇم. لېكىن، ۋاڭنىڭ ئادەملىرىنىڭ مېنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكى توغرۇلۇق گۇچۇڭدا شىۋىڭ ـ گەپ ـ سۆز ئاڭلاپ قېلىپ، سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت، دېگەندەك مۇشۇ ئادەمزات ئاز ئۇچرايدىغان چىغلىقتا ماللارنى بېقىپ يۈردۈم. قالغان ئىشلار ماڭا ئۆزۈڭ كۆرگەندەك.

توختى ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك قىلدى. ئەمما، بىر سۆزنى چۈشەنمەي، ئەسمەتۇللا ئاغىدىن تۈرگۈنلۈك بىلەن سورىدى:

— ئادالەت تەرەپتە تۇرۇپ ۋاڭنى خاپا قىلىپ قويدۇم دېدىلە، ئادالەت دېگەن قىز بالىمۇ ئۇ؟

ئەسمەتۇللا ئاغا كۈلۈپ كەتتى. دەرۋەقە، توختىنىڭ مۇنداق گەپلەرنى چۈشىنىدىغان ۋاقتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەسلا بەگ ئاددىي قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئادالەت دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچە، ئۇ توغرىلىق، ھەق ئىش دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلەر ھەق ئىش، توغرىلىقنى ئارزۇ

قىلىپ بالىلىرىغا بۇ سۆزنى ئىسىم قىلىپمۇ قويۇۋالىدۇ.
— ۋاڭ دېگەن ھەق ئىشقا، توغرا ئىشقا قارشى تۇرامدۇ؟
— ئۆزىگە زىيان يەتمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ.
— بۇ ۋاڭ دېگەنلەر ئەسكى نېمىلەر ئوخشىمامدۇ؟
— ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ بار. خەلق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرسۇن، يۇرت تىنچ بولسۇن، گۈللەنسۇن دېگۈچى ياخشى ۋاڭلارمۇ بار، بەزى شەخسىيەتچى، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان، خەقلەرنى بوزەك قىلىدىغان ۋاڭلارمۇ بار.
— ۋاڭلارمۇ ئوخشاش بولمايدىكەن - دە، ئەسمىتۇللا چوڭ ئاتا، ھە، ياق، ئەسلا بەگ چوڭ ئاتا؟
— شۇنداق، ۋاڭلارمۇ ياخشى - يامان دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەملەر ئىچىدىمۇ ياخشى كۆڭۈللۈك، يامان نىيەتلىك ئادەملەر بار. يامان نىيەتلىك ئادەملەر خەقلەرنى قەستەنگە بوزەك قىلىدۇ. شۇنداقلارغا بوزەك بولماسلىق ئۈچۈن سەن مەشىق قىلىۋاتقان جانبازلىقنى پۇختا ئۆگىنىشىڭ كېرەك. خەققە بوزەك بولماي، جاپا تارتماي ياشايمەن دېگەن ئادەم، بولۇپمۇ ئوغۇل بالا كۆپرەك ھۈنەر، ئىلىم ئۆگىنىشى كېرەك، — ئەسلا بەگ توختىنىغا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئەنە شۇ تەرزدە توختىماي چۈشەندۈرۈپ تۇردى.

× × ×

كۆز ئايلىرى كىرىپ قالدى. قۇنانباي ئۆزى بىرقانچە ئادەمنى كۆزلۈك يۇڭ قىرقىشقا باشلاپ كەلدى. كۆزلۈك يۇڭ ئالدىراش قىرقىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئەسلا بەگ توختىنى بىر چەتكە تارتىپ:
— بالام توختى، مېنىڭ قۇنانباي بىلەن توختاملاشقان يىللىقچىلىق ۋاقتىم توشۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ كۈنلەردە ئاتا - ئانام، خوتۇن - بالىچاقام پات - پاتلا چۈشۈمگە كىرىپ

قالىدىغان بولدى. يۇرتتىن ئايرىلغىنىمغىمۇ بەش يىل بولۇپ قاپتۇ، يۇرتۇمغا قايتاي دەيمەن. كۈزلۈك يۇڭلار قىرقىلىپ بولسا، قۇنانباي بىلەن ھېسابلىشىپ، ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇ يەردىن كېتەي دەيمەن. سەنمۇ قايتقىن، سېنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلغىنىڭغىمۇ بىرىم يىلدەك بولۇپ قاپتۇ. بېرىپ ئاناڭ بىلەن سىڭلىڭنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاچ، يۇرت ئىچىدە بىرەر ئىش تېپىپ قىلارسەن، گۇچۇڭدا خەنزۇ، خۇيزۇ جانبازلار باركەن. ھۈنەر ئۆگىنىشنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ قويمىغىن، — دېدى.

توختىمۇ ئۆينى سېغىنغانىدى. ئۇستازى ئەسلا بەگ بىلەن بۇ چىغلىقتىن ئايرىلماق بولدى.

قۇنانباي خېلى ئىنسابلىق باي ئىدى. ئەسلا بەگنىڭ بىر يېرىم يىللىق ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر مۆگۈ ئات①، بىر قۇر يېڭى ئۇستىباش ھەم يىگىرمە سەر كۈمۈش بېرىپ رازى قىلدى. ئەسلا بەگمۇ بۇ باينىڭ ماللىرىنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ بېقىپ بەرگەنىدى.

ئەسلا بەگ قۇنانباي بىلەن خوشلىشىپ، توختىنى ئېتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ يولغا چىقتى. سېرىق ئىت خېلى بىر يەرگىچە ئەگىشىپ كېلىپ ئامالسىزلىقتىن قوۋلاقلىرىنى سالپايتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئەسلا بەگ توختىنىڭ بوغجۇمىسىغا قۇرۇت، ئىرىمچىك ۋە قاق گۆشلەرنى چىگىپ بەرگەنىدى. مورى بىلەن گۇچۇڭنىڭ يول ئايرىشىغا كەلگەندە، ئەسلا بەگ توختىنىڭ قولىغا بەش سەر كۈمۈش تەڭگىنى تۇتقۇزۇپ، ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ خوشلاشتى. ئەسلا بەگ مورىنىڭ لاگسۇ جىلغىسى ئارقىلىق پىچانغا قايتماق بولۇپ يولغا چىقتى. توختى خېلى يەرگىچە ئارقىغا قاراپ - قاراپ، بۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان ئۇستازىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي گۇچۇڭ تامان يۈرۈپ كەتتى.

---

① قەدىمكى ئۇيغۇرچە — مىنىك ئات، مىنىدىغان ئات — ت.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

× × ×

توختى ئېلىپ كەلگەن بەش سەر كۈمۈش بىلەن ھاشىخان قىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ چىقىرىۋالدى. ئەتىيازغا ئۆرۈلۈپ، سىرىقتال ۋاقىت كەلگەندە، ئۇلارنىڭ كۈنى ناھايىتى تەستە ئۆتتى. ئامالسىزلىقتىن توختى ئۆستەڭ بويلىرىدىن، غول ئېقىن قىرغاقلىرىدىن ياۋا كۆكتات تېرىپ، تاغارنىڭ تېگىدە قالغان ئۇن بىلەن ئاز - ئازدىن ئاش - تاماق ئېتىپ قورساقنى توقلاپ يۈردى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ھاشىخاننى «ئىككى كىچىك بالا بىلەن تۇل قالدى، كۈنى تەس» دەپ، ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇرغاندى. مانا ئەمدى ئەتىياز كىرىۋىدى، ھەرقايسى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئالدىراشلىقتا ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سورىيالمىدى. ھاشىخان قەيسەر ئايال ئىدى. ئۇ بىرەر تۇغقىنىنىڭكىگە ھال ئېيتىپ بارمىدى. ئۇ قىزى رايىمانخاننى توختىغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز مال - بىساتلىق ئائىلىلەرگە بېرىپ نان يېقىپ، كىر - قات يۇيۇپ، ئاز - تولا يېمەكلىك، پۇل - پۇچەك، كونا كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كېلەتتى - دە، كۈنلىرىنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزەتتى. توختىنىڭ ئىچى پۇشاتتى. ئاتا كەسپى تۆمۈرچىلىكنى قىلىپ باقاي دېسە، تېخى كىچىك، بىلەكتە بولقا بىلەن تۆمۈرنى يانچىغۇدەك ماغدۇر يوق. ئىشلەي دېسە، بالىلارغا مۇناسىپ ئىش تېپىلمايدۇ. توختى شۇ چاغدىلا ئاتا دېگەنىنىڭ ئۆيگە تاغدەك يۆلەك ئىكەنلىكىنى، كەمبەغەلگە كۈن ئالماقنىڭ نەقەدەر مۈشكۈللۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇستازى ئەسلا بەگنىڭ يەنى ئەسمەتۇللا ئاغىنىڭ ئوغۇل بالا ئىلىم، ھۈنەر ئۆگىنىشى كېرەك، ئادەم كۆپ ئىقتىدارلىق بولغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ تىرىكچىلىكى ياخشى ئۆتىدۇ، دېگەن گەپلىرىنى پات - پات ئويلايدىغان بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قالدى. ئۇ شۇ ئوي بىلەن ئۆيدىن چىقىپ بازار رەستىلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، گۆچۈڭ بويىچە داڭقى بار پولۇخانىغا باردى ـ دە، ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستا بىلەن ئۈلپەتچىلىكى بار پولۇپەز مەمەت ئۇستام بىلەن كۆرۈشتى. مەمەت ئۇستا گۆھەردىن ئۇستىنىڭ يۈز ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن توختىنى يېنىدا ئېلىپ قالدى. ھاشىخان دەسلەپتە، ئوغلىنىڭ ئاشپەز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىماي قويدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، ئوغلى توختىنى ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئوقۇتۇپ، موللا قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭغا ئامال يوق. موللىغا بېرىدىغان پەيشەنبىلىك ھازىرلاش قىيىن بىر ئىش ھېسابلىناتتى. چۈنكى، قورساقنى ئاران بېقىۋاتقاندا، يەنە ئېشىنىپ موللىغا بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خۇددى «كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە» دېگەندەك گەپ ئىدى. ھاشىخان ئامالسىزلىقتىن ئوغلىنىڭ پولۇپەزنىڭ يېنىدا ھۈنەر ئۆگىنىشىگە ماقۇل كەلدى. بۇنداق بولغاندا توختىنىڭ ئاچ ـ توق قالماسلىقىغا كاپالەت تاپقىلى بولاتتى.

مەمەت ئۇستام گۆچۈڭ دائىرىسىدە ئۇستا پولۇپەز ئىدى. ئۇ توختىغا دەسلەپتە سەۋزىنى قىرىپ، يۇيۇشنى، ئاندىن قىزىل، سېرىق سەۋزىنى تەڭ نىسبەتتە قەلەمچە قىلىشنى ئۆگەتتى. بىر ئاي گۈرۈچ يۇيۇشنى، قانداق گۈرۈچ سۇ يەيدۇ، قانداق گۈرۈچ سۇ يېمەيدۇ دېگەنلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن ماينى چۈچۈتۈپ داغلاشنى، تۇزنى تەڭشەشنى، دۈملەپ دەم يېگۈزۈشنى ئۆگەتتى. ئاندىن كېيىن پولۇنىڭ قىرىق بىر خىلىنى، مەسىلەن، گۆش باسقان پولۇ، قېزا پولۇ، ئۈزۈم باسقان پولۇ، ئەنجان پولۇسى، توخۇ گۆشى بېسىلىدىغان پولۇ، بەتتە پولۇ...... دېگەندەك پولۇلارنىڭ ئېتىلىش ئۇسۇلى، پايدىلىق تەرەپلىرى، دىققەت قىلىدىغان ئىشلار، ئىس يۈرىتىپ قويماسلىق، پولۇنى يېرىك ياكى

يۇمشاق قىلىپ قويماسلىق دېگەندەك نازۇك تەرەپلەرنى، قانچىلىك گۇرۇچكە قانچىلىك مىقداردا ياغ، سەۋزە، پىياز، گۆش سېلىنىدىغانلىقى قاتارلىق ئىنچىكە تەرەپلەرگىچە تەپسىلىي ئۆگەتتى. توختىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ باردى. ئۈچ ئايدىن كېيىن مەمەت ئۇستا كىچىك بىر قازان تېپىپ كېلىپ توختىنى مەشىققە سالدى. بىرقانچە قېتىمدا سۇيۇق، يىرىك ئېتىلدى. يەنە بىر - ئىككى قېتىمدا پولۇغا ئىس ئۆتۈپ قالدى. مەمەت ئۇستا ئۇنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تەدرىجىي تۈگىتىپ - تۈزەپ ماڭدى. تۆت ئاي بولغاندا توختى پولۇنى ئۇستىسىغا يارىغۇدەك ئېتىدىغان بولدى. توختى پولۇ ئېتىشنى راسا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا بىر قورۇمچىنىڭ بىخەستەلىكىدىن ئاشخانىغا ئوت كەتتى. ئادەملەر جېنىنى ئارانلا ئەپقېچىشۋالدى. ئاشخانا پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتتى. مەمەت ئۇستامۇ گۇچۇڭدىن يۇرتىغا قايتتى. توختى پولۇنىڭ قىرىق بىر خىلىنى ئېتىشنى تولۇق ئۆگىنىپ بولغۇچە دۇكان تاقىلىپ، ئۇستا كېتىپ قالدى. «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. لېكىن، گۇچۇڭدا پولۇپەزلىكتە داڭقى چىققان مەمەت ئۇستامنىڭ پولۇ تەمىنى توختى ساقلاپ قالدى.

توختى ئۆيدە سىڭلىسى رايىمانخانغا يەنە قارانچۇق بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بامدات نامىزىدىن يانغان روزى قاسساپ ئۆلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ھاشىخان گۆھەردىن ئۇستىنىڭ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ بىللە ئۆتكەن بۇ قەدىناس ئاغىنىسىنىڭ ئالدىغا تۆت تال پوشكال قويۇپ چاي قۇيدى. روزى قاسساپ پوشكالدىن بىر بۇردا يەپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزاق دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن:

— ھاشىخان، تۈنۈگۈن مەن ئېرتۇۇڭ دېگەن مەھەللىدىكى خۇرجا لاۋما تۈگۈگانىنىڭ ئۇن - يىگىرمە قويىنى سېتىۋالغانىدىم، ئۇ

www.uyghurkitap.com

خۇرجا بىلەن مېنىڭ ئۇزۇندىنلا ئاردى - كەلدىم بار ئىدى. ئۇنىڭ كالا - قويلىرىنى باقىدىغان ئادىمى ئىشتىن توختاپ قاپتۇ. ماڭا بىرەر ئوغۇل بالا تېپىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىدى، مەن توختىنى ئويلاپ قالدىم. ئەگەر مەيلى دېسىڭىز، توختى شۇ بايغا بىر - ئىككى يىل يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ تۇرغاي، يېشى ئۇلغايغاندا ئاندىن باشقا بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتامدۇ، قانداق دەيسىز؟ — دېدى.

ھاشىخان ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. گوھەردىن ئۇستا توختىنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ باققانىدى. ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندا، توختىنى ئوقۇتۇپ چوڭ موللا، ئۆلىما قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققۇسى بار ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇنى بەگ - ئەمەلدار قىلغۇسى ياكى داڭلىق ھۈنەرۋەن قىلىپ يېتىشتۈرگۈسى، كىمنىڭ ئوغلى بۇ؟ دېسە، گوھەردىن ئۇستىنىڭ ئوغلى دېگۈدەك بىر ئەر — يىگىت قىلىپ يېتىشتۈرگۈسى بار ئىدى. نىھايەت، رەھمەتلىكنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى. گوھەردىن ئۇستىنىڭ ئارزۇسىنى ھاشىخان ئەمەلگە ئاشۇرماقچىمۇ بولدى. بىراق، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز كېلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاشىخان بىركىمنىڭ ئالدىغا «مەن ھاجەتمەن بولۇپ قالدىم» دەپ بارىدىغان ئاياللاردىن ئەمەس، ئامال قانچە؟ بوپتۇ، يىللىقچى بولسا بولۇپ تۇرغاي، يېشى سەل چوڭىيىپ بىرەر ئىشقا چامى يەتكۈدەك بولغاندا بىرگە بولار......

ھاشىخان شۇ خىيالغا كېلىپ روزى قاسساپقا ئېغىز ئاچتى:

— يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە دېگەندەك، گوھەردىن ئۇستىنىڭ قەدىناس ئاغىنىسى سۈپىتى بىلەن ئوغلۇم توختىنىڭ بېشىنى سىلاپ، تىرىكچىلىك يولىنى كۆرسەتكەنلىرىگە رەھمەت، توختىنىڭ ئۆزى نېمە دەركىن؟

— مال - ۋاران بېقىشقا ئېپىك بارغۇ توختى بالام، لاۋۇ خۇرجاننىڭ مېلىنى بىر - ئىككى يىل باقامسەن؟ — روزى قاسساپ

توختىغا قارىدى.

— بارسام باراي، — توختى ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بەردى.

ئەتىسى روزى قاسساپ توختىنى ئەگەشتۈرۈپ ئېرتۇگدىكى لاۋما خۇرجانىڭ جاڭزىسىغا ئېلىپ باردى. توختى لاۋمانىڭ جاڭزىسىدا مال - ۋارانغا قارايدىغان يىللىقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشتى.

× × ×

لاۋما خۇرجانىڭ ئوتتۇز - قىرىق دادەنلىك① يېرى، يىگىرمىدەك كالىسى، ئات - قېچىر، توخۇ - توشقىنى بار ئىدى. توختى مانا شۇلارغا يەم - بوغۇز، دان - ئوزۇق بېرىدىغان يىللىقچى بولدى. بۇ خۇرجانىڭ ئۆيىدە يىللىقچىلىقتا تۇرىدىغان خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئىشلەمچىلەردىن بولۇپ يەنە سەككىز - ئون ئادەم بار ئىدى.

جان - جانىۋارغا ئامراق توختى لاۋما خۇرجانىڭ جاڭزىسىغا كۆنۈپمۇ قالدى. ئۇ سەھەر تۇرۇپ يوغان باغلىق سېۋەتتە يەتتە - سەككىز سېۋەت سامانىنى يۇيۇپ - ھۆللەپ، ئات - قېچىر، كالىلارغا بوغۇز راسلايتتى، ئاندىن توخۇلارغا دان، توشقانلارغا چۆپ سېلىپ بېرىپ بولۇپ، ناشتا قىلاتتى. سېۋەتلەردىكى ھۆللەنگەن سامانلارنى چوڭ ئادەملەرمۇ كۆچەپرەك كۆتۈرەتتى. توختى سامان ھۆللەنگەن سېۋەتلەرنى دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە خېلى قىينىلىپ، سۆرەپ يۈرۈپ توشۇدى. بارا - بارا ئىشنىڭ ئېپىنى ئېلىپ، يۇيۇلغان سامانلارنىڭ سۈيىنى ئوبدانراق سارقىتقاندىن كېيىن توشۇيدىغان بولدى.

---

① بىر دادەنلىك ئۇرۇق چېچىلىدىغان يەر ئون مو ھېسابلىنىدۇ. بىر مو يەرگە بىر كۈرە، ئون مو يەرگە ئون كۈرە يەنى بىر دادەن ئۇرۇق چېچىلىدۇ. بۇ ئەينى زامانلاردىكى دېھقانلارنىڭ يەر ئۆلچەم ئاتالغۇلىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ-ئا.

بۇغداي ئورمىسى باشلانغاندا قورۇق ـ جاڭزىلار ناھايىتى كۆكۈللۈك بىر ئورۇنغا ئايلىنىپ كېتەتتى. چۈنكى، تورپان، توقسۇن، پىچاننىڭ ئورمىسى ئاياغلاشقاندا ئۇلاردىن تاغ ئارقىسىنىڭ ـ گۇچۇڭ، جىمسارنىڭ ئورمىسى باشلىناتتى. تۇرپان، توقسۇن، پىچاندىن نۇرغۇن ئىشلەمچىلەر چىقىپ، خوجىلارنىڭ بۇغدايلىرىنى كۆتۈرەگە ئېلىپ ئوراتتى. شۇ زامانلاردا، تۇرپان تەرەپتىكى ئىشلەمچىلەرنىڭ مۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدى: تۇرپان تەرەپنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشى بالدۇرلا باشلىنىپ، تۆتىنچى ئايدىلا ئاياغلىشاتتى. ئىشنىچا ئەمگەك كۈچلىرى ياز كىرىشى بىلەنلا ئورۇمچى، مىچۈەن، سانجى ئەتراپلىرىدا ئىككى ئايغا يېقىن كېسەك قۇيىدىغان، ئۆي سالىدىغان، دەرەخ كېسىدىغان دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ پۇل تېپىپ، 6 ـ ئاينىڭ ئونلىرىدىن كېيىن تۇرپاننىڭ ئورمىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن قايتىشاتتى. بىرەر يېرىم ئايدىن كېيىن يەنى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 8 ـ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن گۇچۇڭ ـ جىمسارنىڭ بۇغدىيى پىشقاندا، ئىشلەمچىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تاغ ئارقىسىغا چىقىشاتتى. بۇ تەرەپلەردە 10 ـ ئاي كىرىشى بىلەن ئىشلار ئاياغلىشاتتى. ئىشلەمچىلەر تاپقان پۇللىرىنى بەللىرىگە تۈگىشىپ، باشاق تېرىپ يىغقان بۇغدايلىرىنى ئېشەكلىرىگە ئارتىشىپ يۇرتىغا قايتىشاتتى ـ دە، بۇ چاغدا تۇرپان تەرەپنىڭ كۈزلۈك يىغىم ۋاقتى، تەكلەرنى يىغىپ ئوغۇتلاپ، كۆمۈشكە تەييارلىنىدىغان ۋاقتى بولاتتى. ئىشلەمچىلەرنىڭ بىر قىسمى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن توقسۇننىڭ كۆر جاي، تۇرپاننىڭ پىچان، قارا يۇزى، پىچاننىڭ كۆكيار، باققا دېگەن يەرلىرىگە بېرىپ قىشلىق ئەمگەككە يەنى كۆمۈركانلاردا ئىشلەشكە قاتنىشىپ پۇل تاپاتتى..... گۇچۇڭنىڭ ئەنە شۇ بۇغداي ئورمىسى بولىدىغان بىرەر يېرىم ئاي ۋاقتىدا، خوجىلارنىڭ قورۇق ـ جاڭزىلىرىدا

تاخشا ـ ئۇسسۇل، كۆلكە ـ چاقچاق ئۈزۈلمەي، ئېتىز بېشى، ئىشلەمچىلەر چۈشكۈن قىلغان يەرلەر كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئىچىلغان ئېگىزلارغا توختىمۇ كالا ـ قويلارنى ھەيدەپ ئاپىرىپ باقاتتى ـ دە، كۈنلىرىنى زېرىكمەي ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

كۈز ئايلىرى كىرىشى بىلەن كالا ـ قوي، ئات ـ قېچىرلارغا بوغۇز بېرىشنىڭ ئورنىغا دالا ـ تۈزگە ئاچىقىپ ئوتلىتىدىغان ئىش چىقتى. كۈزدە كالا ـ قويلار سەمرىپ، قىيغىتىشىپ، جورۇقتا ئانچە كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. يىگىرمىدەك كالا، بىرقانچە ئات ـ قېچىر ھەم ئوتتۇزچە قوينى بىرلىكتە ئېگىزغا، ئوتلاقتا ئاپىرىش ئۈچۈن توختى خېلى ئاۋارە بولىدىغان بولدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر سەھەرلىكى كالىلار قوتاندىن چىقىشى بىلەنلا ھويلىنى پاتىپاراق قىلىپ بېشىغا كىيدى. توختى ئۇلارغا ئايغايلاپ ـ ۋارقىراپ باقتى. لېكىن، بۇلتۇر تۇغۇلغان ئىككى بۇقىچاق ھويلىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۈسۈشۈپ، پىتىراپ، ھويلا ئىچىدە چاپقىلاپ ـ ھۆركىرەپ يۈردى. لاۋما خورجاننىڭ مالاۋسى، مالاۋۇ دەيدىغان يىگىتلىك قۇرامىغا يېتىپ قالغان ئىككى ئوغلى كەڭرى ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر ـ بىرى بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىشىپ، جانبازلىق مەشقى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بىر تەرەپتە ئېگىز بويلۇق، دائىم چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ يۈرىدىغان چىڭ ڤامىلىلىك ئىشلەمچى ئۇلارنىڭ مەشقىگە نەزەر سالغاچ، ئاستا مېڭىپ يۈرەتتى. بۇقىچاقلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن قاتتىق خاپا بولغان مالاۋسى بىلەن مالاۋۇ قوللىرىدىكى نەيزىلىرىنى تاشلاپ، توختىنى ئەدەپلىمەك بولۇپ تەڭلا ئېتىلدى. توختى نېمە بولغىنىنى ئاڭقارغۇچە، چىڭ ڤامىلىلىك مالاۋسى بىلەن مالاۋۇنىڭ ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، ئۇ ئىككىسىگە قولىنى تەڭكۈزگەندەك قىلىپلا ئىككى يانغا ئۈچۈرۈۋەتتى. مالاۋۇ بىلەن مالاۋسى نېمىش يۈز بەرگىنىنى بىلمەيلا قالدى ۋە ئورۇنلىرىدىن

تۇرۇشۇپ، چىلىڭ فامىلىلىككە ھومىيىپ قاراشتى.

— كىچىك بالىنى بوزەك قىلىشقا قولۇڭلار قانداق يارىدۇ-ھە؟ شۇنچە ئات-كالا، قويلارنى توختىنىڭ يالغۇز باشقۇرۇۋاتقىنىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟ — چىلىڭ فامىلىلىكتە جانبازلىق ھۈنىرى بارلىقىنى مالاۋۇ بىلەن مالاۋسى ئىلگىرى بىلمەيتتى. ئۇلار چىلىڭ فامىلىلىككە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ لام-جىم دېمەيلا، توختىغا ھۆرپەيگىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كېتىشتى.

توختى ماللارنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. مالاۋۇ بىلەن مالاۋسى توختىنىڭ مال بېقىۋاتقان يېرىگە بېرىپ، ئۇنى ئاز-تولا ئۇچۇقداپ، ئاچچىقىنى چىقىرىپ كەلدى. توختى بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدى. بىراق، ئۈچ كۈنگىچە گەپ-سۆز قىلماي، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ، جىم-جىم يۈرۈۋەردى. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى كۆكەرگەن يەرلەرگە، ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىگە چىلىڭ فامىلىلىك دىققەت قىلىپ يۈرگەنىدى.

كەچقۇرۇنلۇقى توختى سامانلىقتا سېۋەت كۆتۈرۈپ كىرگەندە، بويى ئېگىز كەلگەن، تەلەتى سۈرلۈك چىن فامىلىلىكنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى قاتتىق يەرگە جەينەككىچە پاتۇرۇۋېلىپ، خۇددى ساپان بىلەن يەر ئاغدۇرغاندەك مەشىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سامان قويۇلغان ياندىكى ئۆيگە تېزلا كىرىپ كەتتى. ئۇ سېۋەتكە سامان ئېلىپ چىققاندا چىلىڭ فامىلىلىك ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— توختا توختى، مەن ساڭا بىر گۆھەر بېرىمەن، — دېدى.

توختى چىلىڭ فامىلىلىكنىڭ يېپىنچاقلىۋالغان چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا نەزەر سالدى.

— يانچۇقتىن چىقىدىغان گۆھەر ئەمەس ئۇ، مەن ساڭا گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك بىر ھۈنەر ئۆگىتىپ قويىمەن، ئۇنى ئۆگەنسەڭ ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە باشقىلارغا بوزەك بولماي ئۆتىسەن، — دېدى چىلىڭ فامىلىلىك.



www.uyghurkitap.com

شۇ كۈندىن باشلاپ چىڭ فامىلىلىك 12 ياشلىق توختىغا ئەتىسى - ئاخشىمى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە، گاھى سامانلىقتا، گاھى ئاي دالادا پەي سوزۇش، ئات مىنىش شەكلىدە تۇرۇش قاتارلىق ئاددىي مەشىقلەرنى قىلدۇردى ۋە ئاستا - ئاستا ئۆزى كامالەتكە يەتكۈزگەن ھەرىكەتنى يەنى قولنى جەينەكگىچە يەرگە پاتۇرۇپ، خۇددى ساپان بىلەن يەر تىلغىغاندەك ھەرىكەتنى — «سەككىز سىگىر گۈمپىسى» (داباجىڭ ھەرىكىتى) نى ئۆگەتتى. ئەگەر بۇنداق ھەرىكەتنى ۋايىغا يەتكۈزگەن كىشى بارماقلىرىنى جۈپلەپ تۇتۇپ ئادەمنىڭ بىقىنلىرىغا ئۇرسا، قوۋۇرغىلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۈچەي - باغرىنى سۇغۇرۇپ ئالالايتتى.

بىر كۈنى ئاي دالادا ماللارنى ئوتلاتقاچ مەشىق قىلغان توختى چىڭ فامىلىلىكتىن سوراپ قالدى:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ ئۆزىڭىز نەلىك؟ ماڭا نېمىشقا جانبازلىق ھۈنىرىنى ئۆگەتمەكچى بولۇپ قالدىڭىز؟

— بۇنى ئوبدان سورىدىڭ، مەنمۇ ۋاقتى كەلگەندە ساڭا دەمەن دەپ يۈرەتتىم. بوپتۇ، مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ساڭا قىسقىچە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى چىڭ فامىلىلىك ھېكايىسىنى باشلاپ، — مىنى كىشىلەر چىڭ ئۇستام دەيدۇ، سەنمۇ شۇنداق دەۋەرگىن. مېنىڭ يۇرتۇم سىچۈەن چىڭدۇ. بىزنىڭ ئۇ يۇرتلاردىمۇ سەن بىلەن بىزگە ئوخشاش ئىشلەمچىلەر، يىللىقچىلار كۆپ، ئۇلارمۇ بايلارغا ئىشلەپ جېنىنى بېقىشىدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ئۇ يۇرتتا بىرخىل ئادەت بار. ئىشلەمچىلەرگە ئىش كۆتۈرەلمەيدىغان باي ئىشلەمچىلەر بىلەن ئىش ھەققى كېلىشىمى تۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئىككى تەرەپنىڭ گۈمپىدارلىرىنى كۈچ سىنىشىشقا ئۈيۈشتۇرىدۇ. ئەگەر ئىشلەمچىلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چۈشكەن گۈمپىدار يەڭسە، ئىش ھەققى ئىشلەمچىلەرنىڭ دېگىنىچە بولىدۇ، ئەگەر باينىڭ گۈمپىدارى يەڭسە، باي

www.uyghurkitap.com

ئىشلەمچىلەرنى ناھايىتى تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەنلا ياللىۋېلىپ، ئىشقا سېلىۋېرىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بايلار ئۆز قورۇقلىرىدا گۈمپىدارلارنى بىكارغا باقىدۇ. بۇخىل ئۇسۇل بىزنىڭ يۇرتلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىكەن.

بىر يىلى ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىكى بىر تونۇشۇم مېنى ئېردەپ تاغ ئېچىگە كىرىپتۇ. مەن شۇ ۋاقىتلاردا تاغ ئېچىدىكى بىر خىلۋەت بۇتخانىدا گۈمپا ئۆگىنىپ، گۈمپىدا كامالەتكە يېتىپ، بوگۇن - ئەتە يۇرت ئېچىگە چۈشىمەنغۇ، دەپ تۇرغان مەزگىل ئىدى. ئۇ چاغ مېنىڭ يىگىرمە بەش ياشقا توشۇپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، ئۆگەنگەن گۈمپىلىرىمنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقىدىغان خىيالدا يۈرگەن ۋاقتىم ئىدى. مەن ئۇ تونۇشۇمغا ئەگىشىپ يۇرت ئېچىگە چۈشتۈم، ئىشلەمچىلەر تەرەپ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتىم - دە، «تۆمۈر ئالىقان گۈمپىسى» نى ئىشلىتىپ بىرلا ئۇرۇشتا باينىڭ گۈمپىدارىنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇم. باي نائىلاج ئىشلەمچىلەرنىڭ دېگەن ئىش ھەققى بويىچە ئىشنى كۆتۈرۈپ بەردى. كېيىن يىلغىچە يۇرت ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ - كىچىك مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ يۈرۈپ، داڭقىم ئوبدانلا چىقىپ قالدى. ئىشلەمچىلەر يەنە مېنى تەكلىپ قىلىپ، ھېلىقى باينىڭ يېڭىدىن تاپقان گۈمپىدارى بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىمنى ئۆتۈندى. مەنمۇ كەمبەغەلنىڭ بالىسى بولغاچقا ھەم يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغاچقا، كەمبەغەللەرگە ھېسداشلىق قىلاتتىم. مەيدانغا چۈشتۈم. بىرقانچە رەت ئېلىشقاندىن كېيىن، باينىڭ يېڭىدىن ياللاپ كەلگەن گۈمپىدارىنى «سەككىز سىگىر گۈمپىسى» نى ئىشلىتىپ، ئۈچەي - باغرىنى چۇۋۇۋەتتىم. ئىشلەمچىلەر يۇقىرى ھەق بەدىلىگە ئىشنى كۆتۈرە ئالغىنىغا خۇشال بولۇشتى......

لېكىن، ئىككىلا قېتىمدا زىيان تارتقان باي مېنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەك بولۇپ پىلان - تۇزاق قۇرۇپتۇ. بۇنى ئىشلەمچىلەردىن

بىرى ئۇقۇپ قىلىپ مېنى كۆۋەيگە (سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىنى دېمەكچى) چىقىپ بىر مەزگىل تۇرۇشۇمنى ئېيتتى. ئىشلەمچىلەر ئاز - ئازدىن پۇل يىغىش قىلىپ مېنى كېچىسى يولغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ قالدىم.

— سىزمۇ يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغانمۇ؟— سورىدى توختى.

— يېتىم بولغاندىمۇ قارا يېتىم -دە، بەش ياش چېغىمدا ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. مېنى بىرگە شىرەم تۇغقان كېلىدىغان بىر راھىب تاغقا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ شۇ يەردە بېقىپ چوڭ قىپتۇ. قارىسام سەنمۇ يېتىم يالىكەنسەن، «يېتىمنىڭ قاياشى يېتىم» دەپ، ساڭا بۇ ھۈنەرنى ئۆگىتىۋاتىمەن. ئەسلىي قائىدە بويىچە جانبازلىق گۇمپىسىنى ياتلارغا ئۆگەتمەيدۇ، خەيرىيەت، ساڭا بۇ ھۈنەرنى ئۆگەتكىنىم يېتىمغا قىلغان خەير - ساخاۋىتىم بولۇپ قالار.

توختى جانبازلىق مەشقىغە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، جاپانى جاپا دېمەي، ھۈنەرنى كېچە - كۈندۈز مەشىق قىلىۋەردى. دېگەندەكلا، توختى بىلەن چىڭ فامىلىلىك ئۇستا كەچمىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، ئىچكىرىدىن ئىككى بۇرادەر كېلىپ چىڭ ئۇستا بىلەن كۆرۈشۈپ يۈردى. دەرۋەقە، چىڭ ئۇستا ئۆز يۇرتىغا قايتماق بولۇپ قالدى. ئۇ توختىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— توختى، مەن يۇرتۇمغا قايتار بولۇپ قالدىم. ئەپسۇس، ساڭا ھۈنەرنى ئاخىرىغىچە ئۆگىتىپ قويالمىدىم. سەن غەيرەتلىك ھەم چىداملىق بالىكەنسەن، بەدەن - تۇرقۇڭمۇ جانبازلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە ماس كېلىدىكەن. ھۈنەرنى كامالەتكە يەتكۈزگىن. گۇچۇڭ ئۇستا جانبازلار بار يۇرتكەن، ئۇستا تۇتقاندا پەرزەنتلىك ئۇستىلارنى تاللىغىن، ئۇنداقلاردا بىرقانچە خىل بەلگە - ئالامەتلەر بولىدۇ: ئۇلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ. يول

ماڭغاندا بىر چىمدىم توپا ئايىغىنىڭ چەمىگە يېپىشىپ چىقىپ، چىچىلماستىن يەنە ئۆز ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ؛ كامالەتكە يەنىكە جانبازلارنىڭ ئالىقىنى يازدا سالقىن، قىشتا ئىسسىق بولىدۇ، بەش بارماق بىلەن بىگىز قول ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىدەك بىر مونەك بار بولىدۇ. سەن مۇشۇ بەلگە ئالامەتلەرگە زەن قويۇپ ئاندىن ئۇستا تۇتقىن، مەن يىپ جەنجاڭ[1] بىلەن كۆرۈشۈپ قويىدۇم. شۇ كىشىنى ئىزدەپ باقارسەن، — دېدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن چىڭ ئۇستا ئىككى بۇرادىرى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى. توختى مالاۋۇدىن رۇخسەت ئېلىپ، چىڭ ئۇستىنى يېرىم كۈنلۈك يولغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

توختى مەشىقنى ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇنىڭ لاۋما خۇرجا بىلەن پوتىلىشكەن ۋاقتى توشۇپ، ئۆيىگە قايتتى. توختى يىڭى ئۇستاز تېپىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئەتىسىلا يىپ جەنجاڭنىڭ ئۆيىگە باردى.

[1] يىپ جەنجاڭ — يىپ كىگىزچى يەنى كىگىزچى يىپ ئۇستا، خەنزۇ، گوچۇڭدا ئۆتكەن داڭلىق جانبازلاردىن بىرى — ئا.

ئۈچىنچى بار

# كىشىلەر ئىشكىدە

يىپ جەنجاڭنىڭ ئۆيى شىلەيشياڭ تەرەپتە بولۇپ، ھويلا دەرۋازىسى تۆمۈر ھالقىلىق قوشقووۋۇق ئىدى. ھويلا تاملىرى كۆك خىش بىلەن ئېگىز قوپۇرۇلغانىدى. دەرۋازىغا چىقىدىغان پەلەمپەيدە ئاق تۇگمىچىلىك قارا پىنجەك، پۇچقىقى كەڭ قارا ئىشتان كىيگەن ئىككى يىگىت قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ تىك تۇراتتى. توختى دەرۋازىنىڭ بىرىنچى پەلەمپىيىدە تۇرۇپ، سول مۇشتۇمىنى ئوڭ ئالقىنى بىلەن قاپلاپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يىگىتلەرگە خەنزۇچە سالام بەردى:

— ياخشىمۇ سىلەر ئاكىلار، مەن يىپ ئۇستامنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم.

دەرۋازا بېقىۋاتقان ئىككى يىگىت خەنزۇچە سالام بېرىشنى بىلگەن بۇ ئۇيغۇر بالىسىغا قارىدى ۋە پەرۋاسىز:

— يىپ ئۇستام ئۆيدە يوق، سىرتقا چىقىپ كەتكەن، — دېدى يىگىتلەردىن بىرى.

— مەن چىڭ ئۇستامنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىپ ئۇستىنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، مېنى يىپ ئۇستا بىلەن كۆرۈشتۈرگەن بولساڭلار؟ — توختى خەنزۇچىغا خېلى ئۇستا ئىدى.

— يوق دېدۇققۇ، يېشىڭ كىچىك تۇرىدۇ قارىسا، چوڭلارنىڭ

كېيىنگە ئىشەنمەيدىكەنسىنا؟ — دەرۋازا باققۇچى يىگىتلەردىن يەنە بىرى شۇنداق دېدى. دە، قاپقىنى تۇرگەن پېتى تۇرۇۋەردى.

توختى بۇ ئىككى يىگىتكە ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى پەملەپ، كوچا بويىدىكى تېرەكنىڭ يېنىدا دەرۋازىغا قاراپ تۇرۇۋەردى. گۈگۈم چۈشتى، ھويلىدىن بىر توپ ئۆسمۈر بالىلار چۇرقىراشقىنىچە چىقىپ يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. دەرۋازا باققۇچى ھېلىقى ئىككى يىگىت ھويلا ئىچىگە كىرىپ دەرۋازىنى ھەم ئەتتى. توختى ئامالسىز قايتتى.

ئەتىسى توختى سەھەردىلا كەلدى. بىرھازادىن كېيىن ئاخشام دەرۋازىدىن چۇرقىرىشىپ چىققان بالىلار ئۆيلىرىدىن بىرلەپ - ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىدى. دەرۋازا باققۇچى ھېلىقى ئىككى يىگىت يەنە ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشاتتى. توختى ئۇلارغا يەنە ئاۋۋالقى كۈندىكىدەك سالام بېرىپ، كېلىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى. دەرۋازا باققۇچى يىگىتلەر ئالدىنقى كۈندىكى جاۋابنى بېرىپلا يەنە پەرۋاسىز تۇرۇۋەردى.

توختى كەچكىچە ساقلىدى، قورسىقى ئاچسا پوتىسىغا تۈگۈپ كەلگەن نېنىنى يېدى. كەچكىچە سىرتتىن ئىككى - ئۈچ ئادەم كېلىپ ئوخشاشلا دەرۋازىدىن ياندى. توختى شۇندىلا يىپ ئۇستىنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىغا ئىشەندى. ئۇ كەچكىچە يەنە شۇ تېرەك تۈۋىدە تۇردى. گۈگۈم چۈشكەندە بالىلار يەنە چۇرقىرىشىپ چىقىشىپ، ئۆيلىرىگە قايتىشتى. توختىمۇ ئۆيىگە ياندى.

تۆتىنچى كۈنى توختى يەنە سەھەردىلا كەلدى. ئىككى دەرۋازىۋەن يىگىت بالىلارنى ھويلىغا كىرگۈزۈپ بولۇپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇشتى. توختى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەلەمپەي يېنىغا كەلدى. ئۇ دەرۋازىۋەن يىگىتلەرگە سالام بېرىشنىڭ ئورنىغا يانچۇقىدىن بەشتىن قىلىپ ئىككى قېتىمدا ئون دانە پىششىق

تۇخۇمنى چىقاردى - دە، دەرۋازا باققۇچى ئىككى يىگىتكە گەپ - سۆزسىز تەڭلىدى. دەرۋازىۋەن يىگىتلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ تۇخۇمنى ئالدى ۋە توختىغا قاراپ:

— سەن تېرەك تۈۋىدە ئازراق ساقلاپ تۇر، — دېدى - دە، تۇخۇمنى سويۇپ يېيىشكە باشلىدى. توختى بۇ تۇخۇملارنى ئانىسىغا دەپ، سىڭلىسىنىڭ رىزقىدىن قىسىپ ئېلىپ پىشۇرۇپ كەلگەنىدى. دەرۋازىۋەن يىگىتلەر تۇخۇمنى ئىتتىك - ئىتتىك يېگەچكىمىكىن، تۇخۇم مەيدىسىدە تۇرۇپ قېلىپ، بىرنەچچە قېتىم «ھېق، ھېق» قىلىشتى ۋە مەيدىلىرىنى سىلاشتۇرۇپ، تۇمشۇقلىرىنى ئېرتىشتۇرۇپ، ھېچنېمە كۆرمىگەن قىياپەتتە تۇرۇشتى. ئارىدىن سەل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرۋازىۋەن يىگىتلەردىن بىرى ئىچكىرىگە كىردى - دە، ھايال بولمايلا يېنىپ چىقىپ، توختىغا قولى بىلەن «ما يەرگە كەل!» دەپ ئىشارەت قىلدى ھەم توختىنى ھويلىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

ھويلىدا ئوتتۇز - قىرىقچە ئۆسمۈر بالا گۇمپا مەشىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى يىگىتلىك قۇرامىدا، كىچىكلىرى توختى بىلەن دېمەتلىكتەك قىلاتتى. كەڭرى ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە بىرقانچە بالا بىر - بىرى بىلەن رەتۋازلىق[1] قىلىشماقتا، يەنە بىر تەرەپتە كالتەكۋازلىق قىلىۋاتقانلار، قوم خالتىغا مۇشتلاۋاتقانلار، پۇتىغا قوم خالتا تېڭىپ ئورەكتىن سەكرەپ، يەڭگىللىك مەشقى قىلىۋاتقانلار ئۆز مەشقى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. خەلپەت بالا[2] توختىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى

[1] رەتۋازلىق — جانبازلىقتىكى مەشىق تەرتىپلىرىنىڭ بىر تۈرى. ئىككى شاگىرت بىرى يەنە بىرىنىڭ مۇشت - پەشۋاسىنى توسىدىغان ھەرىكەت.

[2] خەلپەت بالا — ئۇستىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە باللارنى مەشقلەندۈرىدىغان بالا — ئا.

باشلاپ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا ئىلىپ باردى. توختى يىپ ئۇستىغا ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئىگىلىپ سالام قىلدى. يىپ ئۇستا ئۆي ئىچىدە شىرەگە كونا بىر كىتابنى يېيىپ قويۇپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ توختى بىلەن خەلپەت بالىنىڭ كىرگىنىنى بىلىپ كىتابنى يېپىپ ۋە توختىغا قاراپ:

— مېنى نېمىش بىلەن ئىزدەپ كەلدىڭ؟ — يىپ ئۇستا توختىدىن سورىدى.

— چىك ئۇستام سىزنى ئىزدەشنى ئېيتقانىدى، — دېدى توختى يىپ ئۇستىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ.

يىپ ئۇستا يەتمىش ياشتىن ئاشقان، چاچ، قاش، ساقال ـ بۇرۇتلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، ئوتتۇرا بوي، كۆزلىرى چوڭقۇر، بۇرنى پاناقراق، ئاق سېرىق چىراي، مۈرىلىرى كەڭ، قول ـ پۇتلىرى ئۇزۇن، مىقتا بەدەن، ئادەمنىڭ ئىچ ـ باغرىنى تېشىۋېتىدىغاندەك قارايدىغان، سۈرلۈك ئادەم ئىدى.

— چىك ئۇستا ساڭا ھۈنەر ئۆگەتكەنمىدى؟

— ئازراق ئۆگەتكەنىدى، سىزنى ئۇستاز تۇتۇپ، داۋاملىق ئۆگىنىشىمنى ئېيتقان.

يىپ ئۇستا ئۈنچىقمىدى، ئۇ توختىنىڭ بوي ـ تۇرقىغا قارىدى: توختى خېلى بويلۇق ئىدى. ئۇ قاڭشارلىق، قارا كۆز، قاشلىرى قويۇق، بېجىرىم كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىغا بۆك، ئۈستىگە ئەستەرلىك چاپان، كۆك تېرىكە ئىشتان، پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، بېلىنى پوتا بىلەن چىك باغلىغانىدى.

— ھۈنەرنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىسەن؟

— بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى قوغداش ئۈچۈن، — توختى تۈرگۈنلۈك بىلەن جاۋاب بەردى. بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭغا چىك ئۇستا ئۆگىتىپ قويغانىدى.

يىپ ئۇستا توختىغا يەنە بىردەم قارىدى: توختىنىڭ

ۋۇجۇدىدىن چىدام - غەيرەت، كۆزىدىن قەيسەرلىك، تۇرقىدىن قورقۇمسىزلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. يىپ ئۇستىنىڭ نەزەرىدە توختى ھەقىقەتەن جانبازلىق ئۆگىنىشكە ماس كېلەتتى. چىڭ ئۇستىمۇ يىپ ئۇستا بىلەن كۆرۈشكەندە، بۇ بالىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن. چىڭ ئۇستا سىچۇەندىن يىپ جەنجاڭنى پاناھ تارتىپ چىققان. چۈنكى، سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق يىپ جەنجاڭ بىلەن چىڭ ئۇستا بىر ئۇستازدىن ساۋاق ئالغان بولۇپ چىقتى. يىپ جەنجاڭ بۇنىڭدىن ئەللىك يىل ئىلگىرى گۇاڭجۇغا كەلگەن. ئۇ كىگىزچىلىك ھۈنىرىنىڭ مۇشۇنداق چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يىراق يوللارنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. چىڭ ئۇستاز سىچۇەندىن ماڭاردا، ئۆزى گۇمپا ئۆگەنگەن توقسان ياشتىن ئاشقان ئۇستازى بىلەن خوشلاشقاندا، ئۇستازى ئۇنىڭغا: «سەن كۇۋەيگە چىقار بولساڭ، گۇاڭجۇڭ دېگەن يۇرتتا مېنىڭ چوڭ شاگىرتىم يىپ زېڭ خاۋنى ئىزدە، يەرلىك كىشىلەر ئۇنىڭ ھۈنىرىنى ئىسمىغا قوشۇپ، يىپ جەنجاڭ دەيدىكەن. بىرەر ئىشىنىڭ پېشىنى تۇتقۇچە شۇ يەردە پاناھلىنىپ تۇرارسەن» دەپ، ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە خەت يېزىپ بەرگەنىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن چىڭ ئۇستا توختىنى يىپ جەنجاڭغا ھاۋالە قىلغان. لېكىن، دەسلەپتە يىپ جەنجاڭ توختىغا گۇمپا ئۆگىتىشكە ئۇنىمىغان. چۈنكى، قائىدە بويىچە، گۇمپىدارلار ئۆز گۇمپىسىنى ئۆز پۇشتىدىن بولغان قىز بالىسىغا ھەم يات ئادەمگە ئۆگەتمەيتتى. ئەمما، چىڭ ئۇستىنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈپ: «ساۋابلىق ئىش قىلىپ قويۇڭ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ھۈنىرى چېگرا تەرەپلەردىكى ۋەتەنداشلار ئارىسىدىمۇ يىلتىز تارتىپ قالسا، سىز بىلەن بىزنىڭ نامىمىز تارىخلارغا پۈتۈلسە ئەجەب ئەمەس» دەپ قايتا - قايتا ئېيتقاندىن كېيىنلا، يىپ ئۇستا ئاندىن خالار - خالىماس باش

www.uyghurkitap.com

لىڭشىتقانىدى.

— بوپتۇ، سېنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلاي، — يې ئۇستا بۇ سۆزلەرنى ئاغزىدىن خۇددى چىشىنى يۇلۇپ چىقارغاندەك تەستە ئېيتتى.

— ئۇستازىمغا رەھمەت! — توختى شۇ ھامان يې جەنجاڭنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. يې ئۇستا خەلپەت بالىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، خەلپەت بالا توختىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، توختى بىلەن تەڭ بويلۇق بالىلارنىڭ كەينىگە تىزىپ، ئات مىنىش شەكلىدە تۇرۇشنى مەشىق قىلىشنى تاپىلىدى.

توختى شۇ كۈندىن باشلاپ يې جەنجاڭغا شاگىرت بولۇپ قالدى.

× × ×

توختى خەلپەت بالىنىڭ ھەر كۈنلۈك مەشىققە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شاگىرت بالىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇرۇپ مەشىققە كىرىشتى. ئۇ ئات مىنىشتە تۇرۇش، پەي سوزۇش قاتارلىق دەسلەپكى باسقۇچلۇق مەشىقلەرنى ئەسلا بەگنىڭ يېنىدا تۇرغاندا، چىڭ ئۇستازىنىڭ ئۆگىتىشىدە ئاللىقاچان ئۆگىنىپ بولغان بولسىمۇ، يې جەنجاڭنى ئۇستاز تۇتقاندىن كېيىن گەپ - سۆز قىلماستىن، خەلپەت بالىنىڭ گېپىدىن چىقماي، باشتىن ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇ باشقا بالىلاردىن ئەتىگەنرەك كېلىپ كەچرەك قايتتى. يې ئۇستازىنىڭ ھويلىسىدىكى ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى تالىشىپ قىلدى. ھويلىنى ئەتىگەندە بىر، كەچتە بىر نۆۋەت چوڭ سۈپۈرگە بىلەن سۈپۈرىدىغان ئىش ئىلگىرى نۆۋەت بىلەن قىلىناتتى. توختى كەلگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي توختىغىلا قالدى. لېكىن،

توختى ۋايسىماي تازىلاۋەردى. ئۇ مەشىقنىمۇ باللاردىن كۆپرەك داۋاملاشتۇردى. يې جەنجاڭ بۇ ئىشلارغا ئاستىرتىن دىققەت نەزىرىنى سېلىپ يۈردى.

بىر كۈنى ھەمساۋاق باللاردىن بەش - ئالتىسى بىر - ئىككى قېتىم بىر يەرگە غۇژمەكلىشىۋېلىپ كۇسۇر - كۇسۇر قىلىشىپ يۈردى. كەچقۇرۇندا باللار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. توختى ئادىتى بويىچە ھويلىنى پاكىزلاپ سۈپۈرۈۋېتىپ ئاندىن قايتتى. گۇگۇم ئارىلاش شىلەيشياڭنىڭ بىر - بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان كاھىشلىق ئۆيلەر بار كوچىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر دوقمۇشتا تۇساتتىن بىرنەچچە بالا توختىنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ باللار توختىنىڭ ھەمساۋاقلىرىدىن بولۇپ، كۈندۈزى بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپ كۇسۇرلاشقان باللار ئىدى.

— سەن ئىلگىرى ئۇستازىمىزنىڭ ھەمساۋاق ئىنىسى بولغان چىڭ ئۇستىدىن ئايرىمچە ھۈنەر ئۆگەنگەنسەن، قېنى ئەمدى شۇ ھۈنىرىڭنى بىزگە مۇشۇ يەردە كۆرسىتىپ باقمامسەن؟ — دېدى ئۇلارنىڭ چوڭراقى بولغان ۋاڭ تاۋ ئىسىملىك بالا.

توختى پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئەسلا بەگنىڭ يېنىدىكى چېغىدىلا قۇم خالتىدىن ئۈچنى ئوينايدىغان بولغان. ئەگەر بۇ ھەمساۋاقلىرى ئۇنىڭغا قول سالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلاردىن ئانچە قورقۇپمۇ كەتمەيتتى. توختى پەرۋاسىز:

— مەن چىڭ ئۇستىدىن ئەمدىلا پەي سوزۇشنى، ئات مىنىش شەكلىدە تۇرۇشنى ئۆگىنىپ تۇرۇشۇمغا، ئۇنىڭ ئىككى بۇرادىرى يۇرتىدىن كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتتى. داۋاملىق ئۆگىنەي دەپ يې ئۇستازىنىڭ يېنىغا كەلدىم شۇ، — دېدى.

— يالغان ئېيتما! ھەمساۋاقلىرىڭدىن سىر تۇتماقچى-مۇسەن؟! — يەنە بىر ھەمساۋاق بالا ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىسمى سۇخۇشارا بولۇپ، مانجۇ ئامبالنىڭ ئوغلى ئىدى.

— سەن يېتىمغا نېمە كەپتۇ جانبازلىق ئۆگىنىمەن دەپ، «توكۇر ئاتقا تۆمۈر تاقا، ئەسكى چاپانغا سۆسەر ياقا» دېگەندەك، جېنىڭنى باقساڭ بولمامدۇ؟

بۇ شىلەيشياڭدىكى جاڭ فامىلىلىك باينىڭ يالىسى جاڭ سەن، كۈندۈزى شۆتاڭدا ئوقۇپ، ئەتىسى - ئاخشىمى يېڭى ئۈستىدىن گۈمپا ئۆگىنىدىغان، گەپدان بالا ئىدى.

توختىغا ئۇنىڭ گېپى ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇدرۇققىنە قوللىرىنى مىدىرلاتتى. توختى مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگدى - يۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، جاڭ سەنگە ئالىيىپ قويدى.

— ھە توچى، كۆزۈڭنى ئالايتىسەنغۇ؟ — جاڭ سەن ئەزۋەيلەپ ئالدىغا چىقتى.

— بۇ يېتىمەكنى ئۇرايلى، شۇ چاغدا ئۇ ھۈنىرىنى ئىشلىتىدۇ، قېنى قانچىلىك ھۈنىرى باركىن بۇ شۇمتەكنىڭ، ئۇرۇڭلار! — ۋاڭ تاۋنىڭ شۇ گېپى بىلەن بەش - ئالتە ھەمساۋاق بالا توختىغا قول سالدى. توختى چەبدەسلىك بىلەن مۇشت - پەشۋالارنى توستى. مۇشت، تېپىك ئارقا - ئارقىدىن كەلدى. توختى بىرھازا ھەپىلەشتى. قانداقلا بولسۇن، كۆپنىڭ كۈچى كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزىگە بىرنەچچە قېتىم مۇشت تەگدى، سۆڭگەكلىرىگىمۇ تېپىكلەر ئۈستى - ئۈستىلەپ تەگدى. لېكىن، توختى يىقىلمىدى. بىرھازا ئۇرۇشقاندىن كېيىن ھەمساۋاق بالىلار يەرگە «چىرت - چىرت» تۈكۈرۈشۈپ كېتىپ قالدى. توختىمۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

— كەچ قالدىڭغۇ بالام؟ — ھاشىخان چىنچىراغنى يېقىپ، داستىخان سالدى - دە، چىنىدە ئۆگرە ئېلىپ كەلدى. توختى شۇ ئارىدا پىلتىڭلاپ مىڭىپ كەلگەن سىڭلىسى رايىمانخاننى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇنى بىردەم ئەركىلىتىپ ئويناتتى.

— ئاكاڭنىڭ قۇچىقىدىن چۈشە قىزىم، ئاكاڭ ئىشنى

ئېچىۋالسۇن، ــ ھاشىخاننىڭ گېپى بىلەن رايىمانخان ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا كېلىپ ئولتۇردى.

توختى ئاشنى تازا كۆڭلى تارتمىغان ھالدا ئىچىپ، ئازراق ئاشۇرۇپ قويدى.

ــ ھېرىپ قالغان ئوخشىمامسەن يالام؟ ــ دېدى ھاشىخان توختىنىڭ ھارغىن ھالىتىگە قاراپ، ــ بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن بارامسەنيا؟

ــ ياق ئانا، ھارمىدىم، بۈگۈن مەشىقنى ئېغىرراق قىلىۋەتكەن ئوخشايمەن.

ــ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، بالام.

ــ بولىدۇ ئانا، ــ توختى ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ھەمساۋاقلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنى تىلغا ئالمىدى.

توختى ئورۇنغا كىرىپلا ئۇخلاپ كەتتى. ھاشىخان رايىمانخاننى ئۇخلىتىپ بولۇپ، جىنچىراقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ توختىنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. توختىنىڭ يۈزىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدە ئىششىق بار ئىدى. ئانىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. «گۇمپا ئۆگەنمەك شۇنچە مۇشكۇل ئىشمىدۇ؟ ھەمساۋاقلار بىر - بىرىنى ئۇرۇپ مەشىق قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ھاشىخان. ئۇ توختىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سىلىغۇسى كەلدى. بىراق، ئەتىدىن كەچكىچە كىر - قات يۇيۇپ، نان يېقىپ يېرىكلىشىپ كەتكەن قولى بىلەن تۇتسا توختى ئويغىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھاشىخان پەيلىدىن ياندى. ئۇ كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ، قىزى رايىمانخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى.

توختى ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرۇپ باشقا ھەمساۋاقلىرىدىن بالدۇر كېلىپ ھويلىنى سۈپۈردى. يې ئۇستاز بالىلارنى ئۆز ئادىتى بويىچە سەھەردە بىر نۆۋەت نەزەردىن ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇلارنىڭ

مەشىق ئەھۋالىنى ئاستىرتىن كۆزىتىپ قوياتتى. ئۇ توختىنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىكى ئىشىشقنى كۆردى - يۇ، ئۇنىڭدىن گەپ - سۆز سورىمىدى. ئۇ يوغان پەنجىرىلىك ئۆيگە كىرىپ، قېلىن قەغەز يەملەنگەن كۆزنەكتىن بىگىز قولى بىلەن تۆشۈكچە ئېچىپ، بالىلارنىڭ مەشىق ئەھۋالىنى كۆزەتتى. ۋاڭ تاۋ، جاڭ سەنلەر مەشىق ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشلاردا پات - پاتلا توختىنى ئىشارەتلەپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۇسۇرلىشىپ، كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىش چۈشتىن كېيىنمۇ تەكرارلاندى.

كەچقۇرۇن يې ئۇستاز خەلپەت بالىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— شاۋسۇڭ، توختى ھويلىنى سۈپۈرۈپ بولۇپ ئۆيگە قايتقاندا، سەن تۇيدۇرماستىن كەينىگە كىرىپ، شىلەيشياڭ مەھەللىسىدىن چىققىچە كەتكۈچە كۆزەتكىن، بىرنەچچە كۈن شۇنداق قىلغىن، — دېدى.

— خوپ، ئۇستاز، — دېدى خەلپەت بالا. خەلپەت بالىنىڭ ئىسمى سۇن چاڭۋۇ بولۇپ، ساۋاق بېرىلىۋاتقان بالىلاردىن يېشى چوڭراق، گۇمپىدىمۇ ئۇلاردىن ئىككى يىل ئىلگىرى ئىدى. ئۇ ئاق كۆڭۈل، راستچىل، توغرا سۆزلۈك بالا بولغاچقا، يې ئۇستاز ئۇنى خەلپەت قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. سۇن چاڭۋۇ يې ئۇستازنىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ گۇمپا ئۆگىنىدىغان يىگىت ئىدى.

سۇن چاڭۋۇ توختىنىڭ كەينىگە كىرگەن ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، ۋاڭ تاۋ باشلىق ھېلىقى ئالتە - يەتتە بالا يەنە ھېلىقى دوقمۇشتا توختىنىڭ ئالدىنى توستى. جاڭ سەن توختىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ:

— ھەي يالاڭتۆش، گۇمپا ئۆگىنىش دېگەن بىزدەك باي بالىلىرىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. سەن بۇ يەردىن كېتىپ، نان يېقىشنى ئۆگىنەمسەن ياكى قاسساپلىقنى ئۆگىنەمسەن، ئىشقىلىپ، ئۆزۈڭگە يارىشا بىر ئىش قىل، يېنىڭدا بىر پۇلى يوق، تۆگىنىڭ

چىشىنى ساناپتۇ دېگەنىدەك، مۇنداق كاتتا ھۈنەر ساڭا ياراشمايدۇ،— دېدى چالۋاقاپ.

— مېنى يې ئۇستاز شاگىرتلىققا ئالدى، شۇ ئادەم كەت دېسە كېتىمەن، — دېدى توختى تەمتىرىمەستىن.

— بىرگە گەپ ياندۇرۇۋاتىدىغۇ بۇ يالاڭتۆش، — جاڭ سەن ئېتىلىپ كېلىپ مۇشت ئاتتى. توختى ئۇ مۇشتنى ئۆزىگە تەگكۈزمىدى. ئارقىدىن سوخۇشارا، ۋاڭ تاۋ ۋە باشقىلارمۇ توختىغا يوپۇرۇلدى. توختى ئۇلارنىڭ مۇشت - پەشۋالىرىنى توسۇپلا، قەتئىي ياندۇرۇپ مۇشت - پەشۋا ئاتمىدى. بىرھازادىن كېيىن ھەمساۋاق باللار يەرگە «چىرت - چىرت» تۈكۈرۈشۈپ، ئۆز يوللىرىغا كېتىشتى. سۇن چاڭۋۇ بۇ ئىشنى شۇ ئاخشىملا ئۇستازىغا ئەينەن يەتكۈزدى.

يې ئۇستازنىڭ كېلىپ چىقىشىمۇ كەمبەغەل ئائىلىدىن ئىدى. ئۇ كىچىكىدە ھەم كىگىزچىلىكنى، ھەم جانبازلىقنى ئۆگەنگەن. گۇچۇڭغا يەرلەشكەندىن كېيىن خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق دېمەي ھەممىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، يەرلىكلەردىن يۇڭ سېتىۋېلىپ، كىگىز پېشۇرۇپ سېتىپ تىرىكچىلىك قىلغان ئاق كۆڭۈل، راستچىل، ئادىل ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پولۇسىنى يېگەن، قازاق ئۆيلىرىدە قېزا ھەم نارىنلارغا ئېغىز تەگكەن. تۇرمۇشتىكى ئاددىي سۆزلەردىن بىرقانچە سۆزنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە سۆزلەشكە چامى يېتەتتى. ئۇ ئۇيغۇر، قازاق خەلقلىرىنىڭ مېھماندوست، مەردانە مىجەزىدىن سۆيۈنگەن، يات قوۋمدىكىلەرنى ئانچە يەكلەپ كەتمەيدىغانلىقىنى، كەڭ قورساقلىقىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

يې ئۇستاز بىر كۈنى شاگىرتلىرىنى يىغىپ تەلىم بەردى:

— ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، جانبازلىقنى ئۆگەنگۈچى مەرد - مەردانە بولۇشى، باشقىلارغا بىھۇدە چېقىلماسلىقى كېرەك،

ئەخلاق - پەزىلەتلىك بولۇپ، يېقىنلىرىغا، ھەمساۋاقلىرىغا كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇشى كېرەك. بىر ئەلدە ياشىغان ئادەملەر ۋەتەنداش ھېسابلىنىدۇ. ۋەتەنداش دېمەك قېرىنداش دېمەكتۇر. قېرىنداشلار بىر - بىرىگە ھەمسال بولۇشى كېرەك. ئىسكىلاردا بولسۇنكى، بىرەر ھۆنەر مەيلى ئۇ قايسى تائىپە كىشىلىرى تەرىپىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسۇن، ئۇنىڭدىن ئىنسانلار تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ. بۇتسادۋالىق يولىدا ھەممە جانلىق بۇدداھقا يەنى بۇددالىق مەقامىغا يېتەلەيدۇ، دېيىلگەن. دېمەك، ھۆنەر ئۆگىنىشمۇ شۇنداق......

يې ئۇستازنىڭ بۇ تەلىمىنى ۋاڭ تاۋ، جاڭ سەن قاتارلىقلار «توختى بىزنى ئۇستازغا چېقىشتۇرۇپتۇ، بولمىسا ئۇستاز مۇنداق گەپلەر بىلەن تەلىم بەرمەيتتى» دەپ چۈشىنىپ، ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار كەچقۇرۇندا توختىنى يەنە ھېلىقى دوقمۇشتا توسۇپ، ئۇنى ئوبدانلا ئۇچۇقدىۋېلىشتى. توختى قول ياندۇرمىدى. سۇن چاڭۋۇ بۇ ئىشلارنى ئۇستازىغا ئەينەن يەتكۈزدى.

يې ئۇستاز توختىنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىۋىدى، توختى ھەمساۋاقلىرى بىلەن بولغان ئىشنى ئۇستازىغا ھەرگىزمۇ تىنمىدى. ئۇ كۆلۈپلا تۇرۇۋالدى. پەقەت «يۈز - كۆزۈمدىكى كۆكلەر مەشىقنى ئازا ئوبدان قىلالمىغانلىقىمدىن تېگىپ كەتكەن مۇشت، كالتەكنىڭ ئىزى» دەپلا تۇرۇۋالدى. يې ئۇستاز ئارتۇقچە قىستاپ سورىمىدى. لېكىن، ئۇ توختىنىڭ مەردانىلىكىگە، كەڭ قورساقلىقىغا، ئوغۇل باللارغا خاس توختاملىق - سالماق مىجەزىگە ھېرىسمەنلىكى قوزغالدى -دە، بارا - بارا بۇ يېتىم ئوغۇلغا مېھرى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا باشقىلاردىن ئايرىمچە ساۋاق بېرىشكە باشلىدى ھەم ھەمساۋاقلىرى ئەگەر ئەمدى ئالدىنى توسسا، ئۇلارنى ئوبدانلا ئەدەپلەپ قويۇشنىمۇ تاپىلىدى. چۈنكى، شاگىرتلار ئارا ھامان يۇقىرى - تۆۋەنلىك سىنىلاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يــې ئۇســتازنىڭ توختىــدەك بىــر يــات تائىپىــدىن بولغــان يىتىمەككە ئايرىمچە ھۆنەر ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغان ۋاڭ تـاۋ، سۇخۇشارا، جاڭ سەنلەر بۇ ئىشتى يەنە توختىدىن كۆرۈپ «بۇ يالاڭـ ـتۆش ئۇستازنىڭ كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالدى» دەپ ھەسەت قىلىشتى ۋە يەنە كونا ئادىتى بويىچە شىلەيشياڭ مەھەللىسىنىڭ ھىلىقى دوقمۇشىدا توختىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىڭغا قول سېلىشتى. توختى دەسلەپتە رەتۋازلىق ئۇسۇلىدا ئۇلارنىڭ مۇشت ـ تېپىكلىرىنى توسۇپ باقتى. لېكىن، ۋاڭ تاۋلار بارغانچە ئەدەپ كەتتى. توختى ئەمدى رەسمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئـۇ ئالـدى بىـلەن ۋاڭ تـاۋ ۋە جاڭسەننى ئـۇرۇپ يىقىتتى، ئاندىن قالغان تۆتەيلەنـدىن ئىككىـسىنى يانپاشقا ئېلىـپ يەرگە شۇنداق ئۇرۇۋىدى، ئـۇلار ئورنۇنلىرىـدىن تۇرالمىـدى. قالغـان ئىككىسىمۇ توختىنىڭ پەشۋاسىدىن چەتتە قالالمىدى.

ئەتىسى يې ئۇستا ۋاڭ تاۋ بىلەن جاڭسەننىڭ مەشىققە كېچىـ ـكىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۇلار بىلەن دائىم كۇسۇرلىشىپ يۈرىـ ـدىغان ھىلىقى ھەمساۋاقلارنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىدە كۆكەرگەن، ئىشـ ـشىغان جايلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. دېمەك، ئۆزىنىڭ توختىغا ئايرىمچە تەلىم بەرگىنىنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەنىدى.

شـۇ تەرزدىكـى تويۇقـسىز ئېلىشىـشلار ھەر دائىـم كۆرۈلـۈپ تـۇردى. بۇنـداق بولغانلىقـدىن تـوختى ۋايىـم يېمىـدى. راسـتىنى ئېيتقاندا، بۇنـداق ئېلىشىـشلار توختىنىـڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشـتە پايدىلىق ئىدى. بـارا ـ بـارا تـوختى ھەمساۋاقلىرىدىن سەككىز ـ ئونى كەلسىمۇ ئۇلارغا بوزەك بولمايدىغان بولدى. بۇ خـۇددى «يـۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە» دېگەندەك ئىش ئىدى.

× × ×

توختى يې ئۇستازنىڭ يېنىدا ئون ئـالتە ياشقىچە تـۇردى. ئـۇ

كۆندۈزلىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىش تېپىپ قىلدى، ھەم سۈننەت توي، بۆشۈك توي دېگەندەك كىچىكرەك مەرىكىلەردە پولۇ ئېتىپ يۈردى. بارا ـ بارا نىكاھ تويلاردا، نورۇز سەيلىلىرىدىمۇ پولۇ ئېتىدىغان بولدى. كىشىلەر مەمەت ئۇستىنىڭ پولۇ تەمىنى توختىنىڭ قولىدىن تېتىدى. توختى ئۆيگە ئاز ـ تولا تاپاۋەت تېپىپ تۇرغاندىن باشقا، يېڭى ئۇستىنىڭكىگە بېرىپ تەلىم ئېلىپ تۇرۇشنى توختاتمىدى.

بىر كۈنى چوڭ مەسچىت ئەتراپىدىكى مەھەللىدە بىر توي بولدى. توختى ئىككى چوڭ قازاندا پولۇنى راسا ئۇخشىتىپ ئەتتى. تويغا كەلگەن مېھمانلارغا پولۇ ئاجايىپ مەززىلىك تېتىپ كەتتى. بولۇپمۇ سەمەتھاجى، دىڭ ئاخۇن دېگەندەك مۆتىۋەرلەرگە بۇ قېتىمقى پولۇ بەكلا تېتىپ قالدى. داستىخان يىغىلغاندا، سەمەتھاجى ئاتايىن قازان بېشىغا باردى، ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدا دىڭ ئاخۇنمۇ بار ئىدى.

— بۇ پولۇنى كىم ئەتتى؟ — سورىدى سەمەتھاجى قولىدا كەپكۈر تۇتۇپ تۇرغان توختىدىن.

— مەن ئەتتىم تەقسىر، پولۇنىڭ تەمىدە بىرەر ئېۋەن كۆرۈلدىمۇ؟ — توختى ئەندىشە قىلغاندەك سورىدى.

— يوغسۇ، بىزلەر ئىلگىرى مەمەت ئۇستىنىڭ قولىدىن مۇشۇنداق ئوخشىغان پولۇنى يەيتتۇق. ئۇ ئادەم يۇرتىغا كېتىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنداق پولۇنى يېمىگەنىدۇق، بۈگۈن شۇ ئىلگىرىكى تەمنى تېتىدۇق، شۇڭا دەيمىنا؟

— مەن پولۇ ئېتىشنى ئەنە شۇ مەمەت ئۇستامدىن ئۆگەنگەن.

— ھە، مۇنداق دە، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن يىگىت؟

— مەن گۆھەردىن تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى توختى بولىمەن.

— ھوي، توختىغىنا، — سەمەتھاجى توختىغا سىنچىلاپ قارىدى. توختى بويىغا يەتكەن يىگىتلەردەك، ئېگىز بوي تارتقان،

بەدەنلىرى بېجىرىم، بۇرۇتى خەت تارتقان، مېھرى ئىسسىق بىر يىگىت بولغانىدى،ــ سەن ھېلىقى گۆھەردىن ئۈستىنىڭ يالغۇز ئوغلى توختىما؟

ــ مەن شۇ، ــ دېدى توختى. توختىمۇ بۇ مۆتىۋەر زاتنى تونۇيتتى.

سەمەتھاجى توختىغا يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ــ پولۇنى ناھايىتى ئوخشىتىپ ئېتىپسەن، بۇنىڭغا بارىكاللا، ئەمدى سەندىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي يىگىت، نامازدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

ــ ئەتىگەندە بامداتنى ئۆتەۋاتىمەن، ــ توختى راستىنى ئېيتتى.

سەمەتھاجى بىر دەقىقە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

ــ توختى ئوغلۇم، ساڭا بىر گەپنى ئېيتاي، ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىن. مۇسۇلمانلاردا «مىڭ يىل ياشايدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئوغۇل بالا ئون ئىككى ياشقا كىرگەندىلا ناماز ئوقۇش پەرز بولىدۇ. سەن ھازىر قانچە ياشقا كىردىڭ؟

ــ ئون ئالتە ياشقا كىردىم.

ــ ئەمدى ساڭا بەش ۋاق ناماز پەرز ئوغلۇم، نامازنى تەرك قىلما، ئاتاڭ رەھمەتلىك تەقۋادار ئادەم ئىدى،ــ دېدى سەمەتھاجى سۆزنى تۈگىتىپ.

توختى ماقۇللۇقىنى بىلدۈرۈپ جىم تۇردى. دىلىڭ ئاخۇن ئېغىز ئاچتى:

ــ بىز سېنىڭ سۈننەت تويۇڭغا قاتناشقان، شۇنداققۇ سەمەتھاجىم ؟ــ دىلىڭ ئاخۇنمۇ توختىغا قارىدى، ــ چوپ - چوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەن توختى. ئۇھوي، بۇ كۈنلەر نېمە دېگەن تېز ئۆتىكەن - ھە؟

ــ شۇنداق، دىلىڭ ئاخۇن، تۈنۈگۈنكى باللار مانا چوپ -

چوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — سەمەتهاجى دىلىڭ ئاخۇننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى.

توختى بۇ مۆتىۋەرلەرگە ئەدەپ بىلەن قاراپ تۇردى. بۇ مۆتىۋەرلەر شۇنچە سالاپەتلىك، يۈز - چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. توختىنىڭ كۆڭلىدىن ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستا كەچتى. ناۋادا گۆھەردىن ئۇستا هايات بولغان بولسا، مۇشۇ ئادەملەردەك يۇرتنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ قالاتتى...... توختى شۇ ئويدا تۇرغىنىدا، دىلىڭ ئاخۇن ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— توختى، بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتامسەن - قانداق؟

— هازىرچە بىرەر مۇقىم ئىش بىلەن شۇغۇللانمىدىم، ئۇ يەر بۇ يەردە پارچە - پۇرات ئىشلارنى قىلىپ يۈرىمەن. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا پولۇ ئېتىپمۇ قويىمەن.

— ئەتە بىزنىڭ ئۆيگە بارغىن، سەن بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىش بار، — دىدى دىلىڭ ئاخۇن توختىنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا سەمەتهاجىلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتتى.

دىلىڭ ئاخۇننىڭ قورۇسى شىلەيشياڭغا ئۆتىدىغان يول ئۈستىدە ئىدى. توختى ئۇ قورۇنى ئانچە قىينالمايلا تاپتى. دىلىڭ ئاخۇن ئۇنى قورۇسىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. كەگىرى كەتكەن قورۇنىڭ بىر تەرىپىدە بىرمۇنچە شاگىرت باللار خۇددى يېپ ئۇستازىنىڭ هويلىسىدىكى شاگىرت باللارغا ئوخشاشلا گويا مەشىق قىلىۋاتاتتى. بىر تەرەپتە قىلىچۋازلىق، كالتەكۋازلىق قىلىۋاتقانلار، بىر تەرەپتە قاتار تىكىلگەن تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ يۈرۈپ رەتۋازلىق قىلىۋاتقانلار، ئېغىر نەرسىلەرنى كۆتۈرۈۋاتقانلار «ها - ها - ها - ها!» دەپ تۈۋلاپ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ مەشىق قىلىشىۋاتاتتى. توختى بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ دىلىڭ ئاخۇننىڭمۇ ئۇستا جانباز ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توختى دىلى ئاخۇنغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى. دىلى ئاخۇن گەپنى ئەگىتىپ تۇرمايلا:

— توختى، سەن ئەتكەن پولۇ ماڭا ھەقىقەتەن تېتىدى. مەن لىنخۇاجەنزىدىن بىر ئاشپۇزۇل ئاچقانىدىم. ھازىر ئۇ دۇكاننىڭ يېنىدىكى چوڭراق ئۆيىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋالدىم. شۇ ئورۇندا پولۇخانا ئاچساممىكىن دەپ تۇراتتىم. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ، سەن شۇ پولۇخانىدا پولۇ ئەتسەڭ، ئىش ھەققىڭنى سەن رازى بولغۇدەك بەرسەم، قانداق دەيسەن؟— دېدى.

— بولىدۇ،— دېدى توختى ئىككىلەنمەي تۇرمايلا، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىگە پۈككىنى بار ئىدى.

توختى دىلى ئاخۇننىڭ لىنخۇاجەنزىدىن ئاچقان پولۇخانىسىدا پولۇپەزلىك قىلىشقا باشلىدى.

ئۈچ ئاي ئۆتتى، توختىنىڭ پولۇسى داڭ چىقاردى، ئادەتتىكى كۈنلەردىمۇ بىر - ئىككى ئاش پىشىم ساقلىماي، ئاشپۇزۇلدىن ئورۇن ئېلىش مۇمكىن بولمايتتى. دىلى ئاخۇننىڭ يۇ پولۇخانىسىنىڭ داڭقى بېرىسى جىمسار، نېرىسى مورىغچە، ئۈيغۇر، قازاقتىن تارتىپ، خۇيزۇ، خەنزۇ، مانجۇغىچە بېرىپ يەتتى. پۇل دىلى ئاخۇننىڭ غەللىسىگە سۇدەك ئاقتى. بۇنىڭدىن دىلى ئاخۇن ناھايىتى خۇشال بولدى.

بىر كۈنى توختى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلاپ يۈرگىنىنى دىلى ئاخۇنغا ئېيتتى. دىلى ئاخۇن«تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» دا يېتىلگەن جانباز ئىدى. دىلى ئاخۇن توختىنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىق نىيىتىدە، توختىغا ھۈنەر ئۆگىتىشكە ماقۇل بولدى. توختى بىر پەيتنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكى ئېغىر يۈكنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، يې ئۇستازىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇ يەردىن خوشلىشىپ، دىلى ئاخۇنغا شاگىرتلىققا كىردى. بۇ يەردە بەش ۋاق نامازغا ئىمكان تېپىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

× × ×

دىڭ ئاخۇن بىر جۈمە كۈنى توختىنى ئەگەشتۈرۈپ جەنزۇ تېۋىپلارنىڭ دورىخانىسىغا باردى. ئۇ يەردىن يەتتە خىل چۆپچىن دورىدىن ئىككى نۇسخا ئالدى. ئاندىن بۇغداي، قوناق، ماش ـ پۇرچاق ساتىدىغان دۇكاندىن ئازراق ماش، بۇغداي ئۇنى كېپىكى ئالدى. بازارنىڭ چېتىدىن دۇكان ئاچقان تۆمۈرچىلەر دۇكىنىدىن قىزىق تۆمۈرنى سوققاندا چاچرىغان شارسىمان تۆمۈر چاچراندىلىرىدىن ئىككى ئوچۇمچە تېرىپ، يەنە قايتىپ لىخۇا جەنزە رەستىسىگە كەلدى. رەخت دۇكىنىدىن ئوروس يۇرتىدىن كېلىدىغان ئوتتۇرا ھال قېلىنلىقتىكى بۆز كاناپتىن ئۈچ چى يىرتقۇزۇپ، ئۇنى تىككۈچىلەر دۇكىنىدا ياستۇقتىن كىچىكرەك، كېسەكتىن سەل چوڭراق شەكىلدە ئىككى قات قىلىپ خالتا تىكتۈردى ـ دە، ئۇنىڭ ئىچىگە باياتىن بازاردىن سېتىۋالغان نەرسىلەرنى قاچىلاپ، ئاغزىنى ھەم قىلىپ تىكىپ، توختىنىغا كۆتۈرتۈپ، ئاشپۇزۇلغا ياندى.

دىڭ ئۇستا ئۆيىدىن چۆپچىن دورا قاينىتىدىغان قۇم چۆگۈننى ۋە سىرلانغان، ئاغزى يېپىلىدىغان ساپال كومزەكتىن بىرنى ئەكەلدۈرۈپ، تېۋىپتىن سېتىۋالغان چۆپچىن دورىنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى قاينىتىپ، سوۋۇغاندا ئاغزى بار سىرلىق كومزەككە قۇيدى. ئاندىن يەنە توختىنى ئەگەشتۈرۈپ ياغاچچىلار دۇكىنىغا بېرىپ سەندەلنىڭ ئاستىغا قويىدىغان كۆتەككە ئوخشاش كۆتەكتىن بىرنى راسلىتىپ كېلىپ، ئاشپۇزۇلنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ، كۆتەكنى شۇ يەرگە ئورناتتى ۋە ھېلىقى راسلانغان خالتىنى كۆتەكنىڭ ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇپ، دورا قاينىتىلغان كومزەكنى خالىي جايغا

جايلاشتۇردى. تەييارلىق ئىشلار پۈتتى. بۇ خالىي ئۆيدە دىلنىڭ ئاخۇن توختىنغا «تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نىڭ مەشىق ئۇسۇلى، قائىدىسى، تەرتىپىنى؛ ئۇنىڭ يەتكۈزۈلىدىغان ئىدىيىنى يەنى پەللىسىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى. ئۆزى زوڭزىيىپ ئات مىنىش شەكلىدە ئولتۇرۇپ، كۆتەك ئۈستىدىكى خالتىغا ئالىقانىنى قانداق ئۇرۇشنى، ھەر كۈنى قانچىدىن ئۇرۇشنى، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قولنى ھېلىقى قايىنىتىلغان دورىغا چىلاپ يۇيۇشنى، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئىچىگە نەپەس سولاشنى ۋە مەشىق تۈگىگەندە چىڭىغان مۇسكۇللارنى قانداق بوشىتىشنى ئىككى رەت كۆرسەتتى.

توختى ئۇستازى دىلنىڭ ئاخۇننىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بۇ خالىي ئۆيدە مەشىقنى باشلىۋەتتى. بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن توختىنىڭ ئالىقانلىرى ئىششىدى. خالتا ئىچىدىكى تۆمۈر شارچىلارغا قولنىڭ دۈمبىسى تەگكەندە ئادەمنىڭ تېنى ئاغرىقتىن شۈركۈنۈپ كېتەتتى. قولنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئاغرىق پەيدا بولۇپ، سۆڭەكلەر زىڭىلداپ ئاغرىپ كېتەتتى. بەزىدە ئالىقان قاناپمۇ كېتەتتى. مەشىق ئېغىر بولغانلىقتىن، توختى پولۇ ئەتكەندە قولىدىكى يوغان كەپكۈرنى ناھايىتى تەستە ھەرىكەتلەندۈرەتتى. توختى جاپاغا چىشىنى چىشلەپ چىدىدى. ئۇ مەشىققە بارا - بارا كىرىشىپ كەتتى. «تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نى ئۈچ يىلدا كامالەتكە يەتكۈزگىلى بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى باب

# سەھرا سەيلىسى

جۈمە كۈنى دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. توختى بامداتتىن يېنىپلا ئاشخانا كەينىدىكى ئۆيدە مەشىققە كىرىشتى. بىرھازا مەشىق قىلغاندىن كېيىن تەرلىرىنى سۈرتۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ ناشتا قىلىشقا ئۆيىگە كەلدى. توختى مانا ئەمدى 19 ياشقا تولغان رەسمىي يىگىت بولۇپ قالغانىدى. سىڭلىسى رايىمانخانمۇ 8 ـ 9 ياشقا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگۈدەك بولۇپ قالدى. هاشىخان باللىرىنىڭ قاتارغا قوشۇلۇپ، شۇنچىلىك چوڭ بولغىنىغا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ داستىخانغا سەھەردە قوپۇپ ياققان ئىسسىق نانىنى، مەززىلىك پۇراپ تۇرغان ھالۋىنى، ئاپقۇر چىنىدە قايماق چاينى ئېلىپ كەلدى. كۆز كىرىپ قالغان چاغلار بولغاچقا، تاغ ئارقىسىنىڭ ① ناشتىلىقى كۆپىنچە ئائىلىلەردە مۇشۇ تەرزدە بولاتتى.

ــ ئىچىڭلار باللىرىم چاينى، ھالۋا بىلەن قايماق چاي تېنىڭلەرگە قۇۋۋەت بولىدۇ، ــ ھاشىخان باللىرىنى چايغا تەكلىپ قىلدى. توختى پوتىسىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن قەلەمتىرىچىنى

---

① تۇرپان، پىچان، توقسۇن خەلقى ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، جىمسارنى «تاغ ئارقىسى» دەپ ئاتايتتى ــ ئا.

چىقىرىپ، تونۇردىن ھېلىلا قومۇرۇپ كىرگەن نانىنى نېپىز - نېپىز پارچە قىلىپ كەستى - دە، سىڭلىسى رايىمانخانغا بىر پارچىنى سۇنۇپ:

— مە رايىمانخان، ھالۋىنى نان بىلەن ئېلىپ يېگىن، — دېدى.

— نانىنى پىچاق بىلەن كەسسە يامان بولىدۇ دەيدىغۇ ئاكا؟ — رايىمانخان نانىنى قولىغا ئېلىۋېتىپ ئاكىسىدىن سورىدى.

— كىم شۇنداق دەيدۇ سىڭلىم؟

— قوشنىمىزنىڭ قىزى، مېنىڭ دوستۇم سانىيە شۇنداق دەيدۇ.

— ئۇ دوستۇڭ توغرا دېمەپتۇ سىڭلىم، نانىنى زايە قىلسا، دەسسىسە يامان بولىدۇ. كەسسەڭ، پارچىلىساڭ يامان بولمايدۇ. نانىنى ھامان پارچىلاپ يېيىشكە توغرا كېلىدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق...... رايىمانخان بىر دەقىقە ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاندىن ئانىسى ۋە ئاكىسىغا ئوخشاش كىچىك تەخسىگە ئۇسۇلغان ھالۋىنى كېسىلگەن نان پارچىسى بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

— بالام توختى، ئەمدى سەنمۇ يىگىت بولۇپ قالدىڭ، ھال - كۈنىمىزمۇ ھازىر يامان ئەمەس، ئاز - تولا تۈگۈچمۇ تۈگۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مۇۋاپىق بىر لايىق چىقسا سېنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ قويغان بولسام دەيمەن؟ — ھاشىخان چاي ئىچكەچ توختىغا قارىدى. ئادەتتە توختى ئاشپۇزۇل كەينىدىكى ئۆيدە يېتىپ قوپاتتى. مۇنداق بولغاندا، دىلى ئاخۇن توختىنىڭ كېچىسى ئاشپۇزۇلغا قارانچۇق بولغىنىغا يەنە بىر كىشىلىك ئىش ھەققى قوشۇپ بېرەتتى ھەم توختىنىڭ گۇمپا مەشقىنى داۋاملاشتۇرۇشىغىمۇ ئىمكان تېپىلاتتى. توختىنىڭ ئۆيدە ئانىسى ۋە سىڭلىسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان، پاراڭلىشىدىغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز ئىدى، پەقەت جۈمە كۈنىدىكى دەم ئېلىشتىلا ئاندىن ئانىسى

www.uyghurkitap.com

ۋە سىڭلىسى بىلەن بىرەر كۈن بىللە بولالايتتى.

— يەنە ئىككى - ئۈچ يىل توختايلى ئانا، — دېيدى توختى، — مەن ئۆگىنىۋاتقان گۇمپىنىڭ بىر پەللىسى ئاياغلاشقاي.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئاغىنىلىرىڭ بىرنىڭ كەينىدىن بىرى توي قىلىۋاتىدۇ، بالام. ئاتاڭ رەھمەتتى بولغان بولسا سېنى بۇ چاغقا قويمايتتى. خەقلەر: مۇشۇ ھاشىخان تۇل خوتۇن بولغاچقا، ئوغلىنى مۇشۇ كەمگىچە ئۆيلىيەلمىدى دېمەمدۇ.

ھاشىخانىنىڭ كۆز چاناقلىرى نەملەندى. بۇ قەيسەر ئايال تاكى مۇشۇ كەمگىچە بىركىمگە ھال ئېيتىپ بارمىدى، تۇرمۇشىدا تاغدەك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ ۋايىسىماي، «كۆزيېشىنى ئىچىگە يۇتۇپ»، ئىچىدە روزا تۇتۇپ» قىيىنچىلىق، مۇشكۈلاتلاردىن ئۆتۈپ كەلدى. قىزى رايىمانخانىمۇ، قوشنىسى مەريەمخان بۇۋىنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىشىپ بېرىش بەدىلىگە، ئەتىسى - ئاخشىمى ئوقۇتۇپ ساۋاتىنى چىقاردى؛ ھال - كۈنى ياخشى ئەرلەردىن قانچە رەت ئەلچىلەر كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، ھاشىخان باللارنى ئۆگەي ئاتىنىڭ ئالدىدا بويىنى قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئەلچىلەرنى سىلىق گەپ - سۆز بىلەن يولغا سېلىپ تۇردى. مانا ئەمدى توختىمۇ يىگىتلىك قۇرامىغا يەتتى. ئەل قائىدىسى بويىچە توختىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىش كېرەك.

توختى ئانىسىغا قارىدى: ئانىسىنىڭ چېكە چاچلىرى ئاقىرىپ، يۈزىگە قورۇقلار چۈشۈشكە باشلىغان. بىچارە ئانا مۇشۇ كەمگىچە باللارنى قاتارغا قوشىمەن دەپ، خەقلەرنىڭ كىر - قېتىنى يۇيۇپ، نېنىنى يېقىپ، ئىشلىرىغا قارىشىپ، رەھىمدىل ئاياللار بەرگەن كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپلا، ھەتتا ھېيتلاردىمۇ ئۆزىگە بىرەر ياقا يېڭى كىيىم ئارتماي دېگۈدەك مۇشۇ كۈنگە كەلدى. ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھاشىخانىنى تاشلىۋەتكىنى يوق. ئۇلارمۇ ھەر ۋاقىت بۇ ئۆيگە ياردەم قولىنى سۇنۇپ تۇردى. ئەمما،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ھاشىخان تېرىپ - تۆگۈپ دېگۈدەك ياشىدى. چۈنكى، بۇ تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا تاغدەك يوغان بىر ئىش يەنى توختىنى ئۆيلەيدىغان ئىش تۇراتتى. تۇل خوتۇنغا نىسبەتەن ئوغۇل ئۆيلىمەك شەھەر ئالماقتىن مۈشكۈل ئىش ئىدى......

توختى ئانىسىنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ياش يۇقىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماق بولۇپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا:

— كېلىنلىك بولغۇڭ كەپتۇ، ئانا، كۆڭلۈڭگە پۈككەن بىرەرسى بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

ھاشىخاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ، يۈزىگە كۈلكە ياماشتى.

— سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ دېگەندەك، سەندىن بىرەر گەپ - سۆز ئاڭلىماي تۇرۇپ خەقنىڭ قىزىغا گەپ تاشلىغىلى بولامتىمۇ ئوغلۇم؟ — ھاشىخان توختىنىڭ كۆزىگە تەلمۈردى.

دېمىسىمۇ، توختى مۇشۇ كەمگىچە ئۆينىڭ تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى، گۇمپا ئۆگىنىشنى ئويلاپ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىغان ئىشلارنى «تېخى بالدۇرغۇ» دەپلا كۆڭۈلشىمگەنىدى. بۈگۈن ناشتىدا ئانىسىنىڭ بۇ ئىشنى جىددىي تىلغا ئېلىشى توختىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن:

— ماقۇل ئانا، ئىلگىرى بۇ ئىش توغرۇلۇق ئويلىنىپ باقماپتىكەنمەن، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، مۇۋاپىق لايىق چىقسا ئۆيلىنەيمۇ ئۆيلىنەي، — دېدى.

— بارىكاللا ئوغلۇم، ئاناڭنى خاتىرجەم قىلدىڭ، سەنمۇ دوست - يار، ئاغىنىلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆر، مەنمۇ ئۇرۇق - تۇغقان، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلاپ كۆرەي، قايسى ئۆيدە ساڭا لايىق بىرەر گۈل باركىن، — ھاشىخان قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ھە راست ئانا، ئاغىنەم ساتتار بىلەن مەمەت ئاخشام ئاشپوزۇلغا بارغانىدى، ساتتارنىڭ سەنتۇك تەرەپتە ھاماچىسى بار ئىكەن. كۆزلۈك قوغۇن - تاۋۇزلار پىشىپ قالدى. كېلىپ يەپ، ئويناپ كېتىڭلار دەپتىكەن، بۈگۈن شۇ يەرگە بارىدىغانغا كېلىشىپ قويۇۋىدۇق. ساڭا دەيدىغانغا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇ يەرگە بېرىپ كېلەيلىمۇ ئانا؟ — دېدى توختى ئانىسىغا قاراپ.

— مەنمۇ بارىمەن، مەنمۇ بارىمەن! — دەپ چاڭىلدىدى رايىمانخان ئاكىسىنىڭ سەھراغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ.

— ئاكاڭلارنى ئەگەشمە قىزىم، سېنى ھاۋاخان چوڭ ئاناڭلارنىڭكىگە جۈمەلىتىپ ئاپىرىمەن، — دېدى ھاشىخان قىزىنى بەزلەپ، ئاندىن توختىغا قاراپ:

— بوپتۇ بالام بېرىڭلار، قونۇپ قالامسىلەر؟ — دېدى.

— ياق ئانا، ئەتە ئاشپوزۇلنى ئاچمىساق بولمايدۇ، كەچرەك بولسىمۇ يېنىپ كېلىمىز.

گەپنىڭ ئايىغى چۈشكۈچە ساتتار بىلەن مەمەت ھويلىغا سالام قىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھاشىخان بىلەن خوشلىشىپ، سەنتۇڭغا بېرىش ئۈچۈن تالاغا قاراپ مېڭىشتى. رايىمانخان سەل دومسىيىپ قالدى.

— ساڭا سەھرادىن ئاسلان ئالغاچ كېلىمەن سىڭلىم، — دېدى توختى مەيۈس قىياپەتتە مۆلدۈرلەپ تۇرغان رايىمانخانغا قاراپ.

— كېتىۋېرىڭلار بالام، سىڭلىڭنى مەن ھاۋاخان چوڭ ئاناڭلارنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ جۈمەلىتىپ كېلىمەن، — دېدى ھاشىخان توختىنى مېڭىشقا دەۋەت قىلىپ. رايىمانخان ئانىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى تۇتقىنىچە ئويماقتەك ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ قالدى.

× × ×

كۈز كۈنلىرىدىكى سەھرا ئۆزىگە يارىشا مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى. شەھەرلىك ئۈچ يىگىت ساتتارنىڭ شەھەر ئىچىدە كىراكەشلىك قىلىدىغان مەپىسىگە ئولتۇرۇپ سەنتۇڭ تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. كۈز ئېيىنىڭ تىنىق ئاسمىنى ئاستىدىكى پايانسىز دالا جىمجىتلىققا چۆككەنىدى. مەپىگە قوشۇلغان ئات بويۇن ۋە دۇمبىلىرىدىكى مىس قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭشىتىپ يورغىلىماقتا. شەھەر كوچىلىرىدا ئۆيىاقتىن - بۇياققا بىرخىللا مېڭىشتا پۇشقۇپ - بۇرۇقتۇرما بولۇپ كەتكەن تورۇق ئات كەڭ سەھرا يولىغا چىقىپ يايراپ كەتتىمىكىن، ساتتارغا قامچىمۇ سالدۇرماي، ئۇششاق مېڭىشتا سىلىق يورغىغا چۈشتى. يولدا ئاتلىق، ئېشەكلىك ياكى يوغان چاقلىق كۆتەك هارۋىغا يۈك بېسىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئاجايىپ بېزەلگەن بۇ مەپىگە خېلىغىچە قاراپ قېلىشاتتى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە، پەقەت سەھراغا ئويۇنغىلى چىقىدىغان بايۋەچچىلەرلا مۇشۇنداق كاتتا بېزەلگەن، قوڭغۇراقلىرى جىرىڭشىپ ماڭىدىغان مەپىلەردە سەھرا يوللىرىدا ئۇچراپ قالاتتى.

ئورما ۋاقتىدىكى تومۇز ئىسسىق كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەن، دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىلىدىن كېيىنكى دالىلاردا بىرخىل سالقىن مەنزىرە ھاسىل بولغانىدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئېگىز لىق قىرلىرىدا ئاندا - ساندا بۇغداي باغلىقلىرىنى، ئۇيەر - بۇ يەرلەرگە چېچىلغان بۇغداي باشاقلىرىنى چېلىقتۇرغىلى بولاتتى. ئورۇپ بولۇنغان چۆپلۈكلەردە قۇيرۇقلىرىنى لىغىرلىتىپ، قىزىل يۇڭلۇق، قارا رەڭلىك قويلار ھۇرۇنلۇق بىلەن ئوتلىماقتا؛ چۆپكە تويۇنغان كالىلار قورساقلىرىنى پومپايتقان ھالدا ئۇيەر - بۇ يەردە ياتقان پېتى قۇلاقلىرىنى مىدىرلىتىپ پاشا - كۇمۇتىلارنى قورۇغاچ،

تىنماي كۆشەپ ياتاتتى. يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغان كۆممقوناقلار ئارىلاپ چىققان شامالدا يەڭگىل شالدىرلايتتى. بۇغداي ئېگىزلىقىدا دايىلاپ يۈرگەن قۇشقاچلار تويۇپ - تويۇپ بولۇشۇپ، خۇددى بىر پارچە قارا بۇلۇتتەك ئۇچۇشۇپ، قوناق شاخلىرىغا قوناتتى - دە، قوناق شاخلىرىدا بىر دەقىقىمۇ ئارام ئالماي ئۈركۈگەن پېتى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. كۆكنى بىرلا ئالغان قۇشقاچلار بەئەينى مۆلدۈر ياغقاندەك، يەنە ئېگىزلىققا ئۇچۇپ چۈشۈشەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن بۆدۈنە چۈجىلىرى شۇ ھامان ئورۇلماي قالغان پاكار ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا شۇڭغۇيتتى...... يول بويىدىكى تېرەك شاخلىرىغا قونۇشقان توك قاغىلار ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن شۇڭقارنى كۆرۈپ، دۈشمەن كەلگەنلىكىنى بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشقاندەك، كېپەكلىشىپ كەتكەن بۇغدىيەكلىرىنى لىپىلدىتىشىپ، «قاق - قاق» قىلىپ ئەنسىز قاقىلدىشاتتى. بىر كۆكنەك ھاۋادا مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغاندەك، قاناتلىرىنى تىنىمسىز دىرىلدىتىپ، ئېگىزلىقتىكى بىرەر مىدىرلىغان نەرسىگە خېلىغىچە تىكىلىپ تۇردى - دە، ئاندىن شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە لەرزان ئۇچۇپ، باشقا ئېگىزلىقلارنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى.

بېزەلگەن مەپە يېزا يولىدا بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن سولغا بۇرۇلدى - دە، دەرەخلەر بۈككىدە ئۆسكەن مەھەللىگە كىرىپ، قوشقوۋۇقلىرى ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرغان ھويلىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— كېلىڭلار يىگىتلىرىم، كېلىڭلار، خۇش كەپسىلەر! — ھويلىدىن ئوتتۇرا بوي، يېشى ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك بىر ئايال چىقىپ مېھمانلار بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭى ئون بەش - ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئۆزىدىن كىچىك تۆت قىزنى ئەگەشتۈرۈپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:



www.uyghurkitap.com

— تىنچ - ئامان كەلدىڭلارمۇ ساتتار ئاكا؟ — دەپ سالاملاشتى چوڭ قىز. ياشقا قىزلارمۇ ئاچىسىنى دوراپ مېھمانلار بىلەن سالاملاشتى.

بۇ ھويلا ساتتارنىڭ ھاماچىسى ئەزىزخاننىڭ ئۆيى ئىدى. سىڭىللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىققان قىز گۈلسارە بولۇپ، ئەزىزخاننىڭ چوڭ قىزى ئىدى.

— ھەمدۇللا ئاغام نەگە كەتتى؟— سورىدى ساتتار ھويلىدىكى سۇپىغا كېلىپ ئاغىنىلىرى بىلەن دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن.

— ھەمدۇللا ئاغاڭ بۇغداي خامىنىنى ئېلىپ بولۇپلا تۇرپاندىكى تۇغقانلارنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا كەتكەن. مانا ھازىر ئونبەش كۈنمۇ بولۇپ قالدى. بۇ ئادەمدىن ھېچبىر ئۇچۇر - سىرتىغ يوق،— دېدى ئەزىزخان ئېرى ھەمدۇللانىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغاندەك،— قوناقلار پىشىپمۇ قالدى. بۇ ئادەم پاتراق يانسا بولاتتى.

— تۇرپانغا بېرىشقىلا تۆت - بەش كۈن كېتىدىغان تۇرسا[1]، ئاران بىر يارغاندا بىرنەچچە كۈن تۇراي دېگەندىمۇ شۇ، قوناقلىرىڭنى بىز ئورۇشۇپ بېرەرمىز بولمىسا، — ساتتار ھاماچىسىغا قارىدى.

— يوغىسۇ، يوغىسۇ، سىلەر ئاران بىر جۇمەلەپ بۇ سەھراغا چىققىنىڭلاردا سىلەرنى ئىشقا سالاتتىمۇ، بولدى، بۇنداق گەپلەرنى دېمەيلى، قېنى سەن گۈلسارە، ئاكاڭلارنىڭ ئالدىغا چاپسان داستىخان سېلىپ چاي كەلتۈرۈڭلار! — ئەزىزخان ئۆي ئىچىگە

[1] ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا يەنى بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى بۇگۈنكىدەك ماشىنا - ئاپتوبۇسلار بولمىغاچقا، ئۇلاغ بىلەن گۇچۇڭدىن تۇرپانغا تاغ يولى بىلەن ماڭسا تۆت - بەش كۈن كېتەتتى — ئا.

كىرىپ كەتكەن چوڭ قىزىنى توۋلىدى.

— مانا ھازىر، — گۈلسارە ئۆي ئىچىدىن جاۋاب بەردى ۋە ئانچە ھايال بولمايلا پەتنۇستا چەينەك، چىنە كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىككىنچى قىزى سانىيە داستىخان سالدى. ئاڭغۇچە ئەزىنىخان كۆپچۈتۈپ يېقىلغان سەھرا نېنىنى دەستىلەپ چىقىپ داستىخانغا قويدى، ئاندىن قەنت - ناۋات، تاتلىق - تۈرۈملارنى تىزدى.

— سىلەرگە تۈزۈكرەك بىرنەرسە ئېلىپ كېلەلمىدىم سىڭىللىرىم، — دېدى ساتتار ئۆزرە ئېيتىپ، — چوڭ ئاناڭلار سىلەرگە ماۋۇ نەرسىلەرنى خالتىلىق قىلدى، — ساتتار ئانىسى راسلاپ بەرگەن بوغچۇمىنى ئېچىپ، بىر كىيىملىك ئەتلەس، قىزلارغا لايىق تارغاق - سۈزگۈچ، دادۇر - خاسىڭ دېگەندەك نەرسىلەرنى داستىخانغا يايدى.

— ئەجەبمۇ جۇۋاپ كېتىپتىغۇ ئايىلام[①]، رەھمەت سىلەرگە! — ئەزىنىخان ساتتار داستىخانغا قويغان نەرسىلەرنى ھەشقاللا ئېيتىپ ئالدى. ئۇ ئالدىنقى جۇمە ئايلىسى يەنى ساتتارنىڭ ئانىسى مەڭىنىخاننى يوقلاپ گۇچۇڭ بازىرىغا كىرگەندە، ساتتارنى ئاغىنىلىرى بىلەن سەنتۇڭغا چىقىپ، كۆزلۈك قوغۇن - تاۋۇزلاردىن يەپ كىرىشكە چىللاپ يانغانىدى.

گۈلسارە مېھمانلارغا ئۇستىلەپ چاي قۇيۇپ تۇردى. يىگىتلەر تۈزۈت قىلىشماستىن نانلارنى ئوشتۇپ يېيىشكە باشلىدى. چۈنكى، سەھرا نېنى ۋە چىيىي ئۆزگىچە تەملىك ئىدى.

چۈشكە ئۈلگۈرتۈپ ئەزىنىخان مېھمانلارغا راسا ئوخشىتىپ توخۇ گۆشى بىلەن ياپما نان ئېتىپ بەردى. ئارقىدىن ئۆزلىرى تېرىغان

---

① شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان، پىچان، توقسۇن، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار تەرەپلىرىدىكى ئاھالىلەر ئاچىسىنى «ئايىلا» دەپ ئاتىشىدۇ (ئاز ساندىكى ئۆزبېك ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىن گۇچۇڭغا چىقىپ قالغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) — ئا.

قوغـۇن - تـاۋۇزلارنى تىلـدى. يىگىـتلەر قورسـاقلىرى چىڭقـالغۇچە يېدى.

— سىلەر ئەمدى ئالدى بىلەن تاماق سىڭدۈرگەچ قوناقلىقتا بىرىـپ كۆكبـاش ئـۈزۈپ كـېلىڭلار، قوناقلىقتا كېيىنـرەك تېرىغـان قوناق بار، ئۇنىڭ كۆكباشلىرى ئەمدى تەييـار بولـدى. كۆكباشتىن كۆپرەك ئۈزۈڭلار، ئەتە قايتقاندا ئـۆيلىرىڭلەرگە ئالغاچ كېتـسىلەر، ئاندىن......

— يـاق، كىچىـك ئاپـا، بىـز قونالمـايمىز، كەچقۇرۇنـدا قايتمـساق بولمايـدۇ، — دېـدى سـاتتار ئەزنىخـان هاماچىـسىغا قاراپ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — سورىدى ئەزنىخان ساتتاردىن.

— ئاغىنەم توختى بىـلەن مەمەتنىـڭ ئىـشى بـار، مەنمۇ ئەتە كىراكەشلىككە چىقمىسام بولمايدۇ.

ئەزنىخان بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

— بوپتۇ ئەمىسە، سىلەر ئالدى بىلەن قوناقلىقتا بىرىـپ مانـا ماۋۇ سېۋەتكە توشقۇچە كۆكبـاش ئـۈزۈپ قىـزلاردىن ئەۋەتىۋېتىـپ، ئاندىن قوغۇنلۇققا بېرىپ قوغۇن - تاۋۇز ئۈزۈپ تۇرغۇچە، گۈلسارە سـىلەرگە تاغـار ئاپىرىـپ بېرىـدۇ. سـىلەر كەلگـۈچە كۆكباشـمۇ پىشىدۇ، — دېـدى ئەزنىخان قولـدىكى يوغان سـېۋەتنى سـاتتارغا تەڭـلەپ، — سـاتتار ئاكـاملارنى هويلىنىـڭ كەينىـدىكى بېغىمىزغـا باشلىمامدىم ئانا ؟ — دېدى گۈلسارە.

— ۋاي، ئېـسىم قۇرۇغـۇر، هە بوپتـۇ، قوغۇنلـۇقتىن يانغانـدا ئاندىن ئاكىلىرىڭنى باغقا باشلارسەن قىزىم، — ئەزنىخـان گۈلـسارە بىـلەن سـانىيەگە سـاتتار ئاكـىسى بىـلەن ئۇنىـڭ ئـاغىنىلىرىنى قوناقلىق تەرەپكە ئاپىرىشنى تاپىلىدى.

يىگىـتلەر قوناقلىقتـا گۈلـسارەلەرنىڭ يـول باشلىـشى بىـلەن بىردەمــدىلا يېتىــپ بــاردى. ئــۇلار بىرقــانچە كۈرىلــك يەرگە

كۆممىقوناق تېرىغانىدى. شۇ قوناقلارنىڭ قۇر ئارىلىقلىرىغا كېيىنچە تېرىلغان قوناقلار تېخى كۆپكۆك پېتى ئىدى، بۇ كۆپكۆك قوناقلار، غول ۋە يوپۇرماقلىرى سارغايغان، پىشىپ قالغان كۆممىقوناقلىق ئارىسىدا خۇددى بىرتوپ ياشانغان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ قالغان ياش باللاردەك ئايرىملا بىلىنىپ تۇراتتى. يىگىتلەر دانلىرى يېگىدىن قېتىشقان كۆكباشلارنى تاللاپ ئۈزۈپ، يوغان سېۋەتنى بىردەمدىلا توشتۇردى. ساتتار سېۋەتنى دەڭسەپ بېقىپ، ئۇنى قىزلارنىڭ كۆتۈرۈپ ئاپىرىشىنىڭ مۇشكۈللۈكىنى مۆلچەر قىلدى-دە:

— سىلەر مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن كۆكباشلارنى ئاپىرىۋېتىپ قوغۇن قاچىلايدىغان تاغارنى ئېلىپلا كەلمەيمۇ؟ — دېدى.

— مۇنداق قىلايلى ئاداش، — دېدى توختى، — سىلەر قوغۇنلۇققا بېرىپ تۇرۇڭلار، مەن كۆكباشلارنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ تاغارنى ئېلىپ باراي.

— سەن قوغۇنلۇقنى بىلەمسەن؟

— توختى ئاكامنى ئۆيگە مەن بىللە ئاپىرىپ ئاندىن تاغارنى ئېلىپ قوغۇنلۇققا باشلاپ باراي، سىلەرنى سانىيە قوغۇنلۇققا باشلاپ ئاپارسۇن، — گۈلسارەنىڭ بۇ گېپى بىلەن توختى گۈلسارە بىلەن ئۆي تەرەپكە، ساتتار بىلەن مەمەت سانىيەگە ئەگىشىپ قوغۇنلۇق تەرەپكە ماڭدى.

گۈلسارە توختىنى باشلاپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى. توختى سېۋەتنى مۈرىسىگە قويغان هالدا گۈلسارەنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى. گۈلسارە زىلۋا بويلۇق، ئۇچىسىغا كىيگەن هاۋارەڭ سەگەز كۆڭلىكى بويىغا خوپ ياراشقان، گۈلى چوڭ بۆكى ئاستىدا ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى خۇددى مەجنۇن تال چىۋىقلىرىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. گۈلسارە يولدا كېلىۋېتىپ ئۇششاق داڭگال -

www.uyghurkitap.com

چالملارنى تېپىپ، ئېتىز قىرلىرىدا دانلاۋاتقان تورغايلارنى، ئاق قۇشقاچلارنى ئۈركۈتەتتى. گۈلسارە سەھرا قىزلىرىغا خاس جۇشقۇنلۇق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— توختى ئاكا، ئېيتىڭە، سەھرا ياخشىمىكەن، شەھەرمۇ؟— دېدى گۈلسارە كېتىۋېتىپ.

— ھەر يەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، — دېدى توختى.

— مەسىلەن، قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار، سۆزلەپ بېقىڭە؟

— سەھرانىڭ ئاسمىنى كەڭ، قورۇ - جايلىرى ئازادە، ئادەملىرى ئۆزى تېرىغانى ئۆزى يەيدۇ. يازلىقى ئىشلەپ، قىشلىقى ئارام ئالىدۇ. شەھەردە كېرەكلىك نەرسىنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، كوچىلىرى پاكىز، رەتلىك، ئادەم كۆپ، لېكىنزە، ئادەملىرى ئۇچىۋۇز ئاتمىش كۈن تىنماي ئىشلەيدۇ، باشقىلار تېرىپ ئۆستۈرگەن مېۋە - چېۋە، ئوتياش، ئاشلىقلارنى پەقەت دۇكانلاردىنلا سېتىۋېلىپ يەيدۇ. سەھرا كۆرمىگەن شەھەر باللىرى مېۋە - چېۋە، ئاشلىقلارنى پەقەت دۇكانلاردىنلا چىقىدۇ دەپ ئويلاپ قالىدى.

— بەزى چەھەتلەردە سەھرا شەھەرگە يەتمەيدۇ، — دېدى گۈلسارە گەپنى ئۇزارتىپ.

— قانداق دەيسەن گۈلسارە سىڭلىم؟

— شەھەردە ھۈنەرۋەنلەر كۆپ، نېمىنى ئۆگىنىمەن دېسە شۇنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. لازىملىق نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ. «سەھرايى قىيامەت» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن چوڭلار، ئوقۇي دېسە مەكتەپ يوق، قىزلارنى بۇ سەھرالاردا قارىي، مولللار ئاسانلىقچە ئوقۇتمايدۇ.

— خەت تونۇمامسەن گۈلسارە؟— سورىدى توختى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىڭلىسى رايىمانخاننىڭ ھېلىمخان بۇۋىمدە ئوقۇپ خەت

ئوقۇيالايدىغانلىقىنى يادىغا كەلتۈردى.

— خەت تونۇيمەن، ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن، شەھەردە بولغان بولسام كۆپرەك ئوقۇيالايتتىمكىن دەپ ئويلايمەن، سەھرادا بالىلارنىڭ ئېتىز ئىشلىرىدىن قولى بوشىمايدۇ شۇ، — گۈلسارە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى تارتىنماي ئېيتتى.

توختىنىڭ كۆڭلىدىن بىر خىيال چاقماق تېزلىكىدە كەچتى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مۇنداق دېدى.

— شەھەرگە ئەكىرىپ كەتسەك بارامسەن گۈلسارە؟

گۈلسارە توختىغا لەپپىدە قارىدى-دە، ۋىللىدە قىزاردى. بۇ قىزلارغا خاس ئۇياتلىقنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

— ئەكىرىپ كېتىشكە چامىڭىز كېلەمدۇ؟ — گۈلسارە خۇددى ۋەدىلىشىدىغاندەكلا سورىدى مېڭىشتىن توختاپ.

توختىمۇ مۇرىسىدىكى سېۋەتنى يەرگە قويدى. توختى سېۋەتنى يەرگە قاتتىقراق قويۇۋەتتىمىكىن، لىقمۇلىق قاچىلانغان كۆكباشتىن ئىككىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. گۈلسارە كۆكباشنى ئالاي دەپ ئېڭىشىشىگە، توختىمۇ تەڭلا ئېڭىشىپ سالدى-دە، توختىنىڭ دىمىقىغا گۈلسارەنىڭ تىنىقى ئۇرۇلدى. شۇئان توختىنىڭ ۋۇجۇدىدا خۇددى گۈلنى ھىدلىغان چاغدىكىگە ئوخشاش لەززەت پەيدا بولدى. بۇ خىل لەززەت توختىنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇ دەقىقىدە لەرزىگە سالدى-دە، تورپاقنى ئىرغىتىپ تاشلىغۇدەك كۈچ-ماغدۇرغا ئىگە بۇ ئەزىمەتنىڭ پۇت-قولى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى.

گۈلسارەمۇ شۇنداق تۇيغۇغا كەلدىمىكىن، كۆكباشنى سېۋەتكە سېلىپ بولۇپلا كەينىگە داجىدى. ئۇ توختىغا يېقىملىق قىياپەتتە بېقىپ، بايامقى سوئالنى يەنە تەكرارلىدى.

— شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىشكە چامىڭىز كېلەمدۇ؟

توختى شۇ دەقىقىدە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي، ئارىسالدى

بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بايامقى گەپنى توختى مۇنداقلا ئوينىشىپ دەپ باققان گەپ ئىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ توختى گۈلسارەگە قارىدى. گۈلسارە توختىغا ئىككى ماگدامچە كېلىدىغان يەردە يېقىملىق كۈلۈپ تۇراتتى. گۈلسارەنىڭ ئاھۇنىڭ كۆزىدەك قاپقارا كۆزلىرى، قىياق بەرگىدەك قېشى، ئىلپىتەك تۈز بۇرنى، جىنەستىدەك ئاغزى، گۈلسۇرۇخ[1] بەرگىدەك قىپقىزىل لەۋلىرى، گۈل شېخىدەك نازۇك قامىتى توختىنىڭ يىگىتلىك كۆڭلىدە ئاستا - ئاستا جۈرئەت پەيدا قىلدى.

— ئەكىرىپ كېتىشكە ئەلۋەتتە چامىم كېلىدۇ، ئەگەر بېشىڭ باغلاقلىق بولمىسىلا؟ — توختى بۇ گەپنى قانداقسىگە دەپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. توختىنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى.

مانا ئەمدى گۈلسارە تېگىرقاپ قالدى. گۈلسارە بۇ يىل ياز ئىككى قېتىم ۋە ئالدىنقى جۈمە بىر قېتىم بولۇپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا گۇچۇڭ شەھىرىگە ئۈچ قېتىم كىرىپ چىققانىدى. ئۇ شەھەرنىڭ پاكىز، رەتلىك كوچىلىرىنى، قايناق بازارلىرىنى، پەشتاختىلاردا رەخت، قەنت - گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋاتقان ئۆزى دېمەتلىك قىز - ئوغۇللارنى، تىككۈچىلىك دۇكانلىرىدىكى شاگىرت قىزلارنىڭ كۈلكە - چاقچاق بىلەن مەشغۇلات قىلىۋاتقانلىرىنى كۆرگەنىدى. شەھەردىكى قايناق تۇرمۇش بىلەن ئۇ سەھرادىكى پىژغىرىم ئاپتاپتا ئاپپاق قىزلارنىڭ چۇچۇلىدەك قارىداپ، قوللىرى يىرىكلىشىپ، چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن مەنزىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، شەھەرنى جەننەتكە ئوخشاتقانىدى ھەم شەھەر تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلىپلا قالغانىدى. گۈلسارە بىر نەۋرە ئاكىسى بولغان ساتتارنىڭ ئاغىنىسى بولمىش

[1] گۈلسۇرۇخ — ئەتىرگۈلنىڭ بىر خىلى —ئا.

www.uyghurkitap.com

توختىغا بايامقى گەپنى قانداق مەزمۇندا دەپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ پەملىيەلمەي تۇرغىنىدا، «ئۇنىغانىغا يونۇغان» دېگەندەك، توختى «ئەگەر بېشىڭ باغلاقلىق بولمىسا شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىشكە چامىم كېلىدۇ» دەپ سالدى. بۇ گەپنىڭ سالمىقى ئېغىرغۇ ئەمەس؟

گۈلسارە ئۇياتلىق كۆزلىرى بىلەن توختىغا يەر تېگىدىن قاراشقا باشلىدى: توختىنىڭ كەڭ پېشانىسى، ئويچان كۆزلىرى، ئات يۈزلۈك كېپتى، كەڭ يەلكىلىك، زەبەردەست قامىتى، بەئەينى چېلىشچى پالۋانلاردەك تۇرقى، بەلنى چىڭ باغلاپ، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن قىياپىتى گۈلسارەنىڭ قەلبىدە سۆيۈنچ قوزغىدى. لېكىن، ئەمدىلا كۆرۈپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ بايامقى گېپىگە نېمە دېگۈلۈك؟ ئۆزىنىڭغۇ بېشى بوش، لېكىن بۇ يۇرتلاردا باللارنىڭ ئىشلىرىغا ئاتا - ئانىنىڭ دېگىنى ھېساب تۇرسا؟ گۈلسارە ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، گەپنى ئويلىمايلا دەپ سالغىنىنى تۇيدى - دە:

— توختى ئاكا، بايامقى گەپنى ئوينىشىپ دەپ قويغانىدىم، — دېدى قىزارغان ھالەتتە.

گۈلسارەنىڭ ئۇياتنىڭ كۈچىدە قىزىرىشى ئۇنىڭ چىرايىغا قىزىللىق بېغىشلاپ، رۇخسارىنى خۇددى ئېچىلغان قىزىلگۈلگە ئوخشاتتى. توختى بايامقى جۈرئىتىگە جۈرئەت قوشۇپ، تېخىمۇ تۈرگۈنلەشتى ۋە ئۇۋۇنى قاپىسماق بولغان ئوۋچىدەك، گەپنى تېخىمۇ سالماقلىق بىلەن قىلدى:

— گەپمۇ ئېغىزدىن، جانمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، دېگەن گەپ بار گۈلسارە، — دېدى توختى. شۇ گەپ بىلەن «ئەمدى گېپىڭدىن يېنىۋالما گۈلسارە» دېگەنىدىن بېشارەت بەرگەنىدەك قىلاتتى.

گۈلسارە ئۆزى تۇيمىغان ھالدا ئوۋچىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ سالغان توشقاندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئەمدى ئارتۇقچە «تېپىرلاش» نىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ

بىچارىلىكتىن دەرھاللا تۇرگۇلۇككە ئۆتتى:
— قارا - قارا قۇشلارنىم ئويۇننى بىلىسىزغۇ توختى ئاكا؟
— بىلىمەن.
— شۇ ئويۇننى ئويىنىسىڭىز بولىدۇ، — گۇلسارە شۇنداق دېدى - دە، ۋىلىقلاپ كۇلگىنىچە ئۆي تامان چاپتى.
توختى گۇلسارەنىڭ بېشارىتىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ جۇرئىتىگە غەيرەت قوشۇلدى - دە، كۆكباش قاچىلانغان سېۋەتنى مۇرىسىگە لىككىدە ئالغىنىچە، گۇلسارەنىڭ كەينىدىن يورغىلاپ كەتتى.

× × ×

مېھمانلار قوغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىپ ھويلىنىڭ كەينىدىكى باغقا كىرىشتى. باغنىڭ بىر تەرىپىدە باراڭغا ئېلىنغان بىرنەچچە تۈپ ئۈزۈم بار ئىدى. چاقىسىدىن كىرگەنلا يەرگە ئىككى تۈپ جۇجەم قويۇلغان. باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە يەتتە - سەككىز تۈپ ئۆرۈك، يىگىرمە تۈپچە ئالما، تۆت - بەش تۈپ ياڭاق قاتارىسىغا تىكىلگەن. باغ كۆملاچ تام بىلەن ئىھاتىلەنگەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېرىقتا بىلەكتەك سۇ ئېقىپ تۇراتتى. بۇ ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكى باغ بولۇپ، بۇنداق باغدىن گۇچۇڭ يېزىلىرىدا پەقەت بىرنەچچىسىلا بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا «ئاشلىق ماكانى» دەپ ئاتالغان گۇچۇڭدا ئۆرە دەرەخلىك مېۋە - چېۋىلىك باغ يوقنىڭ ئورنىدا، لېكىن قوغۇن - تاۋۇز مولچىلىق ئىدى.
مېھمانلار بىلەن قىزلارنىڭ بەشىلىسى تەڭلا باغقا كىرىشتى. ساتتار باراڭدىكى سايىۋا، قاشقىر ئۈزۈمدىن ئۈزۈپ قىزلارنىڭ ئېتەكلىرىگە سېلىشقا باشلىدى. مەمەت ئېرىقتىكى سۇدا بىر ساپاق ئۈزۈمنى چايقاپلا يېگىلى تۇردى. توختى ئالمىلارنى ئارىلىدى. گۇلسارەمۇ بىللە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— ماۋۇ كۈچا ئالمىسى، ماۋۇ كۆزلۈك ئالما، ئاۋۇ تەرەپتە ئىككى تۈپ تاش ئالما، ئىككى تۈپ قىزىل ئالما بار، — گۈلسارە ئالمىلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى.

— بۇ كۆچەتلەرنى نەلەردىن ئەكېلىپ قويدۇڭلار؟ — سورىدى توختى.

— ئاتامنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ كۆچەتلەرنى تۇرپاننىڭ بۇيلۇق، جىغانغول[1]، قارا يۇزى غولى، كۆكيار غوللىرىدىن ۋە لۈكچۈندىن بوۋام ئېلىپ كەلگەنىكەن.

— بۇ ئالمىلارنىڭ ئەڭ تاتلىقى قايسى؟

— يازنىڭ بېشىدا پىشىدىغان قاپاق ئالما، ئارپا ئالما ۋە يازلىق ئالمىلار بار ئىدى، ئۇلار تۈگەپ كەتتى. ھازىر بار ئالمىلاردىن كۈچا ئالمىسى ئەڭ تاتلىق، كۆزلۈك ئالما ۋە قىزىل ئالما كەچ كۈزدە پىشىدۇ. تاش ئالما چۈچۈمەلرەك، — گۈلسارە ئالمىلارنىڭ سورتلىرىنى تونۇشتۇرغاچ، توختىنى كۈچا ئالمىسىنىڭ تۈۋىگە باشلاپ باردى.

— ئۈزۈم ئۈزۈپ يەمدىم ياكى ...... — توختى گۈلسارەگە قارىدى.

— ئالما دېگەننى قولى يەتكەن ئادەم ئۈزۈپ يېيەلەيدۇ، — گۈلسارە شوخلاق دېدى - دە، ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى قىزىرىپ كەتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، باغۋەندىن سوراپ يەي دەپتىكەن، قولۇم يەتمىسە شاخنى ئېگىپقۇ ئالارمەن، — توختىمۇ چاقچاق ئارىلاش سۆزلىدى.

— باغۋەن مېھماننى باغقا باشلىغىنى ئىجازەت بەرگىنى ئەمەسمۇ، يەنە سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوققۇ؟

---

[1] جىغانغول — تۇرپاننىڭ چىچانغۇ بازىرىنىڭ ئەسلىي ئىسمى — ئا.

توختى بۇ قېتىم گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىغا تەن بەردى. ئۇ خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لىككىدە قىلىپلا ئالمىنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، مەي باغلاپ پىشقان ئالمىدىن ئۈزۈپ يانچۇقلىرىغا، قوينىغا تىقىشتۇرۇپ چۈشتى. ئاڭغىچە گۈلسارە نېرىدىكى ئالمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خىللاپ تۇرۇپ ئىككى دانە يوغان ئالمىنى ئۈزۈپ چۈشتى. ئۇ ئۈزۈپ چۈشكەن ئالملار ئاجايىپ سەردان، يۈزىگە ياغ چۈشكەن [1] ئىدى. گۈلسارە ئالمىنى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتى. ئالملارنىڭ رەڭگى ئېچىلىپ، خۇددى تويغا جابدۇنغان قىز بالىدەك چىرايلىقلىشىپ كەتتى.

گۈلسارە ئىككى دانە ئالمىنى توختىغا تەڭلىدى:

— بۇ ئالملارنى سىزگە تۇتتۇم، يەپ قويماي پۇراپ - پۇراپ تۇرىسىز، شۇندىلا بىزنىڭ بۇ باغنى ئەسلەپ تۇرغان بولىسىز.

توختى ئالمىنى قولىغا ئېلىپ قوينىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سالدى ۋە:

— ئالمىنى بەرگەندىن كېيىن ئۇنى يېۋالامدىم ياكى پۇرامدىم ئۆزۈمنىڭ ئىختىيارىي ئەمەسمۇ؟— دەپ چېقىشتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، گۈلسارەدىن بايام گەپتىن چۈشۈپ كەتكىنىنى ياندۇرماقچى بولغىنى ئىدى.

—مەيلى، ئۆزىڭىز بىلىڭ، يېۋالسىڭىز لەززىتى بىر قېتىم بولىدۇ، پۇرىسىڭىز لەززىتى، پۇرىقى ئۇزاققىچە دىمىقىڭىزدا قالىدۇ. ئەگەر يېۋالسىڭىز ئالمىنىڭ لەززىتى پەقەت گېلىڭىزدىن ئۆتكۈچىلا بولىدۇ. دەڭسەپ كۆرۈشنى بىلەرسىز بەلكىم؟— گۈلسارەمۇ بوش كەلمىدى.

توختى بىرنېمە دېمەككە ئاغزىنى ئۆمەللەي دەپ تۇرۇۋىدى، ساتتار باغدىن يېنىشنى ئېيتتى.

---

[1] ئالمىنىڭ مەي باغلىغانلىقىنى شەرقىي شىنجاڭدا شۇنداق ئاتايدۇ — ئا.

www.uyghurkitap.com

كۈن مەغرىبكە ئوبدانلا قىيسايغانىدى. ئۈچ يىگىت مەيگە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكباش، ئالما، ئۈزۈم قاچىلانغان تاغار، سېۋەتلەرنى بېسىپ يولغا چىقتى، ئەزىزخان قىزلىرى بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قالدى.

× × ×

مەيە يېزا يولىدا ئىلگىرىلىمەكتە، ئات ئۆزىنىڭ تۇرالغۇسىنى سېغىنغانىدەك سىلىق يورغىلىماقتا. ئېگىزلىقلاردا ئۆتلىغان ماللار قورساقلىرىنى پومپايتىشىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن مەھەللىگە يانماقتا. قۇشقاچلار يول بويىدىكى تېرەكلەردە چۇرۇقلاشسا، قاغىلار ئىككىدىن - ئۈچتىن بولۇپ ئېگىز ئۇچۇپ، ئۆز قونالغۇلىرى تامان ئۇچماقتا.

توختى بۇ بىر كۈنلۈك سەھرا سەيلىسىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەكتە. گۈلسارە بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇش ئۇنىڭ روھىدا بىرخىل شېرىن سېزىم پەيدا قىلغانىدى. ئۇ خۇددى قويلار يېگەن ئوت - چۆپنى قايتا - قايتا كۆشىگەندەك، گۈلسارە بىلەن قوناقلىقتىن يانغان پەيتنى، ئالمىلىق باغدىكى گەپلەشكەنلىكلىرىنى، گۈلسارەنىڭ ئۇنىڭغا ئىككى ئالمىنى ئاتايىن يوللۇق تۇتۇپ قىلغان گەپلىرىنى تەكرار - تەكرار ئېسىگە ئالاتتى ۋە تۇرۇپ - تۇرۇپ قوينىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە سالغان يوغان كۆچا ئالمىسىنى ئېلىپ، پۇراپ - پۇراپ قوياتتى. گۈلسارەنىڭ ئېيتقىنى راست ئىدى، ئالمىنىڭ پۇرىقى پۇرىغان كىشىنى بەكلا لەززەتلەندۈرەتتى.

— ئالمىغا ئاجايىپ ئامراقكەنسىنا توختى، باغدا ئالمىنىڭ بېشىغا چىقىپمۇ يېدىڭ، بىز كۆكباش يېسەك سەن يەنە ئالما يېدىڭ، مانا ئەمدى يول بويى يەنە قولۇڭدىن ئالما چۈشمەيۋاتىدۇ-

-دۇ، — دېدى ساتتار قامچىسىنى ئاتقا قارسىلدىتىپ بىر - ئىككىنى سوققاچ.

— ئالمىنى يېمەيۋاتىمەن، يۇراۋاتىمەن، ئالمىنىڭ پۇرىقى ئاجايىپ مەززىلىك پۇرايدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى توختى.

— چۈنكى، ئۇ مەختۇمسۇلانىڭ[①] ئالمىسىدەك بىرەر مەنىدىن بەلگە - نىشان بېرىدىغان ئالما - دە؟ — دېدى كەم سۆز مەمەت ئېغىز ئېچىپ. ئۇ ئاغىنىسى توختىنىڭ گۈلسارە بىلەن ئالمىلىق باغ ئېچىدىكى ھەرىكەتلىرىدىن بىر شەپىنى سەزگەندەك ئىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ مەختۇمسۇلانىڭ ئالمىسىدەك ئالما؟ بۇ يېڭى گەپقۇ ئەمدى؟! — ساتتار كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قامچىسىنى ئېتىكىدە كۆندىلەك تۇتۇپ ئولتۇردى، — ئېيتقىنا توختى ئاداش، بۇ نېمە گەپ؟ مەمەتنىڭ گېپى راستمۇ؟ — دېدى ساتتار توختىغا قاراپ.

— مەختۇمسۇلانىڭ ئالمىسى دېدىغۇ مەمەت، ئۆزۈڭمۇ ئاڭلىدىڭ مانا، گۈلسارە پەقەت سىڭلىڭىز رايىمانخانغا ئالغاچ كېتىڭ دەپ ئىككى ئالما بەرگەن شۇ، — توختى يالغاننى قاملاشتۇرالماي قىزاردى.

توختىنىڭ قىزارغىنىنى كۆرگەن ساتتار ئۇنىڭغا كىرىشىۋالدى:

— گۈلسارە سېنىڭ سىڭلىڭنى تونۇمىسا، نېمىشقا ئايرىم ئالما بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەزىنخان كىچىك ئاپامنىڭ خالتىلىق قىلىپ بەرگەن ئالمىسى ھەممىمىزنىڭ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشىمىزگە يېتىدىغۇ؟

توختى دۇدۇقلاپ قالدى ھەم قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يالغان ئېيتسا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— دېمىدىمۇ، گۈلسارە بەرگەن ئالما باشقىچە مەنىدىكى

---

① مەختۇمسۇلا — ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى «چىن تۆمۈر باتۇر» دىكى پېرسوناژ — ت.

www.uyghurkitap.com

ئالما دەپ، — مەمەت ساتتارغا ياندىشتى.

— گۈلسارەنىڭ ساڭا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ يۈرمىگەنىدۇ توختى؟ — سورىدى ساتتار يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ.

— ۋايتاڭەي، مەن ئۇقمىدىمغۇ، — توختى خۇپسەنلىك قىلدى.

— ئاڭلاپ تۇر توختى، «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەن چۆچەكتە مەختۇمسۇلا ئۆزىنىڭ تىچ - ئامانلىقىدىن بەلگە - نىشان سۈپىتىدە ئاغىسى چىن تۆمۈر باتۇرغا ئالما ئەۋەتىدۇ. شۇ چاغدا خالتىنى يەتكۈزگۈچى:

ئالما ئاتانىڭ ئالمىسى،
مەختۇمسۇلانىڭ خالتىسى.
مەختۇمسۇلا بولمىسا،
قايدىن كېلۇر ئالمىسى.

دېگەن قوشاقنى ئوقۇپتىكەن. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئالما دېگەن بىرەر مەنىنى، كۆڭۈلنى بىلدۈرۈپ بېرىلىدىغان نەرسە. گۈلسارەنىڭ ساڭا كۆڭلى بار ئوخشايدۇ، — دېدى مەمەت ئۆزىنىڭ گۇمانىنى راستلا چىقارماق بولۇپ.

— شۇنداقمۇ دەيلى، — دېدى توختى ئاغىنىلىرىگە قاراپ، — نەدىمۇ قىز بالا يىگىتكە ئاۋۋال كۆڭۈل ئىزھار قىلىدىغان ئىش بولسۇن؟

— ۋاي ئەخمەق دوستۇم، سەھرانىڭ قىزلىرى تۈرگۈن كېلىدۇ. گۈلسارەنىڭمۇ شەھەرگە كىرسەم دېگەن ئارزۇسى بار، ئۇ ھەر قېتىم بىزنىڭكىگە كەلگەندە ئانام بىلەن شۇنداق گەپلەرنى دېيىشكىنىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. ئۆزۈڭمىغۇ مېھرىڭ ئىسسىق يىگىتسەن، — دېدى ساتتار توختىنىڭ بىقىنىغا نوقۇپ.

— يوقنى ئون قېتىم بار دېسە بار بولىدۇ، دەۋاتاتتى كىشىلەر، سىلەرگە قويۇپ بەرسە ماڭمايدىغان سوقما تامنىمۇ مىنىپ ماڭدۇرۇۋېتىسىلەر جۇمۇ، — دېدى توختىمۇ ئىلاجسىز.

— ھەببەللى، ئەمدى ئىقرار قىلدىڭ توختى ئاداش، ئەگەر ئىش شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئاراڭلاردا ئەلچى ئۆزۈم بولىمەن جۇمۇ؟ — ساتتار توختىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ تۇرۇۋالدى.

— نىكاھ غايىب دەپتىكەن، ئەگەر نېسىپ بولسا......

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ يىگىتنىڭ گېپى بولدى! — دېدى ساتتار كۈلگىنىچە، — ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا گۈل ئۈستىگە گۈل چەككەندەك ئىش بولىدۇ، ئاغىنىنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ قالىمىز ئەمەسمۇ؟!

— ئاغىنىلىرىمىزنىڭ ئىچىدە ئۆيلەنمىگەن سەنلا قالغانىدىڭ ئاداش، بۇمۇ ياخشى بولدى بىر ھېسابتا، سەھرا سەيلىسى ياراشتى. بۇنى ئۇقسا ئاناڭمۇ خۇش بولۇپ كېتەر تايىنلىق؟ — دېدى مەمەتمۇ.

— تېخى ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشقا ئانامنى چۆچۈتۈپ يۈرمەڭلەر ئاغىنىلەر، گۈلسارە بىلەن تېخى تۇنجى ئۇچراشتۇق، يەنە سىنىشىپ باقارمىز تېخى؟ — دېدى توختى.

— خەت ياز، خەت! ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، ئۆزۈم ئەلچى بولىمەن! — ساتتارنىڭ بۇ گېپىدىن ئۈچ ئاغىنە تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ساتتار شۇ خۇشاللىقىدا ئاتقا قارسىلدىتىپ قامچا سوقتى. ئات ئوقۇرەك تاشلاپ چېپىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

## بەشىنچى باب

# خاماندىكى تونۇشۇش

توختىنىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلدى. ئىلگىرى گۈمپا ئۆگىنىشكىلا بېرىلگەن، ئۆيىنىڭ غېمىنىلا يەپ، باشقا ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولماي ئىشلەپ كەلگەن توختى، بۇ قېتىمقى سەھرا سەيلىسىدە گۈلسارە بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ئىشتىن قولى بوشىغان چاغلاردا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىدىغان، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھېلىقى مەشىق ئۆيىگە كىرىپ گۈلسارە بەرگەن ئالمىنى پۇراق چىقىدىغان بولدى. بازار كۈنلىرى بىر ئاماللاپ ۋاقىت چىقىرىپ دۇكان ئارىلاپ، قىزلارغا خاس تارغاق - سۈزگۈچ، ئۇپا - ئەڭلىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. بۇنداق ئىشلار ئىلگىرىدىنلا توختىغا يات ئىدى. نېمە بولدىكىن، توختىدا غەلىتىلىك كۆرۈلدى: ئۇ كېچىلىرى مەشىق ئۆيىدە ئۇخلاپ ياتقاندەك قىلىسىمۇ، خىيالى سەھراغا — گۈلسارەنىڭ يېنىغا يورغىلايدىغان بولدى؛ «تۆمۈر ئالىقان گۈمپىسى» مەشقىدە ئات مىنىش قىياپىتىدە تۇرۇپ، زېھنىنى يىغىپ، بەدىنىگە زېمىننىڭ تېگىدىن ئىككى يول نۇر — ئىسسىقلىقنىڭ تاپاندىن كىرىپ پۇت يۇقىرىلاپ قورساققا، ئاندىن كۆكرەك بويلاپ مۈرە ئارقىلىق بېلەكتىن سىرغىپ ئالىقانغا يېتىپ كەلگەنلىك ھېس - تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدىغان مەشىق قائىدىسى بار ئىدى. لېكىن، توختى

بۇنداق ھېس - تۇيغۇنى ئەمدىلا شەكىللەندۇرەي دېيىشىگە، خۇددى گۈلنى ئەگىگەن كېپىنەك كەبى گۈلسارە ئۇنىڭ خىيالىغا ئۇچۇپ كىرەتتى - دە، ئەمدىلەتىن تىزنىغا چىقاي دېگەن نۇر — ئىسسىقلىق يوقاپ كېتەتتى. قانداق قىلماق كېرەك؟ بۇنداق چاغدا توختى مەشىقنى توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ تەكچىدىكى ئالمىنى ئېلىپ پۇرايتتى. گەرچە، ئالما قۇرۇلۇپ، سۈيى قېچىپ سولىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى توختىنىڭ ۋۇجۇدىغا بىرخىل لەززەت ئاتا قىلاتتى......

توختىنىڭ ئىچىنى دائىم بىرنېمە تاتىلىغاندەك، بېشىدا ھەرقاچان بىرنەرسە ئۇچۇپلا يۈرگەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىلىرى جىنچىراقنى يېقىپ قويۇپ، تورۇسقا قاراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيالغا پاتىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنى بەئەينى ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىپ قالغان بىچارە ھاشاراتتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ تولغىنىپ - تولغىنىپ خىيال دېڭىزىدا ئۈزەتتى......

توختى توساتتىن ساتتارنىڭ «خەت يازغىن، خەت، ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن!» دېگەن گېپىنى يادىغا كەلتۈردى. ئۇ گۈلسارەگە خەت يېزىپ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ، ئىچى تىتىلداشنى پەسەيتمەك بولدى.

تاڭ ئېتىپ دۇكانلار ئېچىلىشى بىلەنلا توختى رەستىدىكى دۇكاندىن قەغەز - قەلەم ئالدى. ئىشتىن چۈشۈشكە تاقىتى - تاق بولدى. كەچمۇ كىردى، توختى مەشىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، كارىۋىتىدا دۈم يېتىپ، جىنچىراغ يورۇقىدا خەت يېزىشقا تۇتۇندى.

خەتنى قانداق يېزىش كېرەك؟ توختى گەرچە ئانىسىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن تۇرپاندىكى تۇغقانلىرىغا بىر - ئىككى پارچە خەت يېزىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن قىز بالىغا خەت يېزىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. توختى جۇرئەتكە كەلدى. ئۇ سالام خەتنى

ياشلىدى:

*ئەنى، جانابىي، ئىززەتلىك، مۇڭداشقىلى مۇڭلۇق، كۆرۈشكىلى ئارزۇلۇق بولغان گۇلسارەگە، بۇ دۇئايى سالام بىزلەر توختىمدىن، نەۋرە ئاكاڭ ساتتاردىن......*

خەتنى شۇ تەرزدە يازغان توختى خەتنىڭ ئاخىرىنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي، خەت يېزىلغان قەغەزنى پۇرلەپ تاشلىدى.

توختى يەنە بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ يەنە يازدى:

*دۇئايى سالام يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، كەڭ سەھرانىڭ سۆزۈك ھاۋاسىدىن قانغۇچە نەپەسلىنىپ، ئالمىلىق باغدا بۇلبۇلدەك پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن گۇلسارەگە، توختىنىڭ ھالى خاراب، باغرى كاۋاپ......*

توختى قەغەزنى يەنە پۇرلەپ تاشلىۋەتتى. قىز بالىغىمۇ ھال ئېيتقان بارمۇ؟ قويە توختى، مۇنداق گەپلەرنى!

توختى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، خۇددى ئۇستىرا كاپلانغاندەك ھالەتتە تولغىنىپ، ئۆرۈلۈپ ياتالمىدى. سۆيگۈ خېتى يازماق ئەجەب تەسكىنا؟ توختىنىڭ يادىغا تويى مەشرىپىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ بېيىت ئېيتىشقىنى كەلدى. «تاپتىم!» دەپ تۈۋلىۋەتتى توختى. بېيىت يېزىپ ئەۋەتىش كېرەك! توغرا، توختى ئۆزى بىر ئۇستا بېيىتچىغۇ؟

توختى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، قەغەزگە چىرايلىق قىلىپ تۆۋەندىكى بېيىتلارنى يازدى:

ئىشىك ئالدى قوش تېرەك،
نېمىشقا يۆلەنگەنسەن.

مېنى مۇنچە كۆيدۈرۈپ،
ئېمىشقا تۆرەلگەنسەن.

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۈم،
كۈن چىقاردا يارنى مەن.
ئايلار ئىزدەپ، يىلدا تاپتىم،
بىر سېنىڭدەك يارنى مەن.

ئىككى كۆزۈڭ ئوخشايدۇ،
چىمەندىكى بۇلاققا.
بىر كۆرۈپ جامالىڭنى،
ئەجەب قالدىم پىراققا.

يارىم چۈشكەن مەپىنىڭ،
سايىۋىنى يوق ئىكەن.
يارنىڭ ھەربىر قارىشى،
ماڭا ئاتقان ئوق ئىكەن.

ئۆستەڭ ياقىلاپ مېڭىپ.
يول يىراق قونۇپ قالدىم.
سەن يارىمنىڭ دەردىدە،
سەۋدايى بولۇپ قالدىم.

توختى خەتنى يېزىپ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ قالدى. خەتنى قاتلاپ ئەۋەتىش كېرەكمۇ؟ ياق، خەتنى ئاپارغۇچى خەتنى ئوقۇۋالسا مازاقلاپ يۈرمىسۇن. قانداق قىلىش كېرەك؟ تۈگۈنچەككە

www.uyghurkitap.com

تۆگۈش كېرەك.

توختى ئەتىسى كىچىكرەك خالتا راسلىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە توختىنىڭ گۈلسارەگە ئاتاپ ئالغان ئۇپا -ئەڭلىكى، يارغاق - سۆزگۈچى ۋە ئاخشام پۈتكەن خېتى بار ئىدى. توختى سەھەردىلا ساتتارنى ئىزدەپ، ئۇ كىراكەشلىك قىلىدىغان جايغا كەلدى. ساتتارمۇ مەپىسىنى قوشۇپ ئەمدى كېلىپ تۇراتتى.

— سەنتۇڭغا بىر بېرىپ كېلەمسەن ئاداش؟— دېدى توختى ساتتارغا قاراپ.

ساتتار توختىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، توختىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق، ئىنتىزارلىق ھەم خىجىللىق ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك قىلدى. ساتتار توختىنىڭ كۆزىدىن نۇرغۇن مەنىنى چۈشەنگەندەك بولدى - دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— جېنىم بىلەن دوستۇم، مانا ھازىرلا ماڭدىم!— دېدى ساتتار ئېتىنىڭ بېشىنى سەنتۇڭ تەرەپكە بۇراپ قارسىلىتىپ ئىككى قامچا سوقتى. مەپىگە قوشۇلغان ئات قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭشىتقان پېتى يورۇپ كەتتى.

× × ×

ساتتار ھاماچىسىنىڭ ئۆيىگە:«سەنتۇڭ تەرەپكە كىرا تارتىپ كېلىۋېدىم» دەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مەپىنى ھويلىغا ئەكىرىپ ئاتنى چىقارمايلا، ئېغىل تەرەپتىكى ئوقۇرغا باغلىدى ۋە ئۆگزىدىن ئارا بىلەن بىر باغلام ئوتنى ئېلىپ ئالدىغا تاشلىدى.

ئۆيدىكى چوڭلار ئېتىزغا كەتكەن، ئۆيدە گۈلسارە بىلەن كىچىك سىڭلىسى كۆممىقوناق دانلىرىنى مەدەكتىن سىيرىۋاتقانىدى.

— خۇش كەپسەن ساتتار ئاكا،— گۈلسارە سىڭلىسى بىلەن

يۇگـۈرۈپ كەلـدى،ــ چـوڭ ئانـاملار تـىچ - ئامـانچىلىقمۇ؟ــ دەپ ئامانلىق سورىدى.

ساتتار قامچىسىنى ھەپىنىڭ قامچا سېپى سالىدىغان كىچىك نوكەش تۆمۈرىگە سېپىپ قويۇپ، قولىغا توختى ئەۋەتكەن خالتىنى ئېلىپ ئۆي تەرەپكە ماڭغاچ:

ــ چوڭ ئاناڭ تىچ - ئامان تۇرۇۋاتىدۇ گۈلسارە، باشقىلارنى سورىمايسەنغۇ؟ــ دېدى گۈلسارەگە مەنىلىك قاراپ.

گۈلسارە چېچەن قىز ئىدى. ئۇ نەۋرە ئاكىسىنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە شۇ ھامان يەتتى - دە، ۋىللىدە قىزاردى.

ــ مەمەت ئاكام، توختى ئاكاملارمۇ تىچ - ئامان تۇرغاندۇ؟

ــ تىچ - ئامان تۇردى. توختى ئاكاڭ بىلەن بۇ ياققا ماڭغۇچە كۆرۈشۈۋىدىم، ئۇ ساڭا ماۋۇ خالتىنى ئەۋەتتى،ــ دېدى ساتتار قولىدىكى كىچىك خالتىنى گۈلسارەگە تەڭلەپ،ــ مەن كۆزۈمنى ئازراق يۇمۇۋالاي، چارچاپ قالغان ئوخشايمان. سەن چاي دەملەپ بولۇپ ئاندىن مېنى ئويغاتقىن جۇمۇ، گۈلسارە، مەن ھېلىلا قايتمىسام بولمايدۇ.

ــ بولىدۇ ساتتار ئاكا، مەن ھازىرلا ئوچاققا ئوت ياقاي.

ــ ئالدىراپمۇ كەتمە ئانچە، ــ دېدى ساتتار ئۆيگە كىرگەچ.

گۈلسارە چايخانا تەرەپكە بېرىپ خالتىنى ئالدىراپ ئاچتى. سىڭلىسى چۈۋۈلدىغىنىچە گۈلسارەنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

ــ نېمە باركەن ئايلا، ماڭىمۇ بەرگىنە؟

ــ مە، ئالە، ماڭ چىقىپ ھويلىدا ئويناپ تۇر! ــ گۈلسارە خالتا ئىچىدىن چىققان كىچىككىنە ئەينەكنى سىڭلىسىغا تۇتقۇزدى. سىڭلىسى ئەينەكنى ئېلىپ ئۆز چىرايىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە پىلدىڭلىغىنىچە سىرتقا ماڭدى.

ــ دوستۇم ئاسىيەگە كۆرسىتىمەن بۇنى ئايلا!

ــ يوقـاپلا كەتمە! ئاسىيە بىلەن مۇشۇ ھويلىدا ئويناڭلار!

www.uyghurkitap.com

بولمىسا توخۇلار كىرىپ قوناقلارنى يەپ كېتىدۇ!

— بولىدۇ ئايلا! — گۈلسارەنىڭ سىڭلىسى ھويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراپ جاۋاب بەردى.

گۈلسارە خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى! توختىلار بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن، گۈلسارەمۇ پات - پاتلا مەھەللە كوچىسىغا چىقىپ گۈچۈك بازىرى تەرەپكە قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. قانداقتۇر بىرخىل كۈچ ئۇنى شەھەر تەرەپكە سۆرەۋاتقاندەك قىلاتتى. گۈلسارەنىڭ ئانىسى ئەزىنخان قىزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بىرنەرسىنى سەزگەندەك ئىدى. دانىشمەنلەر ئېيتقان ئەمەسمۇ: «قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق» دەپ، قىز - ئوغۇل چوڭ بولسا ئاتا - ئانا دېگەن سەگەك بولىدىغان گەپكەن شۇ. چۈنكى، باللار «ئۇچۇرۇم» بولغاندا، ئۇلارنىڭ قايسى «دەرەخ» تۇۋىگە، قايسى «كۆل» بويىغا ئۇچۇپ چۈشىدىغىنىنى ئاتا - ئانا بايقاپ تۇرۇشى كېرەك - دە؟!

گۈلسارە خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، خەت يېزىلغان قەغەزنى يۈرىكىگە بېسىپ كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم تۇردى. قەغەزدىكى قۇشاقلارغا جان كىرگەندەك، بۇ قوشاقلار خۇددى توختىنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدەك بىلىندى، ئۇنىڭ يۈرىكى «گۈپ - گۈپ» قىلىپ سوقۇشقا باشلىدى. جاۋاب ياندۇرۇش كېرەك! ئۇ شۇ قارارغا كەلدى.

گۈلسارەنىڭ شەھەردە ياشاشقا مەيلى بولغاچقىمىن ياكى توختىنىڭ سېھىرلىك كۈچكە ئىگە كۆزلىرىنىڭ قارىشىدىنمىكىن، ئۇمۇ مۇشۇ كۈنلەردە خۇددى قۇياشقا باقىدىغان ئاپتاپپەرەستەك بولۇپ قالدى. ئۇ پات - پاتلا گۈچۈك بازىرى تەرەپكە ئۇزاق - ئۇزاق تىكىلىپ قارايدىغان، شۇ تەرەپكە مايىل گەپلەرگە قۇلاق سىڭشايدىغان بولۇپ قالغانىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈلسارە شېرلاپ مىڭىپ قەغەز ـ قەلەم تېپىپ خەت يېزىشقا كىرىشمەك بولدى. لېكىن، ئۇمۇ توختىغا ئوخشاشلا گەپنى نەدىن، قانداق باشلاشنى بىلەلمەي، بىردەم تېڭىرقاپ تۇردى ـ دە، «بىر قاقشا بىر قاق» دېگەندەك، ئۇمۇ بېيىت يېزىپ ئەۋەتىشنى، توختى ئاكىسى قانداق تەرزدە يازغان بولسا، ئۆزىمۇ شۇنداق تەرزدە يېزىشنى لايىق تاپتى ـ دە، سەل خىيال سۈرۈۋالغاندىن كېيىن تۆۋەندىكى بېيىتلارنى يازدى:

شىلدىر ـ شىلدىر سۇ بىلەن،
ئۆزۈپ كەلدى ئاق ئۆردەك.
يارنىڭ خېتىنى كۆرۈپ،
تىترەپ كەتتى بۇ يۈرەك.

تىككەن دوپپام تالالىق،
يارارمىكىن يارىمغا.
يارنىڭ قىلغان گەپلىرى،
تەگدى يۈرەك تارىمغا.

كاككۇك كەلدى سايرىدى،
بۇ يارنىڭ خەۋىرىمۇ؟
ياتسام ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
بۇ يارنىڭ خۇمارىمۇ؟

باردىم دەريا كەچكىلى،
ئولتۇردۇم سۇ ئىچكىلى.
سەن يادىمغا يەتكەندە،
قاناتىم يوق ئۇچقىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېكىتى

ئۆستەڭنى چىپىپ قويدۇق،
سۇ ئەمدى تولۇپ ئاقسۇن.
يارغا يار كېرەك بولسا،
يارمۇ بىر كېلىپ باقسۇن.

گۈلسارەنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيگۈ بىيىتلىرى قايناپ ـ قايناپ چىققىلى تۇردى. بىراق، ئۇنىڭ قەغىزى تۈگەپ قالدى. ئۇ خەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا ئۇششاق قىلىپ مۇنداق يازدى:
«كېلەر جۇمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مەن چوڭ يول بويىدىكى دەرەخلىقتە ساقلايمەن.»

گۈلسارە خەتنى پۈكلەپ توختى ئەۋەتكەن خالتىغا سالدى ۋە ئۇ خالتىغا ياڭاق، ئۆرۈك قېقى سېلىپ خالتىنى توشتۇردى. خالتىنىڭ ئاغزىنى تىكىپ راسلاپ بولۇپ، چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلدى.

ساتتار چاينى چالا ـ بۇلا ئىچىپلا «ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، ئاتاڭ بىلەن ئاناڭغا مېنى يول ئۆتە كىرىپ كەتتى دەپ قويارسەن» دەپلا، گۈلسارەنىڭ خالتىسىنى ئېلىپ شەھەر تامان يۈرۈپ كەتتى.

توختى گۈلسارەنىڭ خالتىسىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ خالتا قىلىنغان ياڭاق، ئۆرۈك قېقىنى بىرمۇبىر پۇراپ چىقتى. گەرچە بۇ قۇرۇق مېۋىلەردىن ئانچە خۇشبۇي پۇراق چىقمىسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا گۈلسارەنىڭ قولىنىڭ ھىدىنى ھىدلىغىلى بولاتتى. توختى ياڭاق بىلەن ئۆرۈك قېقىنى بىيىشكە كۆزى قىيماي، ئۇنى پەنجىر تەكچىسىگە قاتار قىلىپ تىزىپ قويدى.

تـوختى كـۆن ساناشـقا ئـۆتتى. چۈنكى، ئـۇ بـۇداقى جۈمەدە گۈلسارەنى كۆرگىلى سەنتۇك تەرەپكە باراتتى......

× × ×

جۈمە كۈنىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كـۈتكەن تـوختى سـەھەردىلا مەشـىقنى تۈگىتىـپ، رەسـتىگە چىقتـى. سامسـىپەزنىڭ تـۈنجى تونـۇر سامسـىسىدىن ئـوننى بىلىـدىكى پوتـىسىغا تۈگـۈپ، سەنتۇك تامان يۈرۈپ كەتتـى. سـەنتۇك بىـلەن گۇچـۇك بازىرىنىـڭ ئارىلىقى ئون - ئون ئىككى چاقىرىمچە كېلەتتـى. تـوختى سـەھرا تـەرەپتىن جـۈمە بازىرىغـا كىرىۋاتقـان سـۆكەن ئارتقـان ئېـشەكلەر، كاۋا - قاپاق، قوغۇن - تاۋۇز باسقان كالا، تـۆگە، ئـات - قېچىـر قوشۇلغان هارۋىلارنى تېز - تېز ئەگىپ - يانداپ، سەنتۇك تامـان غۇيۇلداپ ماڭماقتا. يولدىن كېسىشىپ ئۆتۈۋاتقان ماللار ئارىسىدىنمۇ خۇددى موكىدەك ئۆتۈپ، بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتا سـەنتۇڭغا يېتىـپ كەلـدى. دېگەنــدەك، گۈلـسارە چـوڭ يـول بويىــدىكى بۈككىــدە ئۆسكەن دەرەخلىق ياقىسىدا توختىنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

— مۇبـارەك بولـسۇن قەدەملىرىڭىـزگە، تـوختى ئاكـا، ئـۆي ئىچى تىنچلىقمۇ، ساتتار ئاكاملار، مەمەت ئاكاملار تىچ - ئامـانمۇ؟— گۈلسارە كۈلۈپ تۇرۇپ تىنچلىق سورىدى.

— تىچلىـق - ئامـانلىق، ئـۇلار سـاڭا سـالام ئېيتتـى. ئاتـاڭ، ئاناڭ، سىڭىللىرىڭ تىچ - ئامانمۇ؟— توختىمۇ جـاۋابەن سـالام - سەھەت قىلدى.

— هەممىـسى ئوبـدان تۇرۇۋاتـىدۇ، رەهـمەت تـوختى ئاكـا، ئەهۋال سورىغىنىڭىزغا هەم مېنى يوقلاپ چىققىنىڭىزغا.

— يـوقلاپ چىقمىـسام بـولامتى ئەمىـسە، خېتىڭـدە قـانىتىم بولغـان بولـسا قېشىڭغا ئۇچـۇپ بـاراتتىم دەپتىكەنـسەن ئەمەسـمۇ،

ئوغۇل بالا تۇرۇپ مەن كەلمىسەم بولامدۇ؟ — توختى گۈلسارە بىلەن چىقىشتى.

— ئۆزىڭىز يازغان خېتىڭىزدە «سەۋدايى بولۇپ قالدىم» دەپتىكەنسىز، شۇڭا قانىتىم بولسا ئۇچۇپ باراتتىم دېدىم شۇ. — گۈلسارەمۇ بوش كەلمىدى.

— شۇنداق دېمىسەم جۇمە كۈنى كەل دېمەيتتىڭ - دە؟! — توختى بىلەن گۈلسارە شۇنداق گەپلەشكەچ، دەرەخلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئېرىق يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. ئېرىقتا سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. توختى پوتىسىنى يېشىپ داستىخان قىلدى ۋە سامسىلارنى گۈلسارەنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ:

— سامسىلاردىن ئالە گۈلسارە، ئانچە سوۋۇپ كەتمەپتۇ، — دېدى.

— بىرگە ئالىلى، تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر دەپتىكەن، — گۈلسارە سامسىدىن بىرنى ئېلىپ توختىغا تەڭلىدى.

ئۇلار سامسا يېگەچ پاراڭلاشتى. توختى ئاۋۋال سۆز باشلىدى:

— گۈلسارە، تەقدىر - قىسمەت بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، مەن سېنى كۆرۈپلا ئۆزۈمدە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل تۇيغۇنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزدىم. شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن سېنىڭ تۇرقۇڭ - سىيمايىڭ كۆز ئۇڭۇمدىن نېرى كەتمىدى. كېچىسى ياتسام چۈشۈمدىن، كۈندۈزى خىيالىمدىن ھېچ كەتمىدىڭ. سۆيگۈ دېگەن نەرسە شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ......

گۈلسارە بىرتال تەرمەچ بىلەن يەرنى جىجاپ ئولتۇردى. توختى گۈلسارەنىڭ باش كۆتۈرمەي ئولتۇرغىنىغا قاراپ سەل ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ماقۇل كەلمىسە ئوچۇقىنى دەۋەرگىن، گۈلسارە؟



www.uyghurkitap.com

گۈلسارە بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك، بېشىنى كۆتۈردى ۋە ۋىللىدە قىزارغان پېتى توختىغا قارىدى:

— سىلەر كېلىپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ پات - پاتلا گۈچۈك يازىرى تەرەپكە قارايدىغان بولۇپ قالدىم. سىزنىڭ «شەھەرگە ئەكىرىپ كەتسەك كىرەمسەن؟» دېگەن گېپىڭىز هازىرمۇ قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى. ئەگەر نېسىپ بولسا......

— ئەگەر نېسىپ بولسا شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىمەن شۇنداقمۇ؟ — توختى گۈلسارەنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى كېسىپلا سورىدى.

گۈلسارە بېشىنى لىڭشىتتى. توختى ئورنىدىن خۇددى توشقانغا ئېتىلغان تايغاندەك قوزغالدى - دە، گۈلسارەنى شۇنداق چاققانلىق بىلەن گويا كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى:

— ماقۇل بولدۇڭمۇ گۈلسارە؟ — توختى ئۇنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

گۈلسارە چۆچۈپ كەتتى. ئۇ توختىنىڭ چاڭگىلىدا بەئەينى سانىڭ چاڭگىلىدىكى چۈجىدەك پىلتىڭلايتتى.

— قولىلىرىمنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز توختى ئاكا، چاپسان قويۇۋېتىڭە؟! — گۈلسارە نالە قىلىپ تىپىرلىدى.

توختى شۇندىلا ئۆزىنىڭ قوپاللىق قىلغىنىنى سەزدى - دە، گۈلسارەنى يەرگە ئاۋايلاپقىنا قويۇپ:

— كەچۈر گۈلسارە، خۇشلۇقىمدا ئۆزۈمنى تۇتالماي قوپاللىق قىلىپ قويۇپتىمەن، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— قولىلىرىڭىز نېمىدېگەن كۈچلۈك ھەم قاتتىق سىزنىڭ، تاسلا قالدىڭىز مېنى ئوينىغۇچنى[①] مىجىغاندەك مىجىۋەتكىلى، —

[①] چىلگە قوغۇنى شەرقىي شىنجاڭدا شۇنداق ئاتايدۇ — ئا.

www.uyghurkitap.com

گۈلسارە بىلەكلىرىنى، بەل، قولتۇقلىرىنى سىلاشتۇردى.

توختى ئۆز جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

— مەن بىر ئاتىسى يوق يېتىم ئوغۇلمەن، ئۆيدە ئانام بىلەن ئەمدىلا ئون ياشقا كىرگەن سىڭلىم بار. ئەگەر ئىككىمىز ئىرادە - تەقدىر بىلەن توي قىلماق بولساق، ئاتا - ئاناڭ مېنى يالاڭتۆش گادايكەن دەپ، سېنى بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالۇرمۇ گۈلسارە؟

— مېنىڭ ئاتا - ئانام خېلى ئىنسابلىق كىشىلەر، ئۇنداق دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بەش بالىنىڭ ھەممىسىلا قىز. سىزدەك بىر يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسا، ئاتا - ئانام خۇش بولماي قالاتتىمۇ؟

— ئىلاھىم شۇنداق بولماي، — دېدى توختى. ئۇ يەنە قانداقتۇر بىرگەپ كەم بولۇپ قالغاندەك، گۈلسارەگە قاراپ قويۇپ مۇنداق دېدى:

— بىز باللارنىڭ ھەممىمىز قىز بالا دەيسەن گۈلسارە، ئاتاڭ مېنى كۈيئوغۇلچىلاپ ئەكىرىۋالىمەن، دەپ يۈرمەيدىغاندۇ - ھە؟

گۈلسارە كۈلۈپ كەتتى. ئۇ قاشلىرىنى ئېگىز - پەس قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر شۇنداق دەپ قالسا بىزدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى سىنچى كۆزلىرى بىلەن توختىغا قاراپ.

توختى گەپ ياساپ ئولتۇرماستىن تۈزلا ئېيتتى:

— باشتىكى گېپىمىز سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ كېتىشتىن باشلانغانغۇ؟

— شۇنداق، — گۈلسارە قىسقىلا جاۋاب بەردى.

— ئەمىسە سېنى شەھەرگە كېلىن قىلىپ يۆتكىسەكلا ئىش تۈگەيدىكەنغۇ؟!

— توغرا ئېيتتىڭىز توختى ئاكا، ئىش شۇنداق بولىدۇ،

ئەنسىرەپ كەتمەك.

— هە مانا، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ گۈلسارە، — دېدى توختى. يەنە قانداقتۇر بىر گەپنى دېگۈسى كېلىپ گۈلسارەگە قارىدى. گۈلسارە ئەمدى ئانچە قورۇنۇپ كەتمىگەن هالدا توختىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. توختى يەنە ئېغىز ئاچتى:

— گۈلسارە، سەن شەهەرنىڭ نېمىسىنى ياقتۇرۇپ قالدىڭ؟

— شەهەر دېگەندە سودا - سېتىق ئۈچۈن كەلگەن هەر يەر - هەر يەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ، — دېدى گۈلسارە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئۇلار بىلەن هەمسۆهبەتتە بولۇپ، هەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئەهۋالىدىن خەۋەردار بولغىلى بولىدۇ؛ شەهەر دېگەندە ئۆلىمالار كۆپ، ئوقۇي دېسە ئىمكان تېپىلىدۇ. يەنە هۈنەر - كاسىپ ئىگىسى كۆپ، خالىغان هۈنەرنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. پۇلى بارلىكى ئادەمگە ئىزدىگىنىنىڭ هەممىسى، مەسىلەن، توخۇ سۈتى بىلەن ئىشەك مۈڭگۈزىدىن باشقا هەممە نەرسە تېپىلىدۇ. سەهرادا ياشىسا ئادەم خۇددى كۆلچەكتىكى پاقىدەك «ئاسمانىنىڭ ئاستى مۇشۇلا» دەپ ياشايدىغان گەپ. بۇ سەهرايى قىيامەتتە سەهرا قىزلىرى خۇددى سېرىقچېچەكتەك ئېچىلىپ، تۇزىنقى تۇزۇپلا تۇگەيدۇ. ئوغۇللىرى بولسا كەتمەن بىلەن شىللىسگە ئۆزى توپا چېچىپلا ئۆمرى ئۆتىدۇ. جاهاننى بىلىپ ياشاي دېگەن ئادەمگە شەهەر ياخشى، ئەلۋەتتە.

— ماڭا مۇشۇ گېپىڭ كۇپايە گۈلسارە، گېرى كەلگەندە سەن سەهرا گۈلىنى شەهەرگە كۆچۈرۈپ «تەشتەك» تە باقۇرمىز، كۆنەرسەنمۇ؟

— ئۆزۈم خالىغان يەرگە ئەلۋەتتە كۆنىمەن - دە!

— ئىلاهىم شۇنداق بولغاي!

توختى بىلەن گۈلسارە شۇنچىلىك سۆزلىشىپ خوشلاشتى.

گۇلسارە ئۆيى تامان كەتتى. توختى جۇمەگىچە شەھەرگە كىرىپ ئۆلگۈرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، ئىلگىرى ئۆزى يالا ۋاقتىدا لاۋما خۇرجاغا يىللىقچى بولغاندا مال باققان يەرلەرنى كۆرگەچ قايتماق بولۇپ، يولنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ مېڭىپ كەتتى.

× × ×

لاۋما خۇرجانىڭ ئېتىزلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش كەتكەن بولۇپ، مەھەللىگە يېقىن يەردە چوڭ خامان بار ئىدى. توختى يىراقتىنلا خاماندا بىرنەچچە ئادەمنىڭ بىرنېمىلەر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە ئىتتىك ـ ئىتتىك چامدىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە، خاماندىكى ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزى بىلەن بىرقانچە يىل ئىلگىرى بىرگە يىللىقچىلىقتا تۇرغانلار بولسا كۆرۈشۈپ ئۆتۈش ئىدى. توختى خامانغا يېقىنلاپ كېلىشكە خاماندىن: «ۋاي قۇتقۇزۇڭلار! ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بولدى!» دېگەن نالە ـ پەرياد ئاڭلاندى. توختى ئىككى چامدامنى بىر قىلىپ دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېلىۋىدى، لاۋما خۇرجانىڭ كەنجى ئوغلى مالاۋۇنىڭ گەنسۇلۇق يىللىقچى ماچىڭگۈينى ئەپكەش بىلەن ھەدەپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا بېرىپ ئەپكەشنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتىۋالدى. مالاۋۇ ئەپكەشنى توختىنىڭ تۆمۈر قىسقۇچتەك قولىدىن تارتىپ ئالالماي، ئاچچىقىدا توختىغا مۇشت ـ پەشۋا ياغدۇردى. توختى ئۇنىڭ ھەربىر مۇشت، تېپىكىنى ئۆزىگە تەگكۈزمىدى. بىرھازا ئاتقان مۇشت ـ تېپىكلىرىنىڭ بىكارغا كەتكىنىنى كۆرگەن مالاۋۇ بايۋەچچە ئۇرۇشتىن يالتىيىپ، توختىغا قاراپ شالىنى چېچىشقا باشلىدى:

ـــ نەدىن پەيدا بولغان شۇمقۇشسەن؟ بىكاردىن ـ بىكارغا

نېمىدەپ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىسەن؟ — مالاۋۇنىڭ ئاچچىقتا يۈزلىرى ئېسىلىپ، كۆزلىرى قىزارغانىدى.

— ماچىگگۈينى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ — توختى سۈرلۈك قىياپەتتە سورىدى.

مالاۋۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە توختىغا قارىدى، ئۇ ناتونۇش بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئۆيىدىكى خۇيزۇ يىللىقچىنى تونۇغانلىقىغا ھەيران قالغانىدى.

— سەن ماچىگگۈينى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن.

— قانداق تونۇيسەن؟

— ھەي بايۋەچچە، مېنى تونۇمىدىڭمۇ؟ مەن ئون يىل ئىلگىرى سىلەرنىڭ قورۇقتا يىللىقچى بولۇپ ئىككى يىل تۇرغانمەن، ئىسمىم توختى.

مالاۋۇ توختىغا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنىڭ يۈز - چىرايىدىن سەل تونۇغاندەك قىلدى. لېكىن، ئون يىل ئىلگىرىكى بىر يېتىم بالىنىڭ مۇنداق بەستلىك، قاۋۇل ھەم مۇشت - پەشۋانىڭ بىرىنىمۇ ئۆزىگە تەگكۈزمىگۈدەك چەبدەس يىگىت بولۇپ كەتكىنىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، مەنىستىمىگەندەك قىياپەتتە:

— سەن ھېلىقى يېتىم ھارامزادە توختى شۇمۇ؟ — دېدى. توختىنىڭ غۇررىدە ئاچچىقى كەلدى:

— سەن بايۋەچچە تېخىچە يىللىقچىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان يامان ئادىتىڭنى تاشلىماپسەن - دە؟

— سەندەك گادايلارغا تىل - تاياق دورا! — مالاۋۇنىڭ ئاغزىدىن شۇ گەپ چىقىشى بىلەن تەڭلا خۇددى كىرىپچىن ئايرىلغان ئۇقيادەك تېزلىكتە ئېتىلغان بىر مۇشت بىلەن مالاۋۇ ئوگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن مۈشۈكتەك ئىرغىپ

قوپۇپ توختىغا ئېتىلدى. توختى ئۇنىڭ ئاتقان مۇشتىنى شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن رەتلەپ قايتۇرۇپ تۇردى ۋە بىرقانچە رەتلىشىشتىن كېيىن توختى مالاۋۇنى تۈيدۈرماستىن يانپاشقا كەلتۈرۈپ يەرگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، مالاۋۇ ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. نېرىراقتا قوللىرىدا ئارا تۇتۇپ تۇرغان يىللىقچىلار ئارىلىرىنى تاشلاپ كېلىپ بايۋەچچىنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى، مالاۋۇ ئورنىدىن مىڭ تەستە تۇردى. ئۇنىڭ ئەمدى توختى بىلەن ئېلىشقۇدەك هالى قالمىغانىدى. ئۇ «خەپ توختاپ تۇر!» دېدى ـ دە، توختىغا ئالىيىپ قاراپ، خۇددى تۇغۇتتىن يېڭى قوپقان خوتۇندەك، يەرنى ئاۋايلاپ دەسسىگىنىچە قوروق تامان كېتىپ قالدى.

توختى ماچىڭگۈيگە قارىدى. ئۇ بىر چەتتە تېخىچىلا ۋايجانلاپ تۇراتتى. توختى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى:

ــ سېنى بايۋەچچە نېمىشقا ئۇردى؟

ــ مېنى ئەسلىدە لاۋما خورجا «ياشقا چوڭ بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى سەن ئېغىر ئىشلارنى قىلماي، خامانغا قارىغىن» دېۋىدى، خامانغا قارىدىم. نەچچە كۈن ئىلگىرى ياغقان يامغۇر بۇغداي باغلىرىنى هۆل قىلىۋېتىپتىكەن، «سەن ئارا بىلەن باغلىقلارنى ئۆرۈپ ئاپتاپقا سالماپسەن» دەپ ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. لاۋما خورجا ماڭا باغلىقلارنى ئارا بىلەن ئۆرۈپ قويغىن دېمىگەن تۇرسا، ــ ماچىڭگۈي يىغلامسىراپ، باياتىن تاياق تەگكەن يەرلىرىنى سىلاشتۇرۇپ، ئەھۋالنى توختىغا ئېيتىپ بەردى.

ماچىڭگۈي ئەسلى گەنسۇلۇق بولۇپ، ھازىر يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بىر كونا يىللىقچى ئىدى. ئۇ قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەندە يۇرتىدىن بۇ يەرگە كېلىپ، لاۋما خورجانىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالغان. ئۇ بالىچاقىسى ياكى بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق تىنكەندەكلا بىر ئادەم ئىدى. ئۇ گەرچە ئىشنى ئوبدان قىلسىمۇ،

مىجەزى سەل غەلىتە ئىدى. بۇ ئادەم لاۋما خۇرجاننىڭ ئېيتقىنىنى بەجانىدىل ئورۇنلايتتى. ئېيتمىغان ئىشنى ھەرگىزمۇ قىلمايتتى. ئۇ جورۇققا كۆنۈپ كەتكەن يىللىقچى بولۇپ، تاپشۇرغان ئىشنى خۇددى جۇۋازغا قېتىلغان كالىدەك، بىرخىل ئۇسۇلدا ئىشلەۋېرەتتى. يەنە كېلىپ، لاۋما خۇرجاننىڭ گېپىنى قەتئىي يىرمايدۇكى، لېكىن مالاۋسى بىلەن مالاۋۇ بايۋەچچىلەرنىڭ گېپىنى ھەرگىزمۇ ئاڭلىمايتتى. ئاتىسى بىرياقلارغا كەتكەندە مالاۋۇ بىلەن مالاۋسى ئىگىلىك ئىشلىرىغا قارىشاتتى. مۇنداق چاغلاردىمۇ ماچىڭگوي بايۋەچچىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى. شۇ سەۋەبتىن بايۋەچچىلەر ئۇنى «ھوي جاھىل كالا» دەپ تىللاپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ ئىندەككە كەلتۈرمەك بولاتتى. ئەمما، ماچىڭگوي تاياق يېيىشكە رازى ئىدىكى، مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىدى.

— ئۆزۈڭگىدىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ بۇرادەر، ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى باشقىلار ئېيتمىسىمۇ ئۆزۈڭ بىلىپ قىلىشىڭ كېرەك - دە! — دېدى توختى ماچىڭگويغا قاراپ.

— راس شۇنداق بولدى، مالاۋۇ يۇرادەر بىزنى بۇغداي باغلىقلىرىنى ئۆرۈپ، ئاپتاپقا سېلىشقا ئەكېلىۋىدى، بۇغدايلارنى ئۆرۈسەك، تېگى كۆكىرىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى باياتىن ياندا قارىشىپ تۇرغان ئىشلەمچى بۇرادەرلەر.

ماچىڭگوي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە لام - جىم دېمەي تۇراتتى. ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. توختى ناھەقچىلىقنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايتتى. بولۇپمۇ كەمبەغەل، مۇساپىر، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بىچارە ھالىتىگە چىدىمايتتى. يامانلار ياۋاشلارنى بوزەك قىلسا تېخىمۇ چىدىمايتتى. «بۇ جاھان نېمىشقا ئۇنداق تەڭسىز جاھاندۇ؟ بايلىرى كەمبەغەللەرنى ئات - ئېشەكنىڭ ئورنىدا كۆرۈشىدۇ. ئەسلا بەگ

چوڭ ئاتامنىڭ دېھقانلار تەرىپىدە تۇرۇپ، ئادالەت ياقلىدىم، دېگىنى مۇشۇنداق ناھەقچىلىق ئىشلارغا چىدىماي، كەمبەغەللەرگە چاپان ياپقىنى ئوخشىمامدۇ؟......» توختى خامىنىدىن ئايرىلىپ، شەھەر تامان يۈرۈپ كەتتى.



## ئالتىنچى باب

# مەشرەپتىن يانغاندا

روزى قاسساپنىڭ ئوغلى مامۇت يىگىرمە تۆت ياشقا كىرگەنـدە ئانـدىـن تـوي قىلـدى. ئاتىـسى يۇرت ئىچىـدە ئـۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىنىـڭ قىزلىرىنـى سوراپ قـانچە قېتىملاپ بوسۇغا ئاتلىغان بولسىمۇ، تـۇزۇكرەك لايىـق چىقمىـدى. گەرچە، يېقىن - يـورۇقلار روزى قاسـساپنىڭ يـۈز - ھـۆرمىتىگە ھەم ئۇنىـڭ قـول ئىلكىدە بارلىقىغا قاراپ قـۇدا چۇشۇشكە ماقۇل كەلگەن بولسىمۇ، ھاكاۋۇر شەھەر قىزلىرى «سۆلكىتى يوق، دوراخ شوتىسىدەك ئورۇق ھەم ئىگىز» دېگەن باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، مامۇتنى ياراتمىـدى. ئامالـسىز قالغـان روزى قاسـساپ مورىنىـڭ بىـر يېزىـسىدىكى تۇغقىنىنىڭ قىزىنى كېلىن قىلىشقا مەجبۇر بولـدى. گەرچە مامۇت «قىـرى يىگىـت»[①] بولـۇپ تـوي قىلغـان بولـسىمۇ روزى قاسـساپ توينى چوڭ قىلدى، ئۇ كالا ھەم قـوي سـويۇپ، يـۇرت جامائىتىنى ئالا قويماي تويغا چـاقىردى. مامۇتمۇ ئاتىـسىنىڭ ئېيتقىنـى بويىچە ئۆزىنىـڭ قۇرداشـلىرىدىن باشـقا، تـوي قىلىـپ بولغـان ساتتار،

---

[①] بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلار يىگىتلەرنى ئون يەتتە - ئون سەككىز ياش، قىزلارنى ئون بەش - ئون ئالتە ياشتىلا توي قىلدۇرۇپەتتى. شۇ ياشتىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى «قىرى يىگىت»، «قىرى قىز» دېيىشىپ، سۆز - چۆچەك قىلىشاتتى — ئا.

مەمەتتەكلەرنى توي مەشرىپىگە چاقىرغاندىن باشقا، توختىبىدەك تېخى توي قىلمىغان «بوز يىگىت» لەرنىمۇ تويغا چاقىردى. بۇ تويغا ئىككى كۈن ئىلگىرى شەھەرگە كىرگەن گۈلسارەمۇ قاتنىششقا مۇشەررەپ بولدى. ئۇ ساتتار ئاكىسىنىڭ ئايالى رەيتۇنە بىلەن توي مەشرىپىگە كەلدى.

روزى قاسساپ هويلىسىدىكى يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆينى يىگىتلەرنىڭ كەچلىك مەشرىپى[1] ئۈچۈن ھازىرلاپ بەرگەنىدى. چوغدەك گىلەملەر سېلىنغان ئۆي پەنجىر تەكچىلىرىگە ۋە مەخسۇس شامدانلارغا يېقىلغان يوغان شاملار بىلەن يورۇتۇلغانىدى. سازەندىلەر تويى بولغان قىز - يىگىتنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. يىگىتبېشى ساتتار ئىدى. بىردەمدىلا ئۆي ئىچى قىز - يىگىتكە لىق تولدى. ئويۇن باشلاندى.

دەسلەپتە سازەندىلەر تۇرپان ناخشىلىرىدىن «دەردىڭىز يامان»، «گۈليار»، «ئالتۇنجان» «زىمىن»، «ئايارەي»، «داۋانچىلىك»، «ھەيرانىڭ مەن» قاتارلىق ناخشا - مۇزىكىلارنى ئورۇنلىدى. ئارقىدىن پەدىنى يۆتكەپ، «سۇ بولۇپ ئاقتىم»، «يارساڭا مەيلىم بار»، «دوست يار ئايلىناي» قاتارلىق ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلىدى. قىز - ئوغۇللار ئۇسسۇلنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويناشتى. ئۇسسۇل پەدىسى «نازىركوم» غا يۆتكەلگەندە، مەيداندا پەقەت ئىككىلا ئەر كىشى بىر - بىرىگە بېقىشىپ، ھەرخىل شوخ، قىزىقارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن نازىركومنى ئەۋجىگە چىقاردى. سورۇن ئەھلى ئۈستى - ئۈستىلەپ «ئالالمىدى ھە - ھە، ئالالمىدى ھە!» دەپ ئۇسسۇلچىلارغا مەدەت -

---

[1] شەرقىي شىنجاڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يۇرتلار ۋە گۇچۇڭ، چىمىسارلاردا تويى بولغان قىز - يىگىتلەر ئۆتكۈزىدىغان كەچلىك مەشرەپنى «مېلىس مەشرىپى» ياكى «ھۇجرا مەشرىپى» دەپمۇ ئاتىشاتتى — ئا.

ئىلھام بېرىشتى. نازىركوم ئۇسسۇلى «جاقا ـ جۇمبۇرچاق» بىلەن ئاياغلاشتى. ئۇسسۇلچىلارمۇ، سازەندىلەرمۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتتى.

مەشرەپنىڭ ئەمدىكى تەرتىپى بويىچە، سازەندىلەر ئارام ئېلىپ «پوتا ئويۇنى» باشلاندى. يىگىتبېشى ساتتار بىلىدىكى مەللە پوتىسىنى يېشىپ ئەشتى ـ دە، ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

ــ مېھمانلار، ئەمدىكى ئويۇن پوتا ئويۇنى بولىدۇ. ئەگەر پوتىنى ئېلىپ، خاتا ئايلانساڭلار بېيىت ئېيتىسىلەر ياكى قىزىقچىلىق قىلىپ، قوي ـ ئۆچكە، ئىت ـ مۈشۈكلەرنى دورىساڭلارمۇ، قۇشقاچلاردەك سايرىساڭلارمۇ بولىدۇ. ئىشقىلىپ، بىرەر ھۈنەر كۆرسىتىپ، مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلساڭلارلا بولىدۇ! ــ دېدى ۋە ئايالى زەيتۇنەنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەزىم بىلەن پوتىنى سۇندى. زەيتۇنە ئۈچ قېتىم ئۆڭ چۆگۈلەپ، تازىم بىلەن ساتتارنىڭ قولىدىكى پوتىنى ئېلىپ، مەھەللىسىدىكى بىر قىزنى پوتىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ قىز بىخەستەلىك قىلىپ بىر چۆگۈلەشنى تەتۈر چۆگۈلەپ قويۇپ، زەيتۇنەنىڭ پوتا بىلەن يەڭگىل ئۇرۇشىغا ئۇچرىدى ۋە پوتىنى قولىغا ئېلىپ، خاتا چۆگۈلىگەنىنىڭ «جازاسى» ئۈچۈن «ئالتۇنجان» دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ بەردى. كۆپچىلىك چاۋاك چېلىپ ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ قىز پوتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئولتۇرغان بىر قىزغا سۇندى. پوتىنى ئالغان قىز خۇش پىچىم، ئۇستىگە بەل پۈرمە قىلىپ تىكىلگەن ئاق يىپەكتىن بۆرەك ياقىلىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا ئۇنچە تۇتۇلغان زەر بۆك، پۇتىغا قىزىل ئۆتۈك كىيگەننىدى. قارىماققا ئۇ خېلى ھاللىق ئائىلىنىڭ قىزىدەك قىلاتتى. ئۇ قىز ئۇيان ـ بۇيانغا قارىغاندىن كېيىن يىگىتلەر ئارىسىدىكى بىر يىگىتكە تەزىم قىلدى. ئۇ يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ تەزىم قىلدى ۋە پوتىنى ئېلىش ئۈچۈن چۆگۈلىدى. ئۇ ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

چۆرگۈلەشتە يېڭىلدى. قىز ئۈچىنچى چۆرگۈلەشتە يىگىتكە پوتىنى بېرىمەن دەپ قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئىككىسىلا «جازا»غا ئۇچرايدىغان بولدى.

— ناخشا ئېيتسۇن!

— ئۇسسۇل ئويناپ بەرسۇن!

— ئىككىسى بىر - بىرىگە بېيىت تاشلاشسۇن!

سورۇن ئەھلى ھەرخىل تەلەپلەرنى قويۇشۇپ تووۋلاشماقتا ئىدى. ئوتتۇرىدىكى قىز بىلەن يىگىت يىگىتبېشى ساتتارغا قارىدى.

— قولۇڭلاردىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىڭلار! — ساتتار ئوتتۇرىدىكىلەرنىڭ ئىختىيارىغا قويدى.

قىز بىلەن يىگىت ئەسلىدە بىر مەھەللىلىك بولۇپ، يىگىت قىزغا ئىچ پەش تارتىپ يۈرەتتى. ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆز كۆڭلىنى ئىپادىلىمەك بولۇپ، قىزغا قاراپ:

— بېيىت ئېيتىشامدۇق؟— دېدى.

— مەيلى، — قىز قولىدىكى پوتىنى يىگىتكە سۇنۇپ بەردى.

يىگىت ئاۋۋال بېيىت تاشلىدى:

ئاقىنا كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن.

يىگىتنىڭ بۇ بېيىتى قىزغا دۇرۇس كەلمىدى بولغاي، قىز بىردىنلا تاتىرىپ - سارغىيىپ، «بۇ يىگىت مېنى خەلقئالەم ئىچىدە رەسۋا قىلاي دەمدۇ نېمە؟» دەپ ئويلىدى - دە،

يۈزلىرىنى پۈرۈشتۈردى. بىرنېمە دەي دېسە، تويى مەشرىپى، چىدىغانغا چىقارغان. دېمەي دېسە، «ئاشنا بولايلى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىۋاتىدىغۇ بۇ كازىم؟ قىز كازىم ئاتلىق بۇ يىگىتنىڭ بېيىتىدىكى «ئاشنا بولايلى» دېگەن سۆزنى خاتا چۈشەنگەنىدى. بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە مەيلى بارلىقىنى قىز بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ سورۇندا ئۇنداق ئىككى بىسقلىق سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەكقۇ؟

قىزنىڭ ئىسمى رەنا ئىدى. ئۇ ئۇدۇلمۇئۇدۇل قوپال تېگىشتىن سەل ئەيمەندى بولغاي، چاندۇرماستىن مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

ئۆيدىكىلەر تۇيسا تۇيسۇن،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن.
ۋەدىسىدە تۇرمىغان كىشى،
ئەھلى مۇسۇلمان بولمىسۇن.

كازىم قىزنىڭ بېيىتىنى ئاڭلاپ قويۇقا چېچى تىك بولدى. ئۇمۇ رەنانىڭ بېيىتىدىكى «ئەھلى مۇسۇلمان بولمىسۇن » دېگەن سۆزنى ئۆزىگە ئەپكەتكەنىدى. چۈنكى، كازىم پات - پاتلا شىلەيشياڭ تەرەپكە بېرىپ هاراق - شاراب ئىچىۋالاتتى. ئۇنداقلارنى كىشىلەر «دەھرى» دەپ يامان كۆرەتتى. ئۇ بۈگۈنكى تويى مەشرىپىگىمۇ ئىككى سەر قېقىۋېلىپ كەلگەنىدى. كازىم رەناغا ھۆرپەيگەندەك بىر قارىدى - دە، مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

دوپپىڭىزغا قارىسام،
ئانار گۈلىگە ئوخشىدى.
رەڭگىڭىزگە قارىسام،
زەپىرەڭگە ئوخشىدى.

كازىمنىڭ بېيىتى راستتىنلا رەنانىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. چۈنكى، كازىم رەنانى كېسەل چىراي، توپا تەرەت، ئىنجىمازۇققا ئوخشاتقاندەك بىلىندى. كىتابخانغا مەلۇم بولسۇنكى، مەشرەپ سورۇنلىرى، بولۇپمۇ توي مەشرەپلىرى قىز - ئوغۇللارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدىغان، بېيىت ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى، مەيلى، سۆيگۈسى ئىزھارلىنىدىغان سورۇن ئىدى. ئەگەر قىز - يىگىت بىر - بىرىگە مەيلى بولمىسا ياكى ئۆچ - ئاداۋىتى بولسا مەشرەپ سورۇنىدىكى بېيىت ئېيتىششىش ھەم ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان، بىر - بىرىدىن ئۆچ ئېلىۋالىدىغان پۇرسەتمۇ بولۇپ قالاتتى. بېيىتتا ياخشى سۆز - ئىبارە ئىشلىتىلمىسىمۇ يامان نەتىجە كېلىپ چىقاتتى. دېگەنىدەك، رەنا ئاچچىقىدا مۇنۇ بېيىتنى ئېيتتى:

چاققان يىگىتكەن دەي دېسەم،
سۆرەلمە مىجەز ئوخشايسىز.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،
خام قاپاققا ئوخشاپسىز.

سورۇندىكىلەر:
— چوقۇۋالدى!
— ئەجەبمۇ بابلىدى!
— ئالە شەرىگىنى!
دېيىشىپ تووۋلاشتى. كازىم رەناغا شۇنداق سەت ئالايدىكى، رەنا شارتتىدە بۇرۇلۇپلا ئولتۇرغان جايىغا بېرىۋالدى. كازىم پوتىنى ساتتارغا ياندۇرۇپلا بەردى. قائىدە بويىچە ئۇ پوتىنى بىرەرسىگە تەزىم بىلەن بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشانلىققا تولغاچقا، ئىشنىڭ ئالدى - كەينىگە قارىمايلا جايىغا بېرىپ

ئولتۇرۇپ، موخوركا ئوراپ چېكىشكە باشلىدى. قائىدە بويىچە ئۇ بۇ قىلىقلىرى ئۈچۈن جازالىناتتى. ساتتار بۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، ئويۇننى داۋاملاشتۇردى.

ساتتار پوتىنى مەمەتكە تەزىم بىلەن تۇتتى. مەمەت ئۈچ قېتىمدىلا ئوڭ چۆرگۈلەپ پوتىنى ئالدى ۋە ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈركەندىن كېيىن، يىگىتلەر ئارىسىدا ئولتۇرغان توختىغا تەزىم قىلدى. توختى ئورنىدىن تۇرۇپ مەمەتكە تەزىم قىلىپ پوتىغا قولىنى سۇندى. مەمەت بېيىت ئېيتتى:

تۇرپان يولى خوي يىراق،
يول ئۈستىدە قوش بۇلاق.
مېنىڭ توختى ئاغىنەم،
تولۇن ئايدەك يۇملاق.

توختىمۇ جاۋابەن بېيىت ئېيتتى:

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەلدى،
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
دوستۇم مېنى خۇش قىلدى،
ناۋەتتەك گېپى بىلەن.

سورۇن ئەھلى چىرايلىق بېيىت ئېيتىشقان بۇ دوستلارنى قىزغىن چاۋاك چېلىپ تەبرىكلەشتى. توختى ئۈچ قېتىم ئوڭ چۆرگۈلەپ پوتىنى ئالدى. مەمەت ئۆز ئورنىغا قايتتى. توختى «پوتىنى كىمگە تۇتسام بولاركىن؟» دەپ ئاۋۋال يىگىتلەر، ئاندىن قىزلار ئارىسىغا قارىدى. قىزلار ئارىسىدا گۈلسارە قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ ئولتۇراتتى. توختى گۈلسارەنى تەزىم بىلەن پوتىغا

www.uyghurkitap.com

تەكلىپ قىلدى. گۈلسارە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ بېشىغا ئاق ئۈنچە تۈتۈلغان دوپپا، ئۈچىسىغا رەڭگەر ئەتلەس كۆڭلەك، پۇتىغا قىزىل خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇنىڭ قىرىق تال ئۆرۈلگەن چېچى مەجنۇن تال نوتىلىرىدەك سېلىنىپ تۇراتتى. گۈلسارەنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتى، رەڭگى - رۇخسارى مەشرەپتىكى قىز - يىگىتلەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بەئەينى چولپان يۇلتۇز كۆكتە پەيدا بولغاندەك ئىش بولدى. مەشرەپ سورۇنى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك تىمتاسلىققا چۆمدى. يىگىتلەر بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ئۆزئارا قۇلاق قېقىشىپ، «بۇ قىز قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلى، قايسى يىگىتنىڭ خىلىدۇ؟» دەپ پىچىرلاشسا؛ قىزلار رەشىك، ھەسەت بىلەن گۈلسارەنىڭ ئۇستىبېشىغا قاراشماقتا.

گۈلسارە ئوتتۇرىغا چىقىپ توختىغا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى ۋە پوتىغا قول سۇندى. توختى گۈلسارەگە چۆگۈلەشنى ئىشارەت قىلىپ چۆرگۈلىدى. بىرىنچى چۆرگۈلەشتىلا توختى سولغا چۆرگۈلەپ سالدى. گۈلسارەمۇ توختىغا ئوخشاش چۆرگۈلىدى. ھەر ئىككىسى خاتا قىلدى. مەشرەپچىلەر قىيقاس - سۈرەن سېلىشتى. ساتتار ئوتتۇرىدا پەيدا بولدى - دە، بىردە توختىغا، بىردە گۈلسارەگە قاراپ كۈلدى:

— قانداق قىلىسىلەر ئەمدى؟ سازەندىلەر سازلىرىنى سازلىسا، بىر - بىرىڭلارغا بېقىشىپ بىر پەدە ئۇسسۇل ئوينىمىسىلەر ياكى گۈلسارە ناخشا ئېيتىپ بېرەمدۇ؟ — دېدى.

گۈلسارە قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ توختىغا قارىدى. توختىمۇ ئىلگىرى مۇنداق مەشرەپلەرگە كەمدىن - كەم قاتناشقاچقا، پوتا ئويۇنىنىڭ قائىدىلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىيالمىغانىدى. ئۇمۇ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن كىچىك بالىدەك بوينىنى قىسىپ تۇرۇپ ساتتارغا قارىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن «بىزنى كەچۈرسەڭ؟»

دېگەندەك ئۆتۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. ساتتار بۇنى سەزدى، لېكىن ئۇ توختىغا:

— سەن ئۇستا بېيتچىغۇ؟ بېيت ئېيتىشىڭلار، «ئېشىك ھالال بولسا توّت كوچىدا ئولتۇرۇپ يە» دېگەن گەپ بار. ئەگەر گۈلسارەگە مەيلىڭ بولسا مۇشۇ سورۇندا ئىزھارلاپ كۆرمەمسەن؟» — دېدى پىچىرلىغاندەك بوش ئاۋازدا.

توختى بۇنى لايىق كۆرگەندەك گۈلسارەگە قارىدى. گۈلسارە بېشىنى ئېگىپ جىم تۇردى. بۇنىڭدىن گۈلسارەنىڭ «سەن نېمە دېسەڭ شۇ» دېگەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ساتتار ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. توختى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، گۈلسارەگە قاراپ بېيت تاشلىدى:

ئاي چىقاردا ئاينى كۆردۈم،
كۈن چىقاردا يارنى مەن.
ئايلار ئىزدەپ، يىلدا تاپتىم،
بىر سىنىڭدەك يارنى مەن.

گۈلسارەگە بۇ بېيت تونۇش ئىدى. توختى گۈلسارەگە يازغان خېتىدە مۇشۇ بېيتنى خەتنىڭ باش تەرىپىگە يازغانىدى. گۈلسارەمۇ دادىللىق بىلەن مۇنۇ بېيتنى ئېيتتى:

ئاپتاپتاپپەرەس ئېچىلىپتۇ،
كۈن تەرەپكە ئېگىلىپ.
مەن كەلدىم يىراق يەردىن،
مېھرىم سىزگە چېتىلىپ.

بىر - بىرىگە شۇنداق جىپسىلىشىپ كەلگەن بېيتلاردىن،

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ سۆيگۈ بېيىتلىرىنى بىرى - بىرىگە شۇنداق ماسلاشتۇرۇپ ئېيتقان بۇ قىز - يىگىتنىڭ بېيىتقا چېۋەرلىكىدىن، سۆيگۈ كۆڭۈللىرىنى دادىللىق، چىنلىق بىلەن ئىزھار قىلغانلىقىدىن سۆيۈنگەن مەشرەپ ئەھلى قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇردى.

توختى يەنە بېيىت تاشلىدى:

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
ئەگىدىن تولسى كۆزگە.
گۇچۇگدا كىشى يوقتەك،
كۆيۈپ قاپتىمەن سىزگە.

گۈلسارىمۇ ئۆز كۆڭلىنى ئىزھار قىلدى:

مەن بېلىمنى باغلىدىم،
سىم بىلەن ھەم قىل بىلەن.
مەنمۇ سىزنى خالىدىم،
چىن ئىخلاسىم - دىل بىلەن.

مەشرەپ ئەھلى بۇ بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ ئەدەپ بىلەن ئېيتىشقان سۆيگۈ بېيىتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ، يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىشتى.

توختى گۈلسارىگە يەنە بېيىت تاشلىدى:

ناخشا ئېيتىمەن يارىم،
ئۈنۈمدىن تونالامسەن،

مەڭگۈلۈك يار بولۇشقا،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن؟

گۈلسارە ئويلىنىپ تۇرمايلا جاۋاب بېيىت تاشلىدى:

گەپمۇ ئېغىزدىن چىقار،
جانمۇ ئېغىزدىن چىقار.
ۋەدە بەرگەن ئول كىشى.
گەپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقار.

بېيىت تاشلاش داۋاملاشماقتا. مەشرەپ ئەھلى گوياكى ساماۋى چۆچەكلەردىكى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىگە ھەمنەپەس بولۇۋاتقاندەك، تىمتاس ئولتۇرۇشماقتا. نۆۋەت بويىچە توختى يەنە بېيىت تاشلىدى:

ئۇ كوچىدا سەن بولساڭ،
بۇ كوچىدا مەن بولاي.
ئانارگۈلى سەن بولساڭ،
يوپۇرمىقى مەن بولاي.

ئاپپاق ئايدەك يۈزلىرىڭگە،
قاپقارا خالىڭ بولاي.
تال چىۋىقتەك بويلىرىڭدىن،
ئايرىلماس خىلىڭ بولاي.

گۈلسارە توختىنىڭ كۆڭۈل ئىزھارىغا يارىشا، خۇددى ۋەدە بېرىۋاتقاندەك، تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەن يارىمنى تېگىپ ئالاي،
كۆيۈپ تۇرغان باغرىمغا.
يارنى دەپ ئۆلۈپ كەتسەم،
ئاغرىنمايمەن جانىمغا.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەننىڭ نۇرى دەيمەن.
يار ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم،
ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

توختى گۈلسارەنىڭ بەرگەن جاۋابىدىن مەمنۇن بولدى. ئۇ خۇددى گۈل شېخىدا تىنماي سايرىغان بۇلبۇلدەك، بېيىت - قوشاق ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقماقتا. توختى ئەمدى ئۆز سۆيگۈسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنى بېيىتتا ئىپادىلىمەكتە. گۈلسارەگە قاراپ مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مىرزىگۈل دەپ تېرىسام،
سېرىق سەبدە ئۈنۈپتۇ.
كۆيدۈم ساڭا ئامرىقىم،
كىم مېنىڭدەك كۆيۈپتۇ.

گۈلسارەمۇ ئۆز كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى ھېسسىياتىنى تۆۋەندىكى بېيىتقا مۇجەسسەملىدى:

باغقا كىرىپ ئالما يەك،
باغنىڭ ئالمىسى بىزنىڭ.

كۆڭۈل بەرسەڭىز ماڭا،
جاندىن ئۆزگىسى سىزنىڭ.

توختى خۇددى باياۋاندا يولۇققان بۆرىدىن قاچقان قوي ئوغرا پالتىغا يەتكەندەك بولدى. گەرچە، ئۇنىڭ سۆيگۈ ھېسسىياتلىرى ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭغا چەك قويىدىغان ۋاقىت يەتتى. تۈگىمەيدىغان چۆچەك يوق - دە؟ توختى ئەڭ ئاخىرقى بېيىتنى ئېيتتى:

غۇنچە گۈللەر گۈل بولدى،
گۈلگە كۈندە قارايمەن.
يارىم، جاۋاب بەرسىڭىز،
قاچانلاردا بارايمەن؟

گۈلسارە گەپنى چورتلا كېسىپ، مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئېرىقىڭدىن سۇ ئۇزۇۋالدىم،
يېڭى پىشقان چىلانىنى.
مەيلىڭ بولسا ئەلچى قىل،
ئاناڭ بىلەن قوشناڭنى.

سورۇندىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ، توختى بىلەن گۈلسارەنىڭ سۆيگۈ ھېسسىياتلىرىنى سەممىي، دادىل ئىزھار قىلىشقىنىغا، ئەدەپ - ئەخلاق، شەرم - ھايا بىلەن بىر - بىرىگە رىشتە باغلىغىنىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. مەشرەپ كېيىنكى باسقۇچلارغا قەدەم قويدى.

مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى «داد بېگىم!» دەپ ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ تۇۋلىدى. قازىلىق مەنسىپىنى ئاتقۇرۇۋاتقان مەمەت بۇنى ئاڭلاپ يۇقىرى ئاۋازدا:

— نېمە دادىڭ بار، ئېيت! — دېدى.

ھېلىقى يىگىت ئوتتۇرىغا چىقىپ قازىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

— مەشرەپچىلەر ئارىسىدا بىر بۇرادىرىمىز مەشرەپكە ھاقارەت قىلدى، — دەپ شىكايەت قىلدى.

— كىم ئۇ؟ — سورىدى قازى مەمەت.

— ئاۋۇ يىگىت شۇ! — دېدى ئەرز قىلغۇچى توختىماي تاماكا چېكىۋاتقان كازىمنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

قازى، يىگىتبېشى ۋە مەشرەپچىلەر كازىم تەرەپكە قارىدى. كازىم چەككەن تاماكا ئىسى بىلەن شاملاردىن چىققان ئىس بىرلىشىپ ئۆيىنىڭ تورۇسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىر قەۋەت تۈتەك ھاسىل قىلغانىدى.

— پاششاپ! — دەپ ۋارقىرىدى قازى مەمەت.

— لەببەي قازى، نېمە خىزمەت باركىن؟ — ھەم يىگىتبېشى ھەم پاششاپ رولىنى ئۆتەۋاتقان ساتتار قازىنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى. ئۇنىڭ قولىدا جازا كالتىكى — دەررە بار ئىدى.

— مەشرەپ سورۇنىدا يامان سۆز، يامان قىلىق قىلغان كىشىنى ئالدىمغا ھازىر قىلىڭ!

— لەببەي، ھازىرلا بەجا كەلتۈرگەيمەن قازى! — ساتتار كازىمنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

— شىكايەتچى دېگەن گەپلەر راسمۇ؟ — سورىدى قازى.

— راس، — دېدى كازىم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ. ئۇ ئەگەر ئىقرار قىلماي بويۇنتاۋلىق قىلسا، ئوتتۇرىدا تارتقۇشلىنىپ ھەم ئاچچىق گەپلەر بىلەن ئەيىبلىنىشىدىن ئەيمەندى بولغاي، تېزلا ئىقرار قىلدى.

قازى مەمەت مەشرەپ ئەھلىگە قاراپ:

— ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، ئارىمىزدا بىر يىگىت ئۈچ تۈرلۈك سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ شىكايەتلەندى. ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلىشى كېرەك؟ — دەپ تووۋلىدى.

— ئۇنى جۇۋازغا قېتىپ ياغ تارتىش كېرەك!

— «ئۆپكە قۇيۇش» جازاسىنى بېرىش كېرەك!

— ئۇنى مەشرەپتىن قوغلاش كېرەك! چۈنكى، ئۇ ھاراق ئىچىپتۇ، تاماكا چېكىپ مەشرەپ سورۇندىكىلەرنى زەھەرلەپتۇ، بۇنداق قىلمىش سادىر قىلغانلارنى مەشرەپتىن قوغلاش كېرەك!

مەشرەپ ئەھلىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى قازى باشلىق بىرقانچە «يۇرت مۆتىۋەرلىرى» بىرئاز مۇلاھىزە قىلىشقاندىن كېيىن، ھۆكۈم ئېلان قىلىندى:

— ئۈچ خىل «گۇناھ» سادىر قىلغۇچى مەشرەپ سورۇنىدىن قوغلاپ چىقىرىلسۇن!

پاششاپ شۇ زامان كازىمنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتقىنىچە ئۇنى مەشرەپ سورۇنىدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

مەشرەپ يەنە داۋام قىلماقتا.

— داد، قازى ئاخۇنۇم! — ئوتتۇرىدىن يەنە بىرەيلەن قوپتى.

— نېمە ئەرزىڭىز بار؟ — سورىدى قازى.

— ئارىمىزدا بىرەيلەن ھېلى ئوڭ يېنىدىكى خانىمغا، ھېلى سول يېنىدىكى خانىمغا قاش ئېتىپ، گەپ يورغىلىتىپ، ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا خوتۇن - قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەشرەپ سورۇنىدا مۇنداق ھاياسىزلىق قىلغانلارنى جازالاش كېرەك!

— پاششاپ!

— لەببەي قازى ئاخۇنۇم!

— ناشايان قىلىق قىلغان ئەدەپسىزنى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭ!

www.uyghurkitap.com

— خوپ، بولدۇ!

پاششاپ مەشرەپچىلەر ئارىسىدىن ئىنچىكە بۇرۇت قويغان، ۋىجىككىنە كەلگەن بىر يىگىتنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقاردى. ئۇ توي - تۆكۈنلەردىكى مەشرەپلەردە، باغ - باراۋەتلەردىكى بەزمە سورۇنلىرىدا قىزىقچىلىق قىلىدىغان ھوشۇر ئىسىملىك يىگىت ئىدى.

— ئىتىڭ نىمە؟ — سوراقنى باشلىدى قازى.

—ئېتىم يوق، ياياق كەلدىم.

مەشرەپ ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشتى.

— موللام ئەزان توۋلاپ قويغان ئىسمىڭ نىمە داۋاتىمەن؟

— ئىسمىم بارات، — قىزىقچى قەستەن يالغان ئېيتتى.

پاششاپ دەررىسىنى پۇلاڭلىتىپ كىلىۋىدى، قىزىقچى دەرھال گېپىنى ئوڭشىدى:

— ئېتىم ھوشۇر.

— مەشرەپ سورۇنىدا قانداق ناشايان ئىش قىلدىڭ؟ — قازى قاتتىقراق تەلەپپۇزدا سۆزلىدى.

ھوشۇر قىزىقچى ئەتراپىغا ھەيبارلىق بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، گەدىنىنى تاتىلاپ تۇرۇپ:

— يېنىمدىكى ئىككى خانىم ساڭا تېگەيلى دېۋىدى، شۇلار بىلەن سۆزلىشىپ......

— يالغان! سەن خوتۇن - قىزلارنى ھاقارەتلەۋاتىسەن! نەدىمۇ ئايال كىشى ئاۋۋال ئېغىز ئاچقان بار؟ پاششاپ! — قازى بۇيرۇق قىلدى: — بۇ ئەدەپسىزگە «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» جازاسىنى ئىجرا قىلىڭ!

پاششاپ ھوشۇر قىزىقچىنى ئوتتۇرىدا ياتقۇزۇپ قويۇپ، يىگىتلەر ئارىسىدىن ئىككى نەپەر يىگىتنى ئىما قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇ ئىككىسى بۆكلىرىنى يانچۇقىغا قاتلاپ سالدى - دە،

ئالــدىن تەييارلاۋالغــان قىزنــى تــاۋار يــاغلىقنى قويۇنلىرىــدىن چىقىرىشىپ بېشىغا چىگىشتى. ئۇلار ئەمدى ئايال كىشى سىنىغا كىردى. بۇ ئىككى يىگىت ھوشۇر قىزنىقچىنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ، تــوي ـ تۆكــۈنلەردە دائىــم بىرلــشىپ «ئىككــى خوتــۇن ئىلىــپ بېرىش» ئويۇننى ئويناپ، مەشرەپنى قىزىتىدىغانلار ئىدى. ئىككى ئايال شەكلىگە كىرگەن يىگىتلەر ھوشۇر قىزنىقچىنىڭ ئىككى يېنىغا ئۆتۈپ ياتتى. ئۇلاردىن بىرى «ئىككى خوتۇن» نىڭ ئىبرى بولغان ھوشــۇرنى ئــۆزىگە قاراتمــاق بولــۇپ قــۇلىقىنى تارتــسا؛ يەنە بىــرى ھوشۇرنىڭ يەنە بىر قۇلىقىنى تارتىپ ئۇنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىشقا تىرىــشاتتى. ھوشــۇر ئەمــدىلا بىــر تەرەپــكە قارىــشىغا، يەنە بىــر تەرىپىــدىكى «خوتــۇنى» ئــۇنى چىمــدىپ، قــوللىرىنى قايرىــپ، ئــۆزىگە قارىتــاتتى...... شــۇ ھالــدا ھوشــۇرنىڭ ئىككــى تەرەپتىكــى ھەمراھــى ئۇنىــڭ ھېچبىــر ھــالىنى قويمــاي، ھوشــۇرنى «ئىككــى خوتۇن» ئالغىنىغا جاق تويدۇردى. مەشرەپ ئەھلى ھوشــۇرنىڭ بــۇ بىچارە ھالىغا ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى.

مەشرەپ داۋاملاشماقتا. ئارىلىقتا بەزىــلەرگە «سامــسا يــېقىش» جازاسى، بەزىلىرىگە «سۈرىتىنى تامغا تارتىش» جازاسى بېرىلــدى. جازالانغۇچى بەزىلەر ئۆزلۈكىدىن تەلەپ قىلىپ، ســىرتتىن دادۇر ـ خاســىڭ، گــازىر ـ پۇرچــاق دېگەنــدەك نەرســىلەرنى ســېتىۋېلىپ كىرىــپ مەشــرەپ ســورۇنىنىڭ مېــۋە ـ چېۋىــسىنى تولــۇقلاپ، «گۇناھى» نى يۇغانلارمۇ بولدى.

ئارىلىقتــا قــازى ســوراق، ھۆكۈمــدە «ئېزىــپ» قىلىــپ، ئىغىــر جازالايــدىغاننى يېنىــك، يېنىــك جازالايــدىغاننى ئىغىــر جــازالاپ قويــدى. مەشــرەپ ئەھلىــدىن بىــرى ئوتتۇرىغــا چىقىــپ «يــۇرت مۆتىــۋەرلىرى» ۋە يىگىتبېــشى ھەم پاشــشاپ بولۇۋاتقــان قــازى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، قازىنىــڭ ئادالەتــسىزلىك قىلغــانلىقىنى ئېيتتى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئىچىــدە ئاۋامــسلىم دېــگەن ئوقۇمۇشــلۇق

www.uyghurkitap.com

بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ كۆپ ئوقۇغان يىگىت ئىدى. بۇ يىگىت قازىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن ئۆلىمالىرىمىز يازغان بىر كىتابقا «نەك بۇلغانسا يۇيۇپ بولۇر سۇ بىلەن، سۇ بۇلغانسا يۇيۇپ بولۇر نە بىلەن؟»[1] دېگەن مىسرالارنىڭ پۈتۈلگىنى ئېسىمدە. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، نەرسە - كېرەكلەرنى سۇ بىلەن پاكىزلىغىلى بولىدۇ. سۇ بۇلغانسا ئۇنى قانداق قىلماق كېرەك، دېمەكتۇر. سىلى قازى ئاخۇنۇم شەرىئەت تارازىسىنى توغرا تۇتالماي قالدىلا، سىلىمۇ جازالىنىشقا لايىققۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— بولىدۇ، قانۇن - مىزان، شەرىئەت ئالدىدا ھەممە باراۋەر، — دېدى قازى سوراق ۋە ھۆكۈمدە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى بوينىغا ئېلىپ.

— ئەمىسە سىلىگە «پاختەك ئۇچۇرۇش» جازاسىنى بېرەيلىمۇ؟ — پاششاپ توقمىقىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلدى.

— يوغسۇ، قازى دېگەن يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئادەمنى يېرىك ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، سىلىقراق ئۇسۇل بىلەن جازالىماق لازىمدۇر، — دېدى ئاۋامسىلىم.

— سىلىقراق ئۇسۇل قايسى ئۇ؟

— بىرەر تېپىشماق تاپسىمۇ بولىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر «قازىغا قانداق جازا ھۆكۈم قىلىناركىن؟» دېگەندەك قىلىشىپ، سورۇننىڭ تۆرىگە بويۇنلىرىنى سوزۇشتى. ساتتار ھۆكۈمنى جاكارلىدى:

— قازى ئاخۇنۇم سوراق، ھۆكۈمدە ئادىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدۇ. بۇ جازا تەن جازاسى بولماستىن، «ئەقىل جازاسى» دۇر!

---

[1] بۇ مىسرا «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئېلىندى — ئا.

— ئەقىل جازاسى دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟ — مەشرەپ ئەھلىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— قازى ئاخۇنۇم ئەڭ قىيىن تېپىشماقتىن بىرنى تاپىدۇ!

— ئەگەر تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالمىسچۇ؟ — مەشرەپ ئەھلىدىن يەنە بىرى ۋارقىرىدى.

ساتتار مەمەتكە بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن سورۇن ئەھلىگە قاراپ:

— ئەگەر قازى ئاخۇنۇم تېپىشماقنى تاپالمىسا، مەشرەپ ئەھلىگە داستىخان راسلاپ مەشرەپ چېيى بېرىدۇ!

مەشرەپ ئەھلى چاۋاك چېلىشىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى.

ئاۋامسلىم تېپىشماقنى ئېيتتى:

«تېنى بەش، جېنى تۆت، باردۇر ئۇنىڭ يۈز تىرنىقى، بۇ ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ، بەشى بېرىپ تۆتى قايتمىقى» قېنى قازى ئاخۇنۇم، تاپسىلا، بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى نېمىكىن؟

مەمەت قازى ئاخۇنۇم ئويغا پاتتى. سورۇن ئەھلىمۇ بىر - بىرى بىلەن گۇدۇڭلاشقىلى تۇردى. بەزىلەر «تاپالمايدۇ» دېسە، بەزىلەر «يەنە بىر قېتىم مەشرەپ ئوينايدىغان بولدۇق» دېيىشمەكتە. يەنە بەزىلەر بۇنداق غەلىتە تېپىشماقنى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى دېمەكتە ئىدى.

— تاپتىم! — دەپ توۋلىدى مەمەت قازى.

ھەممە ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراشتى. مەمەت قازى گەپنى دانە - دانە قىلىپ، تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئېيتتى:

— بۇ تېپىشماق ئادەمنى دەپنە قىلىشقا قارىتىلغان. تاۋۇت كۆتۈرگەن تۆتى بىلەن جەسەت قوشۇلۇپ بەش تەن؛ تاۋۇت كۆتۈرگۈچى تۆت جان — تۆت تەن، جەسەت بىر تەن، ھەربىر تەندە يىگىرمىدىن جەمئىي يۈز تىرناق بار. جەسەت كۆتۈرگۈچى تۆتى قايتتى، جەسەت قالدى. بۇنىڭ جاۋابى مۇشۇ!

— بارىكاللا! — دەپ توۋلىدى ئاۋامىسلىم، — بەرگەن جاۋاب توغرا!

مەشرەپ ئەھلىمۇ قايىل بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن تۈۋى مەشرەپنىڭ ھەممە جەريانلىرى ئاياغلاشتى. تويى مەشرەپنىڭ بۇنچىلىك قىزىقىشىغا كۆزى يەتمىگەن مامۇت مەشرەپ ئەھلىدىن رازى بولدى. ئۇ ئالىقاچانلا قولدىكى ئارقىلىق ئۆيدىكىلەرگە يەنە بىر نۆۋەت داستىخان راسلاشنى تاپىلىغانىدى. داستىخاندىن كېيىن مېھمانلار تارقاشتى. مامۇت تەڭتۇش ئاغىنىلىرى ۋە مەھەللىكىلىرىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خوشلاشتى.

× × ×

توختى، ساتتار، ساتتارنىڭ ئايالى زەيتۇنە، مەمەت، مەمەتنىڭ ئايالى سىلىمىخان ۋە گۈلسارەلەر لىخۇاجەنزە مەيدانىنى بويلاپ تۈگمەنبېشى مەھەللىسىگە ياندى. ئۇلار ئەمدىلا چوڭ كوچىغا چىقىشىغا، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئىككى ئادەم توستى.

ئەتراپ سۈتتەك ئايدىڭ بولۇپ، خۇددى كۈندۈزدەكلا يورۇق ئىدى. يەرگە يىڭنە چۈشۈپ كەتسە تېپىۋالغىلى بولاتتى. توختى گۈلسارە بىلەن پاراڭلاشقاچ كەينىدىرەك كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقانلاردىن بىرى بەخىرامان كېلىۋاتقان ساتتارنى بىر مۇشت بىلەن يەرگە تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى. مەمەت ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىشىغا، ئۇمۇ بىر پەشۋا يەپلا يىقىلدى. ساتتارنىڭ ئايالى بىلەن مەمەتنىڭ ئايالى قىيا - چىيا قىلىشتى. ئاڭغىچە توختى بىرلا سەكرەپ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— كىم سىلەر؟ نېمىشقا بىزنىڭ ئالدىمىزنى توسۇپ ئورۇشىسىلەر؟ — دېدى ۋارقىراپ.

— توختى دېگەن سەنمۇ؟ — يول توسقانلارنىڭ بىرى

چالىراق ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزدا سورىدى.

— ھەئە مەن، ئۆزۈڭ كىم؟

— سەن ئالدىنقى جۇمە كۈنى ئىنىم مالاۋۋۇنى بىزنىڭ خاماندا ئۇرۇپسەن، توچى بولساڭ ئەمدى كېلە!

توختى گەپنىڭ ئورانىدىن ئالدىنى توسقانلارنىڭ لاۋما خۇرجانىڭ ئىككى ئوغلى مالاۋۋۇ بىلەن مالاۋسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

خامان يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام ئىنىڭ قېرى يىللىقچى ماچىڭگۇيىنى راسا ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنى توسسام ماڭا قول سالدى. مەن داجىپ قول ياندۇرمىسام يامان ئەدەپ كەتتى. شۇڭا، ئەدەپلەپ قويدۇم شۇ،— توختى راستىنى ئېيتتى.

گەپنىڭ ئاخىرى چۇشكۈچە مالاۋۋۇ بىلەن مالاۋسى تەڭلا مۇشت - پەشۋا ئاتتى. بىر قەپەس ئېلىشىش باشلاندى. ساتتار، مەمەتلەر توختىنىڭ ئىماسى بىلەن ئايالارنى ئېلىپ سەل چەتكە چىقىپ تۇردى. يولدىن ئۆتكەنلەرمۇ قەدەملىرىنى توختىتىپ، ئېلىشىشنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، «جانبازلار يۇرتى» دەپ ئاتالغان بۇ گۇچۇڭ شەھىرىدە ئاشكارا مەيدان راسلاپ ئېلىشىدىغانلار، تاسادىپىي تۇتۇشۇپ قالىدىغانلار پات - پاتلا كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

دەسلەپتە توختى سەل ئالدىراپ قالدى. چۈنكى، مالاۋسى بىلەن مالاۋۋۇ ئاكا - ئۇكا بىرى ئوڭدىن، بىرى سولدىن تېپىش قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى يۇقىرىغا ھۇجۇم قىلسا، بىرى ئاياغ تەرەپنى نىشانلاپ ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ ئاكا - ئۇكا كىچىكىدىنلا جانبازلىق مەشقى قىلغانلار بولۇپ، گۇچۇڭدىكى «تۆمۈر ئاياغ ئۇستىسى» دەپ داڭقى چىققان گائىمامنىڭ شاگىرتلىرى ئىدى. توختى ئۇلارنىڭ ھۇجۇم يوللىرىنى پەملەپ بولغۇچە خېلى تەمتىرىدى. ئۇ گاھ چېكىنىپ، گاھ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئىككى

چانبازنىڭ تەڭلا قىلغان ھۇجۇمىنى قايتۇردى. قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى:

— ئۇرە، ساله، توختىنى يىقىت! دەسسە، چەيلە! — دەپ ئىككى ئاكا - ئۇكىغا مەدەت بېرىۋاتاتتى.

ساتتار بىلەن مەمەت بۇ شۇمبۇينى نېرىراققا سۆرەپ بېرىپ قورساق، بىقىنلىرىغا راسا كېلىشتۈرۈپ نەچچە مۇشت سېلىپ ئۇنى ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچكەن كازىم ئىدى.

توختى بارا - بارا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ئۇ ئەمدى مۇداپىيەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. توختى دەسلەپتە يەڭگىلرەك مۇشت - پەشۋا ئاتتى، بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى بويسۇندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن توختى شۇ ھامان تىننىقنى يۇتۇپ، ئىچكى كۈچىنى ئالقىنىغا يىغىپ، تۆت بارمىقىنى جۈپلەپ تۇرۇپ مالاۋسىنىڭ بىقىنىغا بىرنى سالدى. بۇ زەربىنىڭ كۈچىدە مالاۋسى يەرگە يىقىلدى، يىقىلدى - يۇ، بىقىنىنى چىڭ چاڭگاللىغان پېتى يەردە يېتىپ قالدى. ئاغىسىنىڭ يىقىلغىنىنى كۆرگەن مالاۋۇۋ يولۋاستەك ئېتىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. توختى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاتقان مۇشتىنى رەتلىدى - دە، توشقانغا چاڭگال سالغان بۈركۈتتەك ماۋۇۋنى قاماللاپ يانپاشقا ئالدى، يانپاشقا ئالدى - يۇ، بىرلا تولغىنىپ ئۇنى داق يەرگە شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، مالاۋۇۋ يەرگە تاشلانغان لايدەك چاپلىشىپ قالدى. شۇ دەقىقىدە، يەردىن ئۈنگەندەكلا پاكار بىر ئادەم ئوتتۇردا پەيدا بولۇپ، بىر تىزىنى پۈكۈپ، يەنە بىر پۇتىنى توقماقتەك ئۈزاتقان پېتى قۇيۇندەك شىددەت بىلەن «يەر سۈپۈرۈش» ھەرىكىتىنى قىلىپ توختىنى «تاراڭگىدە» ئۈچۈرۈۋەتتى. توختى ئورنىدىن مۇشۇكتەك چەبدەسلىك بىلەن تۇرۇپ ئۆزىگە زەربە بەرگەن ئادەمگە بىر ئالىقان ئۇردى. ھېلىقى پاكار ئادەم توختىنىڭ ئالىقىنىنى توستى. لېكىن، ئالىقان

زەربىسىدىن پاكار ئادەم كەينىگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ كەتتى.
«تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلۇر» دېگەندەك، تۇيۇقسىز تەگكەن بۇ«تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نىڭ زەربىسى پاكار ئادەمگە ئۆتكەنىدى. بۇ پاكار ئادەم يەنە ئېلىشسا ياخشى نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى پەملەپ قالدى. چۈنكى، «تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نى جانبازلار تازا ھالقىلىق پەيت كەلمىسە ئاسانلىقچە قوللانمايتتى. بىر مەيدان ئېلىشىشتا ئۇچىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان ئادەمگە بۇ گۇمپىنى ئىشلەتكەنلىك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك ئەمەس ئىدى. لېكىن، پاكار ئادەم بىلىدىكى، «تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نى ئىشلەتكۈچى شۇ دەقىقىدە جېنىنى تىكىپ قويغانىدى. مۇنداق چاغدا يەنە ئېلىشسا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن يىگىت؟— پاكار ئادەم توختىدىن سورىدى ئۇيغۇرچە سۆزلەپ.

— ئىسمىم توختى، تۇگمەنبېشى مەھەللىسىدىن.

— نېمە ئۈچۈن بۇ كوچىدا ئايدىڭچىلاپ ئېلىشىپ قالدىڭلار؟

— بۇ ئىككىسى ئالدىمىزنى توسۇپ، يولسىزلىق قىلدى،— دېدى توختى پاكار ئادەمگە قاراپ.

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز، نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىسىگە بولۇشىسىز؟ — دېدى.

— مېنىڭ ئىسمىم گا ئىمام، بۇ ئىككىسى مېنىڭ شاگىرتلىرىم بولىدۇ.

توختى ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ گا ئىمامغا سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇستاز، ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن، كەچۈرگەيسىز؟!— توختى ئۆزرە ئېيتتى. چۈنكى، گائىمام گۇچۇڭدىكى داڭلىق جانبازلارنىڭ بىرى بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا

www.uyghurkitap.com

خېلى داڭقى بار ئىدى. ياش بوغۇنلار تاسادىپىي ئۇدۇل بولۇپ قالسا، بۇ ئەدەپسىزلىك ھېسابلىناتتى.

— شاگىرتلىرىم يولسىزلىق قىپتۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، ئەگەر ئېلىشىپ كۆرۈشنى خالىساڭ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بىزنىڭ «كىچىك مەسچىت» ئالدىدا جانبازلىق مەزھەپلىرى ئارا شاگىرتلار مۇسابىقىسى بولىدۇ. شۇ يەرگە بار، — دېدى گا ئىمام.

توختى گا ئىمامنىڭ داڭقىنى ئۇزاقتىن بۇيان ئاڭلاپ يۈرگەن، ئۇ بىر ئامال قىلىپ بۇ ئادەمدىن گۇمپا ئۆگىنىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. شۇڭا، گا ئىمام بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان مۇشۇ پۇرسەتتە كۆڭلىدىكى خىيالىنى ئىپادىلەپ سىناپ باقماچى بولدى - دە:

— ئەگەر شاگىرتلىرىڭىزنى يېڭىۋالسام، ماڭا «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» نى ئۆگىتىپ قويۇشقا ماقۇل بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

گا ئىمام بىردەم خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ساڭا ئۈچ شاگىرتىمنى ئۇدۇل قىلىمەن، ئەگەر ئۈچتىن ئىككىسىنى يېڭەلىسەڭ، بوپتۇ، دېگىنىڭچە بولسۇن، — دېدى كەسكىن جاۋاب قىلىپ.

— كېلىشتۇق ئەمسە! — توختى خۇشال بولدى.

گا ئىمام بۈگۈن بىر تۇغقىنىنىڭكىگە بېرىپ ئۇ يەردىن كەچ قالغانىدى. لىخۇا جەنزىگە كەلگەندە ئىككى - ئۈچ ئادەمنىڭ ئايدىڭچىلاپ ئېلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، مەيدانغا يېقىنلاپ قارىغانىدى، ئۇ ئۆز شاگىرتلىرىنىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىردەم قاراپ تۇردى. نەتىجىدە ئىككى شاگىرتى بىر ئادەمدىن يېڭىلىپ، يەردە يېتىپ قالدى. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان گا ئىمام «قۇيۇنتاز ھەرىكىتى» بىلەن توختىنى يەرگە يىقىتقانىدى.

مەيداندىكى ئادەملەر تارقاشتى. گا ئىمام ئىككى شاگىرتىنى يۆلەپ ئېلىپ كەتتى. توختىلار كازىم قۇسۇپ ياتقان يەرگە كېلىپ

ئۇنى تارتقۇشلاپ تۈرغۈزۈپ گەپ سورىدى: يىلدىكى، مالاۋۋۇ بىلەن مالاۋسى كازىمغا پۇل بېرىپ توختىنىڭ ئىزىنغا سالغان. بۆگۈنكى تويدىن قوغلاندى بولغان كازىم مالاۋسى بىلەن مالاۋۋۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىنىڭ تويدىن قايتقۇچە مۇشۇ يول بىلەن ياندىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى. ساتتار، توختىلار كازىمنىڭ قىلىقىغا نەپرەتلىنىپ يەرگە تۈكۈرۈشۈپ، مەھەللىگە قايتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

يەتتىنچى باب

## مەيداندىكى ئېلىشىش

چاشگاھ ۋاقتى بولغۇچە «كىچىك مەسچىت» سەيناسىغا خېلى كۆپ ئادەم يىغىلدى. سەينانىڭ بىر تەرىپىگە ئۇستەل - ئورۇندۇقلار ئايرىم - ئايرىم قويۇلغانىدى. قائىدە بويىچە، جانبازلىق مەزھەپلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى مۇشۇ ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇراتتى - دە، ياپقۇچلۇق قاچىلاردا كۆك چاي ئىچكەچ، شاگىرتلارنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشىنى تاماشا قىلاتتى. شۇ زامانلاردا، گۇچۇڭدا شاۋلىن مەزھىپى، تەيچۇەن گۇمپىدارلىرى، ياچۇەك گۇمپىدارلىرى، شىماللىق گۇمپىدارلار ۋە جەنۇبلۇق گۇمپىدارلار دېگەنلىك گۇمپىدارلار گۇرۇھلىرى بار بولۇپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ ھېلى «كىچىك مەسچىت» سەيناسىدا، ھېلى «چوڭ مەسچىت» سەيناسىدا، ھېلى داميۋ بۇتخانىسى ئالدىدا، ھېلى نياڭ نياڭ مياۋ ئالدىدا مۇسابىقىلەر، ماھارەت كۆرسىتىشلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇنداق مۇسابىقىگە قىزىقىدىغان ئادەملەر گۇچۇڭ، جىمسار تەۋەلىرىدە كۆپ بولۇپ، مۇسابىقە خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھامان يېتىپ كېلىشەتتى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر قۇرۇق قول كەلمەيتتى. ھەربىرى ئازدۇر - كۆپتۇر نەرسە، مەسىلەن، پۇل، رەخت، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، ھەرخىل بۇيۇملار دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىشىپ، مەيدان باشقۇرغۇچى بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇنغا قويۇشاتتى. ھەركىم

قانچىلىك نەرسە ئېلىپ كەلسە چەكلىمە يوق ئىدى. بۇ خۇددى «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەندەك ئىش ئىدى. بۇ نەرسە - كېرەك، پۇل - پۇچەكلەر مەيداندىكى ئېلىشىشتا يەڭگۈچىلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلەتتى. بۇ قائىدىگە ئايلانغان ئىش ئىدى.

توختى ئاغىنىسى ساتتار، مەمەتلەر بىلەن «كىچىك مەسچىت» سەيناسىغا كېلىپ ھەربىرى بىر تىزىقتىن يارماق تاشلاپ، مۇناسىپ جاي تېپىپ ئولتۇرۇشتى. تاماشا كۆرىدىغانلارغا ئۇزۇن - ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقلار، لىم - كۆتەكلەر قويۇپ قويۇلغانىدى. توختى ئاغىنىلىرى بىلەن ئالدىغىراق كېلىپ ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، مۆتىۋەرلەر، ئاقساقاللار ئولتۇرغان جايغا بېرىپ ئاۋۋال يېڭى جەنجاڭغا، ئاندىن دىڭ ئاخۇن، گا ئىملارغا سالام قىلدى. شۇ قاتاردا مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ قىزىل پۆپۈكلۈك قالپىقىنى كىيگەن مانجۇ ئامبال سۇخۇناشىن، يامۇل خىزمەتچىسى لى جۇڭلارغىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن قولىنى جۈپتەكلەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ جايىغا قايتتى.

سەينانىڭ چۆرە - ئەتراپىدا گا ئىمامنىڭ نەيزە تۇتقان شاگىرتلىرى تەرتىپ ساقلاپ تۇرۇشاتتى. يېڭى جەنجاڭ، دىڭ ئاخۇن، گا ئىمام ۋە باشقا جانباز گورۇھ - مەزھەپلىرىنىڭ خىللانغان شاگىرتلىرى رەت - رېتى بىلەن ئولتۇراشماقتا. توختىلار ئولتۇرغان لىم - ياغاچنىڭ ئالدىغا قويۇلغان پاكار ئورۇندۇقلاردا يېڭى جەنجاڭنىڭ شاگىرتلىرىدىن ۋاڭ تاڭ، سۇخۇشارا، جاڭسەنلەر ئولتۇراتتى. ئۇلار بىردەم - بىردەم كەينىگە ئۆرۈلۈپ، توختىغا ئالىيىپ قاراپ قويۇشاتتى. بولۇپمۇ سۇخۇشارا توختىغا كۆرەڭلەپ، چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ، «كۆرۈپ تۇر، سېنى ئەمدى مۇشۇ مەيداندا يېڭىمەن» دېگەندەك كىبىر ئىپادە قىلاتتى. توختى پەرۋاسىز ئولتۇردى، لېكىن ساتتار ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ئالدىنقىدىكى يىگىت، — دەپ سۇخۇشارانى كۆرسەتتى، — گۇچۇڭنىڭ ئامبىلى ئەنە ئاۋۇ قالپاقلىق ئەمەلدار سۇخۇناشىنىڭ ئوغلى ئىكەن، — دېدى.

— ھە، مۇنداق دە، شۇڭا ئۇنىڭ بىرگە باشقىچە كۆرەڭلەپ كەتكىنىكەن- دە، — دېدى توختىمۇ بوش ئاۋازدا.

— ئەگەر ئۇ سەن بىلەن ئېلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسا ئېھتىيات قىلارسەن.

— ھەم، — دەپلا قويدى توختى ساتتارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە سان بار ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل ھەمساۋاق بولغان سۇخۇشارانىڭ قانچىلىك ھۈنىرى بارلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

مەيدان سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى. بىرمۇنچە باللار مەسچىت ھويلىسىنىڭ قورۇق تېمى ئۈستىگە چىقىۋېلىشقانىدى. سورۇن باشقۇرغۇچى «ماھارەت كۆرسىتىش باشلاندى!» دەپ توۋلىدى. تاماشىبىنلار مەيدانغا بېقىشتى. مەيداندا ئەڭ ئاۋۋال شاۋلىن گۇمپىدارلىرىنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن گا ئىمامنىڭ شاگىرتلىرى ئىككىدىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ كالتەك ئويىنىتىپ ماھارەت كۆرسەتتى. جۇلاۋۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىككى، دىڭ ئاخۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىككى يىگىت قىلىچ ماھارىتىنى نامايان قىلدى. يەنە بىرقانچە گۇمپىدارلار يەل گۇمپىسى، تەيجى گۇمپىسى، ياچۇۋەك ھەرىكىتى دېگەنلەرنى ئويىنىدى. بۇ ماھارەتلەردىن كېيىن يەككە ئېلىشىش باشلاندى.

گا ئىمام شاگىرتلىرىدىن بىرىنى توختى بىلەن ئېلىشىشقا ئوتتۇرىغا چىقاردى. توختى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ پوتىسىنى چىگىپ تۇرۇشىغا، مەيدان باشقۇرغۇچى يۈگۈرۈپ كېلىپ توختىنىڭ پوتىسىنى يەشتۈرۈپ، باشتىن - ئاياغ سىيرىپ - سىلاپ تەكشۈردى. ئۇ پوتىغا ئورنىتىلغان يوشۇرۇن قورال بارمىكىن، دەپ

گۇمان قىلغانىدى. بۇ بەزىبىر ئەخلاقسىز جانبازلار قوللىنىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، ئېلىشىشتا ئەگەر رەقىبى بىلەن ئۆچ - ئاداۋەتلىك بولسا قارشى تەرەپنى يوشۇرۇن قەستلەپ قويىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالاتتى. مەيدان باشقۇرغۇچىنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنى تەكشۈرۈشى نورمال ئىش ئىدى.

ئېلىشىش باشلاندى، گا ئىمام ئوتتۇرىغا چىقارغان يىگىت بەك چاققان ئىدى. ئۇ يىلاندەك سويلاپ، ھېلى توختىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن زەربە قىلسا، ھېلى سول تەرىپىگە ئۆتۈپ ھۇجۇم قىلاتتى، ھېلى مايمۇن ھەرىكىتى ماھارىتىنى قوللانسا، ھېلى «ياچۇەكنىڭ يىلاننىڭ كۆزىنى چوقۇشى» گۇمپىسىنى ئىشلىتەتتى. توختى دەسلەپتە قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشتا سەل ھودۇقتى. كەينى - كەينىدىن ئۆزگىرىش ياسىغان ھەرىكەتلەرنى تەستە رەت قىلالىدى. قارشى تەرەپنىڭ ھەرىكىتى چاققان، ئۆزگىرىشچان، قول - پۇتلىرىنى چەبدەسلىك بىلەن ئىشقا سالسىمۇ، ئەمما زەربىسى ئەجەللىك ئەمەس ئىدى. توختى گا ئىمامنىڭ بۇ شاگىرتى بىلەن بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ماھارەت يوللىرىنى ئىگىلەپ قالدى. توختى قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرا - قايتۇرا ئاستا - ئاستا كەينىگە چېكىندى. مەيداننىڭ چېتىگە يېقىنلاشقان توختىنى قارشى تەرەپ بىرلا ھۇجۇم بىلەن ماھارەت كۆرسىتىش سۈپىتىدىن چۈشۈرۈۋەتمەك بولدى. شۇ دەقىقىدە توختى «سەككىز سىنىر ماھارىتى» نى قوللىنىپ، تولگۇلۇپ تۇرۇپ قوش ئالىقان چىقىرىپ قاتتىق زەربە قىلدى. قارشى تەرەپ كەينىگە ئۇچۇپ چۈشتى - دە، ئورنىدىن تۇرالمىدى. تاماشىبىنلار گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇراتتى. ئېلىشىش مەيدانىدىكى قائىدە بويىچە، گۇمپا ئىشلەتكۈچى قايسى مىللەتتىن، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇ بىرلا زەربە بىلەن قارشى تەرەپنى ھۇجۇم قىلىشتىن مەھرۇم قىلىپ يەڭسە،

جانبازلار ۋە تاماشىبىنلار ئەنە شۇ گۇمپىنىڭ قالتىسلىقىنىلا ھەۋەس قىلىشىپ چاۋاك چېلىشاتتى.

ئىككى ھەمساۋاق يىگىت كېلىپ گا ئىمامنىڭ يېڭىلگەن شاگىرتىنى مەيدان سىرتىغا يۆلەپ ئېلىپ كەتتى. گا ئىمامنىڭ شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى. لېكىن، ئۇ چاندۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشتى. ھەممە ئادەم توختى ئىشلەتكەن گۇمپىنىڭ قالتىسلىقىنى ماختىشىپ، بىر - بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەچكە، گا ئىمامغا ھېچكىم دىققىتىنى بۆلمىدى.

گا ئىمام ئەمدى ئوتتۇرىغا مالاۋسىنى چىقاردى. ئۇ مالاۋسىغا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئايرىمچە يوشۇرۇن ھەرىكەتتىن بىر - ئىككىنى ئۆگىتىپ، توختىنى ئاشكارا مەيداندا ئوچۇق - يورۇق يەڭسۇن دەپ ئويلىدى. بۇ جانبازلىقتىكى پەزىلەت مەسىلىسى ئىدى. گا ئىمام بۈگۈنكى مەيداندا مانا مۇشۇ مەردانىلىكنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك بولدى. بىراق، «ماختىغان قىز تويدا چاندۇرۇپتۇ» دېگەندەك، مالاۋسى ئۇستازى ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆگەتكەن يوشۇرۇن زەربە بېرىش ماھارىتىنى تازا دېگەندەك پىششىق ئۆزلەشتۈرۈپ بولالمىغاچقا، توختى بىلەن بەش - ئالتە قېتىمچە ھەملە قىلىشقاندىن كېيىن يېڭىلىپ قالدى. گا ئىمامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندا، توختىنىڭ ئىككى قېتىم يەڭگىنى ئۇتقانغا ھېساب بولاتتى. بىراق، گا ئىمام تەرسالىقىغا ئېلىپ ئۈچىنچى شاگىرتىنى چىقاردى. توختى بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. مەرتەم - مەرتەم ئۈچ مەرتەم دەپتىكەن، بوپتۇ، ئېلىشىپ باقاي، گائىمامنىڭ بۇ شاگىرتى بەلكىم «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» نى ئىشلىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، كۆرۈپ باقمامدىمەن، گا ئىمامنىڭ ئۈچىنچى شاگىرتىنىمۇ يەڭسەم ئەل - خالايىق قايىل بولار...... ياق، ئۇنداق قىلسام گا ئىمامنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولۇپ قالۇرمەن ھەقچان، گۇمپا ئۆگىنىش ئۈچۈن گا ئىمغا ئىمكان قالدۇرۇش كېرەكقۇ......



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توختى گا ئىمامنىڭ ئۈچىنچى شاگىرتى بىلەن ئېلىشتى. بۇ شاگىرتنىڭ ئىسمى بەيسۇڭ بولۇپ، بەكمۇ چەبداس ئىدى. ئۇ بىر پۇتى بىلەنلا كەينى ـ كەينىدىن بىرقانچە قېتىم پەشۋا ئېتىپ، قارشى تەرەپكە ئىمكان، پۇرسەت بەرمەيدى. ئۇمۇ گا ئىمامغا ئوخشاش بىر تىزى بىلەن زوڭزىيىپ، يەنە بىر پۇتى بىلەن «يەر سۈپۈرۈش» ھەرىكىتىنى ئىشلىسە، ھالقىسمان تۇرغان رەقىبلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن يەرگە يىقىتىۋېتەلەيتتى. ئەگەر پۇتى بىلەن تامنىڭ بۇرجەكلىرىگە تەپسە، تامنى ئۈچۈرۈۋېتەلەيتتى. ئۇ گا ئىمامنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر شاگىرتى ئىدى.

توختى «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» نى كۆردى. ئۇنىڭ «تەمى» نى تېتىپ، بىر ـ ئىككى پەشۋامۇ يېدى. بۇ گۇمپا ھەقىقەتەن قالتىس ئىدى. ئەگەر بۇ «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» نى قوللانغاندا، پۇت قارشى تەرەپكە راۋۇرۇس تېگىپ كەتسە، تېپىپ يىگۈچى يەرگە چاپلىشىپلا قالاتتى. توختى ھەرھالدا يېقىلمىدى. لېكىن، ئۇ ئېلىشىش ئۈزىرىپ كەتسە، «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» دىن زىيان تارتىپ قېلىشىنى پەملىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە گا ئىمامغا ئىمكان قالدۇرمىسا بولمايتتى. توختى ئۆزئارا خىرىس قىلىشىپ ھەملە قىلىشنىڭ ئارىلىقىدا قولىنى كۆتۈرۈپ يېڭىلگەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. گا ئىمامنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. مەيدانىدىكى ئېلىشىشنى كۆزىتىپ تۇرغان يىپ جەنجاڭ بىلەن دىڭ ئاخۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇلار نۆۋەتتە كىمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى كۈتكەچ، ياپقۇچلۇق چىنىدىكى چايدىن ئوتلىدى.

توختى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى رەتتە كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سۇخۇشارا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، توختىنىغا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ مازاقلىدى. توختى پەرۋامۇ قىلماي، ساتتار بىلەن مەمەتكە گائىمامنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن ئېلىشقاندىكى ئەھۋاللار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

— سەن گائىمامنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا چىقارغان شاگىرتىغا راستتىنلا تەڭ كېلەلمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ساتتار.

— ئۇ ھۈنەرنى پۇختا ئۆگەنگەن يىگىتكەن، — دېدى توختى ھەقىقەتنى يوشۇرۇپ ئولتۇرغۇسى كەلمەي.

— «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دەپتىكەن، توختىنىڭ گائىمامدىن ھۈنەر ئۆگەنگۈسى بار، شۇڭا شۇنداق قىلدىمىكىنتاڭ؟! — دېدى مەمەت سىنچى كۆزلىرى بىلەن توختىغا قاراپ.

— شۇنداقمۇيا!؟ ھېلىقى ئاخشىمى توختى ئاغىنىمىز گائىمام بىلەن شۇ توغرۇلۇق سۆزلەشكەندەك قىلىۋىدى؟ — ساتتار توختىغا قارىدى.

توختى مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى. ساتتار مەمەتنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ تۇرۇپ:

— يىلانىنىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىسەن جۇمۇ سەن؟! — دېدى.

— توختى سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈۋاتسا، ئۇنى سەزمىسەڭ بولامدۇ؟ — مەمەت ساتتارنىڭ ئۆزىنى ماختىغىنىنى ياقتۇرمىغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلدى.

شۇ ئەسنادا سۇخۇشارا ئاتىسى سۇخۇناشىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويۇپ كەلدى. مەيدان باشقۇرغۇچى ئامبالنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئامبالغا بىردەم قۇلاق تۇتۇپ، تاپشۇرۇقنى ئىشىتىپ، بېشىنى توختىماي لىڭشىتتى ۋە ئۇنىڭ تاپشۇرمىسى تۈگىشى بىلەنلا پايپاسلىغىنىچە ئوتتۇرىغا كېلىپ ئەمدىكى ئېلىشىدىغانلارنى ئېلان قىلدى:

— ئەمدى مەيداندا جانابىي ئامبال سۇخۇناشىنىنىڭ ئوغلى سۇخۇشارا بەگزادە بىلەن ئۇنىڭ ھەمساۋىقى توختى ماھارەت كۆرسىتىدۇ! مەيداندىكىلەر گۇدۇڭلاشقىلى تۇردى. ئامبال گىدەيگىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ بايام ئوغلىدىن ئۆزىنىڭ توختى بىلەن ئېلىشىپ، ئۆگەنگەن ماھارەتلىرىنى ئەل - جامائەت ئالدىدا،

ئاتىسى، ئۇستازى ۋە ھەمساۋاقلىرى ئالدىدا نامايان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، توختىنى يېڭىشكە ئۆزىدە ئىشەنچ بارلىقىنى ئاگلىغانىدى. ئوغلىغا نىسبەتەن بۇ بىر ئىمتىھان ھېسابلىناتتى. ئەگەر ئوغلى يەڭسە، ئامبالنىڭ ھۆرمەت - ئىززىتى، ئۆز نۆۋىتىدە ھەيۋىسى يەنىمۇ ئاشقان بولاتتى.

يې ئۇستاز بىلەن دىڭ ئاخۇن بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. چۈنكى، قائىدە بويىچە، بىر مەيداندا ئۈچ ئادەم بىلەن ئېلىشقان ئادەمنى قايتىدىن مەيدانغا چىقىرىشقا بولمايتتى. يې ئۇستا ساقچى لى جۇڭغا ئاستا ئىشارەت قىلدى. لى جۇڭ يې ئۇستازنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇلاق تۇتتى.

— لى ساقچى، ئامبالنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، چارچىغان ئادەمگە ئوغلىنى سالماقچى بولغىنى؟— دېدى يې ئۇستاز.

— بۇنى ھېچ بىلەلمىدىم، چارچىغان ئادەمنى ئېلىشىشقا سېلىش توغرا ئەمەسقۇ؟ — لى جۇڭ مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

توختىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى مەيدانغا چىقماسلىققا دەۋەت قىلدى. لېكىن، توختى ئۇنىمىدى.

— مەردنى مەيداندا سىنا، دېگەن گەپ بار. ئەگەر چىقمىسام مېنى «قورقتى» غا چىقىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامبالنىڭ «يۈز - ھۆرمىتى» نى قىلمىسام بولماس، — توختى گەپنىڭ ئاخىرىنى چاقچاققا ئايلاندۇردى.

— گا ئىمامنىڭ يۈز - ھۆرمىتىنى قىلىمەن دەپقۇ مەيداندا ئۈچىنچى قېتىمقى ئېلىشىشتا قولۇڭنى كۆتۈردۈڭ، يەنە شۇنداق قىلارسەنمۇ؟ — ساتتار ئەندىشىلىك كۆڭلىنى ئىپادە قىلدى.

توختى ساتتارغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئېلىشىش سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ «غەم قىلما، ھېچ ئىش بولمايدۇ» دېگىنىدىن بېشارەت ئىدى.

مەيداندا ئېلىشىش باشلاندى. ھەدېگەندە توختى سوخشارغا يول قويۇپ تۇردى. يېڭى ئۇستاز ئۆزىنىڭ ئىككى شاگىرتىنىڭ ئېلىشقىنىنى دەككە ـ دۈككىدە كۆزىتىپ تۇردى. توختى يېڭى ئۇستازنىڭ ھۇزۇرىدىن خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، يېڭى ئۇستاز سوخشارغا ئايرىمچە ھۈنەر ئۆگىتىشكە باشلىغانىدى. چۈنكى، ئامبال يېڭى ئۇستازغا پوپوزا قىلىپ، ئوغلىنى ئالاھىدە ماھارەتلىك قىلىپ تەربىيەلەشنى تاپىلىغان. تەن ساپاسى، مىجەز ـ خۇلق، جاپاغا چىداش ۋە مەشىق ئۈنۈمى جەھەتتىن سوخشارنىڭ توختىغا يەتمەيدىغانلىقىنى يېڭى ئۇستاز ئوبدان بىلەتتى. ئۈنىڭ ئۈستىگە توختى سىچۋەنلىك چىڭ ئۇستا، دىڭ ئاخۇن ھەم ئۆزى بولۇپ ئۈچ ئۇستىنىڭ قولىدا ھۈنەر ئۆگەنگەن. ھەربىر ئۇستىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھارىتى ۋە ئۇنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى بولاتتى. توختى جاپاغا چىداپ، ھەربىر ماھارەت مەشقىنى ۋايىغا يەتكۈزەلەيدۇ. سوخشارا بولسا ئەمەلدارنىڭ بالىسى بولغانلىقتىنمىكىن، ھۇرۇنراق، بىشەم، بوشباسار. ماھارەت مەشقىنمۇ توختىدەك تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ باققىنىمۇ يوق. ئەگەر توختى سوخشارانى يېڭىپ قويسىزە......

ئېلىشىش بىرقانچە مەرتەم ئېلىپ بېرىلدى. توختىنىڭ بارا ـ بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەۋاتقانلىقىنى مەيداندىكىلەر سېزىپ ئولتۇردى. ئەگەر يەنە بىرقانچە رەت ھەمدە قىلىشسا، سوخشارانىڭ يېڭىلىپ قالىدىغىنى بەلگىلىك بولۇپ قالدى. بۇنى پەملىگەن توختى قولىنى كۆتۈرۈپ مەيدان باشقۇرغۇچىغا ئېلىشىشتىن ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. توختى ئېلىشىش جەريانىدا يېڭى ئۇستازنىڭ ئىما ـ ئىشارىتىدىن شۇ مەنىنى بايقىغانىدى.

مەيدان باشقۇرغۇچى ئامبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىدى، ئامبال قوللىرىنى سىلكىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ،

يېگىش ـ يېگىلىش ئايرىلمىغۇچە ئېلىشىۋاتقانلارنىڭ يالتىيىۋېلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ چوقۇم ئۇتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. مەيدان باشقۇرغۇچى گا ئىمامغا ئامبالنىڭ مەقسىتىنى يەتكۈزدى. گا ئىمام ئېلىشقۇچىلارنىڭ يالتىيىپ قىلىشىغا بولمايدىغانلىقىنى قۇۋۋەتلىدى. چۈنكى، ئۇ توختىنىڭ سۇخۇشارانى يېگىدىغانلىقىنى ئالللىقاچانلا پەرەز قىلغانىدى. توختى يەڭسە ياخشى بولاتتى. گا ئىمام بىلەن ئامبالنىڭ ئىلگىرىدىنلا ئۆچ ـ ئاداۋىتى بار ئىدى. توختى يەڭسە ئامبالنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلەتتى. بۇنىڭدىن گا ئىمام خۇش بولاتتى. شۇڭا، گا ئىمام مۇشۇ سورۇننى ئۇيۇشتۇرغۇچى سالاھىيىتى بىلەن ئېلىشقۇچىلارنىڭ يالتىيىپ قىلىشىغا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەم توختىغا قاراپ تۈگۈلگەن مۇشتىنى پۇلاڭلىتىپ «ئۇنى يەڭ! ئۇنى ئۇتقىن!» دېگەن بىشارەتنى بەردى. گا ئىمامنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ پۇرسىتى كەلدى، دەپ بىلگەن توختى ئېلىشىش قايتا باشلىنىشى بىلەنلا باشقىچە غەيرەت ـ جاسارەت بىلەن مۇداپىيەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. توختى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم گۇمپا ئىشلىتىپ، سۇخۇشارانى قاتتىق يارىلاندۇرۇپ، يەرگە چاپلىۋەتتى. ئەتراپتىكى تاماشىبىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى گۈلدۈراس چاۋاك چېلىشتى. ئاز بىر قىسىم ئادەم ئامبالنىڭ يۈزىنى قىلىپ چاۋاك چېلىشمىدى. يى ئۇستاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن، گا ئىمام ئورنىدىن تۇرۇپ مەيدانغا ئىككى سەكرەپلا كىردى- دە، توختىنىڭ دولىسىغا شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— يارايسەن توختى، مېنىڭ كۆتكىنىمدەك قىلدىڭ! بۈگۈندىن باشلاپ مەن سېنى شاگىرتلىققا ئالدىم. كەم يەرلىرىڭنى مەن تولۇقلاپ، پىشىلدۇرىمەن! — دېدى.

توختى خۇشال بولدى. ۋاڭ تاۋ، جاڭسەنلەر سۇخۇشارانى

يۆلەپ مەيداندىن چېكىندى. ئامبال توختىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن قاراپ:

— خەپ توختاپ تۇر! — دېدى - دە، يولىغا راۋان بولدى. لى جۇڭ توختىغا قاراپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ كۆلۈپ قويۇپ، ئامبالنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەتتى.



## سەككىزىنچى باب

# مەيدان بۇزغان توختى

ئارىدىن بەش - ئالتە يىل ئۆتتى. گۈلسارە تۇنجى تۇغۇتىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئىزامىدىن دەپ ئىسىم قويۇلغان تۇنجى ئوغۇل ئانىسىز قالدى. گۈلسارە ۋاپات بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن ئەھلىمەھەللىنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن توختى مايسىخان ئىسىملىك بىرەيلەنگە ئۆيلەندى. توختىمۇ بۇ چاغدا يەتتە نەپەر ئۇستىنىڭ قولىدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ، كامالەتكە يەتكەن جانباز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەسلەپ ئەسلا بەگدىن، ئاندىن كېيىن سىچۋەنلىك چىلڭ ئۇستا، يې جەنجاڭ، دىڭ ئاخۇن، گائىمام، جۇلاۋۇ، شى جۇسى دېگەن ئۇستازلاردىن گۇمپا - ھۈنەر ئۆگىنىپ جانبازلىقتا يېتىشتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىرىكچىلىكىدە، تۇرمۇشىدا كۆپ ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. ئۇ گاھىدا ئاتا كەسپى تۆمۈرچىلىكنى ئاز - تولا قىلسا، گاھىدا مەدىكارچىلىقمۇ قىلاتتى. گاھىدا يىراق - يېقىن دېمەي، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈلگەن ئۆيلەرگە بېرىپ پولۇ ئېتىپمۇ يۈردى. ئۇ ئەمدى ئانىسى، سىڭلىسى، ئايالى مايسىخان، ئوغلى ئىزامىدىنلارنى بېقىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى گۆھەردىن ئۇستا توختىنىڭ سۈننەت تويىدىن كېيىن بىر كۈنى توختىغا مۇنداق دېگەنىدى. «ئەركىشى بىر كىشىلىك ئىشلىسە ئاران ئۆز جېنىنى باقىدۇ، ئىككى كىشىلىك

ئىشلىسە ئائىلىسىنى باقىدۇ. ئۈچ كىشىلىك ئىشلىسە ئائىدىن ئەل قاتارى ياشايدۇ، سەن بۇ گەپنى ئېسىڭدە ساقلىغىن»، ئۇ چاغدا توختى بۇ گەپنى چۈشەنمىگەن، لېكىن يادىدا قالغان. مانا ئەمدى ئۇ ئاتىسىنىڭ ئاشۇ گېپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەندى. شۇڭا، ئىش بولسىلا ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىشلىدى.

بۈگۈن ئۇ بامداتتىن كېيىنلا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىككى يەردىكى نەزىر پولۇسىنى ئىككىنچى توخۇ چىللىغاندا بىرىپ ئېتىپ ئۈلگۈرتتى. توختى ئۆيدە ئازراق دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، چاشگاھ ۋاقتى بىلەن تۇتۇق تەرەپكە بىرىپ يەنە بىر مەرىكىنىڭ پولۇسىنى ئېتىشكە ماڭدى. ئۇ لىختۇا جەنزە مەيدانىغا ئەمدىلا قەدەم بېسىشىغا دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقان كازىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. كازىم توختىغا قاراپ ھىجىيىپ سالام قىلدى:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، توختى بۇرادەر، قايان ماڭدىڭ؟

ــ تۇتۇق تەرەپكە بىر ئىش بىلەن ماڭغانىدىم.

ــ ماڭا قارا، توختى بۇرادەر، ئەگەر ماڭا ئىككى سەر ھاراق ئېلىپ بەرسەڭ، ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان ئاجايىپ مۇھىم بىر گەپ بار، قانداق، ئىككى سەر ھاراق ئېلىپ بېرەمسەن؟ ــ كازىم خۇنۇك كۆزلىرىنى توختىغا تىكىپ لولىلىق قىلدى.

توختى كازىمغا سىنچىلاپ قارىدى: كازىمنىڭ چاچلىرى پاخپايغان، كۆزىنىڭ ئېقى چوڭايغان، چىرايى سامانىدەك سارغايغان. پۇتىدا كونىراپ كەتكەن چورۇق، ئىشتىنىنىڭ بىر پۇچقىقى كالتە، مەيدىسى ئوچۇق، ئىچىگە كىيىدىغان چاپىنىسى يوق، پەقەت ئەستەرلىك چاپانىنىلا كىيىۋالغان بولۇپ، تولىمۇ ئەبگار كۆرۈنەتتى. كازىم چالا مەست ئىدى.

توختى ھاراقنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەندى. ئەبگاردەك تۇرقىدىن ئەيمەندى. ئۇنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا لالما ئىتتەك لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەردىن بولۇپ قالغانلىقىنى توختى

ئاڭلىغانىدى. كىمكى بىرەر پارچە نان بەرسە، ئاشپۇزۇللاردا ئاشقان - تاشقاننى بەرسە ياكى بىرەر سەر ئاق جۇن ئېلىپ بەرسە شۇنىڭ ئۇچۇن قۇيرۇق شىپاڭشتىپ يۈرىدىغان هارامتاماققا ئايلانغان كازىم، تونۇش - بىلىشلىرىدىن هاراق ئېلىپ بېرىشنى تىلەيدىغان هالەتكە بېرىپ يەتكەن. كازىممۇ ئەسلىدە بىر هۈنەرۋەننىڭ ئاززۇلۇق يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مۇشۇ شەهەر ئاهالىلىرىدىن بولۇپ، كازىمنى يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكۈچىمۇ بىرەر ئىشقا سالماي، هۈنەرمۇ ئۆگەتمەي، دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ، ئاززۇلاپ باققانىدى. نىهايەت، كازىمنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى ئاينىڭ ئىچىدىلا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قولىدىن بىرەر قاچا تاماق ئېلىپ يەپ يۈردى. قولىنى ئەگرى قىلمايدىغان مۇنداق بىكار تەلەپتىن تۇغقانلارمۇ ئاستا - ئاستا بەزدى. كۈن ئېلىشنىڭ مۇشكۈللۈكىنى هېس قىلغان كازىم ئاتىسىدىن قالغان قورۇ - جاينى ساتتى. «يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇماپتۇ» دېگەندەك، ئىككى - ئۈچ يىل بايۋەچچىدەك ياشىغان كازىمنىڭ يېنى قۇرۇقدالدى. ئامالسىزلىقتىن كوچىغا چىقىپ قالغان كازىم شەهەر كوچىلىرىدا لاغايلاپ يۈرۈپ، بۈگۈنكى هالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، ئۇمۇ ئاچ - توق يۈرۈشنىڭ دەستىدىن بەزىبىر ئامال - چارىلەرنى قوللىنىپ باقتى. ئۇ لاغايلاپ يۈرۈش جەريانىدا بازار رەستىلەرىدە، ئاشپۇزۇللاردا ئاڭلىۋالغان ئۇچۇر - خەۋەرلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە يەتكۈزۈپ، شۇلاردىن ئاز - تولا نەپ ئۈندۈرىدىغان بولۇۋالدى.

توختى بىر تۇرۇپ كازىمنىڭ تۇرقىدىن بىزار بولدى، بىر تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. نىمىلا دېگەنبىلەن مۇشۇ بىر شەهەردە تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن هەم زامانداش - قۇرداش. «بوپتۇلا، قەلەندەرلىك كوچىسىغا كىرىپ قالغان كازىمنىڭ هالىغا

بىرەر قېتىم يېتىپ قويسام يامىنى بولماس»، توختى شۇ ئوي بىلەن كازىمغا قاراپ:

— قېنى، يۈر ئەمىسە، ساڭا ئىككى سەر هاراق ئېلىپ بېرەي، — دېدى.

كازىمنىڭ چىرايى شۇئان ئاخشماردەك ① ئېچىلدى. توختى ئۇنى جاڭ دۇكاندارنىڭ دۇكىنىغا ئېلىپ باردى. دۇكاندار توختى بەرگەن يارماققا ئىككى سەر هاراق بەردى. دۇكاندا بىر كىچىك شىرە، ئۈچ - تۆت ياغاچ ئورۇندۇق بار ئىدى. هاراق ئىچىدىغانلار بۇ دۇكاندىن ئۈكسۈمەيتتى.

كازىم قارا ھېجىر قاچىغا قۇيۇلغان هاراقنى ئىككى ئوتلاپ «ئۇھ......» دەپ بۇس چىقاردى. توختى هاراقنىڭ سېسىق بۇسىدىن تىنالماي قالدى - دە، تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى.

— توختا، بۇرادەر، مەن ساڭا تېخى ھېلىقى مۇھىم گەپنى ئېيتىپ بەرمىدىمغۇ؟ — دېدى كازىم.

— قېنى، چاپسانراق ئېيتە، مەن ئالدىراپمەن.

— دۇكانغا كىرسەڭ ئېيتىمامدىم!؟

— مەن سىرتتىلا تۇراي، هاراقنىڭ بۇسىدىن تىنالمايدىكەنمەن.

— بەك مۇھىم گەپ ئۇ ساڭا ئېيتىپ بېرىدىغان، باشقىلار ئاڭلىسا بولمايدۇ، — كازىم قولى بىلەن توختىنى «دۇكان ئىچىگە كىر» دەپ ئىما قىلدى.

توختى ئامالسىز دۇكانغا كىردى. كازىم هاراقتىن «غۇرت» قىلىپ بىر يۇتۇم ئىچتى - دە، — جاڭ خوجايىن، ماڭا تاماكىدىن بىر ئورام بەرگىنە؟ — دەپ دۇكان غوجايىنىغا قول سۇندى. دۇكان غوجايىنى زابوي بولۇپ كەتكەن بۇنداق هاراقكەشلەرنىڭ

---

① ئاخشمار — گۈلنىڭ بىر تۈرى. كەچتە، سەھەردە ئېچىلىدۇ — ئا.

خۇيىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ پەشتاختىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ قالدۇرۇلغان يېرىم تال پاپىروسنى ئېلىپ كازىمغا بەردى. كازىم پاپىروسنى چىشلەپ تۇرۇپ دۇكاندارغا يەنە قول سۇندى. دۇكاندار ئۇنىڭغا سەرەڭگىنىمۇ سۇنۇپ بەردى.

قويۇق ئىس بىلەن هاراقنىڭ سېسىق پۇسى توختىغا ئارام بەرمىدى. ئۇ كازىمغا قاراپ:

— دەيدىغىنىڭنى چاپسان دېگىنە كازىم، — دېدى تەقەززالىنىپ.

ئاچ قورساققا ئىچكەن ئۈچ يۇتۇم هاراقتا كازىمنىڭ كەيپى ئۆرلىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا هارغىنلىق، دەرد - ئەلەم، مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ توختىغا دەرد تۆككۈسى كەلدى، ئۇ تىلى كالۋالاشقان هالدا:

— سەن بۇرادەر، مەن بىلەن مۇشۇ شەهەردە تۇغۇلۇپ- ئۆسكەن، هالىڭ قانداق، نېمىشقا هاراق ئىچىسەن دەپ سورىمايسەنغۇ؟ — دېدى.

توختى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدى.

— ئېيتە ئەمىسە، نېمىشقا هاراق ئىچىسەن؟

كازىم توختىنىڭ ماقۇل كەلگەنلىكىگە خۇشال بولدى.

— بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، روزى قاسساپنىڭ ئوغلى مامۇتنىڭ تويىدىكى كەچلىك مەشرەپتە، بېيىت ئېيتىشتا خاتا سۆز ئىشلىتىپ قويغىنىمغا سىلەر مېنى مەشرەپتىن قوغلىۋەتتىڭلار. شۇنىڭدىن كېيىن مەن قوشاق - بېيىت توقۇشنى مەشىق قىلىشقا كىرىشتىم. هازىر مەن شائىرلىق ماقامىغا يېتىپ قالدىم. ساڭا نېمە ئۈچۈن هاراقكەش بولۇپ قالغانلىقىمنى توقۇغان قوشاقلىرىم بىلەن ئېيتىپ بېرىمەن، — كازىم يىغا ئارىلاش كۈلدى -دە، هاراقتىن «غۇرت قىلىپ يەنە بىر يۇتۇم ئىچىۋېلىپ، تاماكىدىن ئىككى نەپەس شورىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى توقۇغان قوشىقىنى ئېيتىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

باشلىدى:

هاراق ئىچسەم بىر يولنى يەتتە ماگىمەن،
گاهى دەلدەگىشىپ چەتتە ماگىمەن.
مەيلى يەتتە ماگاي ياكى ئون يەتتە،
ئىچمىگەن كۈنلىرىم دەردتە ماگىمەن.

هاراق ئىچسەم خەق مېنى ئىمانى يوق دەر،
خۇشامەت قىلمىسام زوۋانى يوق دەر.
خۇدادىن لېيىمنى سورىسام ئەگەر،
ئۇنىڭدا قىغ ـ ئەخلەت، سامانى يوق دەر.

باشنى سارالڭ قىلىدۇ هاراق،
بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئىچىمەن.
كەيپىدىن ئۆزۈم گويا شاھ ـ سۇلتان،
مەن ئۇنىڭدىن قانداق كېچىمەن.

قۇيغىنا ساقىي ماڭا گۈلگۈن شاراب،
مەن ئۇنى قويماي ئىچەي تامشىپ ـ شوراپ.
«گۈپ» قىلىپ شۇنداق ئىچەيكى زوق بىلەن،
ئىچ ـ ئىچىمگە لەززىتى كەتكەي تاراپ.

— ها ـ ها ـ ها! — كازىم شۇنداق زوق ـ شوق بىلەن كۈلدىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بىراق، هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاغزى ئۈمچىيىپ، چىرايىغا يىغا ياماشتى. ئۇ توختىغا ئۆمسىلە چىرايى بىلەن:
— توختى بۇرادەر، مانا ئەمدى بىلگەنسەن، مەن كۆڭۈل

خۇشــلۇقۇمنى مۇشـۇ هـاراقتىن تـاپىمەن. سـاڭا ئېيتىــدىغان گېپىم شــۇكى، سۇخۇناشـــىن ئامبـــال جانـــابلىرى ســـىزنىڭ بىـــلەن بەسلەشتۈرۈشكە ئىچكىرىدىن ئۇستا جانباز تەكلىپ قىپتۇ. ئاگـاھ بــولغىن بــۇرادەر. ئەمــدى كېتىــۋەرگىن، ـــ كــازىم قاچىــدىكى هـاراقتىن «غـۇرت» قىلىـپ يەنە بىـر ئۇتلىـدى ـ دە، سـارغىيىپ كەتكەن بارماقلىرى ئارىسىدا ئـارانچە قىسىلىپ تۇرغـان پاپىروسـنى كەينى ـ كەينىدىن شورىدى.

توختى كازىمنىڭ سۆزىگە گاھ ئىشىنىپ، گاھ ئىشەنمەي، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، تۇتۇق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

دەرۋەقە، ئىككى كۈنـدىن كېيىن دامىياۋ بۇتخانىسى تېمىغا، لىخـۇا جەنــزە مەيــدانى ئەتراپىــدىكى دۇكـــانلار تېمىغــا ئــېلان چاپلانـدى. تـوختى كىراكەشـلىك قىلىۋاتقـان سـاتىتارنى بىـر ئىش بىـلەن ئىـزدەپ رەستىگە چىقىۋىـدى، بىـر تـوپ ئادەمنىـڭ دۇكـان تېمىغـا چاپلانغـان ئېلانىـى ئۇسـتىدە مـونىكى بـار قـارا تـاۋار بـۆك كىيگەن، ئـۇزۇن بىـر تـال چېچـى بـار ئەپەنـدىگە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كـۆردى ـ دە، يـېقىن بـاردى. ئـۇزۇن چـاچلىق ئەپەنـدى ئېلاننـى ئوقۇۋاتاتتى:

...... گۇچۇڭ تەۋەلىكىدىكى جانبازلار 5 ـ ئاينىـڭ 5 ـ كـۈنى دامىياۋغا كېلىڭلار. ماهارەت كۆرسىتىپ، ئېلىـشىپ كـۆرىمىز. ئەگەر، جانبــاز ئەهلــى تــۇرۇپ ئېلىشـــىشتىن بـــاش تارتـــساڭلار، قىزىـــل شـــەلپەردىن تىكىلـــگەن ئايـــالچە ئىـــشتان كىيىـــپ كـــېلىڭلار؛ ئېلىشىشتىن قورقمايدىغانلار سەنشىمياۋ بۇتخانىسىغا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشكەيسىلەر.

خارچىن هەزرەتتىن

1908 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى.

تــوختى خەنــزۇچە خەتنــى ئوقۇيالمىغــان بــىلەن خەنزۇچە سۆزلەشــكە، چۈشىنىــشكە قــۇربى يېتەتتــى. «ئەجەب ئەدەپسىز گەپلەرنى قىپتۇغۇ بۇ خارچىن ھەزرەت دېگىنى، كىمدۇ بۇ ئۆزى؟» تــوختى شــۇنداق ئويلىــدى ـ دە، مەيــداننىڭ بىــر چېتىــدىكى تىجارەت قىلىدىغان ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان ئادەملەر يېنىغا قاراپ ماڭدى.

— ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا سورۇن ـ مەيدان تۈزۈگەنلەردىن بىرەرسىمۇ جانبازلارنى ھاقارەتلەيدىغان ئۇنداق گەپلەرنــى قىلمىــغانىدى. خارچىن ھەزرەت دېگىنى ئەجەب يوغانچى نېمىكەنــا!— دېــدى، ھېيــت ئــاخۇن زاسۇيپەزنىڭ غالتەكلىــك ھارۋىسى يېنىغا قويۇلغان ئۇزۇن ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

— يوغــــانچىلىق ئەمەس بــــۇ قىلغىنىـــــى، ئەدەپــــسىزلىك! گۆچۈگۈلۈقلارنى نېمە كۆرۈۋاتىدۇ بۇ خارچىن دېگەن مانجۇ!— يەنە بىرەيلەن قايناپ سۆزلىمەكتە.

— ئۇنىڭ چوقۇم ئارقا تىرىكى بولسا كېرەك!

— ئۇ ئــادەم سۇخۇناشىن ئامبالنىــڭ تــوغقىنىكەن، مەنچىــڭ پادىــشاھىنىڭ يېيجىڭــدىكى خــانلىق ئىبادەتخانىــسىنىڭ راھىــب كالانىمىش،— دېدى كازىم.

ئــۇ ئــارىلاپ ھېيــت ئــاخۇن زاســۇيپەزنىڭ يېنىغــا كېلەتتــى. ھېيــت ئــاخۇن ئۇنىڭغــا زاسۇي شورپىــسىدىن بىــرەر قاچــا بېرىــپ قوياتتى. بۈگۈنمۇ ئۇ قوللىرىنى تىترىتىپ كېلىۋىدى، ھېيت ئــاخۇن ئىسسىق بىر قاچا شورپا بەرگەنىدى. كازىمنىڭ پۈت ـ قولىغا جان كىرىپ، بايىقى سۆزنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ بۇ خــارچىن ھەزرەتنــى ئامبالنىــڭ توختىغــا سىلىــشقا مەخــسۇس ئەكەلــدۈرگىنىنى بــۇ يەردە دېمىدى.

— هــوي، ســەن ئەجەب ئېنىــق بىلىدىكەنــسىنا؟ يېقىنــدىن بېرى ئامبالنىڭ كۆتكۈچىسى بولۇپ قالدىڭمۇيا؟— زاسۇي يەۋاتقان

يوغان يالپا ىىرەيلەن شۇنداق دېدى.

— ئۇ بەزىدە ئەمەلدارلار بىلەن بىر داستىخاندا زىياپەتتە ئولتۇرۇپمۇ قالىدۇ! — يەنە بىرەيلەن كازىمنى مازاق قىلدى.

— نېمىلا دېگەنىبىلەن كازىمنىڭ قولىقى ئۇزۇن، بەلكىم ئۇنىڭ گېپى راستتۇ، — ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ غالتەكلىك ھارۋىسىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقانلار شۇنداق سۆزلىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، توختى كېلىپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بۇرادەرلەر، ئامان - ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۆزۈڭمۇ ئامان - ئېسەنمۇ بۇرادەر؟ — ھېيت ئاخۇن توختىغا ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى بەردى.

— رەھمەت، ھېيتاخۇن، مەن ئولتۇرماي، ساتتارنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، ئۇ بۇ يەردىمۇ يوقكەن، — دېدى توختى.

— ئۇ بايام شىلەيشىياڭ تەرەپكە كىرا تارتىپ كەتتى، — دېدى كازىم.

— ھە راست، شۇ ياققا ماڭغاندەك قىلىۋىدى، — ھېيت ئاخۇنمۇ ساتتارنىڭ شۇ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى.

— ئەمىسە مەن شۇ تەرەپكە بېرىپ كېلەي، ساتتار بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى، — توختى مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختى بۇرادەر، ئىچكىرىدىن خارچىن ھەزرەت دېگەن بىرەيلەن كېلىپ گۇچۇڭدىكى جانبازلارغا جەڭ ئېلان قىپتۇ. ئېلاننى سەنمۇ كۆرگەنسەن؟ — دېدى ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەز.

— كۆردۇم.

— سېنىڭ ئۇستازلىرىڭ بۇ توغرۇلۇق قانداق ئوي - خىيالدا ئىكەن؟

— مەن تېخى ئۇلار بىلەن ئۇچراشمىدىم. ئەگەر ئۇچراشمىسام ئۇلارنىڭ خىيالىنى بىلىپ باقۇرمەن.

— گۇچۇڭلۈك جانبازلارنى بوش چاغلىغان جىڭغىي، بۇ خارچىن ھەزرەت دېگىنى، يىپ جەنجاڭ، دىلى ئاخۇن، گا ئىماملار ئۇنىڭ كۆرەڭلىگىنىگە قاراپ تۇرماس؟

— ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ - دە! — توختى ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېدى - دە، ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ يېنىدىكى بۇرادەرلەر بىلەن خوشلىشىپ، شىلەيشياڭ تەرەپكە يۇرۇپ كەتتى.

توختى ئۇدۇللا يىپ ئۇستازنىڭ تۇرالغۇسىغا باردى. يىپ ئۇستاز ھويلىدا شاگىرتلىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇراتتى. توختى ئۇستازغا سالام قىلدى.

— كەل توختى، ياخشى ۋاقتىدا كەلدىڭ! — يىپ ئۇستاز توختىغا جاي كۆرسەتتى ۋە توختىغا قاراپ، — كوچا - كويدىكى گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم، ھەتتا ئېلاننىمۇ كۆردۈم.

— بۇ خارچىن ھەزرەت دېگىنى چىقارغان ئېلانغا دوستانە سۆزلەرنى ئىشلەتمەپتۇ، بەكمۇ ھاكاۋۇر، كۆرەڭ نېمە ئوخشايدۇ. ئىلگىرى ئىچكىرىدىن كېلىپ مەيدان راسلىغان جانبازلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنداق ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلىپ باقمىغانىدى. يىپ ئۇستازنىڭمۇ كوچىغا چاپلانغان ئېلان مەزمۇنىغا ئاچچىقى كەلگىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئەۋەتىلگەن تەكلىپنامىگىمۇ شۇنداق گەپلەرنىڭ يېزىلغانلىقىغا سەپرايى ئۆرلەپ تۇرغانىدى. سەكسەن ياشقا كىرىپ، چاچ - ساقاللىرى كۆمۈش رەڭ تۇس ئالغان بۇ مويسىپىت جانبازغا خارچىن ھەزرەت ئەۋەتكەن باغاقچىدىكى ھېلىقىدەك ئەدەپسىز گەپلەر ھار كەلگەنىدى.

توختى كازىم ئېيتقان گەپلەرنى ئۇستازى يىپ جەنجاڭغا ئۇقتۇرمىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەسلا بەگ توختىغا: «بەزى گەپلەرنى

ۋاقتى كەلمەستە ئاغزىڭدىن ئالدىراپ چىقارما، ھەرقاچان سالماق بول، كۆرۈنۈپ تۇرغان ھەقىقەتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان ھەققانىيەتنى بىلىشكە ماھىر بولغىن» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلىشىدى. ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدىغان قۇرامىغا يەتكەن توختى تۆنجى ئۇستازى بولغان ئەسلا بەگنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى گەپلىرىنى ئەمدى «كۆشەپ»، ئۇنىڭ «تەمى» نى تېتىغاندەك بولغانىدى. گەرچە ئۇ سۇخۇناشىنى ئامبالنىڭ خارچىن ھەزرەتنى، ئۆز ۋاقتىدا ئوغلى سۇخۇشارانى يېڭىپ قويغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئېلىشقا ئاتايىن ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىققانلىقىنى ئۇقۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما خارچىن ھەزرەتنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، گۇچۇڭدىكى جانباز ئۇستىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ئۇنى يېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا، توختى مەقسىتىنى يى ئۇستازغا چاندۇرماي، ئۇنىڭ «تومۇرى» نى تۇتۇپ باقماقچى بولۇپ:

— ئۇستاز، سىز بۇ ئىشقا قانداقراق ئويدا بولۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى.

يى ئۇستاز ساقىلىنى سىلاپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن سالماقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئىلگىرى مۇنداق يوغان گەپ قىلغانلارنى ئۆزۈملا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەتتىم، ھازىر يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى، شاگىرتلىرىمنىڭ ئىچىدىن......

— ئاۋۋال بېرىپ ئۇ خارچىن ھەزرەت بىلەن ئۇچرىشىپ باقايلى ئۇستاز، ئاندىن بىر قارارغا كەلمەمسىز؟ — توختى ئۇستازىنىڭ گېپىنى بۆلدى.

— شۇنداق قىلامدۇق؟ — يى ئۇستاز توختىغا سىنچى كۆزىدە قارىدى.

— شۇنداق قىلايلى.

يېپ ئۇستاز بىلەن توختى سەنئەتشۇناسلىق بۇتخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. توختى مەككەم يېپىقلىق قىزىل رەڭلىك دەرۋازىغا ئۇن قەدەمچە قالغاندا يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى:

— خارچىن ھەزرەت!

بۇتخانا ئىچىدىن سادا چىقمىدى. توختى يەنە ۋارقىرىدى:

— خارچىن ھەزرەت!

يەنە سادا يوق، لېكىن قوشقۇۋۇق يەڭگىل ئېچىلىپ غۇيۇلدىغان شەپە بىلەن تەڭ خارچىن ھەزرەت يېپ ئۇستاز بىلەن توختىنىڭ كەينى تەرىپىدىن سالام بەردى:

— ياخشىمۇسىلەر؟

يې ئۇستاز چۆچۈگەندەك قىلدى. ئۇ توختى بىلەن شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، خارچىن ھەزرەت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. يېپ ئۇستازنىڭ چۆچۈگىنى، خارچىن ھەزرەت «خۇگۇڭ» دەپ ئاتىلىدىغان ھۈنەر ئىشلىتىپ، سىيماسى كۆرۈنمەي، شەپىسى بىلىنمىدىغان ھەرىكەت بىلەن ئۇلارنىڭ كۆز ئۆڭىدىن كۆرۈنمەستىن غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. خارچىن ھەزرەت بېشىغا گۈللۈك باش كىيىم، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن، بېلىنى كۆك رەڭلىك ماتا پوتا بىلەن چىڭ باغلىغان قامەتلىك ياشنى كۆرۈپ «سۇخۇناشىن ئاغام ئېيتقان توختى دېگەن ئۇيغۇر جانباز مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟» دەپ پەرەز قىلدى ـ دە، توختى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ توختىغا ئۆز كۈچىدىن بېشارەت بېرىپ قويماقچى بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىستى. توختى بۇنى سەزدى، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى بارماقلىرىغا يىغىپ، خارچىن ھەزرەتنىڭ قولىنى ئاستا ـ ئاستا كېرىپ تاشلىدى. خارچىن ھەزرەت توختىدا ئۇنچىۋالا كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ماھارەت بارلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ۋىللىدە قىزاردى. بۇنى يېپ ئۇستاز سەزمىدى.

يېپ ئۇستاز بىلەن خارچىن ھەزرەت بىر ـ ئىككى ئېغىزدىن

تەكەللۇپ قىلىشقاندىن كېيىن خوشلاشتى.

— كۆردۈڭمۇ توختى، خارچىن ھەزرەت «خۇگۇك» گۇمپىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگەن ئادەمكەن، — دېدى يې ئۇستاز.

— بۇ ھۇنەرنى بىزگە ئۆگەتمىگەن ئىدىڭىزغۇ ئۇستاز، گۇمپىنىڭ ئالاھىدىلىكى قانداق؟

— بۇ ھۇنەرنى سىلەرگە ئۆگەتمىگىنىم راس، بۇ ھۇنەرنى ئۆگەنگۈچى يەردە ياتمايدۇ، بەلكى تورۇسقا سېۋەتنى ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاپ قويۇپ، يەردىن يىلاندەك ۋاشىلداپ ئېتىلىپ چىقىپ، شۇ سېۋەتنىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ ياتىدۇ. يەرگە يەنە تۆيدۈرماي سەكرەپ چۈشىدۇ. مۇشۇنداق مەشىقنى سەككىز - ئون يىل قىلىپ ئاندىن كامالەتكە يېتىدۇ. بۇ گۇمپىنى ئۆگەنگەن ئادەم رەقىبى ئېلىشسا گاھ ئالدىدىن، گاھ كەينىدىن كۆرۈنمەي زەربە بېرىدۇ. سىلەرگە بۇ گۇمپىنى ئۆگىتىشكە ئىمكان بولمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ مۇداپىيەسىنى ئۆگەنمەك تەس ئەمەس. ھېلىمۇ ئون كۈن مۆھلەت باركەن. ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنسەڭ بۇ گۇمپىغا تاقابىل تۇرالايسەن. ئەتە سەھەردىن باشلاپ كەلگىن، بۇ گۇمپىغا تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىتىپ قوياي، ناۋادا سەن بۇ خارچىن ھەزرەت دېگەنگە ئۇدۇل بولۇپ قالساڭ، ئۆگەنگىنىڭ ئەسقىتىپ قالار، — يې ئۇستاز كۆڭلىدە بىرنېمىلەرنى ئويلىدى بولغاي، توختىغا «خۇگۇك» گۇمپىسىنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتمەك بولدى. توختى ئەتە سەھەردىن باشلاپ يەنە بىرقانچە كۈن يې ئۇستازنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان بولدى.

توختى يې ئۇستاز بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، دىڭ ئاخۇنىڭكىگە، گائىمامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوي- خىيالىنى سوراپ باقتى. ئۇلارمۇ خارچىننىڭ ئەدەپسىز گەپلەر بىلەن باغاقچە ئەۋەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى.

بۇ ئىككى ئۇستازمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنىنى توختىغا بىلدۈردى. توختى بۇ خۇيزۇ ئۇستازلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتتى.

× × ×

توختى يېڭى ئۇستازنىڭ ئالدىغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرگەنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى. توختى يامغۇر ئۆلغىيىپ كەتكۈچە ئۆيگە كېتىۋېلىشنى ئويلاپ، پېشىنغا ئۆلگۈرۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. نىزامىدىن ئاتىسىنى كۆرۈپ يىلتىڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە:

— ئاتا، ئاتا، بۈگۈن ئۆيگە ئۇزۇن چاچلىق بىر ئاكاش بىلەن يەنە بىر ئادەم كەلدى، — دېدى. توختى نىزامىدىننى كۆتۈرۈۋالدى ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئۇزۇن چاچلىق ئاكاش بىلەن ئۇ ئادەم نېمىشقا كەپتىكەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئانام بىلىدۇ، — دېدى نىزامىدىن ئاتىسىنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈشكە ئۇرۇنۇپ.

— مېنى يەرگە چۈشۈرۈپ قوي ئاتا، مەن ئوينايمەن، — دېدى نىزامىدىن.

توختى نىزامىدىننى يەرگە قويدى. نىزامىدىن دەرۋازا تەرەپكە يۈگۈرگەچ:

— يامغۇر ياغلاق، ئۆچكە ساغلاق، — دەپ ۋارقىرىدى. چۈنكى، يامغۇر ياغقاندا مەھەللىدىكى كىچىك بالىلار شۇنداق توۋلىشىپ كوچىلارغا چىقىشىۋالاتتى.

— مېنى كىم ئىزدەپ كەپتۇ؟ — سورىدى توختى هويلىدىكى ئوتۇن ـ كۆمۈرلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇغان قوناق

شاخلىرىنى يېيىۋاتقان مايسخاندىن.

— ساقچى كىيىمى كىيگەن، ئۇزۇن چاچ ياش يىگىت بىلەن ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى راھىب ئادەمدىن بىرسى، — دېدى مايسخان.

— ئۇلار بىرەر گەپ - سۆز قىلمىدىمۇ؟

— توختى كەلسە سەنشىمياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ مېنى ئىزدىسۇن، — دەپ قويۇپ بىر موللاق ئېتىپلا دەرۋازىنىڭ ئۇستۇنكى رام تەرىپىگە ئاياغ ئىزىنى چىقىرىپ قويۇپ كېتىپ قالدى، — دېدى مايسخان.

توختى دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قاراپ، ئۈستۈنكى رام يېنىدىكى ئاياغ ئىزىنى كۆردى - دە، خارچىن ھەزرەتنىڭ ئۆزىگە ھەيۋە كۆرسىتىپ قويۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى. توختى شۇ ھامان چوڭ - چوڭ قەدەم تاشلاپ، سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— تاماقلىرى سوۋۇپ قالدى، يەپ ماڭسىلا! مايسخان تۈۋلىغىنىچە قالدى.

توختى سەنشىمياۋ بۇتخانىسىغا بېرىپ خارچىن ھەزرەتنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇردى، ھويلىدا گۇمپا مەشىق قىلىۋاتقان بىر راھىب بالا قولى بىلەن ياندىكى ئۆينى ئىما قىلدى. توختى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە تاقىر باش بىر راھىب دۇرۇت ئوقۇغاچ، قولىدىكى ياغاچ بولقىنى قىزىل سىرلانغان تاك - تاكقا رىتىملىق ئۇرۇپ ئولتۇراتتى. توختى ئۆزىنىڭ خارچىن ھەزرەتنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتۇردى، ھېلىقى راھىب خارچىن ھەزرەتنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. توختى ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. ئۆينىڭ تورۇسى خېلى ئېگىز بولۇپ، قېلىن سامان قەغەز چاپلانغان. تۆر تەرىپىدە سەگەنچۈكتەك بىر سىۋەت ئېسىقلىق تۇراتتى. توختى بىر موللاق ئېتىپ تورۇستىكى سامان قەغەزگە ئۆتۈككىنىڭ چەم ئىزىنى چىقىرىپ قويۇپ، شاپپىدە

چۇشتى ۋە كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ھىلنى راھىبقا قاراپ:
— خارچىن ھەزرەتكە توختى دېگەن بىرەيلەن سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ دەپ قويغىن، — دېدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. راھىب كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ھەيرانلىقتا ئولتۇرۇپ قالدى.

× × ×

1908 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.
بۈگۈن سەھەردىلا كىشىلەر خۇددى كەلكۈندەك داميۋ بۇتخانىسىنىڭ كەڭرى سەيناسىغا قاراپ ئاقماقتا. داميۋ بۇتخانىسىدا بۈگۈن جانبازلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىشى ئۆتكۈزۈلەتتى. بېيجىڭدىن كەلگەن — مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ خانلىق ئىبادەتخانىسىنىڭ راھىب كالانى، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەرنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىدىغان خارچىن ھەزرەت ئاشكارا ئېلان چىقىرىپ مەيدان تۈزگەنىدى. شۇڭا، جانبازلىققا ھېرىسمەن گۇچۇڭلۇقلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئېلىشىشنى ئاڭلىغان - ئىشىتكەنلىرى قائىدە بويىچە ئاز - تولىدىن پۇل - پۇچەك ، نەرسە - كېرەك كۆتۈرۈپ مەيدانغا كىرىشمەكتە. توختىمۇ ئىككى تىزىق يارماق كۆتۈرۈپ كىردى. ساتتار، مەمەتلەرمۇ بىللە كىردى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيدان ئىچىدە پۇت قويغۇدەك يەر قالمىغانىدى. سەھنىدە ئامبال سۇخۇناشىن، ساقچى لى جۇڭ، سەمەتھاجى، ئىمىنباي، يىپ ئۇستا، دىڭ ئاخۇن، گا ئىمام قاتارلىق مۆتىۋەرلەر قاتار قويۇلغان شىرە - ئورۇندۇقلارغا جايلاشقان. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق كىيگەن تەرتىپ ساقلىغۇچى چېرىكلەر قوللىرىدا قىلىچ - نەيزىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. يىپ ئۇستاز، دىڭ ئاخۇن،



www.uyghurkitap.com

گا ئىمامنىڭ شاگىرتلىرىمۇ رەت - رىتى بىلەن ئورۇن ئېلىشقان. خارچىن ھەزرەت باشلاپ كەلگەن قىرىق نەپەر شاگىرت سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇتقان پېتى تۇرۇشاتتى. بۇتخانىنىڭ ھويلا تېمىغا خۇددى شاخلارغا قونۇشقان قاغىلاردەك، ئۇششاق بالىلار چىقىشۋالغانىدى. مەيداندا سۇرلۇك كەيپىيات ھۆكۈم سۈرەتتى.

توختى، ساتتار، مەمەتلەر سەھنىگە يېقىن جايغىچە قىستىلىشىپ بېرىپ، يى ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرى ئولتۇرغان لىم ياغاچنىڭ بىر ئۇچىدىن تەستە ئورۇن تېپىپ جايلاشتى.

مەيدان باشقۇرغۇچى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ماھارەت كۆرسىتىشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئالدى بىلەن خارچىن ھەزرەتنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىككىسى چۈشۈپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئاندىن يى ئۇستازنىڭ شاگىرتلىرىدىن ۋاڭ تاۋ بىلەن جاڭسەن خارچىن ھەزرەتنىڭ شاگىرتلىرى بىلەن يەككە - يەككە ئېلىشتى. خارچىن ھەزرەتنىڭ شاگىرتلىرى يەڭدى. يى ئۇستا جايىدا قىمىرلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا ئاق ساقلىنى تۇتاملاپ قوياتتى. ئەمدى مەيدانغا گا ئىمامنىڭ بەيسۇڭ دېگەن شاگىرتى چۈشتى. خارچىن ھەزرەت تەرەپتىنمۇ بىرسى ئوتتۇرىغا چۈشتى. بۇ ئىككىسى شۇنداق قاتتىق ئېلىشتىكى، ئۇلارنىڭ ھەملە قىلىشلىرى خۇددى تاغدىن ئېتىلىپ چۈشكەن يولۋاستەك سۈرلۈك، توشقانغا چاڭگال سالغان بۈركۈتتەك دەھشەت، ئىككى بۇغرا ئېلىشقاندەك شىددەتلىك بولدى. ئاخىرىدا بەيسۇڭ «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» بىلەن خارچىن ھەزرەتنىڭ شاگىرتىنى يەڭدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن قىلىچۋاز ما، كالتەك پىرى ۋۇ، مۇشت - پەشۋا ئۇستىسى جۇلاۋسى قاتارلىقلار مەيدانغا چۈشۈپ خارچىن ھەزرەتنىڭ شاگىرتلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن يەڭدى. خارچىن ھەزرەت ھەيران قالدى. ئۇ زېمىنى كەڭ جۇڭگونىڭ خىلى

كۆپ يەرلىرىگە بېرىپ ئوردا ئۇچۇن مۇھاپىزەتچىلىككە پالۋانلارنى تاللىغان، شۇ جەرياندا ئۆزىمۇ جانباز ئۇستىلىرى بىلەن سىنىشىپ - ئېلىشىپمۇ باققان. يۇقىرى ماھارەتلىك نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئەمما، ئۇ شىنجاڭدىن ئىبارەت مۇنداق بىر چەت - چېگرادا، جۈملىدىن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا جايلاشقان گۇچۇڭدەك بىر كىچىك ناھىيەدە مۇنچىۋالا يۇقىرى ماھارەتلىك جانبازلارنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. بەش مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ئىشلىرىنىڭ مۇشۇنداق چەت - ياقا جايلاردىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتقىنىغا كۆڭلىدە ئاپىرىن ئوقۇدى. چۈنكى، ئۇ ئۆمرىنىڭ مۇشۇ يېشىغىچە مەخسۇس ھەپىلەشكىنى جانبازلىق ئىدى ھەم مۇشۇ ساھەدە جۇڭگودا داڭ كۆتۈرگەن تۆت جانبازنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شاگىرتلىرىدىن شۇنچە يۇقىرى ماھارەتلىكلىرىنى ئوتتۇرىغا سالسىمۇ يېڭىلىپ قېلىۋاتقانلىقىغا ھەيران ئىدى. «بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى، ئادەملىرىنىڭ بەدەن ساپاسى ئۆزگىچە ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلىنىپ قالدى خارچىن ھەزرەت. شۇ چاغدا مەيدان باشقۇرغۇچى خارچىن ھەزرەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. خارچىن ھەزرەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— خارچىن ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىچە، — ئۈنلۈك سۆز قىلدى مەيدان باشقۇرغۇچى، — شىنجاڭدا ئاساسلىق ئاھالە ئۇيغۇرلار، ئۇيغۇر جانبازلاردىن ھۈنەر كۆرسىتىپ باقىدىغانلار بولسا ئوتتۇرىغا چىقسۇن، ئېلىشىپ كۆرىمىز دەيدۇ!

بۇ ئەسلىي ئىككى بىسلىق گەپ. مەقسەت — ئامبالنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۇختىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئىدى. خېلىغىچە ئوتتۇرىغا بىركىم چىقمىدى. كىشىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، پىچىرلاشماقتا. يې ئۇستا مەيدان باشقۇرغۇچىغا ئىشارەت قىلىۋىدى، مەيدان باشقۇرغۇچى يې ئۇستىنىڭ يېنىغا كەلدى -



www.uyghurkitap.com

دە، ھايال ئۆتمەستىن:

ــ ھازىر مەيدانغا توختى چىقىپ ماھارەت كۆرسىتىدۇ!ــ دېدى.

توختى مەيدانغا چىقتى. ئۇ ئاۋۋال سەھنىدىكى مۆتىۋەرلەرگە، ئاندىن ئەتراپتىكىلەرگە ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلدى. مەيداندىن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. توختى ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىدى.

توختى كەينى ـ كەينىدىن موللاق ئېتىپ سەھنىنىڭ تۆرىگە يېقىنلاپ بېرىپ شاپپىدە توختىدى. ئۇ ئات مىنىش شەكلىدە تۇرۇپ، ئىچكى ئېنېرگىيەنى ئالقىنىغا يىغىپ تۇرۇپ سەمەتھاجى تەرەپكە بىر شىلتىۋىدى، ئالقاندىن ھاسىل بولغان يەلدە سەمەتھاجىنىڭ بېشىغا كىيگەن قىزىل دۇخاۋا بۆكى بىرنەچچە ماگدام نېرىغا ئۇچۇپ چۈشتى. مەيداندىن گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. توختى ئەمدى سول يانغا بۇرۇلۇپ يەنە بىر قېتىم ئالقان شىلتىۋىدى، لى جۇڭ ساقچىنىڭ يېنىدا تۇرغان مۇھاپىزەتچىنىڭ قىزىل پۆپۈكلۈك قالپىقىنى يەرگە ئۇچۇرتىپ چۈشۈردى. مەيداندىن يەنە گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. توختى ئەمدى ياچىۋەك ھەرىكىتى گۇمپىسى، لاچىن قانات گۇمپىسى (خۇگخۇگدىيەن) قاتارلىق ماھارەتلەرنى كەينى ـ كەينىدىن كۆرسەتتى. خارچىن ھەزرەت ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى مەنستىمىگەن قىياپەتتە ئولتۇردى. بۇركۇتنىگكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىنى كۆزىتىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان توختى بۇنى سەزدى، ئۇ ئورنىدىن كۆكلەپ چىقىپ يەرگە چاسىغا[1] چۈشتى ـ دە، شۇ دەقىقىدە ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، يەرگە يېيىتىلغان كۆك خىش ئالقان زەربىسىدىن

[1] چاسىغا چۈشۈش ــ جانبازلىقتا ئاتىت ئاتالغۇ، ئىككى پۇتنى كەڭ كېرىپ يەرگە چۈشۈشنى كۆرسىتىدۇ ــ ئا.

ئۆنچىدەك چىچىلىپ، چاچراپ، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىغا قويۇلغان شىرەلەر ئۈستىدىكى چاي چىنىلىرىگە جىرىڭشىپ چۈشتى. مەيداندا يەنە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. توختى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، بىر پۇتلاپ تۇرۇپ، بىر تىزىنى ئەگكەن قىياپەتتە، ئىككى قولنى لاچىن قانىتى شەكلىدە كېرىپ، خارچىن ھەزرەتنى جەڭگە چاقىردى.

خارچىن ھەزرەت ئورنىدىن قوپۇپ پەرۋاسىز تۇرغاندەك كۆرۈندى ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېگىرقاپ تۇرۇپ قالغانىدى. تاماشىبىنلار چۇقان ـ سۈرەن سېلىشتى. خارچىن ھەزرەت ئېلىشىشقا بەل باغلىدى ـ دە، ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چىچىنى بىرلا سىلكىپ بويىنىغا يۆگىۋېلىپ، ئورنىدىن بىرلا يۇلقۇنۇپ، ئوق يىلاندەك ۋاشىلداپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەتتە ـ سەككىز ماڭدام يەرگە ئېتىلىپ كېلىپ توختىغا ھەملە قىلدى. توختى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى. خارچىن ھەزرەت خۇگۇاڭ گۇمبىسىنى ئىشلىتىپ، قۇيۇندەك پىرقىراپ، ئوق يىلاندەك ۋاشىلدىغىنىچە ئېتىلىپ، ھېلى توختىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ھېلى سول يېقىغا ئۆتۈپ، توختىنىڭ بىقىن، كۆكرەكلىرىگە، قان تومۇر توچكىلىرىغا زەربە قىلدى. توختى دەسلەپتە يول قويۇپ، پەقەت خارچىن ھەزرەتنىڭ ھۇجۇمىنى رەت قىلدى. توختىنىڭ ھەرىكەتلىرى كىشىلەرگە خارچىن ھەزرەتتىن يېڭىلىپ قالىدىغاندەك تۇيغۇ بەردى، مەيداندىكى تاماشىبىنلار جىددىيلەشمەكتە ئىدى. سەھنىنىڭ تۆرىدىكى سەمەتھاجى، ئىمىنبايلار دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئولتۇرۇشاتتى. يې ئۇستاز، گا ئىمام، دىڭ ئاخۇنلار «توختى ئاجىز كېلىپ قالۇرمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. ئەگەر خارچىن ھەزرەت توختىنى يېڭىپلا قويسا، گۇچۇڭلۇق جانبازلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ، سۇخۇناشىن ئامبالدەك كۆرەلمەسلەرنىڭ خورىكى ئۆسۈپ كېتەتتى.



www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

ئادەتتە ئامبال ـ ئەمەلدارلار جانبازلارغا ئۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ گۇمپىسىدىن، يۇرت ئىچىدىكى ئىناۋەت ـ ئابرۇيىدىن تەپ تارتىپ ـ ئەيمىنىپ، ئۇلارغا ئاسانلىقچە چېقىلالماي، يول قويۇشاتتى. توختى ئۇستازلىرىنىڭ ئەندىشىسىنى چۈشەنگەندەك، ئەمدى يول قويۇشتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. «ياچىۋەك گۇمپىسى» نى ئىشلىتىپ، ئوق يىلان كەبى ۋاشىلداپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان خارچىن ھەزرەتنىڭ زەربىلىرىنى بوشقا كەتكۈزۈپلا قويماي، ياچىۋەكنىڭ يىلاننىڭ كۆزىنى چېكىش ھەرىكىتى تەقلىتىدە خارچىن ھەزرەتنىڭ باش قىسمىغا ئۇدا بىرقانچە رەت زەربە قىلىپ ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئوتتۇرىدىكى ئىككى جانبازنىڭ يولۋاستەك دەھشەتلىك، مايمۇندەك چاققانلىق، يىلاندەك شىددەتلىك ئېلىشىشىنى كۆرگەن تاماشىبىنلار:

«ياپىر! ياپىر!» دېيىشىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشماقتا. «توختى بۇنداق ھۈنەرلەرنى كىملەردىن، قاچانلاردا ئۆگەنگەن بولغىيتتى؟» دېيىشىپ، بىر ـ بىرىگە قاراشماقتا. شۇ ئەسنادا توختى خارچىن ھەزرەتنىڭ زەربىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ قولتۇقى ئاستىدىن چىقىپ، ئىچكى كۈچنى ئالقىنىغا يىغىپ تۇرۇپ، «تۆمۈر ئالقان گۇمپىسى» نى ئىشلىتىپ خارچىن ھەزرەتنىڭ كۆكرىكىگە شۇنداق بىر ئالقان ئۇردىكى، خارچىن ھەزرەت يەتتە ـ سەككىز قەدەم نېرىدىكى شىرەنىڭ ئاستىغا كىرىپ قان قۇسۇپ يېتىپ قالدى. خارچىن ھەزرەتنىڭ قىرىق نەپەر شاگىرتى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئوتتۇرىغا چىقىپ شۇ ھامانلا توختىنى ئارىغا ئالدى. ۋەزىيەتنىڭ مۇشۇنداق جىددىي بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن يې ئۇستا، دىڭ ئاخۇنلار ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن مەيدانغا ئېتىلدى. گائىمامنىڭ شاگىرتلىرىمۇ تەخلەندى، مەيداندا پاتىپاراقچىلىق يۈز بەردى. ئاشۇ دەقىقىدە مانجۇ ئامبال سۇخاناشىن تاپانچىسىدىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوق

ئۇزدى. ئادەملەر ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قىلىچ تۇتقان قوللىرىنى كۆتۈرگىنىچە، پەشۋاغا پۇتىنى كۆتۈرگەنلىرى شۇ تۇرۇقىدا تۇرۇپ قالدى. قاچ ـ قاچقا تەمشەلگەنلەرمۇ خۇددى شاھمات تۇرۇقىدەك جايىدىلا قېتىپ قالدى. ئاڭغۇچە قىزىل پۆپۈكلۈك قالپاق كىيگەن مانجۇ چېرىكلىرى مىلتىقلىرىنى شاراقشىتىپ، مەيدانىنى قاپىسىدى، پاتىپاراقچىلىق بېسىقتى. خالايىق ئەمدى ھوشىنى يىغىپ، توختىنى ئاسمانغا ئېتىشتى. ئەتراپتىن: «توختى خاۋخەن! توختى خاۋخەن!» دېگەن ئاۋازلار، «توختى مەيدان بۇزدى!» دېگەن سادالار، «توختى باتىر! توختى باتىر!» دېگەن ئالقىشلار ئاڭلانماقتا. توۋلىشىپ تەنتەنە قىلىشقانلار ئارىسىدا خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك تاماشىبىنلار بار ئىدى......

× × ×

يېڭىلگىنىگە تەن بەرمىگەن خارچىن ھەزرەت ئۈچ كۈندىن كېيىن دامىياۋ بۇتخانىسى سەيناسىغا يەنە تۇغ تىكىپ، جەڭگە چاقىرغان ئېلان چىقاردى. ئۇنىڭ بۇنداق نامەردلىكىدىن غەزىپى ئۆرلىگەن گوچۇڭنىڭ ھەرمىللەت خەلقى نارازىلىق بىلدۈردى. بىر تۈركۈم ئادەم يامۇلنىڭ ئالدىغا چۇقان ـ سۈرەن بىلەن بېرىپ، خارچىننىڭ نامەردلىك قىلمىشىدىن شىكايەت قىلدى. ئامبال ئامالسىزلىقتىن «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلۇر» دېگەندەك دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خارچىن ھەزرەتنى گوچۇڭ تەۋەسىدىن دەرھال كېتىشكە قىستىدى. خارچىن ھەزرەت «گوچۇڭدەك يىر چەت ـ ياقا يۇرتنىڭ جانبازلىرىدىن يېڭىلدىم» دەپ بېيجىڭغا قانداقمۇ قايتالىسۇن؟ «توشقانىنى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس» دېگەن گەپ بارغۇ؟ خارچىن ھەزرەت قىرىق نەپەر شاگىرتىنى يۇرتلىرىغا يولغا سېلىپ قويدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا،

خارچىن ھەزرەت گۇچۇك تاغلىرىدا يۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەنمىش...... شۇ قېتىمقى ئېلىشىشتىن كېيىن توختىنىڭ داڭقى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىدى. ئىسمى توختىدىن «توختاخۇن جامباز» غا ئۆزگەردى......

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## توققۇزىنچى باب

# نورۇز كۈنىدە

توختىنىڭ داڭقى ئەتراپقا يېيىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن گۇمپا - ھۈنەر ئۆگىنىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. ئىككى يىل ئىچىدىلا ئۇنىڭ شاگىرتلىرى قىرىق - ئەللىك نەپەرگە يەتتى. توختى شاگىرتلىرىغا ھۈنەر ئۆگىتىشتە ناھايىتى قاتتىق قول ئىدى. ئۇ شاگىرت قوبۇل قىلغاندا، شاگىرت بولغۇچىنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرەتتى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ھۆكۈمەتكە قارشى چىققانلار ياكى قاتىل، باندىت، ئوغرى - قىمارۋازلار بولسا شاگىرتلىققا قەتئىي قوبۇل قىلمايتتى؛ ئۇ يەنە شاگىرت بولغۇچىنىڭ بەدەن ساپاسىنى تەكشۈرەتتى. مېيىپ، ناكار، تېنى ئاجىز، كېسەلمەنلەرنىڭ ئېغىر مەشىقلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، شاگىرتلىققا قوبۇل قىلمايتتى. ئەڭ مۇھىمى، شاگىرت بولغۇچىلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قوياتتى. ئۇرۇشقاق، ئەدەپسىز، بىشەم، ئۇششۇقلارنى شاگىرتلىققا ئالمايتتى. شاگىرتلىققا قوبۇل قىلغانلارغا ھەردائىم تەلىم - تەربىيە قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنى كىشىلەر بىلەن بىھۇدە ئۇرۇش - تالاش قىلماسلىققا، قىمارخانىلارغا بارماسلىققا، كەيپ - ساپاغا بېرىلمەسلىككە، زۇلۇمغا باش ئېگىپ قويىدەك ياۋاش ياشايدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالماسلىققا دەۋەت قىلاتتى. تۇنجى

قوبۇل قىلىنغانلارنى يەنە ھەپتە - ئون كۈن مەشىق جەريانىدا سىناپ كۆرەتتى، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى، چىدامچانلىقىنى سىنايتتى.

شاگىرتلار چوڭ - كىچىك ھەم ئىلگىرى - كېيىن قوبۇل قىلىنغاچقا، ئۇلارنى مەشقلەندۈرۈشمۇ تەكشى بولمايتتى. دەسلەپتە پەي سوزۇش، ئات مىنىشتە تۇرۇش، ئاندىن «ياقا يىرتىش ھەرىكىتى» نى قىلىش، نەپەسنى ئىچىگە سولاپ تۇرۇپ، ئات مىنىش شەكلىدە ئالدىغا مۇشت چىقىرىش قاتارلىق ھەرىكەت مەشقلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ مەشقلەردىن كېيىن قۇم خالتا مەشقى ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇم خالتا ئۈچ خىلغا بۆلۈنەتتى: بىرى، يوغان قۇم خالتا بولۇپ، ئات تاقلايدىغان شەكىلدىكى دارغا ئېسىلىپ، مۇشتلاش مەشقى قىلىناتتى؛ ئىككىنچى خىلى، ئالمىچىلىك چوڭلۇقتىكى قۇم خالتا بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇستازى ئوتتۇردا تۇرۇپ، شاگىرتلار ئۇستازنى چۆرىدەپ چەمبەر ھاسىل قىلاتتى. ئۇستاز ئالمىچىلىك قۇم خالتىنى باش، چەينەك، پۇت ئارىلىقلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مەلۇم بىر شاگىرتقا تۇيۇقسىز ئاتاتتى. بۇنىڭدا، كۆچ - قۇۋۋەتنى، چاققانلىقنى ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ قول بارماقلىرىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى. ئالما چوڭلۇقىدىكى قۇم خالتىنىڭ ھەجمى كۆنسېرى چوڭايتىلاتتى؛ ئۈچىنچى خىلى، ھەرىكەتچان كىچىك يۇمزاك شەكىلدىكى قۇم خالتا بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن تانىلارغا باغلىنىپ، ئېگىز - پەسلىكى ئادەمنىڭ باش، مۈرە، قورساق، تىز، شىراقچە ھەرخىل شەكىلدە ئېسىلىدۇ. بۇنىڭدا قول، پۇت، باش بىلەن قۇم خالتىلارغا زەربە بېرىلىدۇ. ئەگەر چاققانلىق قىلىنمىسا قۇم خالتىلار پۇلاڭلاپ كەلگىنىچە ئادەمگە تېگىدۇ. مەشىق دەسلەپتە ئىككى - ئۈچ خالتىغا ئۇرۇشتىن باشلانسا، ئاستا - ئاستا سانىمۇ كۆپەيتىلىپ، چاققانلىقنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇ ھەرىكەتلەردىن كېيىن ئىككى شاگىرت بىر - بىرىنىڭ مۇشت - تېپىكلىرىنى رەت قىلىدىغان، يەنى ئۆزىگە تەگكۈزمەيدىغان رەتۋازلىق ھەرىكىتىنى ئىشلەيدۇ. مەشىق تەرتىپلىرىدە مۇشتۋازلىق، ئون سەككىز خىل تېپىك ھەرىكىتى لاچىن قانات مەشقى (خۇگخۇگدىيەن)، ئاياغ - پۇت مەشقى، ئۆسمۈرلەرگە يەڭگىللىك (سەكرەپ تام، ئۆگزىلەرگە چىقىش) ھەرىكىتى قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلاتتى.

قورال تۈرلىرىدىن: كالتەك، جەينەك كالتەك، قىلىچ، قوش قىلىچ، شەمشەر، نەيزە، ئۇلانما كالتەك، توققۇز ھالقا، سويلىما تىغ، ئۇچار تىغ، ئۇزۇن ساپلىق قىلىچ، ئۇمۇت، گۇرزە قاتارلىق ئون سەككىز خىل قورال تۈرى مەشىق قىلىناتتى.

توختى جانبازنىڭ ئاساسلىق گومپىسى ئىچكى قاتتىقلىق ھەرىكىتى ئىدى. بۇ توختى جانبازنىڭ ئاساسلىق مەزھىپىنىڭ نامى ئىدى.

مەشىق تەرتىپىدە مۇشت بىلەن شام ئۆچۈرۈش، ئىدىشتىكى سۇنى مۇجۇش، سۇنى مۇشتلاش ھەم شاپىلاقلاش، بارماق كۈچىنى ئاشۇرۇش، پەلىلەرگە ئۇرۇش، قامالالاش ھەرىكىتى، ئىچىگە دەم سولاپ ئۇرۇش، تام مەشقى، تۈۋرۈككە ئۇرۇش مەشقى، ئارغامچا ئارقىلىق ئېگىزگە يامىشىپ، بىلەك -مۇسكۇللارنى چىڭىتىش ھەرىكىتى دېگەندەك مەشقلەر ئېلىپ بېرىلاتتى.

«تۆمۈر ئالىقان گومپىسى» ھەممىلا شاگىرتقا ئۆگىتىلمەيدىغان ھەرىكەت بولۇپ، شاگىرتلار ئىچىدە ئۆزىنى توختاتقان، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، سالماق، ھۈنەردە ئالدىغا ئۆزۈپ چىققان شاگىرتلارغا ئۆگىتىلەتتى.

توختى ئاخۇنىنىڭ دەسلەپكى شاگىرتلىرى ئوغلى نىزامىدىن، ھىدايىتۇللا، بەكرى، مەتنىياز، ھەبىبۇللا، ئەسىمتۇللا، ھەمدۇللا، ئابدۇكېرىم، ھوشۇر يەلتاپان، سوپى كامال قاتارلىقلار؛ كېيىنچە،

ئـوغلى شـاھىدىن، غوسـىدىن، مۇئەززىـدىن ۋە باشـقا شـاگىرتلىرى بولغانىدى.

توختى ئاخۇننىـڭ ھويلىسى ئەمـدى بۇرۇنقىـدەك چۆلـدەرەپ، غېرىبىـسىنىپ تۇرمايـدىغان، شـاگىرتلار بەس ـ بەسـتە مەشـق قىلىشىدىغان ئاۋات ھويلىغا ئايلاندى. بۈگۈن سـەھەردىلا چاڭقىـپ چىققـان قۇيـاش يېڭىـدىن بىـخ سـۈرگەن نوتىلارغـا، ئـۆگزىلەردە بۇقۇلـداپ دەم تۇتۇۋاتقـان كەپـتەرلەرگە، تـام تۆپىلىرىـدە چۇرۇقلىشىپ يۈرگەن قۇشقاچلارغا، جۈملىـدىن كائىنـاتتىكى ھەممـە نەرسىگە نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. نورۇزغا ئىككـى كۈنلا قالدى. ھەممىنىڭ كۆڭلىدە نورۇزغا ئىنتىلىش ئەۋج ئالماقتا.

ــ ئۇستاز، ھەمـدۇللا قېچىـپ كېتىپتۇ! ــ دېـدى بـالىلارنى مەشىققە ئۈيۈشتۇرۇۋاتقان ھىدايىتۇللا خەلپەت.

ــ نـېمە دېـدىڭ؟ ھەمـدۇللا قاچـان قېچىـپ كېتىپتـۇ؟ــ توختى ئاخۇن ھەيران بولۇپ سورىدى.

ــ بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىلا، ئۇ سەپتە يوق.

تـوختى ئـاخۇن قوشۇمىـسىنى تـۈرۈپ، سـەل ئويلىنىـپ تۇرغاندىن كېيىن ھىدايىتۇللاغا قاراپ:

ــ سەن مەتنىياز بىلەن مورىغا سوزۇلغان يولغا قاراپ يۈگـۈر، مەن ئىككـى بـالىنى جىمىـسارغا ماڭـدۇراي، چۆشـكىچە ئىزدەشـتۈرۈڭلار، شـۇڭغىچە تاپالمىـساڭلار قايتىـپ كـېلىڭلار، ــ دېدى.

ھىـدايىتۇللا بىـلەن مەتنىيـاز ئەمـدى ماڭـاي دەپ تۇرۇشـىغا، توختى ئاخۇن يەنە گەپ تاپىلىدى:

ــ مەن ئۇنىڭغـا ئـايرىمچە ھـۈنەر ئـۆگەتكەن، شـۇڭا سـىلەر ئۇنىڭغـا ھەرگىزمـۇ يـېقىن بارمـاڭلار، يىراقتـا تـۇرۇپ تـاش ئېتىـپلا ياردار قىلىـپ تۇتـۇپ كـېلىڭلار، بولمىـسا ئىككىڭـلار ئۇنىڭغـا تەڭ كېلەلمەيسىلەر!

ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى: «ئۇستاز راستتىنلا ھەمدۇللاغا ئاستىرتىن ئايرىمچە ھۆنەر ئۆگەتكەنمىدۇ؟» ئۇ ئىككىسى ھەيرانلىق ئىلكىدە تاشقىرىغا قاراپ ماڭدى.

ھەمدۇللا پىچانلىق بالا بولۇپ، ئۈچ يىل ئىلگىرى ئاتىسى ئۇنى «گۆشى سىزنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ، بالامغا ھۆنەر ئۆگىتىپ قويارسىز» دەپ خېلى سالماقلىق ئادەمگەرچىلىك بىلەن توختى ئاخۇننىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. ھەمدۇللامۇ خېلى چىداملىق بالا بولغاچقا باشتا ئېغىر مەشىقلەرگە كۆنۈپ يۈردى. لېكىن، ئۇ «ئۆچكىگە چىگىپ بىرىپلا قۇيرۇقنى تۇتۇپتۇ» دېگەندەك ئالدىراقسان ئىدى. ئۇ ھۆنەردە تېز يېتىلىشنى ئويلايتتى. ئۇ بەزىدە دومسىيىپ، «ماڭا ھەقىقىي گۇمپىنى ئۆگەتمىدىڭىز» دەپ ئۇستازىغا باتناپمۇ يۈردى. مەشىقتىن تاشقىرى، ئۇ «چاققانلىقنى ئاشۇرىمەن» دەپ، ياز كۈنلىرى ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنى قوغلاپ تۇتاتتى. دېگەندەك، ئۇنىڭ چاققانلىقى باشقىلاردىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىن بىرەر تال چىۋىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. ئۇ گاھىدا جايىدا تۇرۇپ، ئۇچۇپ كەلگەن چىۋىنلەرنى پاقىدەك «كاپلا» قىلىپ تۇتۇپ مەشىق قىلسا، گاھىدا قارلىغاچ ۋە شەپەرەڭدەك قوغلىشىپ يۈرۈپ پاشا - چىۋىن تۇتىدىغان بولدى. بۇ ئىش يازلىقى ئۇنىڭغا بىرخىل ئەرمەك بولۇپ قالدى. ھەمساۋاقلىرى ئۇنى «چىۋىن تۇتۇپ يەيدىغان پاقا» دەپ كەمسىتىپمۇ يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئەمما، توختى ئاخۇن خۇددى «قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئويۇنىشىغا باق» دېگەندەك، ھەمدۇللانىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقىنىڭ كۈنسېرى ئېشىۋاتقانلىقىغا ئىچىدە مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، باياتىن توختى ئاخۇننىڭ ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازغا «ئۇنىڭغا يېقىن بارماڭلار، يىراقتا تۇرۇپ تاش ئېتىپلا جايلاڭلار»

دىگىنى ھەمدۇللانىڭ ئاشۇ چاققانلىقىغا ئىشەنگەنلىكىدىن ئىدى.

ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز گۇچۇك بازىرىدىن مورىغا قاراپ سوزۇلغان يولدا ئون چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن، بىر سايلىقتا چاپان - چارىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان ھەمدۇللاغا يېتىشىۋالدى. ھەمدۇللاغا ئوتتۇز ماڭدامچە قالغاندا ھىدايىتۇللا ۋارقىرىدى:

— ھەمدۇللا، ئۇستاز بىزنى سېنى ياندۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ھۈنەر ئۆگىنىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ كەتمىسۇن دەۋاتىدۇ!

ھەمدۇللا كەينىگە قاراپ ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنى تونۇدى- دە، يۈدۈپ ماڭغان چاپان - چارىسىنى يەرگە قويۇپلا ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى ۋە ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازغا قاراپ:

— مەن ئەمدى كەينىمگە يانمايمەن، ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇستاز ماڭا تۈزۈكرەك ھۈنەر ئۆگەتمىدى. بۇ يەردە ئۆمرۈمنى زايە قىلغاندىن كۆرە، يۇرتۇمغا كېتىپ باشقا ھۈنەر ئۆگىنەرمەن، — دېدى.

ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز بىلىگە قولىنى تىرەپ تۇرۇپ بىرى توختىسا، بىرى ھەمدۇللاغا نەسىھەت قىلدى. ئۇنىڭغا، ئۈچ يىل بىرگە يېتىپ، بىرقازاننىڭ ئېشىنى يەپ، ئاكا - ئۇكىدەك بولۇپ قالغانلىقىنى پەش قىلىپ سۆزلەپ باقتى. ئۇستازنىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا ئايرىمچە ھۈنەر ئۆگەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، گوللاپمۇ باقتى. ياخشى - يامان گەپنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.

— ئەمىسە بىزدىن ئاغرىنما! — دېدى ھىدايىتۇللا قاپىقىنى تۈرۈپ، ئاۋازىنى تېخىمۇ قاتتىق چىقىرىپ.— تىرىكىڭنى ئېلىپ كېتەلمىسەك، ئۆلۈكۈڭنى بولسىمۇ ئېلىپ كېتىمىز، قېنى سەن مەتنىياز، بۇ جاھىلنى تاش بىلەن جايلايلى!

ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز تۇخۇمدەك ئالمىدەك تاشلارنى بىرى توختىسا، بىرى ھەمدۇللاغا قارىتىپ شىددەت بىلەن ئېتىشقا باشلىدى. ھەمدۇللا تاشلارنى بەھۇزۇر تۇتۇپ ئالدىغا دۆۋىلەۋەردى. بىر چاغدا ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنىڭ تاش ئېتىشى شالاڭلاپ، ئاخىرىدا بىرەر - يېرىم تال تاش ئېتىپ قويۇپلا توختاپ قېلىشتى. ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئاتقۇدەك تاش قالمىغانىدى. «چېقىشۋەرسە چىشىن پىلمۇ سەكرەپتۇ» دېگەندەك، ھەمدۇللانىڭ ئەمدى ئاچچىقى تۇتقانىدى. ئۇ ئالدىغا دۆۋىلەكلىك تاشتىن پوتىسىغا سەككىز - ئوننى قىستۇرۇپ، قولىغا تۆت - بەش تالنى ئالدى- دە، چاپان - چارىسىنى تاشلاپ قويۇپلا، ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازغا ياندۇرۇپ تاش ئاتقىنىچە ئۇ ئىككىسىنى قوغلاپ كەتتى. ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز ئۇستازى توختى ئاخۇننىڭ: «ئۇنىڭغا مەن ئايرىمچە ھۈنەر ئۆگەتكەن، يېقىن بارماڭلار» دېگىنى بويىچە، ئۇنىڭ يېتىشىۋېلىشىدىن قورقۇپ بەدەر قاچتى. ھەمدۇللا تاش ئېتىپ قوغلىماقتا، ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز قاچماقتا. ھەمدۇللا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يەردىن تاش تېرىپمۇ ئۈلگۈرەتتى.

ھەمدۇللا بەئەينى بۇغرىغا كىرگەن ناردەك مەتنىياز بىلەن ھىدايىتۇللانى قوغلاپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا گۇچۇڭ بازىرىنىڭ پاسىلىغا كېلىپ قالدى. توختى ئاخۇن ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنى ماڭدۇرۇپ بولۇپ، جىمىسار تامانمۇ ئىككى بالىنى ماڭدۇردى. لېكىن، ئۇنىڭ قىياسىدا ھەمدۇللا چوقۇم «يېقىن يول بىلەن ماڭىمەن» دەپ مورى لاڭسۇغا قاراپ مېڭىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن ئاشۇ قىياسنى توغرا تېپىپ مورى تامان ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن «بالىنى ئىشقا بۇيرۇغىن، كەينىدىن ئۆزۈڭ يۈگۈر» دېگەندەك، ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازنىڭ ھەمدۇللاغا بىرەر

زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەپ چىققانىدى. توختى ئاخۇن بازار چېتىدىكى چوڭ يولنىڭ ياقىسىدا ئۆسكەن ئېگىز قارىياغاچنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېدى، ھەمدۇللانىڭ ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازغا تاش ئاتقان پېتى سۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، قارىياغاچ تۈۋىدىن ئۇچۇقچىلىققا چىقىۋىدى، ھەمدۇللا ئۇستازىنى كۆرۈپ ئۇيالغىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازمۇ قوغلاپ كېلىۋاتقان شەپىنىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، كەينىگە قارىدى ـ دە، ئۇستازىنى كۆردى. ئۇلار تەرلىرىنى سۈرتكەچ ئۇستازىنىڭ قېشىغا كەلدى. ھەمدۇللا ئۇستازى ۋە ھەمساۋاقلىرىدىن يىگىرمە قەدەمچە نېرىدا يەرگە قاراپ جىم تۇراتتى. توختى ئاخۇن ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازغا قاراپ:

— «ئۇ ئەدەپسىزنىڭ قولىنى بېلىدىكى پوتىسى بىلەن باغلاپ كېلىڭلار!» — دېدى. توختى ئاخۇننىڭ چىرايى سۈرلۈك ئىدى.

— يېقىن بارماڭلار دېۋىدىلىغۇ ئۇستاز؟ — دېدى ھىدايىتۇللا توختى ئاخۇنغا قاراپ.

— قورقماي بېرىۋېرىڭلار، ئەگەر قول ياندۇرسا مانا مەن بار! — توختى ئاخۇن چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن شۇنداق دېدى.

ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىيازلار جۈرئەتلىنىپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھەمدۇللانىڭ يېنىغا باردى. ئەگەر ھەمدۇللا قول ياندۇرغۇدەك بولسا «تۆمۈر ئالىقان گۇمپىسى» نى ئىشلەتمەكنى كۆڭلىگە پۈككەن ھىدايىتۇللا ئالىقىنىنى ئېچىپ، كۈچ يىغىشقا تەرەددۇت قىلىپ ماڭدى. لېكىن، ھەمدۇللا ئەمدى كۆندۈرۈلگەن ئاتتەك جىممىدە تۇراتتى. ئىككى ھەمساۋاق ھەمدۇللانى ئۆزىنىڭ پوتىسى بىلەن باغلاپ، ئۇستازىنىڭ يېنىغا

ئېلىپ كەلدى.

— ھەيدەپ مېڭىڭلار، بۇ ئەدەپسىزنى، ئەتە نورۇز كۈنى ئۈنىڭغا ئەل - جامائەت ئالدىدا «چالما - كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىمىز، — دېدى توختى ئاخۇن گۈرسۈلدەپ ماڭغىنىچە.

«چالما كېسەك قىلىش» دېگەننى ئاڭلىغان ھەمدۇللانىڭ قەدەملىرى ئېغىرلاپ، خۇددى پۇتىغا مىڭ جىڭلىق تاش ئېسىپ قويغاندەك، سۆرىلىپ مېڭىشقا باشلىدى. توختى ئاخۇن ئالدىدا كېتىۋەردى. ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز ھەمدۇللانى تارتقۇشلاپ ئىتتىرىپ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى. تۇگمەنبېشى مەھەللىسىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇرق - سىماسى ئەبگارلىشىپ كەتكەن كازىم ئۇچرىدى. ئۇ توختى ئاخۇنىڭ ئىككى شاگىرتىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەمساۋاق بۇرادىرىنى باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى - دە:

— بۇ يىگىتنى باغلىۋاپسىلەرغۇ؟ ئۇ نېمە گۇناھ قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ ساۋاقنى تاشلاپ قاچتى. شۇڭا، ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى ھىدايىتۇللا.

كازىم قىزىقسىنىپ بىردەم ئەگىشىپ ماڭدى ۋە يەنە:

— بۇنى ئۇستاڭلار قانداق قىلماقچىكەن ئەمدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئەتە نورۇز كۈنى بۇ ئەدەپسىزنى «چالما - كېسەك قىلىش» ئۇسۇلى بىلەن جازالايدۇ ئۇستازىمىز، — دېدى مەتنىياز.

كازىم قەدەملىرىنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى - دە، تۇساتتىن خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ دەرھال شىلەيشىپ تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ ئۆزى توقۇغان قوشاقنى ناخشا ئاھاڭىغا سېلىپ

غىڭشىپ ماڭماقتا:

هاراق ئىچسەم بىر يولنى يەتتە ماڭىمەن،
گاھىدا ئىچمىسەم دەردتە ماڭىمەن......

× × ×

كازىم يامۇلنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ساقچى لى جۇڭغا ئۇچرىشىپ قالدى. لى جۇڭ ئۇنىڭ مۇھىم گەپ - سۆز تاپمىسا بۇ تەرەپلەرگە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— كازىم، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى.
— ئامبال جانابلىرىنى ئىزدەپ كەلدىم.
— ئامبالنى ئىزدەپ نېمە قىلىسەن؟
— مۇھىم بىر گەپنى ئېيتقىلى كەلدىم.

لىجۇڭ قىزىقسىندى - دە، كازىمدىن قىستاپ سورىدى:

— قانداق مۇھىم گەپ ئۇ؟ ماڭا ئېيتساڭمۇ ئوخشاش.

كازىم لى جۇڭغا قارىدى ۋە شۇ ھامان لى جۇڭدىن بىرەر نەرسە ئۈندۈرۈش كويىغا چۈشتى - دە، قاش - كۆزىنى سۈزۈپ تۇرۇپ:

— ماڭا ئىككى سەر هاراق ئېلىپ بەرسەڭ ئېيتىپ بېرىمەن، ئىككى سەر ئاق جۇن جۇمۇ؟ — دېدى.

لى جۇڭ ئارقا - ئالدىغا قاراپ، بىرەر ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن ئىككى مىس يارماقنى چىقىرىپ، كازىمنىڭ تىترەپ تۇرغان قولىغا تۇتقۇزدى:

— ئەمدى ئېيتە، ئامبالغا دەيدىغان قانداق مۇھىم گەپ ئىدى؟

— توختاخۇن جانباز قېچىپ كەتكەن بىر شاگىرتىنى تۇتۇۋاپتۇ، ئەتە نورۇز كۈنى ئۇنىڭغا ئەل - جامائەت ئالدىدا «چالما - كېسەك قىلىش» جازاسى بەرگۈدەك.

— چالما - كېسەك قىلىش دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟

— ئادەمنى تاش - كېسەك بىلەن ئۆلتۈرۈش دېگەنلىك.

لى جۇڭ ئويلىنىپ قالدى، «ئەگەر توختى شاگىرتىغا ئاشۇنداق جازانى ئۆز مەيلىچە بەرسە، توختىغا ئۆچ - ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ئامبال سۇخۇناشىن چوقۇم ئۇنى قامايدۇ ياكى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم جازاسى دېگەننى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ھۆكۈم قىلىپ، ئىجرا قىلىدىغان نەرسە. توختى ئۆز ئالدىغا بىراۋنى مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ بالىسى ياكى شاگىرتى بولسۇن، ئۆلتۈرسە، ئوخشاشلا جىنايەت سادىر قىلغان بولىدۇ. مەن بۇنى توسۇشۇم كېرەك» لى جۇڭ توختىنىڭ ئۆيى تامان شاپىلداپ مېڭىپ كەتتى. كازىممۇ ساقچى مەھكىمىسىدىن چىقىۋاتقان ئامبالنىڭ ئوغلى سۇخۇشارانى تۇۋلاپ توختاتتى - دە، ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى كۇسۇرلىۋىدى، سۇخۇشارا كازىمنى باشلاپ يامۇل مەھكىمىسىگە قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

كازىم ئامبال سۇخۇناشىنغا توختىنىڭ ئەتە نورۇز كۈنى بىر شاگىرتىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. سۇخۇناشىن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— ئەمدىغۇ قولۇمغا چۈشەرسەن توختى. ئۆز گۆشۈڭنى ئۆز يېغىڭدا قورۇدىغان بولدۇم. ئۆز گۇناھىڭ بىلەن جازالىسام، ئەل - خالايىق قايىل بولماي قالامتىمۇ؟ — دېدى ۋە ئوغلىغا قاراپ، — ئەتە سەن ساقچىدىن يەتتە - سەككىزنى ئېلىپ بېرىپ، توختىنى نەق جىنايەت ئۈستىدىن تۇتۇپ كەل، ئۇنىڭدىن ئۆچىمىزنى قانداق ئالىمىزكىن قېنى!

— خوپ ئاتا، ئېيتقىنىڭىزنى ئەتە جايىدا بەجا

كەلتۈرگەيمەن! ــ دېدى سۇخۇشارا ئاتىسىغا چاس يېرىپ.

«ئىت ئاغزىغا سۆڭەك» دېگەندەك، كازىمغا ئامبال بىر ئوچۇم يارماقنى تاشلاپ بەردى. كازىم ئامبالنىڭ ئايىغى ئاستىغا چېچىلغان يارماقلارنى خۇددى يۇندى يالىغان ئىت كەبى بىر ـ بىرلەپ تېرىپ ئالدى.

× × ×

توختى ئاخۇن بامداتتىن يېنىپلا شاگىرتلىرىدىن بىرقانچىسىنى باشلاپ غول ئېقىن ئىچىدىكى چىملىققا يېتىپ كەلدى. غول ئىچىدىكى دەرەخلەر يېغىدىن بىخلانغان، سۆگەتلەرنىڭ نوتىلىرى يۇمران يوپۇرماق چىقارغان، ئۆرۈك ۋە شاپتۇل دەرەخلىرىنىڭ يانباغىرلىق كۈنگەي تەرەپتىكىلىرى چېچەك ئاچقان، چىملىقتىكى كوكاتلار يىگىتلەرنىڭ يېغىدىن خەت تارتقان بۈرۈتىدەك ئەمدىلەتىن ئۈنۈپ چىققانىدى. بۈگۈن نورۇز كۈنى بولۇپ، كۈن ئوچۇق ئىدى. ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. تۇرنىلار گاھى ـ گاھىدا باش ئۈستىدىن «قىر ـ قۇر، قىر ـ قۇر» قىلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. غول ئىچىگە باللار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، بوۋاي ـ مومايلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. توزدەك ياسانغان شوخ قىزلار يانباغىرلىقتىكى ئۆرۈك، شاپتۇل چېچەكلىرىنى ئۈزۈشۈپ، قۇلاقلىرىغا، چاچلىرىغا قىسىشاتتى. كىچىك باللار يېغىدىن سۇ يۈگۈرگەن سۆگەت نوتىلىرىدىن پى ـ پى، لېپىر چىقىرىشىپ پۈۋلەشمەكتە. كىچىكرەك قىزلار يۇمران سۆگەت نوتىسىنى سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ پوستىنى سويۇپ ئېلىپ، چاچلىرىغا جۇلا ئېسىشماقتا......

توختى ئاخۇن چىملىقنىڭ بىر تەرىپىگە ئوچاق سېلىپ،

يوغان - يوغان داشقازانلارنى ئاسماقتا. بۇ قازانلاردا نورۇز ئۈچۈن توققۇز خىل داندا كۆجە قاينىتىلاتتى ھەم پولۇ ئېتىلىپ، گۆشلەر پىشۇرۇلاتتى.

ئادەملەر غول ئىچىگە تۈركۈملەپ كىرىۋاتقان شۇ پەيتتە تاسادىپىي بىر ئىش يۈز بەردى. سەمەتھاجى بىلەن ئىمىنباي بىرلىشىپ، نورۇزغا ئاتاپ سېتىۋالغان يوغان چىلان رەڭ بۇقا باغلاقتىن بوشاپ كېتىپ، كىشىلەر توپىنى پاراكەندىچىلىككە سېلىۋەتتى. چوڭلار «ھاي - ھۇي، بۇقىنى توسۇۋېلىڭلار!» دەپ توۋلىشىپ، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشسا، كىچىك باللار قىيا - چىيا قىلىشماقتا. شاش بۇقا ھەممىنى دەسسەپ - چەيلەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا غول ئىچىدە پىتىراشقا باشلىدى. قازانلارنى ئەمدىلا ئېسىپ بولغان توختى ئاخۇن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قۇيۇندەك بېرىپ بۇقىنىڭ ئالدىنى توستى. بۇقا توختى ئاخۇننى ئۈسۈشكە غەزەپ بىلەن ئېتىلدى. توختى ئاخۇن ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن بۇقىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالدى. بۇقا توختى ئاخۇننى ئۈچ - تۆت قەدەمچە كەينىگە سۈرۈۋەتتى. توختى ئاخۇن ئىچكى ئىنېرگىيەنى پۇت ۋە بىلەكلىرىگە يىغدى - دە، «ياپىرىم» دەپ توۋلاپ كۈچەپ بۇقىنى ئون بەش - يىگىرمە قەدەم كەينىگە سۈرۈپ ئاپىرىپ، بىرلا كۈچەپ بۇقىنىڭ بوينىنى تولغاپ ئۇنى يەرگە يىقىتتى ۋە پوتىسىغا ئېسىقلىق غىلاپتىن پىچاقنى ئېلىپ بۇقىنى بوغۇزلىۋەتتى. ئادەتتە تۆت - بەشچە ئادەم بىرلىشىپ يىقىتىپ بوغۇزلايدىغان شاش بۇقىنى، توختى ئاخۇننىڭ يالغۇزلا جايلىۋەتكىنىنى كۆرگەن خالايىق ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ: «توختاخۇن ھەقىقىي پالۋان ئىكەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دىۋىنىڭ كۈچ - ماغدۇرى بار ئوخشايدۇ» دېيىشەتتى. غول ئىچى يەنە ئەسلىگە كېلىپ، ھەركىم ھەر تەرەپتە ئۆز مەشغۇلاتىغا كىرىشىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

روزى قاسساپ ئوغلى مامۇت ھەم باشقا بىر ـ ئىككى قاسساپ توختى ئاخۇن بوغۇزلاپ بەرگەن بۇقىنى قولمۇقول پارچىلاپ، تېگىشلىك قازانلارغا سالدى. توختى ئاخۇنمۇ بىر قازان پولۇنى دۈملىۋەتتى. باشقا ئاشپەزلەرمۇ ئەل ـ خالايىق تاپقىنىچە ئېلىپ كەلگەن بۇغداي، قوناق، ئارپا، ماش، تېرىق، گۈرۈچ، چۈجگۈن، پۇرچاق، نوقۇتتىن ئىبارەت توققۇز خىل داننى گۆش قايناۋاتقان قازانلارغا سېلىپ كۈجە قاينىتىشقا كىرىشتى. قازاندىكى «ئەبجەش ئاش» بىرھازا قاينىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە قۇرۇق كۆك[1]، چامغۇر، سەۋزىلەرمۇ توغراپ سېلىندى. نورۇز كۈجىسىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تارىلىشقا باشلىدى.

چىملىققا گىلەم، كىگىز، شىرداق ۋە پالازلار سېلىنغان بولۇپ، قىبلە تەرەپتىكى گىلەملەردە سەمەتھاجى، ئىمىنباي، ئابدۇكېرىم ئاخۇن، قارىھاجى قاتارلىق مۆتىۋەرلەر ۋە يۇرتنىڭ ئاقساقال ـ چوڭلىرى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئوڭ تەرەپتە سازەندىلەر، رەققاس ـ ئۇسسۇلچىلار، سول تەرەپتە مەدداھ، قوشاقچى، شائىرلىقتىن خەۋىرى بارلار ئولتۇرۇشۇپتۇ. ھالقىسىمان تۈزۈلگەن سورۇندا يەنە ياشلار، قىزلار، باللار رەت ـ رېتى بىلەن چۆرىدىشىپ تۇرۇشۇپتۇ. ياشلار تەرەپتە ساقچى لى جۇڭ، ئامبالنىڭ ئوغلى— پاششاپ بېگى[2] سۇخۇشارا ۋە بىرقانچە يايى پۇقراچە كىيىم بىلەن تۇرۇشقانلىقىنى توختى ئاخۇن مەيدان ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېتىپ كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى ۋە مەيدان ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ يۇرت چوڭلىرىغا سالام قىلدى:

[1] چامغۇرنىڭ قۇرۇتۇلغان يوپۇرماقلىرىنى گۇچۇڭ، تۇرپان تەرەپلەردە «قۇرۇق كۆك» دەپ ئاتايدۇ — ئا.

[2] ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتىدىغان خادىم.

www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇرت چوڭلىرى، بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئىجازەتمىكىن؟

— قېنى ئېيتىڭ، نېمە خۇسۇستىكى ئىلتىماس ئىدى؟ — دېدى قازى ئاخۇنۇم سەمەتهاجى.

توختى ئەتراپقا قارىدى. ياشلار تەرەپتە تۇرغان ھىدايىتۇللا بىلەن مەتنىياز ئۇستازىنىڭ كۆز ئىشارىتى بىلەن، قولى باغلاقلىق ھەمدۇللانى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتى.

— مانا مۇشۇ شاگىرتىم، — دېدى توختى قولى بىلەن ھەمدۇللانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئۈچ يىل ھۈنەر ئۆگەتسەم ئۇنىڭ قەدرى - قىممىتىنى قىلماي، مېنى كۆزگە ئىلماي، ھەمساۋاقلىرى بىلەنمۇ خوشلاشماي، يۇرتىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قېچىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ناھايىتى چوڭ ئەدەپسىزلىك، ئەر — يىگىت لەۋزىدە تۇرمىسا، شاگىرت ئۇستازىغا بىھۆرمەتلىك قىلسا، ئۇنى جازالاش كېرەكمۇ - يوق؟!

سەمەتهاجى ئاخشامقى قەرەلدە — شامدا مەسچىت ئالدىدا توختى ئاخۇن بىلەن بۇ ئىش خۇسۇسىدا كېلىشىۋالغانىدى. شۇڭا، سەمەتهاجى يىغىندىكىلەرگە سىرلىق قاراپ كۆز قىسىپ قويدى ۋە توختىغا قاراپ:

— بۇنداق ۋاپاسىز ئەر — يىگىتلەرنى جازالاش كېرەك، خوش، ئېيتىڭە توختاخۇن، سىز بۇ شاگىرتىڭىزنى قانداق جازالىماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى.

— ئىجازەت بولسا بۇ ئەدەپسىزگە «چالما - كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىپ، ئەل - جامائەت ئالدىدا ئىبرەت قىلساقمىكىن!؟

سەمەتهاجى يىغىندىكى مويسىپىتلەرگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— ئىجازەت! ياشلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن جازايىڭىزنى

ئىجرا قىلىڭ! — دېدى.
مەيدان باشقۇرۇۋاتقان ساتتار شۇھامان ئادەملەر ئارىسىدىن بىر بوشلۇق ئاچتى. ئىككى نەپەر شاگىرت ئۇ يەرگە قولمۇقول ئورەك كولىدى. يەنە ئىككى شاگىرت ئوتتۇز قەدەمچە يىراقلىقتا ئۈچ - تۆت سېۋەت ئالما، تۇخۇم چوڭلۇقىدا تاشلارنى تۆكتى. خالايىق بىر - بىرىگە قارىشىپ پىچىرلاشماقتا. كىچىك باللار ئادەملەرنىڭ قولتۇقلىرىدىن، ھەتتا چاتراقلىرىدىن ئۆتۈشۈپ مەيدان ئىچىگە كىرىشمەكتە. «چالما - كېسەك قىلىش» دېگەننى ئاڭلاپ، ئەتراپتا ھەرخىل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلارمۇ قوللىرىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ مەيدان تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. سۇخۇشارا ھەمراھلىرىغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. ئۇلار چاپانلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇشقان تاپانچىلىرىنى تۇتۇپ قويۇشتى. پەقەت لى جۇڭ ساقچىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بەخىرامان تۇراتتى. مەيداندىكى خالايىق توختى ئاخۇننىڭ ھەرىكەتلىرىگە بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراشماقتا. چۈنكى، ئىلگىرىكى نورۇز پائالىيەتلىرىدە مۇنداق ئىش بولۇپ باقمىغانىدى.
توختى ئاخۇن شاگىرتلىرىغا ھەمدۇللانى كولانغان ئورەككە چۈشۈرۈپ، بەل بىلەن تەڭ كۆمۈشكە بۇيرۇدى. شاگىرتلار ئۇنى بەل بىلەن تەڭ كۆمگەندە، ھەمدۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى ئۈمچەيگىلى تۇردى. ئۇنىڭ خىيالىدا، ئۇستازى ئۇنى راستتىنلا جازالاپ، ئەل - جامائەت ئىچىدە رەسۋايى ئەزىم قىلماقچى. ھەمدۇللانىڭ بىلىشىچە، بۇنداق «چالما - كېسەك قىلىش» شەرىئەت جازاسى[1] بولۇپ، ئەل - يۇرت ئىچىدە ناشايان ئىش قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرگە بېرىلەتتى. ئەجەبا، ھەمدۇللاغىمۇ مۇشۇ جازا جايىزمىدۇ؟...... ھەمدۇللانى بېلى بىلەن

---
[1] شەرىئەت جازاسى — ئىسلام دىنى قانۇن - نىزامى بويىچە جازالاش — ئا.

تەڭ كۆمگەن شاگىرتلار ئۇنىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. ھەمدۇللا ئۇۋدا قاپسالغان جەرەن بالىسىدەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، ئەتراپتىكى كىشىلەردىن نىجاتلىق تىلىگەندەك قىياپەتتە تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىغا ساتتار كەلدى- دە، بوش ئاۋازدا:

— قورقۇپ چىرايىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇغۇ ھەمدۇللا؟! جانبازلىقنى ئۆگەنگەن ئادەممۇ شۇنداق بولامدۇ؟— دېدى.

— بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ كەتكىلىۋاتسام، ئەمىسە قاق - قاقلاپ كۈلەمتىم؟! — ھەمدۇللا ساتتارغا قاراپ خۇددى غورا يېگەن تازدەك، چىرايىنى پۈتۈشتۈردى.

— ھەي ئەخمەق، ئاتقان تاشنى ئۆزۈڭگە تەگكۈزمەي تۇتۇۋالساڭلا ئىش پۈتتىغۇ؟— دېدى ساتتار ھەمدۇللاغا دوق قىلىپ.

— ئەگەر تاشنى تۇتۇۋالسام ئۇستام ماڭا تېخىمۇ ئاچچىقلانمامدۇ؟

— ھەي ئەخمەق، بوغۇزلايمەن دېسە قويمۇ تىپىرلايدىغۇ؟ تاشنى ئۆزۈڭگە تەگكۈزمىسەڭلا ئۇستاڭ سېنىڭدىن خۇش بولمامدۇ؟

ھەمدۇللا كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئويلىنىپ قالدى- دە، يەنە شۇ ھامانلا:

— چۈشەندىم! — دەپ توۋلىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، روھى بىردىنلا كۆتۈرۈلدى. ساتتار نېرى كەتتى.

توختى ئاخۇن مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، تۆت ئەتراپىغا تەكشى قاراپ:

— ھازىر قاچقۇن شاگىرت ھەمدۇللاغا «چالما - كېسەك قىلىش» جازاسى بېرىلىدۇ! — دەپ توۋلىدى.

مەيداندىكىلەر جىددىيلىشىشكە باشلىدى. سۇخۇشارا قولىنى تاپانچىسىغا ئۇزاتتى. ئەگەر ئورەكتە بىلى بىلەن تەڭ كۆمۈلگەن شاگىرتقا تاش تېگىپ، بېشى يېرىلسىلا، ئۇ توختىنى شۇ ھامانلا

«ئۆز ئالدىغا ئادەم جازالىغان» دېگەن گۇناھ بىلەن تۇتۇپ قاماشقا تەييار ئىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ خۇددى توشقانغا سالىدىغان بۆركۈتتەك تەييار تۇراتتى.

ئىككى شاگىرت ھەمدۇللاغا قارىتىپ تاش ئېتىشقا باشلىدى. تاشلار «ۋىژ - ۋىژ، غۇي - غۇي» قىلىپ شىددەت بىلەن ئېتىلماقتا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى. لېكىن، ھەمدۇللا شىددەت بىلەن ئېتىلغان تاشلارنى خۇددى بىراۋ ئېتىپ بەرگەن ئالمىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ، گويا ئۇستا مانتىپەز قاسقانغا مانتا تىزغاندەك، تۇتقان تاشلىرىنى يەرگە تاشلاۋەردى. ئىككى شاگىرت بىردەمدىلا تاشنى ئېتىپ تۈگەتتى. ھەمدۇللا تاشنىڭ بىرىنىمۇ ئۆزىگە تەگكۈزمىدى.

— بارىكاللا! ئاپىرىن! — مەيداندىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشتى ھەم گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇرۇشتى، توختى ئاخۇننىڭ مۇنداق ئۇسۇل بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ، خەلقنى خۇش قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشقانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇنىڭ بىر ئويۇن كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن سوخۇشارا ناھايىتى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ، يېلى چىقىپ كەتكەن تۇپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەيداندىن چىكىنىۋېتىپ:

— خەپ توختا توختى! بىزنى ئەخمەق قىلغىنىڭغا تويغۇزمىسام! — دەپ غۇدۇراپ ماڭدى. ئۇ ئويلىغانسېرى جىلە بولاتتى. «ماۋۇ كازىم دېگەن لەقۋا، ھاراقكەشچۇ تېخى، ئاشۇ چېغىدا بىز پاششاپ - يايىلارنى كولدۇرلاتقىنىنى! سېنىمۇ بىر جايلىمىسام!» سوخۇشارا خۇددى «ئېشىكىڭگە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇرۇ توقۇمىنى» دېگەندەك، ئاچچىقىنى ئاۋۋال كازىمدىن ئالماقنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، يامۇل تەرەپكە قاراپ غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى.

ئويۇن داۋاملاشماقتا. غولنىڭ بىر كەڭرى يېرىدە خوراز

سوقۇشتۇرۇش، قوشقار ئۈسۈشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش ئويۇنلىرى قىزىپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتە يىگىتلەر بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپ، قىزلار ئىگىز ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىغا ئىلەڭگۈچ سېلىپ، گۇللۇك كۆڭلەكلىرىنى لەپىلدىتىپ، خۇددى رەڭدار كېپىنەكلەردەك بەس - بەستە ئۇچۇشماقتا؛ بىر يەردە ئوغۇل باللار ۋاللەي ئويناشسا، بىر تۇركۇم كىچىك باللار تال - چىۋىقلىرىنى ئات ئىتىپ چېپىشىپ ئويناشماقتا......

گىلەم سېلىنغان چىملىقتا سازەندىلەر بار ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىشماقتا. ئوتتۇرىغا بەللىرىنى پوتا بىلەن چىڭ باغلاپ، پۇتىغا مەسە ساپقان، بېشىغا بۆك - تۇماق كىيىشكەن ئاپپاق ساقاللىق بوۋايلار، لېچەك سالغان مومايلار، بۆرتۇمشال سېلىپ، چاچلىرىغا چاچتەڭگىلەر ئېسىشقان بەرنا قىزلار، بېشىغا چىمەن دوپپا، ئۈچىسىغا كانۋا چامچا كىيىپ، بېلىگە رەڭدار مەشۇت پوتا باغلاپ، پۇتىغا كۆن - خۇرۇمدىن تىكىلگەن ئۆتۈكلەرنى كىيىشكەن شوخ يىگىتلەر جۈپ - جۈپى، خىل - خىلى بىلەن چۈشۈپ ئۇسسۇل ئويناشماقتا. سورۇننىڭ چەت - چۆرىسىدە ئىدىشتىن ۋاقتىلىق سامسا تونۇرى ياسىۋالغان سامسىپەزلەر، يىغىدىن ياسىغان ئوچاقلارغا ئېسىلغان قازانلارغا قاتار - قاتار قاسقان قويغان مانتىپەزلەر، كاۋاپدانلاردىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىۋاتقان كاۋاپچىلار:

— ياغ يەپ يات! ياغ يەپ يات! قېرى خوتۇندىن نېرى يات!

— مانا سامسا، يېڭى سامسا، تەنگە قوۋۋەت، رەنجىگە شىپا! ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىدە ئەتكەن سامسا!

— بىر مانتا، ئىككى مانتا، ئۈچ مانتا...... مانا ئون مانتا، ئونبەش مانتا!...... دەپ توۋلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىشتىھالىرىنى غىدىقلىسا؛ غالتەك ھارۋىلارغا، سۆكەنلەرگە، كىچىك شىرەلەرگە قويۇلغان ئۇششاق خالتىلاردىكى دادۇر - خاسىڭ، گازىر -

پۇرچاق، ئۇزۇم ـ ياڭاق، جىگدە ـ چىلان قاتارلىق قورۇق مېۋىلەرنى ساتقان سودىگەرلەر ئالدىراشلىقتىن تووۇلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدا يەنە تاڭگا، ماخار ساتىدىغان، لەڭپۇڭ، سېرىقئاش ساتىدىغان خوپزو يايمىچىلارمۇ ئالدىراشلىقتا چۆشكەنىدى. سودا قىزىماقتا، نەغمە ـ ناۋا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەكتە، پۈتۈن يۇرت خەلقى مۇشۇ غول ئېقىن باغرىغا يىغىلغاندەك ئىدى.

نەغمە ـ ناۋا بىر ئاش پىشىم ياڭرىغاندىن كېيىن توختىدى. ئەمدى بېيىت ـ قوشاقچىلارغا نۆۋەت كەلگەندەك، يانچۇقلىرىدىن قاتلاقلىق قەغەزلىرىنى چىقىرىشىپ، خۇددى مۇقام تووۇلايدىغان ناخشىچىدەك، ئەھەه ئۆھھوۇ! قىلىشىپ، بېيىت ـ قوشاقلىرىنى ئوقۇشقا كانايلىرىنى قىرىشتى. نۆۋەت ئالدى بىلەن ئاۋامسىلىم دېگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشىگە بېرىلدى. ئۇ پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن شېئىرنى ئۈنلۈك ھەم رىتىملىق ئوقۇدى. مەدرىسە كۆرگەن بۇ كىشى شېئىرنىڭ ھەربىر تۇراق، ۋەزىن، رادىپ، قاپىيەلىرىنى قائىدىگە سېلىپ ئوقۇماقتا:

نورۇز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۆندۈر بۈگۈن،
دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، بىخ ئۇرار كۆندۈر بۈگۈن.
دېھقانلار قوش ھەيدەپ، ئورۇق سالۇر كۆندۈر بۈگۈن،
ئىش بېشى سەھەت كۆنى، ئامبار تولار كۆندۈر بۈگۈن.

شاتىۋادا تون كىيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
كۆككۆلچىلىكتە ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋا باشلىدۇق.
بەيگە ـ ئوغلاق ئالىپ مەشرەپ سورۇنى راسلىدۇق،
قايغۇ ـ ھەسرەتلەر كېتىپ، يايراشۇر كۆندۈر بۈگۈن.

كەلدى نورۇز يىل باشى ئەلدە تاماشا ئارىلاش،
بولدىلار راھەت جاھان، يوق بولدى جاپا ئارىلاش.
كوچىدا قىلدى گاداي، شاھلار تاماشا ئارىلاش،
بارچە خۇشلۇق يېتىپ كەلدى تاماشا كۆپتۇر بۇگۈن.

كىگىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ، ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بۇلۇڭلاردا قالمىسۇن پايىتىما ـ ئەسكى چورۇق.
بولسۇن مۇھىت پاكىز، ئەخلەت ـ چاۋاردىن ئەسەر يوق،
بەھۇزۇر كەيىپ سۈرۈپ، يايرىسۇن مېھمان بۇگۈن.

سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى:

— ئاپىرىن، كۆڭۈلدىكى سۆزلەر خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك تىزىلىپتۇ! — دېدى.

ئەتراپتىن ئالقىش ياڭرىدى، چاۋاك ـ ئالقىش بېسىلىشى بىلەنلا ئوتتۇرىغا ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى، كەڭ غوللۇق، ئوتتۇرا بويى بىر ئەر چىقتى ـ دە، قولىغا قەغەز ئالماستىنلا بايامقى شېئىرغا قاپىيەداش بىر كۇپلېت قوشاق ئېيتتى:

نورۇز كەلدى جاھانغا، ئوۋ قىلغىلى چىقارمىز،
قايغۇ باسقان كۆڭۈلنى تاغدا يۈرۈپ ئاچارمىز.
بۇغا ـ كېيىكلەر ئوۋلاپ تاغ ـ داۋانلار ئاشارمىز،
تېرىسىنى تاسما قىلىپ، موڭگۇزىنى ساتارمىز،
قول ـ پۇتىنىڭ پاچىقى قامچىغا دەستە بۇگۈن.

نورۇز ئەھلى تېخىمۇ قاتتىق چاۋاك چېلىشىپ، بارىكاللا توۋلاشتى. دەرۋەقە، بۇ ئەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى شۇ بىر كۇپلېت قوشاقتا ئىخچام

ئەكس ئەتتۈرگەنىدى. سەمەتھاجى ۋە ئىمىنبايلار ھاياجانلاندى. سەمەتھاجى ساتتارنى قول ئىشارىسى بىلەن يېنىغا چاقىرىپ:
— بۇ كىم ئۆزى؟— دەپ سورىدى.
— بۇ بۇرادەرنىڭ ئىسمى قادىر، بىزنىڭ بالا ۋاقتىمىزدىكى ئاغىنىمىز ئىدى. ئۇ ئەسلىي سەنتۇرلۇق، كىچىكىدە مۇشۇ تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدە سابىت قارىيدا بىر - ئىككى يىل ئوقۇغان. ھازىر تەقدىر - قىسمەت بىلەن ئالتاي - چۆچەك تەرەپلەردە ئوۋچىلىق قىلىپ يۈرۈپتۇ. يېقىندا تۇغقانلىرىنى يوقلاپ يۇرتقا كەپتىكەن، نورۇزغا ئۇلگۈرۈپ بىزنى يوقلاپ كەپتۇ،— دېدى ساتتار.
— بۇ ئىككى قوشاقچىغا تون يېپىڭلار! — دېدى سەمەتھاجى.
ساتتار يۈگۈرۈپ بېرىپ تەمىنات ئىشلىرىغا قاراشتۇرۇلۇۋاتقان مەمەتنىڭ يېنىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئىككى توننى ئېلىپ كېلىپ، ئاۋامسلىم بىلەن قادىرغا ياپتۇ. سورۇندىكىلەر يەنە بىر نۆۋەت ئالقىش ياغدۇردى.
تاۋاق - لېگەنلەردە، ئاپقۇرلاردا گۆش، پولۇ، كۈجە ئاش تارتىلدى. غول ئىچى خۇددى توي بولغاندەك مەمۇرچىلىققا، مولچىلىققا تولدى. ئاشتىن كېيىن يۇرت ئاقساقاللىرىغا ئەگىشىپ ھەممە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشۈپ، يۇرتنىڭ ئامانلىقى، ئەلنىڭ توقچىلىقى ئۈچۈن ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئونىنچى باب

# تۆت جانباز

ساقچى لى جوۋ بۇگۈن ئىشتىن بالدۇرراق چۈشتى. ئۇ خىيلىدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئۇستازى يې جەنجاڭنىڭ قېشىغا كەلدى. سەكسەندىن ئاشقان يې ئۇستاز تىمەن ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئاق چۇچۇنچىدىن تىكىلگەن، ئۇدۇلىدىن ئىزمىلىنىدىغان يەكتەكسىمان كۆڭلەك، كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتان، پۇتىغا قىلىن چەملىك لاتا خەي كىيگەنىدى. لى جوۋ كىرگەندە ئۇ ھويلىدا تەيجى گۇمپىسى ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپپاق ئۇزۇن ساقىلى ئېگىز بويىغا خويمۇ ياراشقان، ئاقارغان چاچ، قاش، ساقال - بۇرۇتلىرى، لەرزان ھەم سالماق گۇمپا ھەرىكەتلىرى، قاۋۇل، تىمەن سىيماسى ئۇنى بەئەينى خەنزۇ خەلق ئەپسانىلىرىدىكى ساماۋى ئەۋلىيالارغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. لى جوۋ ھويلىغا كىرىپلا قوشقۇۋۇق تۈۋىدە تۇرۇپ، ئۇستازىنىڭ نەپىس ھەم لەرزان ھەرىكەتلىرىگە ھەۋەسلىنىپ قاراپ تۇردى. لى جوۋنىڭ كىرگىنىنى ئۇنىڭ ئاياغ شەپىسىدىنلا سەزگەن يې ئۇستاز تەيجى گۇمپىسىنىڭ بىر بۆلۈك ھەرىكىتىنى قىلىپلا توختاپ، لى جوۋنى چاقىردى:

— بېرى كەل لى جوۋ، بۇگۈن سېنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى لى جوۋغا تىكىپ.

— سىز بىلەن پاراڭلىشاي دەپ كەلدىم ئۇستاز، سىزگە دەخلى قىلىپ قويمىغاندىمەن - ھە؟

— ھېچ گەپ يوق، بېرى كەل، پاراڭلىشايلى.

مۇلازىم بالا ھويلىغا شىرە، ئورۇندۇق قويدى ۋە ئارقىدىنلا ياپقۇچلۇق چىنىدە پۇراقلىق يەسىمەن چېيىنى دەملەپ كەلدى.

يې ئۇستاز بىلەن لى جۇڭ چاي ئىچكەچ پاراڭغا چۈشتى.

— يېقىندا ھۆكۈمەت دائىرىسىدە نېمە يېڭىلىقلار بار لى جۇڭ؟— دەپ سورىدى يى ئۇستاز. بۇ ئادەم يۇرت ئىچىدىكى ئۆزگىرىش، يېڭى - يېڭى ئۇچۇر - خەۋەرلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى.

— ئامبال سۇخۇناشىن ئىچكىرىدىن تۆت نەپەر جانبازنى يۇقىرى ھەق بېرىش بەدىلىگە تەكلىپ قىلىپ چىقىپتۇ، — دېدى لى جۇڭ.

— ئۇلارنى نېمە ئىشقا سالىدىغانغا تەكلىپ قىپتۇ؟— يى ئۇستاز سەل ھەيران بولغان قىياپەتتە سورىدى.

— ئىككى كۈن ئىلگىرى سۇخۇناشىن ئامبالنىڭ ئوغلى — ئوغرى - بۇلاڭچىلارنى تۇتىدىغان بۆلۈمنىڭ كىچىكى بولغان سۇخۇشارا ئىدارىگە مەس پېتى كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىدا، ئاتىسى ئىچكىرىدىن تۆت نەپەر يۇقىرى ماھارەتلىك جانبازنى گۇچۇڭغا تەكلىپ قىلىپ چىقىپتۇدەك، ئۇلارنى ئالدى بىلەن توختى ئاخۇنغا سالىدىكەن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ، توختىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا سۇخۇشارانى ئوچۇق مەيداندا ئېلىشقاندا يېڭىپ قويغانلىقىنىڭ ئەتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا جانبازلارغا سالىمىش. شۇ ئارقىلىق گۇچۇڭدىكى جانبازلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇلارنى شاگىرت تەربىيەلەش ئىشىدىن مەھرۇم قويىدىغاندەك تۇرىدۇ. يامىنى كەلسە، ئامبال شۇ تۆت نەپەر جانبازنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، گۇچۇڭدىكى جانبازلىق ئورۇنلىرىنى پېچەتلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى لى جۇڭ ئاڭلىغانلىرى ۋە ئۆز قىياسلىرىنى بىرگە

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ.

— توختىنى يېڭىمىز دېگىنى خام خىيال، توختى يەتتە ئۇستىنىڭ قولىدىن ھۈنەر ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەن جانباز بولۇپ قالدى. بۈيۈك جۇڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ماھارىتى بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مۇشۇ توختىنىڭ قولى بىلەن يىلتىز تارتقۇسى. سەن بىلەن مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ تۇرۇپ، مۇشۇ زېمىنىنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىپ، مۇشۇ يۇرتنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇپ، قېرىنداش خەلقتىن يېتىشىپ چىققان توختىدەك بىر يېتۈك جانبازنى قوغدىمىساق، ئاسراپ پەرۋىش قىلمىساق بولمايدۇ. توختىغۇ جانبازلىقتا پىشىپ يېتىلدى، ئۇنىڭغا ئەمدى تەڭ كەلگۈدەك جانباز چىقىشى ناتايىن، ئۇ جانبازلىققىلا تۆرەلگەندەك بىر ئەزىمەتكەن. مەن شۇنداق بىر ئەزىمەتنىڭ ئۇستازى بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. مەن شۇنچىۋالا كۆپ شاگىرت يېتىشتۈرگەن بولسامۇ، ئۆزۈم سۆيۈنگۈدەك شاگىرتىمدىن ئاشۇ توختىلا بار. شۇڭا، ئۇنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ، — يې ئۇستاز يۈرەك سۆزىنى قىلغانىدى.

لى جۇڭ يې ئۇستازنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى. يې ئۇستاز مەردانە، ئادىل، خەلقپەرۋەر ئادەم بولۇپ، ئۇ تائىپە ئادىمى ئۇنداق، بۇ تائىپىنىڭ ئادىمى مۇنداق دەپ يۈرىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. لى جۇڭ ئۇستازىنىڭ تەلىمىنى قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ مىللەت، تائىپە ئايرىمايدىغان، خەلقپەرۋەر، ئادىل خاراكتېرىنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان شاگىرتلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى خېلى بۇرۇنلا گۇچۇڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، لى جۇڭغا كەلگەندە تۆتىنچى ئەۋلاد گۇچۇڭلۇق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، خۇيزۇ باللىرى بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، ئۇنىڭ مىجەزىمۇ بۇ جەت - چېگرا رايوندا ياشىغان كىشىلەرنىڭ

مىجەزىدەك ئوچۇق - يورۇق، كەڭ قورساق، مەردانە ئىدى. ئۇ گەرچە توختىدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمساۋاق بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسى يىپ جەنجاڭدىن ئىبارەت بىر ئۇستازدا تەلىم ئالغانلاردىن ئىدى. توختىنىڭ كىچىك مۇسابىقىلەرنىڭ بىرقانچىسىدە رەقىبلىرىنى يەڭگەنلىكىنى، بولۇپمۇ بېيجىڭدىن كەلگەن خارچىن ھەزرەتنى يېڭىپ، گۇچۇڭلۇق جانبازلارغا شان - شەرەپ كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، توختىغا نىسبەتەن ھۆرمىتى بارغانسېرى ئاشقانىدى. دەرۋەقە، بۇنداق بىر ئەزىمەتنى قوغدىماي، ئاسرىماي بولمايتتى. ئۇ ئۇستازى يىپ جەنجاڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆزىنىڭمۇ ئۇستازىغا ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر گۇدرەتلىك تۈگۈن[1] بار ئىدى. ئۇ ئۇستازىدىن شۇ ھەقتە گەپ سورىدى:

— ئۇستاز، بۇ ئەمەلدارلار جانبازلارغا نېمىشقا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟

يىپ جەنجاڭ ئۇزۇن ساقىلىنى سىيىرىپ - سىيىپاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەمەلدارلارنىڭ جانبازلارغا ئۆچمەنلىك قىلىشىدا مۇنداق بىرقانچە سەۋەب بار: بىرى، جانبازلار ئالاھىدە ماھارەت ئۆگەنگەن ئادەملەر بولغاچقا، ئەمەلدارلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ داڭقى چىققانلىرى ئۆز ئالدىغا بىرمۇنچە شاگىرت تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. بۇنى ئەمەلدارلار «ھۆكۈمەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئەھۋال» دەپ چۈشىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، جانبازلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ھۆرمەت - ئىناۋىتى يۇقىرى بولغاچقا، ئەمەلدارلار جانبازلارنىڭ ئۆز ئالدىغا گۇرۇھ - شايكا

[1] گۇدرەتلىك تۈگۈن — شەرقىي شىنجاڭ شېۋىسى، گۇمانلىق تۈگۈن — ئا.

www.uyghurkitap.com

توپلاپ، توپىلاڭ چىقىرىشىدىن بەك ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق بولۇشىغا بەزى ئىشلار سەۋەبمۇ بولغان. مەسىلەن، بۇنىڭدىن ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغاندا، پادىشاھ قورقۇپ كېتىپ، پايتەخت بېيجىڭنى تاشلاپ شىئەنگە قېچىپ كېتىپتىكەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، تاجاۋۇزچىلار پادىشاھلىق ئورنىغا تەگمىسە، شىئەنگە قوغلاپ كەلمىسىلا، جۇڭگودىن نېمىنى ئالىمەن دېسە شۇنىڭغا ماقۇل دەيدىغان ھالەتتە ئىكەن. مانا مۇشۇنداق پەيتتە، يىخىتۇەنچى جانبازلار تاجاۋۇزچىلارغىمۇ، تەسلىمچى پادىشاھقىمۇ تەڭلا قارشى چىقىپ، باتۇرانە جەڭ قىلىپ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىشلارنى قىلغانىكەن. ھۆكۈمەت ئادەملىرى، جۈملىدىن مەنچىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ جانبازلاردىن ئۈركۈشى، ئەيمىنىشى ۋە ھەردائىم ئۇلارغا چەك قويۇپ تۇرۇشى ئەنە شۇنىڭدىن. مانا ئەمدى سۇن جۇڭشەن ئەپەندى يېتەكچىلىكىدە شىنخەي ئىنقىلابى بولۇۋاتىدۇ. مەنچىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇشى مۇمكىن، مۇنداق چاغدا ئەمەلدارلار ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

— ھە، ئەمدى چۈشەندىم، ئىشنىڭ تېگى - تەكتى مۇنداق ئىكەن- دە! لى جۇڭ ئۇستازىنىڭ ئەتراپلىق مۇلاھىزىسىدىن قايىل بولدى.

— چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى، سەن شەنيامۇلدا بولغانىدىكىن، ئامبال سۇخۇناشىن بىلەن ئوغلى سۇخۇشارانىڭ ھەرىكەت - شەپىلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرغىن، يەنە ھېلىقى تۆت جانبازنىڭ يوروش - تۇرۇشىنى نەزەرىڭدىن نېرى قىلما، توختىغا ئاستىرتىن زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىغاي، — دېدى يې جەنجاڭ.

— بولىدۇ، ئۇستاز، ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، — لى جۇڭ ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ ياندى.

× × ×

تۆت جانباز گۇچۇك بازارلىرىنى كۆرمەك بولۇپ، رەستىگە چىقتى. بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرىكى گۇچۇك بازىرى سودىسى گۈللەنگەن، ھۈنەر - سەنئىتى تەرەققىي قىلغان، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئاۋۇغان، دېھقانچىلىقى روناق تېپىپ، «ئاشلىق ئامبىرى» دەپ نام ئالغان بىر شەھەرچە ئىدى. بۇ يەرگە چاررۇسىيە ماللىرى، قوقان، بۇخارالاردا توقۇلغان يوللۇق گەزلىمىلەر، تۈركىيەنىڭ خۇرۇم بۇيۇملىرى، ھىندىستان، كەشمىرلەردىن كىرگۈزۈلگەن دورا - دەرمەكلەر، سۇجۇ - خاڭجۇلارنىڭ يىپەك رەختلىرى، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن چىقىدىغان جائان چىنە - قاچىلار، ئالتە شەھەر تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن ئەتلەس، پاختا رەختلەر، تۇرپاننىڭ ھۆل - قۇرۇق مېۋىلىرى رەستىلەردىكى دۇكانلارنى ئاۋاتلاشتۇرغانىدى. مال بازىرىدا سېتىلىۋاتقان تۆگە، كالا، ئات، قوي - ئۆچكىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن تۆت جانباز ھەيرانۇ - ھەس قالغانىدى. چۈنكى، ئۇلار ياشىغان ئىقلىملاردا ئاتنى ئەمەلدارلار، خانلىقنىڭ چاپارمەنلىرى، چېرىكلەرلا مىنەتتى. بۇ يەردە بولسا كىچىك باللارمۇ، بوۋاي - مومايلارمۇ ئاجايىپ كۆركەم ئاتلارنى مىنىپ يۈرىدىكەن. ئۇلار يەنە ئاشپۇزۇللار جايلاشقان رەستىلەرنى ئارىلىدى. سامسىپەزلەر، مانتىپەزلەر، پولۇچىلار، كاۋاپچىلار ئۈنلۈك تۈۋلاپ، خېرىدارلارنى چىللىماقتا، دەستە - دەستە نانلار، پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان قوي گۆشى كاۋاپلىرى، لەڭپۇڭ، سېرىق ئاشلار، ئۆپكە - ھېسىپلەر بۇ رەستىدىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىماي قالمايتتى.

تۆت جانباز سۇخۇشارانىڭ ئاغىنىسى مالاۋسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قايناق بازارلارنى بىرقۇر ئارىلاپ، لىخۇا جەنزە مەيدانىغا

كەلدى. مەيدانىنىڭ بىر چېتىدە غالتەكلىك ھارۋىدا ئوخشىغان ئۆپكە - ھېسىپ ئېلىپ چىققان ھېيت ئاخۇن تىنماي توۋلىماقتا:

ئېلىپ كەلدىم ئۆپكە - ھېسىپ،
خېرىدارغا بولغاي نېسىپ.
يېسەڭ ئەگەر تەنگە قۇۋۋەت،
ئىشىڭلارغا بولغاي مەدەت.

بازىرىدا گۇچۇڭنىڭ،
ھېيتەم دېگەن نامىم بار.
ئاتا - بوۋامدىن قالغان،
سۇ بويىدا جايىم بار.

بىزنىڭ گۇچۇڭ بازىرى،
دائىم شۇنداق ئاۋاتتۇر.
ھەممە نەرسە تېپىلار،
يېمەكلىرى ناۋاتتۇر.

— ئاۋۇ ئادەم نېمەدەپ توۋلاۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى تۆت جانبازنىڭ بىرى.
— ئۆپكە - ھېسىپنى داڭلاۋاتىدۇ، — دېدى مالاۋسى خەنزۇچىغا ئۆرۈپ.
— ئۆپكە - ھېسىپ دېگەن نېمە ئۇ؟
— قوي - ئۆچكىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىدىن قىلىنىدىغان بەكمۇ مەززىلىك يېمەكلىك، — دېدى مالاۋسى.
— بۇ يېمەكلىك بىزگە يېڭىلىقكەن، يۇرۇڭلار بۇرادەرلەر، بىرنى تېتىپ باقايلى، — تۆت جانباز ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ شىرەسىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۆپكە - ھېسىپ يەپ

ئولتۇرغان ئىككى ئادەم يىگى كەلگەنلەرگە ئورۇن بوشىتىپ، نېرىراقتا قويۇلغان ئورۇندۇقتا قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ يۆتكەلدى.

مالاۋسى بەش قاچا ئۆپكە - ھېسىپ بۇيرۇتتى، تۆت جانباز سىركە - لازىغا مىلەپ، ئۆپكە - ھېسىپنى مەززە قىلىپ يېيىشتى.

— بۇ گۇچۇڭ دېگەن يۇرتنىڭ سۈيى تاتلىق، يېمەكلىرى ھەقىقەتەن مەززىلىككەن جۇمۇ؟! — دېدى جانبازلارنىڭ بىرى.

— گۇچۇڭنىڭلا ئەمەس، قاشقوۋۇقنىڭ① سىرتىدىكى قامىل، تۇرپان، ئۈرۈمچى دېگەن يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتكەندە يېگەن تائاملارمۇ شۇنداق مەززىلىك تۇرامدۇ؟ — دېدى بىرى.

— ئۇغۇ شۇنداقكەن.

— ئاڭلىساق، ئالتە شەھەر دېگەن يۇرتلاردا ئاجايىپ شېرىن - شەربەت مېۋىلەر، تاڭلىيىڭدا تەمى قالغۇدەك تائام - غىزالار بار دەيدۇ، ئىشىمىز تۈگىگەندە شۇ تەرەپلەرنىمۇ بىر ئارىلاپ كېتەرمىز- ھە، بۇرادەرلەر؟ — دېدى جانبازلارنىڭ بىرى.

— نېسىپ بولۇپ قالار، — دېدى جانبازلارنىڭ يەنە بىرى، مەن بۇ يۇرتتا مۇنداق ئىككى نەرسىگە دىققەت قىلدىم: بىرى، بۇ يەردە قەلەندەر، تىلەمچىنى كۆرمىدىم؛ ئىككىنچىسى، ماللىرى ئەرزانچىلىقكەن.

— ئەلۋەتتە، سىزنىڭ كۆزىتىشىڭىز توغرا بوپتۇ، گۇچۇڭ تەۋەسىدە تىلەمچى، قەلەندەر يوق، — دېدى مالاۋسى مەغرۇرلانغان قىياپەتتە.

— قاشقوۋۇقنىڭ سىرتىدىكى يەرلەر ئاجايىپ كەڭرىچىلىككەن، ئون كۈنلەپ يول يۈرسىمۇ ئۇ يۇرتتىن بۇ يۇرتقا يەتكىلى بولمايدىكەن، كەڭرى داللارنى كەزسە ئادەمنىڭ كۆڭلى - كۆكسى ئېچىلىپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى جانبازلاردىن ياشراقى.

---

① قاشقوۋۇق — جايۇگۇەننى كۆرسىتىدۇ.

— شۇنداق بولمايچۇ، قىشمۇ - يازمۇ تخانا ھويلىسىدىن چىقماي ياشىغاندىن مىلىڭ مەرتىۋە ياخشى- دە!

مالاۋسى بىلەن جانىبازلار شۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. خانىبرىق تەرەپتىن ئالدىدا توختى ئاخۇن، ئۇنىڭ يىگىرمە - ئوتتۇز ماڭدامچە كەينىدىن كازىم چىقىپ كەلدى. ئۇلار چوڭ مەسچىت ئالدىغا كەلگەندە توختى ئاخۇن تۇتۇق تەرەپكە بۇرۇلدى. ئەتراپقا نەزەر سالغاچ ئولتۇرغان مالاۋسى ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەپكە ئىتتىك چامداپ ماڭدى. ئۇ كازىمنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— نەگە ماڭدىڭ؟— دېدى.

— تۇتۇق تەرەپكە ماڭدىم.

— ئۇ يەردە نېمىش قىلىسەن؟

— شۇ يەردە توي بولىدىكەن، توختاخۇن پولۇ ئېتىدىكەن، شۇڭا شۇ تويدا بىر قورساق پولۇ يەپ كېلەيمىكىن دەپ، توختاخۇننىڭ كەينىدىن سۈگدىشىپ كېتىۋاتىمەن،— دېدى قاقباش بولۇپ كەتكەن كازىم ئۆزىنىڭ لى جۇڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە توختى ئاخۇنغا ئەگىشىپ يۈرگەنلىكىنى مالاۋسىغا دېمىدى.

— توي قاچانكەن؟ نېمىشقا جامائەتنى بامداتتىن يانغاندا داستىخانغا چىللىماپتۇ؟

— ئوغۇل ئۆيلىگۈچىنىڭ يىراق - يېقىندىن كېلىدىغان مېھمانلىرى كۆپ ئوخشايدۇ. جامائەتكە پېشىندىن كېيىن داستىخان سالسا كېرەك،— دېدى كازىم مالاۋسىنىڭ تەپسىلىي سورىغىنىغا ھەيران قېلىپ،— ھوي باي ۋەچچە، ئەجەب سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، يولۇڭغا كېتىۋەر، پولۇدىن قۇرۇق قالما يەنە! — دېدى مالاۋسى.

پولۇنىڭ گېپىنى يادىغا ئالغان كازىمنىڭ قورساقلىرى غولدۇرلاشقا باشلىدى. ئۇ تاڭ ئېتىپ مۇشۇ كەمگىچە ئاغزىغا بىر بۇردا نان تېپىپ سالالمىغانىدى. ئۇ مالاۋسىنىڭ كەينىدىن

قاراپ ـ قاراپ قويۇپ، توختى ئاخۇن كەتكەن تەرەپكە غولدۇسلىغىنىچە مىڭىپ كەتتى.

× × ×

پىشىندىن يانغان مەزگىل. توختى ئاخۇن تۇتۇقىدىكى تويىنىڭ پولۇسىنى ئىتىپ بولۇپ، كەپكۈرنى ياغلىققا ئوراپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئۆيىگە ياندى. ئۇنىڭ كەينىدە قىرىق ـ ئەللىك ماڭدام ئارقىدا كازىم سوكۇلداپ كەلمەكتە. توختى ئاخۇن ئېتىزلىق بىلەن بازار رەستىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئوچۇقچىلىقتا خىيالغا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. قارشى تەرەپتىن ئۇزۇن چاچ قويغان ناتونۇش بىر ئەر توختىغا ئۇدۇل كەلگەندە تۇيۇقسىزلا مۈرىسى بىلەن ئۇنى قاتتىق سوقتى. توختى ئاخۇننىڭ قولتۇقىدىكى كەپكۈر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. توختى ئاخۇن ئويلىمىغان بۇ زەربىدىن سەنتۈرۈلۈپ توختىدى ـ دە، شۇ ھامان ھوشىنى يىغىپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى ناتونۇش ئادەم يەنە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلدى. توختى ئاخۇن ئۇنىڭ ئىككى قېتىملىق ھۇجۇمىنى قايتۇردى ھەم ئۆزىمۇ ھۇجۇمغا ھازىرلاندى. بۇ تاسادىپىي ئېلىشىشنى كۆرگەن كازىم پايپاسلىغىنىچە كېلىپ بىر دوقمۇشتا مۆكۈپ تۇردى. ناتونۇش ئادەم ئۈچىنچى قېتىم ھەملە قىلىپ كەلگەندە، توختى ئاخۇن ئالىقىنىنى ئېچىپ، بارماقلىرىنى جۈپلەپ تۈرۈپ ئېتىلىپ كەلگۈچىنىڭ ئوڭ بىقىنىغا زەرب بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، ناتونۇش ئەر جايىغا چۆكۈپلا قالدى. ئاڭغىچە، ئۇنىڭ ئالدىدا يەردىن ئۈنگەندەكلا يەنە بىرەيلەن پەيدا بولۇپ، توختى ئاخۇنغا يىلپىز كەبى ئېتىلدى. توختى ئاخۇن ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى رەتلىۋېتىپ، ئۇنى شۇنداق چاققانلىق بىلەن يانپاشقا ئېلىپ قېقىۋەتتى، ئۇ «غىق» قىلغان ئاۋاز بىلەن خۇددى لايدەك چاپلىشىپ قالدى.

هوي پالۋان، بولدى قىلىڭ! پەيلىڭىزدىن يېنىڭلا! — بىر تامنىڭ كەينىدىن مالاۋسى ۋە يەنە ئىككى نەپەر ئۇزۇن چاچلىق ناتونۇش ئادەم چىقىپ كەلدى، — ئەپۇ قىلىڭ، سەۋەنلىك بىزدە پالۋان، ئاچچىقىڭىزغا هاي بېرىڭ!

— بۆلارنى سەن باشلاپ كەپسەن- دە، مالاۋسى، سېنىڭغۇ مەندىن تاياق يېگەن يېرىڭ بار، ئەمدى بۆلارنى باشلاپ كېلىپ ئۆچ ئالاي دېدىڭمۇ؟ — توختى ئاخۇننىڭ قەھرلىك چىرايىنى كۆرگەن مالاۋسى دۇدۇقلىغىنىچە راست گەپنى ئېيتتى:

— بۇ جانبازلارنى سېنىڭ يېنىڭغا باشلاپ كەلگىنىم راس. لېكىن، مەن سەندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۆلارنى باشلاپ كەلگىنىم يوق.

— ئەمىسە، بۆلار كىم؟ مەن تونۇمىسام، نېمىشقا ماڭا تۇيۇقسىزدىن بىهۇدە هۇجۇم قىلىدۇ؟

— بۆلارنى ئامبال سۇخۇناشىن ئاتايىن ساڭا سالغىلى ئىچكىرىدىن تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇرگەن، ئىشەنمىسەڭ ئۆلارنىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرگىن، — دېدى مالاۋسى.

— سىلەر كىم؟ گوچۇڭغا نېمىش بىلەن كەلدىڭلار؟ — دېدى توختى غەزەپ بىلەن ئۆلارغا ئالىيىپ.

ئۆلار توختىنىڭ ماھارىتىدىن، كۈچ - قۇدرىتىدىن، ئۇنىڭ ھازىرقى غەزەپلىك تۇرقىدىن ئەيمەندى، ئۆلار توختىدىن كەچۈرۈم سورىدى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ۋۇداڭ تېغىدىن كەلگەنلىكىنى، ئامبال سۇخۇناشىننىڭ ئۆلارنىڭ ھەربىرىگە مىڭ سەردىن كۈمۈش بېرىدىغانلىقىنى، ئەگەر توختىنى يېڭىپ، زەپەر قۇچسا، ئايرىم مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى، ئامبالنىڭ ئوغلى سۇخۇشارنىڭ مالاۋسىنى ئۆلارغا قوشۇپ بازار ئايلاندۇرۇپ ئۆينىتىشنى تاپىلىغانلىقىنى، بۈگۈن توختى ئاخۇننى تاسادىپىي كۆرۈپ قېلىپ، رەسمىي مەيدان تۈزەپ ئاشكارا ئېلىشىشتىن ئىلگىرى بىر تۇتۇشۇپ بېقىپ، توختى



www.uyghurkitap.com

ئاخۇننى دەڭسەپ باقماقچى بولغانلىقىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە قالدۇرماي ئېيتىپ بەردى.

توختى ئاخۇن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقانىدىن كېيىن ئۇلارنى كەچۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. لېكىن، ئۇ قوشۇمىسىنى تولۇرگەن پېتى:

— تۇيۇقسىز ھۇجۇم جانبازلىق پەزىلىتىگە يات ئىشقۇ؟ سىلەر بۇنى بىلمەمسىلەر؟!— دېدى.

— بۇنى بىلەتتۇق، سىز بىلەن ئېلىشىشنى ئېيتىساق تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلماي قالارمىكىن دەپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ساپتۇق،— دېدى ياپپاش گۇمپىسىغا تەڭ كېلەلمىگەن ھېلىقى جانباز سۆڭگەچىلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ،— سىز ئىشلەتكەن ئۇ ھۈنەر قايسى مەزھەپنىڭ گۇمپىسى؟

— ئۇ ھۈنەر ئۇيغۇر چېلىشچىلىرى قوللىنىدىغان «ياپپاشقا ئېلىش» دېيىلىدۇ،— دېدى توختى ئاخۇن قىلچە يوشۇرماي.

— بۇ يۇرتتا جانبازلاردىن باشقا يەنە چېلىشچىلارمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟— دېدى ھېلىقى جانباز.

— توختاخۇننىڭ ئۆزى ماھىر چېلىشچى ئەمەسمۇ،— دېدى مالاۋسى.

— گۇچۇڭدىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلار يۇرتلىرىدا چېلىشىدىغانلار كۆپ، ئۇيغۇردىلا ئەمەس، بەلكى ھەممىلا تائىپىلەردە چېلىشىدىغان ئادەت بارغۇ؟— دېدى توختى ئاخۇن.

— ئۇغۇ شۇنداق، سىزنىڭ چېلىش ماھارىتى بىلەن جانبازلىق ماھارىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللانغىنىڭىز ئاجايىپ بىر ئىشكەن. سىز جۇڭخۇا جانبازلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش ماھارىتىنى بىرىكتۈرۈپ، ياخشى ماھارەت ئۆلگىسى ياراتقان ئۇستا جانبازكەنسىز، بىز سىزگە قايىل، سىزگە قول قويدۇق،— دېدى تۆت جانباز بىرلىكتە مۇشتۇملىرىنى تۆگۈنچەكلەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈپ.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنچىۋالا دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، — دېدى توختى ئاخۇن كەمتەرلىك بىلەن، — ئەمدىكى ئويۇڭلار قانداق؟ قاچان ئاشكارا ئېلىشىمىز؟ ئەگەر گۇچۇڭدا مەلۇم ۋاقىت تۇرساڭلار، ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولۇڭلار!

— رەھمەت، بىز ئامبالنىڭ گېپى بىلەن سىزدەك بىر يېتۈك جانبازغا جەڭ ئېلان قىلغىلى تاس قاپتۇق. بىز ئەمدى سىزگە قىلغان ئەدەپسىزلىكىمىزدىن گۇچۇڭدا تۇرۇشقا رىغبىتىمىز يوق. بىز بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، يۇرتىمىزغا يانىمىز، — دېيىشتى تۆت جانباز.

— مەنمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىپ ھەمراھىڭلارنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇپتىمەن، بىرقانچە كۈن ئارام ئېلىپ ئاندىن يولغا چىقىڭلار، — دېدى توختى ئاخۇن.

شۇ گەپلەر ئارىلىقىدا دەسلەپ زەربە يېگەن جانبازنىڭ ئىككى تال قوۋۇرغىسى سۇنغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.

— ئۆزىمىزنىڭ شورى، سىزنى مالال قىلىشقا ھەددىمىز ئەمەس، بۈگۈنلا يولغا چىقىپ، يول يۈرە داۋالىتىپ ماڭارمىز، — دېدى تۆت جانبازنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق بىرەيلەن.

تۆت جانباز بىلەن توختى ئاخۇن شۇنداق سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا، كازىم غىپپىلا قىلىپ تىكىۋەتتى. ئۇ ساقچى لى جۇڭغا تۆت جانباز بىلەن توختى ئاخۇن ئوتتۇرىسىدا تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئەھۋالنى دەرھال يەتكۈزمەكچى بولدى. چۈنكى، لى جۇڭ كازىمغا پۇل بېرىپ، توختى ئاخۇننىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرۈشنى تاپىلىغانىدى.

كازىم لىخۇا جەنزىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھېيىت ئاخۇن زاسۇيپەزگە يولۇقتى. ئۇ ھېيىت ئاخۇنغا توختى ئاخۇن بىلەن ناتونۇش تۆت جانباز ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي دەپ بېرىپ، لى جۇڭنى ئىزدەپ پايپاسلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

توختى ئاخۇن مالاۋسى ۋە توٛت جانبازدىن ئايرىلىپ، لىخۋا جەنزىگە كەلدى. توختىنى كۆرگەن ھېيت ئاخۇن شۇ زامان قوشاق توقۇدى:

يىگى دوپپا كىيىپسىز،
ئۇنى ئۆگمەيدۇ دەمسىز؟
بولۇۋاتقان ئىشلارنى،
بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

توختى ئاخۇن ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ ياغاچ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇۋېتىپ:
— سەن نېمە ئىشلارنى بىلدىڭ، ھېيتاخۇن؟— دەپ سورىدى ھەيرانلىق بىلەن.
ھېيت ئاخۇن قوشاق بىلەن جاۋاب بەردى:

چىتەي يۇگا توختى چۇەنباشى،
ۋەيدى گۇلەيلا سىگا چۇەنباشى.
سىگا چۇەنباشى دىڭ بۇلياۋ،
توختى دي يىگا يانپاشى.
(گۇچۇڭدا بار بىر توختى چامباش،
سىرتتىن ياللاپ كېلىندى توٛت چامباش.
توٛت چامباشنى يىگىۋالدى،
توختىدىكى بىر يانپاش.)

— ھوي، ھېيتاخۇن، ساڭا بۇ گەپنى كىم دىدى؟— دەپ سورىدى توختى ئاخۇن.
ھېيت ئاخۇن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا قاش - كۆزىنى

ئوينىتىپ تۇرۇپ ھېلىقى قوشاقنى يەنە تاكرارلىدى:

يېڭى دوپپا كىيىپسىز،
ئۇنى ئۆگمەيدۇ دەمسىز؟
بولۇۋاتقان ئىشلارنى،
بىزنى بىلمەيدۇ دەمسىز؟

— ھوي، ھېيتاخۇن، قوشاقتا تولىمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرماي ئېيتسىنا، ساڭا بۇ خەۋەرنى كىم يەتكۈزدى زادى؟— دېدى توختى ئاخۇن تەقەززا بولۇپ.

— كازىم يەتكۈزدى، كازىم، ئۇ سېنىڭ ئارقاڭدا سوكۇلداپ يۈرگەنىكەن،— دېدى ھېيت ئاخۇن.

— مىرتىنىڭ ئاڭلىغىنى يۇرتنىڭ ئاڭلىغىنى، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن خەقلەر،— دېدى توختى ئاخۇن مىيىقىدا كۈلۈپ.

— ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋەقە بوپتۇ بۇ توختاخۇن،— دېدى ھېيت ئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ قوشىقى خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ، ئەتراپ يۇرتلارغا تارقالدى:

چىتەي يۇگا توختى چۇنلىشى، ۋەيدى گۇلەيلا سىگا چۇەنباشى،
سىگا چۇەنباشى دىلىڭ بۇلياۋ، توختى دې يىگا يانپاشى.
......................................

## ئون بىرىنچى باب

# كېچىدىكى قاراۋۇل

ئىچكىرىدىن يۇقىرى ھەق بىلەن تەكلىپ قىلىنغان ئۇستا جانبازلار ئامبال سۇخۇناشىن بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى. بۇ ئىش ئامبالغا شۇنچىلىك ئەلەم قىلدىكى، ئۇ ئۈچ كۈنگىچە يا ئاغزىغا بىرەر تال گىياھ سالماي، يا ئۆيدىن سىرتقا چىقماي يېتىۋالدى. ئىشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. ياردەمچى ئامبال، يۇرت مۆتىۋەرلىرى، سىرتتىن كەلگەنلەر كۈندە ئۇنىڭ ئىشىكىگە نەچچە رەت كېلىپ قايتىشاتتى. ئاخىر ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، ئامبالنىڭ يېنىغا ئۇنىڭ ئوغلى سۇخۇشارانى كىرگۈزدى.

— ھېلىقى تۆت ھارامتاماق جانبازنىڭ قىلىقى ماڭا بەك ئەلەم قىلدى، — دېدى ئامبال ئوغلى سۇخۇشارانى كۆرۈپ تۆشەكتىلا يانپاشلاپ ئولتۇرۇپ. ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتتى. دە، ئوغلىغا دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— بۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى جانبازلارنىڭ ھۆرمىتى گۈچۈگدا ھەسسىلەپ ئېشىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ھېلىقى توختى دېگەن يالاڭتۆشنىڭ ئىناۋىتى جانبازلار ئىچىدىلا ئەمەس، بەلكى يۇرت خەلقى ئارىسىدا بەكمۇ يۇقىرىلاپ كەتتى. بۇنداق بولۇۋەرسە، بىرىنچىدىن، ئەل - جامائەت ھۆكۈمەت ئادەملىرىدىن ئەيمەنمەيدىغان، ئۇلارغا ھەتتا بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، جانبازلارنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى

ئاشقانسېرى ئۇلاردىن گۇمپا ـ ھۇنەر ئۆگىنىدىغانلار كۈنسېرى ئاشىدۇ ـ دە، ئۇلار تەدرىجىي سۇلالىگە، ھاكىمىيەتكە تەھدىت سالىدىغان كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىدا مۇنداق ئىشلار كۆپ كۆرۈلگەن. ھازىر سۇن جۇڭشەن دېگەن بىر كىشى چىقىپ ئىچكىرىدە تىنىماي ھەرىكەت قىلىپ يۈرگۈدەكمىش. مەنچىڭ سۇلالىسى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ھۇجۇمىدىن كېيىن كۆپ ئاجىزلاپ كەتتى. رۇسىيە تەرەپتىمۇ پەلىيەتىش ئىشلار بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەگەر بىز بۇ چەت ـ چېگراغا جايلاشقان ناھىيەدە سەگەكرەك تۇرمىساق، بىرەر توپىلاڭ يۈز بېرىپ قالسا، يىراق بېيجىڭدىكى پادىشاھىمىز بىزگە چېرىك ئەۋەتكۈچە «بىڭگىگە يەتكۈچە بىلىكىنى سۇندۇراي» بولۇپ قالۇرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن......

سۇخۇشارا ئاتىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالدى: يېشى تېخى ئەللىككە بارمىغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ساماندەك سارغايغان، روھسىز، ئۇزاق يىل كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئاتىسىغا ئىچى ئاغرىدى. ئاتىسى ئوغلى سۇخۇشارانىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرىمەن، ئىستىقبالىنى ئاچىمەن، دەپ كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى: ئۇنى شۆتاڭدا ئوقۇتتى، يې جەنجاڭغا تاپشۇرۇپ جانبازلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگەتتى. ئۇزاق ۋاقىت ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلىگەن لى جۇڭدەكلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئوغلىنى بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئوغرى ـ قاراقچىلارنى تۇتىدىغان بۆلۈمىنىڭ كوجاڭى قىلدى. لېكىن، ئوغلىنىڭ خىزمەتتە تۆھپە ـ ئەجىر كۆرسەتكۈدەك دىتى يوق، ھەتتا توختىدەك بىر يالاڭتۆش جانبازنى يەڭگۈدەك ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئەگەر توختىدەكلەرنىڭ بېشىنى ساڭگىلاتمىسا، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرمىسا، ساقچى خادىملىرىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلىمەك تەس ئىدى.

— مەندە بىر ئوي - خىيال بولۇۋاتىدۇ ئاتا، ئاڭلاپ باقامسىز؟— دېدى سوخوشارا.

— قېنى ئېيتىپ باقىن،— دېدى ئامبال سوخوناشىن ياستۇققا يۆلەنگىنىچە.

— مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە،— دەپ گەپ باشلىدى سوخوشارا،— لىخۇا جەنزېدىكى دۇكانلارغا كېچىسى ئوغرى كىرىدىغان ئىش ئاۋۇپ قالدى. بىز كېچىلىك كۆزەتچىلىكنى كۈچەيتكەن بولساقمۇ، بۇنىڭ ئۇنى كۆرۈلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر بىز توختىنى لىخۇا جەنزېدىكى دۇكانلارنى كۆزەت قىلىدىغان كېچىلىك قاراۋۇللۇققا يۇقىرى ھەق بىلەن جەلپ قىلساق، ناۋادا ئۇنىڭ كۆزەتچىلىكىگە ئۆتكەن دۇكانلاردىن قىلچىلىك بىرنەرسە يىتسە، ئۇنى دۇكاندارلار، بايلار، سودىگەرلەرلا جايلاپ، بىزگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ ھالدا بىز كۆزگە قادالغان بۇ مىخنى ئاسانلا يۇلۇپ تاشلىيالايمىز، مۇشۇ كۈندە لىخۇا جەنزېگە كېچىلىك قاراۋۇللۇققا ھەر كېچىسى يەتتە - سەككىز ساقچى ئەۋەتىۋاتىمەن، ئۆزۈممۇ تاتلىق ئۇيقۇمدىن كېچىپ ئۇلارنى ئۇخلاپ قالارمىكىن دەپ، ھەر كېچىسى تەكشۈرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

سوخوناشىن بىرھازا ئويلانغاندىن كېيىن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئوغلىغا قارىدى، سوخوشارانىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغىنىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن سەپسالغاندىن كېيىن:

— سېنىڭچە بۇ چارە ئۇنۇم بېرەرمۇ ئوغلۇم؟— دېدى.

— چوقۇم ئۇنۇم بېرىدۇ، ئاتا.

— يالغۇز توختىنىلا كېچىلىك قاراۋۇللۇققا قويامدۇق؟

— شۇنداق قىلساق بولماسمۇ؟

— توختاپ تۇر،— دېدى سوخوناشىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ،— ئەگەر ئۇنى يالغۇزلا كۆزەتچىلىككە قويساق توغرا بولماس، ئۇنىڭ ئىككى شاگىرتىغىمۇ ھەق بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

قوشۇپ قويايلى.

— ئۇستاز ـ شاگىرتلار تىلىنى بىر قىلىۋالسا......

— مانا ـ مانا، سېنىڭ كالتە پەملىكىڭ مۇشۇ يەردە ـ دە، ئوغلۇم. شاگىرتلىرىنىڭ بىرەرسىگە سەن خەيرخاھلىق قىلىپ، ئايدا ئۇنىڭ چۆنتىكىگە سېلىپ تۇرسەن، ئۇ چاغدا كىچىلىك كۆزەتچىلىكتە نېمە ئىشلار بولغىنىنى سەن ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپلا بىلىپ تۇرىدىغان بولماسمەن؟ — دېدى سۇخۇناشىن ئوغلىغا يەنە سىنچى كۆزىدە سەپسىلىپ، — ئۇيغۇرلاردا بىر تەمسىل بار: «ھىيلە بىلەن ئارسلان تۇتۇلار، كۈچ بىلەن قارانچۇقمۇ تۇتۇلماس» دەيدىغان، ھىيلە ئىشلىتىشنى بىلىشىڭ كېرەك ئوغلۇم!

ئاتا ـ بالا ئىككىسى شۇ مەسلىھەتنى پىشۇرۇشتى. ئەتىسى توختاخۇن شەنيامۇلغا چاقىرتىلدى.

سۇخۇناشىن توختى ئاخۇن كىرىپ كەلگەندە ئىككى مويسىپىت بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. توختى ئاخۇننى كۆرۈپلا ئامبال ئۇ ئىككى مويسىپىتكە ئۆزرە ئېيتىپ يولغا سېلىپ قويىدى ـ دە، توختى ئاخۇن بىلەن كۈلۈپ سالاملاشتى:

— توختاخۇن، سالامەتمۇ سەن؟ ئۆي ئىچىڭ تىنچلىقمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، ئامان ـ ئېسەنچىلىك، — دېدى توختى ئاخۇن، ئامبال كۆرسەتكەن ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— سېنىڭ يۇرت ئىچىدە ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىڭ يۇقىرى توختاخۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سېنىڭ جانبازلىق ماھارىتىڭمۇ كامالەتكە يەتكەن، سېنىڭ نامىڭنى ئاڭلىغان ئوغرى ـ قاراقچى، لۈكچەك، قىمارۋازلارلا ئەمەس، مەن ـ مەن دەپ يۈرگەن پالۋان يىگىتلەرمۇ ساڭا غايىبتىن ھۆرمەت قىلىدۇ. سېنى ياخشى بىر خىزمەتكە تەكلىپ قىلاي دەيمەن، — دېدى ئامبال توختى ئاخۇننى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ.

— نېمە خىزمەت ئىدى ئۇ، ئامبال جانابلىرى؟ — دەپ

سورىدى توختى ئاخۇن سەل ھەيران بولۇپ. چۈنكى، توختى ئاخۇن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنىپ قالىدىغانلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

— لىخۇا جەنزىدىكى دۆكانلارنىڭ كىچىلىك قاراۋۇللۇق خىزمىتى، ئىش ھەققىڭ يۇقىرى بولىدۇ، قانداق؟

توختى ئاخۇن ئويلىنىپ قالدى. ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق بىرەر گەپ - سۆزمۇ بولۇنمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆزەتچىلىك، قاراۋۇللۇق دېگەن ئىشلار ساقچى، پاششاپلارنىڭ خىزمىتى تۇرسا، قانداقسىگە بىر ئاددىي پۇقراغا تېگىپ قالىدۇ بۇ خىزمەت؟ بۇنىڭ ئىچىدە بىرەر ئويۇن بارمۇ - قانداق؟ توختى ئاخۇن شۇ گۇمانىغا ئاساسەن ئامبالدىن سورىدى:

— بۇ ئەسلىدە ساقچى - پاششاپلار قىلىدىغان خىزمەت ئىدىغۇ؟

— توغرا،— دەپ كېسىپلا ئېيتتى ئامبال توختى ئاخۇننىڭ شۇنداق سوئالنى سورايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەندەكلا،— ساقچىلارنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشلىرى بار. شۇڭا، يۇرت ئىچىدىن ساڭا ئوخشاش ئىناۋىتى يۇقىرى ئادەمنى بۇ خىزمەتكە قويۇشنى ئويلاشتۇق.

توختى ئاخۇن يەنە ئويلىنىپ قالدى. لى جۇڭنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە، «توختاخۇن، ئامبالدىن ھېزى بولۇپ يۈرەرسەن، ئۇ سېنى كۆزىگە قادالغان مىخ ئورنىدا كۆرىدۇ»، دېگەنىدى لى جۇڭ ساقچى. «مېنى كېچىلىك قاراۋۇللۇققا تەكلىپ قىلىمىز دېگىنى بىرەر قىلتاقمۇيا؟»

— سەن ئەنسىرەپ كەتمە، ئىككى شاگىرتىڭنى ھەمراھ قىلىۋال، ئۇلارغىمۇ ھەق بېرىلىدۇ،— ئامبال توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلماق بولدى.

— بولىدۇ، ئەگەر مەندەك بىر ئاددىي پۇقرا ئامبال جانابلى-

www.uyghurkitap.com

رىنىڭ نەزەرىگە مەقبۇل بولغان بولسام، — دېدى توختى ئاخۇن.

— ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭ يارايدۇ توختاخۇن. لىخۇا جەنزىدىن ساڭا بىر ئېغىزلىق ئۆي ئاجرىتىپ بېرىلىدۇ. شاگىرتلىرىڭ بىلەن شۇ يەردە تۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلىسەن. ئەتە ئاخشاملىقتىن باشلاپ ئىشقا كىرىشىپ كەتكىن.

توختى ئاخۇن ئامبال بىلەن شۇنچىلىكلا سۆزلىشىپ قايتتى. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئانىسى ھاشىخانغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— ئەگەر ئۇچ كىشىگە ئىش ھەققى بەرسىغۇ بۇ ئوبدان ئىشكەن بالام، بۇ ئىشنىڭ خېيىم - خەتىرى باردۇر ھەقچان؟ ئوغرى - قاراقچىلار بىلەن ئۆچەكىشىپ قالارسەنمۇ؟ — دېدى ھاشىخان ئەندىشىسىنى يوشۇرماي.

— خاتىرجەم بول ئانا، خۇدايىم ساقلايدۇ، ئۆزىمىز سەگەك بولساقلا ھېچ ئىش بولمايدۇ.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — ھاشىخان پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى.

«جان باقماق ئۇچۇن ساتتىم قومۇل شەھىرىدە ياغرۇ» — بۇ داڭلىق پالۋان سادىرنىڭ قوشىقى ئىدى. توختى ئاخۇن پەقەت شاگىرتلىرىنىڭ گۇمپا ئۆگىنىش ئۇچۇن تاپشۇرىدىغان ئازغىنە پەيشەنبىلىكلىرى بىلەن غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ھەرھالدا ئۇچ كىشىلىك ھەق شەنيامۇل تەرىپىدىن ھەر ئايدا بېرىلىدىغان بولدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن توختى ئاخۇن لىخۇا جەنزىدىكى دۇكانلارنى كېچىسى ئوغرى - يالغاندىن مۇھاپىزەت قىلىدىغان كېچىلىك قاراۋۇل بولۇپ قالدى.

× × ×

لىخۇا جەنزىدىكى دۇكانلار بىر - بىرىگە يانداش زىچ

سىلىنغانىدى. شەھەر مەركىزىدە بىر غېرىچ يەر، بىر تاپان بوشلۇقمۇ بىكار قالمايتتى. توختى ئاخۇن شاگىرتلىرىدىن مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىمنى ئۆزىگە يانداشتۇرۇۋالدى. بەزىدە توختى ئاخۇن ئۆگزىدىن - ئۆگزىگە خۇددى مۈشۈكتەك يەڭگىل ئاتلاپ ئۆتۈپ كۆزەتچىلىك قىلاتتى. گاھىدا مەتنىياز دۇكانلارنىڭ سىرتقى تام تەرىپىنى ئايلانسا، ئابدۇكېرىم مەيدان ئەتراپىنى كۆزىتەتتى؛ گاھىدا ئىبدۇكېرىم سىرتقى تام تەرەپنى چارلىسا، مەتنىياز ئىچ تەرەپنى ھەم گاھىدا ئۆگزىنى چارلايتتى.

توختى ئاخۇن شاگىرتلىرىغا مۈشۈكتەك يەڭگىل، چەبدەس، سالماق قەدەم بېسىشنى، ھەرىكەتتە يىلپىزدەك چاققان، تېز بولۇشنى، سىغىزخاندەك سەگەك بولۇشنى، كۆز، قۇلاق، كۆڭۈلنى سەزگۈر تۇتۇشنى تاپىلايتتى؛ ئاتقان تاش، ئۇچار تىغلارنى دەل جايىغا تەگكۈزۈشنى جېكىلەپ ئۆزىمۇ نەمۇنە كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ كېچىلىك كۆزەتتە، يانچۇقىغا ھەرقاچان ئىككى خام تۇخۇم سېلىپ يۈرەتتى. بۇنىڭدا يىرىنچىدىن، ئاشۇ تۇخۇمنى چېقىپ قويماسلىققا دىققەتتە يۈرسە؛ ئىككىنچىدىن، ئوغرىنىڭ قارىسى دۇكانلار ئەتراپىدا كۆرۈنسىلا، تۇخۇم بىلەن ئۇلارنىڭ كۆزى ياكى پېشانىسىنى چەنلەپ ئېتىپ، ئۇلارنى كۆرمەس قىلىپ قويۇپ ياكى پېشانىسىدىكى قان تومۇر توچكىسىغا دەل تەگكۈزۈپ، بىھوش قىلىپ يىقىتىپ، مىدىرلىيالماس قىلىپ قويۇپ تۇتۇۋالاتتى. مانا شۇ تەرزدە ئىككى - ئۈچ ئايىنىڭ ئىچىدىلا ئۇششاق ئوغرىلاردىن يەتتە - سەككىزنى تۇتۇپ شەنيامۇلغا تاپشۇردى. لىختۇا جەنزىدىكى دۇكان غوجايىنلىرى توختى ئاخۇننىڭ خىزمىتىدىن مەمنۇن بولۇشتى. بۇ، ئامبال سۇخۇناشىن بىلەن ئوغلى سۇخۇشارا بەكمۇ پەرىشان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئامبال توختىنى جايلاش تۈگۈل، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنىڭ يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپ قالغانىدى.

— بۇ ئىشىمىز ئەكسىچە نەتىجە بەردى ئوغلۇم، — دېدى ئامبال بىر كۈنى ئوغلى سۇخۇشارانى يېنىغا چاقىرىپ، — باشقىچە بىر ئامال - چارە قوللىنالىمىغىمىز بۇ توختى دېگەن يالاڭتۆشكە؟

— نەدە يىقىلساڭ شۇ يەردە قوپ دەپتىكەن، ئاتا، ئەڭ يامان ئوغرىدىن بىرنى تېپىپ، لىخۇاجەنزىدىكى دۇكانلارغا مەقسەتلىك ئوغرىلىقا سالمايلىمۇ؟ — دېدى سۇخۇشارا.

— ئۇنداق ئادەمنى نەدىن تاپىمىز؟

— ئۆزىمىزدىلا بارغۇ، ئۇنداق ئادەم.

— كىم ئۇ؟ قەيەردە؟

— ئۇنتۇپ قاپسىزدە ئاتا، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى شاھابىددىن دېگەن زەرگەرنىڭ لىخۇاجەنزىدىكى دۇكىنىغا ئوغرىلىقا چۈشۈپ تۇتۇلغان «ئۇچقۇر ئوغرى» بارات ھازىرمۇ گۇندىخانىمىزغا قاماقلىق ئەمەسمۇ؟

— ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرەلەرسەنمۇ؟

— ئوغرى دېگەن ئوغرىلاشقا بىرنېمە تاپالمىسا، ئۆزىنىڭ بۆكىنى يوشۇرۇپ قويۇپ شۇنى ئوغرىلاپ بولسىمۇ خۇمارىدىن چىقىدۇ، دەيدۇ. ئۇ دەيۈز مۇشۇ تاپتا زېرىكىپ ئىت بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز دېگەن شەرتنى ئورۇنلىساڭ، سېنى قاماقتىن ئازاد قىلىمىز، دېسەك «جان» دەيدۇ، — دېدى سۇخۇشارا.

سۇخۇشاشىن سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ناۋادا ئۇ قاماقتىن بوشىنىۋېلىپلا قېچىپ كەتسىچۇ؟ ياكى تۇتۇلۇپ قېلىپ، توختىنىڭ قىستىقىغا چىدىيالماي، ئىشنىڭ راستىنى ئېيتىپ قويسىچۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭ كارى چاغلىق ئاتا، ئۇنىڭ موردا ئۇلتۇرۇشلۇق يالغۇز ئانىسى بار، شۇنى ئەكەلدۈرۈپ تۇتۇپ تۇرىمەن. بۇنى كۆرگەن بارات ھېچ ياققا قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ئەگەر قېچىپ كېتەر بولساڭ ئاناڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپ پوپوزا قىلىپ قويىمەن.

ئانــدىن كېــيىن تېۋىپنىــڭ ئــۈچ كــۈنگىچە ســۆزلىيەلمەس قىلىــپ قويىدىغان دورىسىنى باراتقا ئىچۈرۈپ، كېچىدە لىخۋاجەنزىگە يولغا سالىمەن. ئۈنىڭدىن باشقا، توختىغا: بۈنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىققا كىرگەن ھەرقانداق ئوغرىنى شۇ جايدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىسەن، شۇ ئۇسۇل بىلەن ئوغرىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋېتىمىز، قالغان ئىشقا مەن ئىگە، دەيمەن. بۇنىڭ بىلەن «ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە» دېگەندەك ئىش بولمامدۇ، قانداق ئاتا؟ — سۇخۇشارا ھەييارلىق بىلەن ئاتىسىغا قارىدى.

— يارايسەن ئوغلۇم، ھىيلە دېگەن مانا مۇشۇ، ئەمدى ئەقلىڭ توشقىلىۋېتىپتۇ! — ئامبال ئوغلىنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ قويدى، — لېكىن، — دېدى ئامبال، — ئىشلىك قەتئىي مەخپىي بولسۇن، ئىنتايىن ئېھتىياتچان بول، يۇرت دېگەندە «يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان» ئادەملەر بار!

سۇخۇشارا ئاتىسىنىڭ يېنىدىن خۇشال يېنىپ چىقتى. ئۇ مورىغا «ئۇچقۇر ئوغرى» باراتنىڭ ئانىسىنى ئېلىپ كېلىشكە لى جۇڭغا ھەمراھ قىلىپ بىر ئۇيغۇر ساقچىنى كېچىدە ئۇچ ئات بىلەن يولغا سالدى. ئۆزى گۇندىخانىغا — باراتنىڭ يېنىغا تونۇر كاۋپى، سامسا قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇزاقتىن بېرى مۇنداق ئىلتىپات كۆرمىگەن بارات سۇخۇشارانىڭ شەرتىگە ئىتتىكلا ماقۇل كەلدى.

× × ×

ئەتىسى كەچقۇرۇن سۇخۇشارا رەستىلەرنى تەكشۈرگەن بولۇپ توختى ئاخۇننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى شاگىرتلىرى بىلەن قوشۇپ ماختىدى.

— توختى بۇرادەر، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردىن ساقچى

ئىدارىسىمۇ، ئاتامۇ، سودىگەر ـ بايلارمۇ، ئەل ـ خالايىقمۇ رازى، بىراق مۇشۇ ئوغرى ـ قاراقچى دېگەن هارامتاماقلار خۇددى جۇسەيگە ئوخشاش نېمىكەن، ئورۇۋەتسەڭ ھەپتە ـ ئون كۈندىلا ئۆسۈپ چىققاندەك، ئوغرىلارنى تۇتۇپ جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەمدى ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلمىساق بولمىغۇدەك. ئۇلارنىڭ يۇرتىنى شۇنداق مۇجۇۋېتەيلىكى، ئوغرىنى بايقىغان هامان ئۇنى شۇ جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىڭلار، ـــ خۇددى جۇسەيىنى يىلتىزىدىن چېپىپ تاشلىغاندەك، تاغدەك يوغان ئىش يۈز بەرسىمۇ ئۇنىڭغا مانا مەن سۇخۇشارا كوچاڭ ئىگە! ـــ سۇخۇشارا مەيدىسىگە ئۇرۇپ قويدى. توختى ئاخۇنمۇ سۇخۇشارانىڭ گېپىگە يارىشا بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. سۇخۇشارا يەنە بىردەم كالدىرلاپ، ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ، قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇپ كۆزدىن يىتتى.

توختى ئاخۇن، مەتنىياز، ئابدۇكېرىملەر دۇكانلارنىڭ ئالدى ـ ئارقا، ئۆگزىلەرنى چارلاپ چىقىپ، بىر دالدىغا كىرىپ ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئولتۇرۇشتى.

ـــ ئەگەر ئەمدى ئوغرىنى بايقىساق، سۇخۇشارانىڭ دېگىنى بويىچە جايىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەمدۇق ئۇستاز؟ ـــ دەپ سورىدى ئابدۇكېرىم.

ـــ ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، ـــ توختى ئاخۇن كېسىپلا ئېيتتى.

ـــ نېمە ئۈچۈن؟

ـــ ئاڭلاپ تۇر ئابدۇكېرىم، بىز مۇسۇلمان، بىھۇدە قان تۆكۈپ جانغا زامىن بولىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىنى زاڭ مېلى بىلەن تۇتۇپ، ھۆكۈمەت ئورنىغا تاپشۇرۇشلا مەجبۇرىيىتىمىز بار، ھەرگىزمۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرىدىغان ھوقۇقىمىز يوق. گۇناھكارغا جازا ئۆلچەش، ھۆكۈم چىقىرىش، جازا ئىجرا قىلىش دېگەنلەرنى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى، مەھكىمەئى

شـەرئى[1] قىلىـدىغان ئىـش. ئېـسىڭدە بـاردۇر بەلكىـم، قايـسى يىلىدىكى نورۇز كۈنى بىز ھەمدۇللاغا «چالما ـ كېسەك قىلىش» جازاسىنى بېرىپ، ئۇيۇن كۆرسىتىۋىدۇق، ساقچى ئىدارىـسىدىكىلەر ئۇنى راستقا چىقىرىـشىپ، «تـوختى ئـۆز ئالـدىغا ئـادەم جـازالاپ، گۇناھ ئۆتكۈزگەن شاگىرتىنى ئۆلتۈرمەك بوپتـۇ» دېيىـشىپ، نـورۇز پائـالىيىتى قىلىۋاتقـان سـورۇنغا سـەككىز ـ ئـونچە سـاقچى كەلمىدىمۇ؟ ئىشنىڭ ئۇيۇن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئانـدىن كۈس بولۇپ قايتىشمىدىمۇ؟ ئەمما، «توختى بىزنى ئەخمەق قىپتۇ، كولدۇرلىتىپتۇ» دەپ رەنجىشىپ، ھازىرغىچە كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرمەمـدۇ، ئەگەر ئـۆز ئالـدىمىزغا بىـرەر ئـوغرىنى ئۆلتـۈرۈپ قويساقزە......

— ئەمدى چۈشەندىم ئۇستاز، — دېدى ئابدۇكېرىم خىجىل بولغان تەلەپپۇزدا.

— بىلىڭلاركى، — دېدى تـوختى ئـاخۇن شـاگىرتلىرىغا، — ھەرقانـداق ئىـشنى سـالماقلىق بىـلەن ئويلىـشىپ قىلىـش كېـرەك، ئېـسىڭلاردا بولـسۇن، كۆرۈنـۈپ تۇرغـان ھەقىقەتنىـڭ كەيـنىگە يوشۇرۇنغان ھەققانىيەتنى پەم قىلىش كېرەك.

— بولـدۇ، ئۇسـتاز، بـۇ تەلىملىرىنـى ئېـسىمىزدە چىـڭ ساقلايمىز، — دېيىشتى مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىم تەڭلا.

— سىلەرگە ئەمـدى بىـر چـۆچەك ئېيتـىپ بېـرەي، قـۇلاق سېلىڭلار، — دېدى تـوختى ئـاخۇن ئەتراپتىكـى شـەپىلەرگە قـۇلاق سالغاچ:

ئۆتكەن زاماندا بىر باي بولغانىكەن، بىر يىلى ئۇنىڭ ئاشلىق

[1] مەھكىمەئى شەرئى — دىنىي سوت ئورنى، بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرى ئۇيغۇر خەلقى ياشىغان جايلاردا دەۋا ـ دەستۇرنى مەھكىمەئى شەرئى بىر تەرەپ قىلىدىغان، ھۆكۈمنى قازى چىقىرىدىغان ئىش بار ئىدى — ئا.

ئامبىرىدا چاشقان ھەددىدىن زىيادە ئاۋۇپ كېتىپتۇ. باي بىراق بىر مەھەللىدىن مۈشۈك تېپىپ كېلىپ، ئاشلىق ئامبىرىغا قويۇپتۇ. ھېلىقى مۈشۈك تولىمۇ ساداقەتمەنلىك بىلەن چاشقان تۇتۇپ، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە، باينىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىكى چاشقانلارنى تۇتۇپ تۈگىتىپتۇ. باي مالايلىرىغا بۇيرۇپ: «ئەمدى ھېلىقى مۈشۈكنى يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار، ئۇنىڭ بۇ يەردە ئىشى قالمىدى، ئۇنىڭغا بىكاردىن - بىكارغا بېرىدىغان ئاش - نان يوق!» دەپتۇ. مالايلار باينىڭ دېگىنى بويىچە، مۈشۈكنى يىراق يەرگە ئاپىرىپ كۆزدىن يوقىتىپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. باينىڭ ئاشلىق ئامبىرىدا چاشقان يەنە ئاۋۇپ كېتىپتۇ. باي ئىزدەپ يۈرۈپ يىردانە ئاسلىنى بار مۈشۈك تېپىپ، ئامبارغا قويۇپتۇ. شوخ ئاسلان كۆرگەنلا چاشقاننى تۇتۇپتۇ. بىر كۈنى مۈشۈك بالىسىغا:

— بالام ئاسلانجان، كۆرگەنلا چاشقاننى تۇتۇۋەرمىگىن، ئۇنىدىن بىرىنى تۇتۇپ، قالغىنىنى ھەيۋە - پوپوزاڭ بىلەن قاچۇرۇۋەتسەڭلا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ھەممە چاشقاننى تەلتۆكۈس تۈگىتىۋەتسەك، باي بىزنى قوغلىۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا ئانا - بالا ئىككىمىز ئىسسىق ئورنىمىزدىن، تەييار ئاش - ناندىن قۇرۇق قالىمىز، — دەپتۇ. بۇ مۈشۈك باينىڭ ئىلگىرىكى مۈشۈكنى چاشقان تۈگىگەندە قولىۋەتكىنىنى ئىشىتكەنىكەن. ئاسلان ئانا مۈشۈكنىڭ نەسىھەتىنى قۇلىقىدا تۇتۇپتۇ. ئانا - بالا ئىككىيلەن باينىڭ ئاشلىق ئامبىرىدا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قاپتۇ......

— بۇ چۆچەكتىن بىرنېمىنى پەم قىلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى توختى ئاخۇن چۆچەكنى ئېيتىپ بولۇپ.

— پەم قىلدۇق ئۇستاز، — دېدى مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىم.

— نېمىنى پەم قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى توختى ئاخۇن

شاگىرتلىرىدىن.

— ئەگەر، دېدى مەتنىياز ئاۋۋال سۆز باشلاپ، — بىز خىزمىتىنى قىلىۋاتقان خوجايىن ياخشى نىيەتتە توغرا ئىش تاپىلىسا، ئۇنىڭغا ساداقەتمەن بولۇپ، خىزمەتنى بەجانىدىل ئىشلەش كېرەك. ناۋادا خوجايىن يامان نىيەتتە غەرەزلىك ئىش تاپشۇرسا، ئۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپراق قىلىش كېرەك ئىكەن، شۇنداقمۇ ئۇستاز؟

— توغرا ئويلاپسەن، مانا بۇ پەم - پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش دېمەكتۇر. ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشىڭنى پەم ئىشلەتمەي قىلىۋەرسەڭ، «ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق» دېگەندەك، ئۆزۈڭگە پايدىسىز نەتىجە پەيدا قىلىۋالىسەن، شۇڭا بەزى گەپدان ئادەملەر ئويلىمايلا ئىش قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ قىلىقىنى مەسخىرە قىلىشىپ «ئۆتۈكى بارنىڭ چەمى يوق، ئەقلى بارنىڭ پەمى يوق» دەپ قويىدىكەن. ئەقىلگە پەم قوشۇلغاندىلا ئىشىڭلاردىن سەۋەنلىك كۆرۈلمەيدۇ، بۇنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، — دېدى توختى ئاخۇن.

مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىم ئۇستازىنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭۈللىرى يورۇپ قالدى. ئۇلار يەنە دۇكانلارنىڭ ئالدى - كەينىنى چارلاشقا باشلىدى.

يېڭى تۇغۇلغان ئاينىڭ كۆكلۈچ ئىسسىق ئوخشاش نۇرلىرى ھەممىلا يەرگە — يىراقتىكى تاغلارغا، تاغ قاپتاللىرىغا، ئورمانلارغا، كەڭ دالاغا، شەھەردىكى ئىمارەتلەرگە، ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشاش سوزۇلۇپ تۇرغان دەرەخ شاخلىرىغا چۈشمەكتە. قارا چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرى، چاشقانلارنىڭ كىسىرلاشلىرىمۇ بۇ تىمتاس كېچىدە قۇلاققا ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۈچ كۆزەتچى لىنخۇاجەنزە كوچىلىرىدىكى دۇكانلارنىڭ ئەتراپىدا ھەربىر شەپە، ھەربىر كۆلەڭگە - سايىلەرگە سەزگۈرلۈك بىلەن زەن

سىلىپ ، ئايلانماقتا.

× × ×

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن ئاخشىمى، كېچە ئۆزىنىڭ قاپقارا قاناتلىرىنى كەڭ زېمىنغا يېيىشقا باشلىدى. يىراقتىكى تاغلار، كەنتلەر، ئورمانلىق ۋە ئېدىرلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇددى قارا رومال ئارتىۋالغاندەك تۇتۇق كۆرۈنەتتى. خۇپتەندىن كېيىنلا كوچىدا ئادەم قالمىغانىدى.

تۈن قاراڭغۇسى بارغانسېرى قويۇقلاشماقتا، ئاي كۆتۈرۈلۈشكە تېخى بالدۇر ئىدى. يۇلتۇزلار ئېگىز ئاسماندا گاھىلىرى يېقىن، گاھىلىرى يىراقتا نۇر چاچماقتا، ئاسماننىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەپ بولغىلى بولمايتتى. كېچىسى ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرىدە ئۇلۇغ مۆجىزىلەر بارلىققا كېلىدىغاندەك ئىدى. دامىياۋ، نىياڭ نىياڭ مىياۋ ۋە سەنشىمىياۋ[1] بۇتخانىلىرىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى ۋە دۇرۇت ئوقۇغاندا ئۇرۇلىدىغان تاك - تاك ئاۋازلىرىمۇ چىمىققان. ئەتراپتا پەقەت چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازلىرى ھەم شەپەرەڭلەرنىڭ غۇيۇلداپ ئۇچقان شەپىسىلا ئاڭلانماقتا.

پۈتۈن ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى، مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىم ئۇچىنچى قېتىم چارلاشتىن كېيىن دائىم مۆكۈپ ئولتۇرىدىغان دالدىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. توختى ئاخۇنمۇ ئۆگزىلەرنى چارلاپ بولۇپ شاگىرتلىرى ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تەسۋىسىنى تۆش يانچۇقىدىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئوقۇغان دۇرۇت سانىغا ماسلاشتۇرۇپ سىيرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدا دۇرۇت ئوقۇلۇۋاتقان بىلەن قۇلىقى، كۆزى

[1] بۇ گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ مەركىزى بولغان لىنخۇا جەنزە ئەتراپىدىكى بۇتخانىلار — ئا.

ئەتراپقا تىكلىگەنىدى. مەتنىياز يىلەن ئابدۇكېرىم قوللىرىنى ئەستەرلىك چاپىنىنىڭ يېڭىگە، بوينىنى ياقىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشتى. سەل ئۆتكەندە ئۇلار خۇددى ئانا شىرنىڭ بىقىنىدا بەخىرامان تۈگۈلۈپ ياتقان ئاسلانلاردەك، يەڭگىل پۇشۇلداشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا، باشتىكى دۇكاننىڭ ئۈستىدە بىر قارا نەرسە پەيدا بولدى. توختاخۇن تەسۋىسىنى تۆش يانچۇقىغا سېلىپ، يان يانچۇقىدىن ئىككى دانە تۇخۇمنى قولىغا ئېلىپ تەخلىنىپ ئولتۇردى. ھېلىقى قارا نەرسە ھېلى مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرسا، ھېلى ئوغلاقتەك تۆت ئاياغلىنىپ ماڭاتتى، ھېلى مايمۇن ئوينىتىدىغانلارنىڭ كۆندۈرۈلگەن مايمۇنىدەك زوڭزىيىپ ئولتۇرسا، ھېلى ئۆگزىگە چاپلىشىپ يېتىۋالاتتى. ئۇ شۇ پەدىدە ئىمىسقىلاپ يۈرۈپ، تۆتىنچى دۇكانغا بېرىپ يەتتى. بۇ شاھابىددىن دېگەن باي زەرگەرنىڭ ئالتۇن بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان دۇكىنى بولۇپ، ئۇ ئالتايىنىڭلا ئالتۇنىدا زىرە - ھالقا، ئۈزۈك - بىلەزۈك ياسايدىغانلىقى بىلەن داڭلىق ئىدى.

توختى ئاخۇن كۆزىنى قارا نەرسىدىن ئۈزمەي ئولتۇردى. ھېلىقى قارا نەرسە دۇكاننىڭ ئۈستىدە مايمۇندەك زوڭ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم زەن سېلىپ، ھېچبىر شەپە - تىۋىش يوقلۇقىنى پەملىگەندىن كېيىن، ئادەم بويى ئۆرلىتىپ چىقىرىلغان تۇرخۇنغا ئارغامچىدەك بىرنېمىنى باغلاپ، پەسكە سىيرىلىپ چۈشتى- دە، بىرنەچچە دەقىقە جىمجىت تۇرۇپ ئەتراپقا قارىۋەتكەندىن كېيىن، قويىنىدىن ئىككى غېرىچچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىرنەرسىنى ئېلىپ، تامنى تېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تامنى تېشىشى ئالاھىدە ئىدى: ئۇ يېنىدىكى قاپاقتىن سۇنى ئالىقىنىغا تۆكۈپ، ئاندىن ئۇنى تامغا سېپىپ سۇۋاقنى نەمدەپ، قولىدىكى ئەسۋاب بىلەن كولاشقا باشلىدى. بۇنىڭدا، پەقەت لاينىڭ «شىر - شىر» قىلىپ پەس ئاۋازدا يەرگە چۈشكىنىدىن باشقا

قاتتىقراق تىنۋىش ئاڭلانمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ھېلىقى قارا نەرسە تامنى دەم كولاپ، دەم توختاپ ئەتراپقا قولاق شىڭشايتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى تۇمۇر تۇمشۇقىنىڭ دەرەخ غولىنى تەشكەن چاغدىكى ھالىتىگە ئوخشاپ قالاتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھېلىقى قارا نەرسە ئۆزى تەشكەن تۆشۈكتىن دۈكان ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. توختى ئاخۇن شۇ چاغدىلا بىرىنىدا تۈگۈلگەن پېتى پۇشۇلداۋاتقان مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىمنى ئاستا نوقۇپ ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئىنتايىن پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. ئىككى شاگىرت خۇددى ئۇۋنى بايقىغان تايغانىدەك، ئورنىدىن يۇلقۇنۇپ قوپماقچى بولۇۋىدى، توختى ئاخۇن كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئۇ ئىككىسىنى جايىغا بېسىپلا جىملىدى ۋە ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يەنە بوش ئاۋازدا پىچىرلاپ، قەتئىي مىدىرلىماسلىقنى، ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەتلىنىشنى تاپىلىدى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى قارا نەرسە بايىقى تۆشۈكتىن سىرتقا چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بىر تۈگۈنچەك بار ئىدى. ئۇ ئەتراپقا قارىۋېتىپ، تۇرخۇنغا چىگىلگەن ئاغامچىغا ئېسىلىپ خۇددى مولۇندەك چەبدەسلىك بىلەن ئۆگزىگە چىقتى-دە، زوكزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەتراپقا يەنە قارىدى. شۇ دەقىقىنى كۈتكەن توختى ئاخۇن قارا نەرسىنىڭ ئۆزى تەرەپكە شۇنداقلا ئۇدۇل بولۇشىغا، قولىدىكى تۇخۇمنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتى. «ۋايجان!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭلا ھېلىقى قارا نەرسە بايام ئۆزى تام تەشكەندە چۈشۈرگەن توپىنىڭ ئۈستىگە «گۇپ» قىلىپلا يىقىلدى. توختى ئاخۇن ۋە ئىككى شاگىرت بەئەينى كىرىپچىن ئايرىلغان ئوقيادەك تېزلىكتە بېرىپ ئۇنى توشقاننى باسقان بۈركۈتتەك قامالالاپ تۇتتى. توختى ئاخۇن بىلەن مەتنىياز ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ قاراۋۇللۇقتا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئابدۇكېرىم سىرتنى كۆزىتىشكە قالدى.

www.uyghurkitap.com

مەتنىياز ئۆيىدىكى شامنى ياقتى، توختى ئاخۇن ئوغرىنى تونۇدى. گەرچە ئوغرىنىڭ چاچلىرى ئۆسۈك، رەڭگى سارغايغان، ئەتئۆزى جۇدەڭگۈ بولسىمۇ، ئۇنىڭ مۇشۇڭنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن توختى ئاخۇن ئۇنى تونۇغانىدى. ئۇ قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، تۇرپان، توقسۇن، پىچان، مورى، ئۈرۈمچى، سانجى، گۇچۇڭ، جىمىسار، ئالتاي، چۆچەك تەرەپلەردە داڭقى بار، سىبىق نامى پۇركەتكەن «ئۇچقۇر ئوغرى» بارات ئىدى.

بارات ناھايىتى چېۋەر ئوغرى بولۇپ، ئاساسلىقى ئالتاي - چۆچەك ھەتتا بەيتىڭ تاغلىرى [1] ئەتراپلىرىدىن ئات ئوغرىلاپ، قەدىمكى «ئات يولى» [2] بىلەن ھەم تاغ ئارىسىدىكى جىم يوللار بىلەن توقسۇننىڭ كۆرجاي دېگەن يېرىدىكى بىر تەبىئىي سولۇنما جىلغىغا ھەيدەپ ئاپىرىپ، شۇ جىلغا ئىچىگە قاماپ قوياتتى. بۇ جىلغىنىڭ كىرىش ئاغزىدىن باشقا جايدىن ياكى چىققىلى، ياكى چۇشكىلى بولمايتتى. كىرىش ئاغزى شاخ - شۇمبا بىلەن ئېتىپ قويۇلسىلا، ئاتلار شۇ جىلغا ئىچىدىكى قومۇش بۇلاقتىن سۇ ئىچىپ، ئوتلاپ يۈرەتتى. جىلغا ئىچىدىن ئاتلارغا ئايلاپ يېگۈدەك ئوت - چۆپ تېپىلاتتى (ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جىلغىنى توقسۇن ناھىيەسى سۇ ئامبىرى قىلىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ — ئا). بارات شېرىكلىرى بىلەن ئاتلارنى مۇشۇ جىلغا ئىچىدىن سالملاپ تۇتۇپ، توقسۇن، تۇرپانلارغا ئاپىرىپ سېتىۋېتەتتى- دە، قارا شەھەر، يۇلتۇز يايلاقلىرىغا بېرىپ پاراكەندە قىلىپ، ئۇ يەردىن خوشۇت

---

[1] موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭ چېگراسىدىكى تاغ — ئا.

[2] «ئات يولى» — تۇرپان قارا قوچۇ بىلەن گۇچۇڭ - جىمىسار ئارىلىقىدىكى قەدىمكى يول. بۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئاساسلىق بىر يول بولۇپ، ئات - ئۇلاغ بىلەنلا ماڭغىلى بولىدىغان يول ئىدى — ئا.

موگغۇللىرىنىڭ ئاتلىرىنى ئوغرىلاپ كېلىپ يەنە شۇ سولۇنىما جىلغىغا قاماپ، خالىغان ۋاقىتتا تۇتۇپ ساتاتتى......

بارات شېرىكلىرى بىلەن ھېلى پىچاندا، لوكچوندە كۆرۈنسە، ھېلى ئالتاي ـ چۆچەكتە، ھېلى گۇچۇڭ ـ جىمساردا، ھېلى قارا شەھەر، يۇلتۇز تەرەپلەردە يۈرەتتى. ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ، يالغۇز ئانىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولۇپ، يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكۈچىلا «ئۇچقۇر ئوغرى» دەپ داڭقى چىقىپ كەتكەن. بىچارە ئانا مىڭ قېتىملاپ يىغلاپ ـ قاقشاپ نەسىھەت قىلىپ باقتى، كېچە ـ كېچىلەردە جاينامازدىن چۈشمەي ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە ـ زار بىلەن ئىلتىجا قىلىپ باقتى. لېكىن، ئوغلىنى يامان يولدىن ياندۇرالمىدى. نىھايەت، بارات ئانىسىنى تاشلىۋەتمىدى، ئوغرىلاپ تاپقان پۇل ـ پۇچەكلىرىنى ھەر قېتىم كەلگەندە بىر ـ ئىككى يىلغا يەتكۈدەك تاشلاپ قويۇپ، يەنە تاغۇتاشلار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى. دەسلەپ بىچارە ئانا ئوغلى ئەكېلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى زادىلا تۇتمىدى. ئۆز كۈچىگە تايىنىپ خەقلەرنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ يۈرۈپ جان باقتى. بارا ـ بارا كېسەلچان بولۇپ، كۈچ ـ ماغدۇرى ئاجىزلىغاندىن كېيىن، چارىسىزلىقتىن بارات ئەكېلىپ بەرگەن نەرسىلەر بىلەن جېنىنى بېقىشقا مەجبۇر بولدى...... ئانىسىغا بىرقانچە يىللىق يەتكۈدەك خىراجەت قالدۇرۇپ، ئوررۇس يەرلىرىگە چىقىپ كەلمەكنى كۆڭلىگە پۈككەن بارات، بىر كېچىسى مانا مۇشۇ شاھابىددىن دېگەن باي زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا ئوغرىلىققا كىرگەندە تۇتۇلۇپ قېلىپ، شەنيامۇلنىڭ گۇندىخانىسىغا قامالغانىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭلار، باقىدىغان قېرى ئانام بار، قويۇۋەتمىسەڭلار شەنيامۇلنىڭ ساقچىلىرى مېنى يەنە سولاپ قويىدۇ. ئانام ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ! ۋايجان! ۋاي كۆزۈم! — دەپ دادلاشقا باشلىدى بارات بىر قولى بىلەن قان ئېقىپ تۇرغان

سول كۆزىنى چىلك تۇتقان پېتى.

توختى ئاخۇن ئاتقان تۇخۇمدا ئۇنىڭ سول كۆزى قۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

— سېنى تۇغۇپ ئاق سۈت بېرىپ بېقىپ چوڭ قىلغان ئاناڭنى ئوغرىلىق قىلىپ باقامسەن؟! ھەي ھارامتاماق ئوغرى! — مەتنىياز باراتنىڭ سۆڭگىچىگە راسا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى.

— ۋايجان! ئۇرماڭلار ئاكىلار! ئەمدى توۋا قىلاي، ھالال ئەمگىكىم بىلەن ئانامنى باقاي، مېنى قويۇۋېتىڭلار!

شۇ ئەسنادا تاپانچىسىنى قولىدا تۇتقان سۇخۇشارا ئىككى نەپەر ساقچى بىلەن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى. باراتنىڭ ۋايجانلاپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سۇخۇشارانىڭ چىرايى شۇ ھامان ئۆڭدى. ئۇ باراتنىڭ قانداقسىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي تۇراتتى. قۇۋ ئوغرى بارات ئالدىنقى ئاخشىمى، سۇخۇشارا ئۆزىگە تېۋىپىنىڭ سۆزلىيەلمەس قىلىپ قويىدىغان دورىسىنى ئىچۈرۈپ بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، دەرھاللا بارماقلىرىنى كېكىردىكىگىچە تىقىپ ياندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئۇ نەدىنمۇ بىلسۇن؟

سۇخۇشارا ئىشنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توختى ئاخۇنغا قاراپ:

— يارايسەن توختى، ئوغرىدىن يەنە بىرنى قولغا چۈشۈرۈپسەن، سېنى بۇ نۆۋەت ئاتامغا دەپ تارتۇقلىتىمەن! — دېدى-يۇ، لېكىن كۆڭلىدە باراتنىڭ توختىغا ئىشنىڭ راستىنى ئېيتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرى ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتاتتى. سۇخۇشارا بىلەن توختى ئاخۇن گەپلىشىپ تۇرغان شۇ دەقىقىدە، سۇخۇشارانى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچقان بارات بىرلا يۇلقۇنۇپ ئۆزىنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئاتتى. سۇخۇشارا بەتلەكلىك تاپانچىسىدىن «پاك!» قىلىپ ئوق ئۈزۈپ، باراتنى

بوسۇغىدىلا جىمىقتۇرۇپ قويدى. باراتنىڭ ساق قالغان كۆزى ئوچۇق پېتى تۇراتتى. «مۆكنىڭ ئىشنى خۇدا ئوڭشار» دېگەندەك، بىر پاي ئوق سۇخۇشارنىڭ هيلىسىنى مەڭگۈگە يېپىپ قالدى. لېكىن، توختى ئاخۇنىڭ كۆڭلىدە، ئۇراقتىن يوقاپ كەتكەن باراتنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغىنى، توختى ئاخۇنىڭ ئۇ ئوغرىنى ئەمدىلا تۇتۇۋېلىشىغا، سۇخۇشارنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغىنى سىرلىق تۈگۈن پېتى قالدى. مۇنداقمۇ ئۇدۇل كەلگەن بارمۇ؟ بۇ جاهاننىڭ سىرلىق مۆجىزىلىرى ئەجەب جىققىنا؟...... توختى ئاخۇن سۇخۇشارنىڭ ئىككى هەمراهىغا باراتنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرتۈپ، قاراڭغۇلۇققا شۈڭگۈپ يوقالغىنىغا خېلىغىچە قاراپ، چوڭقۇر خىيالغا پاتقىنىچە تۇرۇپ قالدى......

# ئون ئىككىنچى باب

## توختى ئاخۇننى ئىزدەپ كەلگەنلەر

توختى ئاخۇننىڭ داڭقى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىغاندا، دەسلەپتە ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇپ كىرىدىغانلار كۆپەيگەنىدى. مانا ئەمدى ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئىلىشىپ باقماقچى بولغان پالۋانلار، نوچىلار، جانبازلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى گۈچۈڭ تامان كېلىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى توختى ئاخۇن ئاغىنىسى مەمەتنى ئىزدەپ تۇتۇڭغا كەلدى. مەمەت خاماندا يوغان ياغاچ گۈرجەك بىلەن چەش يىغىۋاتاتتى. ئىككى ئادەم ئارا بىلەن پايخاننى ئۆرۈمەكتە، يەنە بىرەيلەن تۇلۇقنىڭ رامكىسىنى ئوڭشاۋاتاتتى. توختى ئاخۇن خامانغا كەلدى ۋە ئۇلارغا سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خامىنىڭلار تاغ بولسۇن، قازان - چۆمۈچ ياغ بولسۇن! هارمىغايسىلەر!

مەمەت قولىدىكى ياغاچ گۈرجەكنى چەشكە يۆلەپ قويۇپ، توختى ئاخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، توختاخۇن ئاغىنە، ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ سېنى بۇياققا قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟

— كەپسەن[1] بىرەمدىكىن دەپ خامانغىلا كەلدىمغۇ ئاغىنە؟— دېدى توختى ئاخۇن ئاغىنىسىگە چاقچاق قىلىپ.

— كەپسەننى ئىمام - مەزىنلەر كېلىپ ئېلىپ كەتتى، ساڭا كەپسەن ئەمەس، بۇغدايىنىڭ باش بۇرنىنى تۇنجى چەشتىنىلا ئېلىپ قويدۇم ئاغىنە،— دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نەچچە ۋاقىتتىن كېلەي دەپ تەمشەلسەم قولۇم بوشىمىدى. بۈگۈن ئازراق بوش ۋاقتىم چىقىپ قالدى، شۇڭا ساڭا بىردەم - يېرىمدەم بولسىمۇ قارىشىپ بېرەي دەپ كەلدىم، «خامان ئالماق شەھەر ئالماق» ، دېگەن گەپ بارغۇ ئاداش؟— دېدى توختى ئاخۇن.

— شاگىرتلىرىڭنى قانداق قىلىۋاتىسەن؟

— ھىدايىتۇللا كۈندۈزى بالىلارنىڭ مەشقىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، مەن ئاز - تولا نەمۇنە كۆرسىتىپ قويىمەن.

— ھىدايىتۇللا خېلى يېتىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— خۇدا بۇيرۇسا يىل ئاخىرىدا ئۇ مەشقلەرنى تاماملايدۇ.

— قالغان شاگىرتلىرىڭچۇ؟

— مەتنىياز بىلەن ئابدۇكېرىم مەن بىلەن كىچىكلىك كۆزەتچىلىكتە، ئۇلارمۇ يېتىشىپ قالدى. ئابابەكرى يۇرتىغا قايتتى. چوڭ ئوغلۇم نىزامىدىن جانبازلىق مەشىقلىرىگە ئوبدانلا كىرىشىپ قالدى. شاھىدىن، غوسىدىن، مۇئەززىدىنلەر تېخى كىچىك، ئۇلارمۇ ئاكىسى نىزامىدىننى دوراپ، ئۇنى - بۇنى قىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ئىككى ئاغىنە شۇ تەرزدە ھال - ئەھۋال سورىشىپ تۇراتتى،

---

[1] كەپسەن— خامان ۋاقتىدا خامانغا تۇنجى بولۇپ كەلگەن ئادەمگە بېرىلىدىغان ئازراق بۇغداي. كەپسەننى ئالغۇچى خامانغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ كېتىدۇ. ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا مۇشۇنداق ئادەت بار ئىدى — ئا.

مەمەتنىڭ تۇلۇقنى ئوگشاۋاتقان ئىنىسى نىرىراقتىنلا توۋلىدى:
— ئاكا، تۇلۇقنىڭ قوزۇقىنى ھېچ تۇرغۇزالمىدىم!
مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇكىسىنىڭ يېنىغا بارماي دېۋىدى، توختى ئاخۇن:
— مانا مەن تۆمۈرچىنىڭ ئوغلى تۇرسام بۇ يەردە، سەن ئاۋارە بولمايلا قوي ئاغىنە، — دېدى- دە، خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تاش تۇلۇقنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى. تاش تۇلۇقنىڭ بىر تەرىپىدىكى تۆمۈر قوزۇق چىقىپ كەتكەنىدى. توختى ئاخۇن بەلبېغىدىكى غىلاپتىن پىچاقنى چىقىرىپ، تاش تۇلۇقنىڭ تۆمۈر قوزۇق ئورنىتىلىدىغان تۆشۈكىدىكى بوشاپ شالاقشىپ كەتكەن ياغاچ مونەكنى چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قارىياغاچ بادرىنىڭ ئۇچىنى كېسىپ - يونۇپ قاقتى - دە، ئاندىن تۆمۈر قوزۇقنى ئاشۇ ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېقىپ، تۇلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
— مانا - مانا، «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگىنى كەلدى- دە، ئىش دېگەن ھۈنەرۋەنىنىڭ قولىدا گۈلى گۈلىگە كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟! — مەمەت توختى ئاخۇننى ماختاپ قويدى.
مەمەتنىڭ ئىنىسى نېرىراقتا چۆپ يەپ تۇرغان، سىگار كۆزىگە لاتا تارتىلغان ئاتنى تۇلۇققا قوشۇش ئۈچۈن يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى، ئات تۇيۇقسىز بېشىنى يول تەرەپكە بۇراپ سوزۇپ - سوزۇپ كىشنىدى. يولدا ئالدىدا پايپاسلاپ ماڭغان كازىم، كەينىدە بىر ناتونۇش ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى. ئاتلىق ناتونۇش ئادەم ئېتىنى خامانىنىڭ يېنىدىن ئەگىپ ئۆتكەن ئېرىقنىڭ بويىدىلا توختاتتى. ئېرىق ياقىسىغا تىكىلگەن تېرەك كۆچەتلىرى كەتمەن سېپى يوغانلىقتا چوڭايغانىدى. ناتونۇش ئادەمنىڭ ئېتى كۆچەت ئارىسىدا ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى ئېغىزدۇرۇق بىلەنلا يۇلۇپ، چاپىنغىلى تۇردى. قارىغاندا، ئۇ ئات يىراق يولدىن كەلگەن چېغى.

كازىم ئاتلىق ئادەمنى ئېرىق بويىدا قالدۇرۇپلا ئۆزى پايپاسلىغىنىچە خامانغا كىرىپ توختى ئاخۇن بىلەن مەمەتكە سالام قىلدى ۋە:

— بۇ ئادەم توختى ئاخۇن جانباز بىلەن كۆچ ـ ماھارەت سىناشقىلى يىراقتىن كەلدىم، دەيدۇ. شۇڭا، باشلاپ كېلىۋىدىم، — دېدى كازىم توختى ئاخۇنغا قاراپ.

— قاغا پوقتىن چىققاندا ئاندىن دەللاللىقتىن يالتىيىسەنغۇ سەن كازىم ـ ھە؟! — دېدى نارازى بولغان مەمەت زەردە بىلەن.

— قانداق قىلاي مەمەت بۇرادەر، ماڭا باشقا ئىش نېسىپ بولمىسا...... — كازىم بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بوينىنى قىسقان ھالدا شۇنداق دېدى.

— بولدى مەمەت ئاغىنە، بۇ كازىمغا كايىما، — دېدى توختى ئاخۇن مەمەتكە قاراپ. ئاندىن: — ماڭ كازىم، ئۇ ئادەمگە بۇ خاماندا توختاخۇن يوقكەن، ئۇنىڭ شاگىرتى باركەن دەپ ئېيتقىن، — دېدى.

كازىم كۆزىنى چىمچىقلاتقىنىچە كەينىگە يېنىپ، ھېلىقى ئاتلىق ئادەمگە توختى ئاخۇننى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى. ناتونۇش ئاتلىق ئېتىدىنمۇ چۈشمىدى. ئۇ توختى ئاخۇنغا قاراپ:

— ھوي بۇرادەر، سىز توختاخۇننىڭ شاگىرتىكەنسىز، ئۇستىڭىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلەرسىز ھەقچان؟! — دېدى ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا.

سالام ـ سەھەت قىلىشنى ياكى ئاتتىن چۈشۈپ كېلىپ كۆرۈشۈشنى خالىمىغان بۇ ئەدەپسىز، كۆرەڭ، ھاكاۋۇر ئادەمنىڭ قىلىقىغا توختى ئاخۇننىڭ دەسلەپتە ئاچچىقى كېلىپ مۇشۇ خاماندىلا ئەدەپلەپ قويماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. «نېمىلا بولسۇن يۇرتىمىزغا يىراقتىن داۋان ئاتلاپ كەلگەن ئادەمكەن، «ئالتۇن ئۆز سالمىقى بىلەن يەڭدەيدۇ»

دەيدىغان گەپ بار، ئىغىرلىق قىلاي، ئۇنىڭ ئۇستىگە بويىندىن باغلانغان ئىت ئوۋغا يارىماس، دېگەن تەمسىلمۇ بار. ئالدىمغا كەلگەن ئادەمنى ئەدەپلەيمەن دېگىنىم نامەردلىكتۇر، بوپتۇلا، باشقىچە ئۇسۇل قوللانمايمۇ؟......» توختى ئاخۇن شۇلارنى ئويلاپ، «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلماقچى بولدى- دە، قولى بىلەن مەھەللە تەرەپنى كۆرسەتتى:

— توختاخۇن تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدە ئولتۇرىدۇ. مۇشۇ ئوڭ تەرەپتىكى يول بىلەن ماڭسىڭىز يېتىپ بارىسىز،— توختى ئاخۇن ئوڭ تەرەپتىكى يولنى ئىما قىلدى.

ناتونۇش ئادەم ئات ئۇستىدە ئولتۇرۇپلا ئېرىق بويىدىكى تېرەك كۆچىتىدىن بىرنى «شارتتىدە» يۇلۇپ ئېلىپ مەھەللە تەرەپكە تاڭلەپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ مەھەللىنى دەمسىز ياكى ماۋۇ تەرەپتىكى مەھەللىنىمۇ؟— دېدى.

بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىپ كۈچ كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن توختى ئاخۇن باياتىن ئۆزى ئوگسىغان تۇلۇقنى تۆمۈر قوزۇقىدىن تۇتۇپلا مەھەللە تەرەپكە قارىتىپ:

— ماۋۇ تەرەپتىكىسى چوڭ مەسچىت مەھەللىسى، ئۇ يەردە توختاخۇننىڭ ھىدايىتۇللا دېگەن شاگىرتىنىڭ ئۆيى بار، ئۇنىڭ يېنىدىكى ماۋۇ مەھەللە بىزنىڭ مەھەللە، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئاۋۇ مەھەللە توختاخۇننىڭ مەھەللىسى،— دېدى.

«شاگىرت» نىڭ يوغان تاش تۇلۇقنى خۇددى بىر تال تاياقنى چۆگۈلەتكەندەك يەڭگىل پىرقىراتقانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى ئاتلىق ئادەم لام - جىم دېمەستىن ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا ئېتىغا قامچا سالغان پېتى توپا توزۇتۇپ كېتىپ قالدى.

— ئەجەب جايلىدىڭا بۇ ئادەمنى؟— دېدى مەمەت توختى ئاخۇنغا قاراپ.

— مۇنداق ھاكاۋۇر، كۆرەڭ ئادەملەرگە شۇنداق قىلىش كۇپايە، — دېدى توختى ئاخۇن.

— بارىكاللا، توختاخۇن ئاكا، تېخى تاراقشىتقان ئادەمگە جۇۋا چۆرۈپلا كەتكۈزۈۋەتتىلىغۇ؟ — دېدى خامانغا ياردەملىشىۋاتقانلاردىن بىرى.

— ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەن شۇ، — دېدى توختى ئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ تۇلۇقنى ئەجەب سامان تىققان تېكىنى چۆگۈلەتكەندەكلا چۆگۈلەتتىغۇ بۇ ئادەم؟ — خامانغا قارىشىۋاتقان ئەرلەردىن بىرى كېلىپ تۇلۇقنى كۆتۈرمەكچى بولدى. ئۇ كۈچەپ يۈرۈپ تاش تۇلۇقنىڭ بىر بېشىنى ئاران كۆتۈردى. ئۇ ئەر ھەمراھىغا ئىما قىلىۋىدى، ھەمراھى كېلىپ تاش تۇلۇقنىڭ يەنە بىر بېشىنى يەردىن ئارانلا ئۈزۈۋالدى.

— توۋا، — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئۇ ئىككىسى، پالۋان - باتۇر دېگەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى باشقىچە بولىدىكەن - دە؟!

— خۇدايىم بەرگەن ئادەم - دە، بۇ توختى ئاخۇن! — دېدى مەمەت پەخىرلەنگەن ھالدا.

— مەشىقتىن بولىدۇ بۇ ئىشلار، — دېدى توختى ئاخۇن، — بىر تۇل موماينىڭ موزايىنى كىچىكىدىن قولتۇقىغا قىستۇرۇپ پەلەمپەيدىن دالانغا كۆتۈرۈپ ئەچىقىۋېرىپ، توپاق بولغاندىمۇ كۆتۈرۈپ چىقالىغىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

خامانغا ياردەملىشىۋاتقانلار ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشكەچ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەمەتنىڭ ئىنىسىمۇ ئاتنى تۇلۇققا قېتىپ ئۆنجىلەرنى پايخان قىلىشقا باشلىدى.

— بەزگە تويىمىغان مۇشۇكتەك بۇ يەردە يەنە تۇرىسەنمۇ كازىم؟ ماڭ، يوگور، بازارغا بېرىپ دەللاللىقىڭنى قىل! — دېدى مەمەت كازىمغا قاراپ. مەمەت لاغايلاپ يۈرىدىغان بۇ ھارامتاماق

كازىمغا ئۆچ ئىدى.

— بولدى مەمەت ئاغىنە، بۇ كازىمغا تاپا - تەنە قىلىۋەرمە، بۇ ئەمدى ئوڭشالمايدۇ. ئىپتىزلىقتىكى سىبىرىق يۆگەينى بىلىسەنغۇ؟— دېدى توختى ئاخۇن مەمەتكە قاراپ،— بۇ كازىم ئەنە شۇ سىبىرىق يۆگەيگە ئوخشايدۇ. سىبىرىق يۆگەي دېگەن باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە چىرمىشىپ، شۇلارغا تايىنىپ جان باقىدۇ. ئۇنى قانچە يۇلساڭمۇ يوقىتالمايسەن. كازىممۇ شۇ، ئۇنىڭغا قانچە كايىساڭمۇ تۈزەلمەيدۇ. ھە كازىم، ئېيتقىنا، بىزگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئۇچۇر - سىرتىنخ بارمۇ؟— توختى ئاخۇن كازىمغا قارىدى.

— ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپان ئۈرۈمچىدىن يېنىپ كەپتۇ. بايام مەن بۇياققا كېلىۋاتقاندا ھېيتاخۇن زاسۇيپەزنىڭ يېنىدا قالدى. ئۇ ئۈرۈمچىدىن يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ كەلگەن چېغى، زاسۇي يەۋاتقانلار ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشتىغۇ،— دېدى كازىم،— توختاخۇننى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن دېسەم، ئەگەر تاپالىساڭ توختى ئاخۇننى مۇشۇ يەرگە باشلاپلا كەل، ئۇنىڭغا دەيدىغان مۇھىم گەپ بار، دېگەنىدى. سىلەرنىڭ گېپىڭلار تۈگىگەندە مۇشۇ گەپنى ئېيتىپ قويۇپ ئاندىن كېتەي دەپ تۇرۇۋىدىم،— كازىم مەمەتنىڭ تەنبىھسىنىڭ ئارتۇقچە كەتكەنلىكىگە نارازى بولغانىدەك، ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— ھېلىغىچە بارارمىز، توختاخۇن ئاغىنىسى مەمەتكە خامان ئېلىشىپ بېرىۋېتىپتۇ، دەپ قويارسەن،— دېدى توختى ئاخۇن.

— بولدى - بولدى، خامانىڭمۇ غۇلىچى تۈگەپ غېرىچى قالدى. بارساق ھازىرلا بارايلى، بازار تەرەپكە بارمىغىلى ئۇن كۈنچە بوپتۇ، ھېيتاخۇننىڭ زاسۇيسىدىن بىر قورساق يەپ كەلمەيمىزمۇ؟— دېدى مەمەت قولىدىكى ياغاچ گۈرجەكنى چەشكە سانجىپ.

— بېرىۋېرىڭلار ئاكا، خامانىڭ ئىشىنى بىز قىلغاچ تۇرىمىز، لېكىن يانغۇچە ھېيتاخۇن زاسۇيپەزنىڭ ئۆپكە - ھېسىپىدىن

بىرگىمۇ بىر - ئىككى جىڭ ئالغاچ كېلەرسەن، — دېدى مەمەتنىڭ ئىنىسى.

— «جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگىنە؟! — دېدى مەمەت ئىنىسىگە قاراپ، — ھېيتاخۇن زاسۇيپەزنىڭ ئۆپكە - ھېسىپى بۇرنۇمغا پۇرىدى دە؟!

— ئورما ۋاقتىدا، خامان ۋاقتىدا قاراشقانلارغا مال سويۇپ ھاردۇق سورايدىغان ئىش بارغۇ ئاغا؟ سەن بىزگە قوي سويمىساڭمۇ، قويىنىڭ ئىچ باغرىنىغۇ يېگۈزەسەن؟ — دېدى مەمەتنىڭ ئىنىسى ئاكىسى بىلەن چېقىشىپ.

— ۋاي شەيتانەي، بولدۇ، سېنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولاتتىمۇ؟ — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خامانغا قاراشقانلارنى مېھمان قىلىدىغان ئىشىڭ بولسا، بۈگۈن مېنىمۇ مېھمان قىلىسەنغۇ ئاغىنە. ھە!؟ تۇلۇقنىڭ بىر تال تۆمۈر قوزۇقنى بولسىمۇ ياساشتىم دە؟ — دېدى توختى ئاخۇن مەمەتكە قاراپ.

— مەن بازارغا بارمىدىم، بازارسىزمۇ قالمىدىم دېگەندەك، خامانغا ھەرھالدا ئاياغ باستىڭ، قولۇڭمۇ خاماننىڭ ئىشىغا بار - يوقنىڭ ئورنىدا تەگدى ئاغىنە، يوپتۇ، بۇغداينىڭ بانىسىدا قارمۇق سۇ ئىچىپتۇ دېگەندەك، سېنىمۇ خامانغا قاراشقانلار قاتارىدا مېھمان قىلسام قىلاي!

خاماندىكىلەر بۇ يېقىن ئاغىنىلەرنىڭ چاقچاقلىرىدىن كۆڭلى سۆيۈندى، توختى ئاخۇن بىلەن مەمەت بازار تەرەپكە ماڭدى. كازىمۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدىن پايپاسلىغىنىچە ئەگەشتى.

× × ×

ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ يېنىدا ھەمىشە ئادەم

ئۆكسۈمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆپكە ـ ھېسسىيلىرىنىڭ خىرىدارلىقلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى گۈچۈڭ بازىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنىڭ خەۋىرى مۇشۇ يەردە ئۇقۇلۇپ، ئەتراپقا تارايتتى. بازارچىلار، بىكارچىلار، ئۆتكۈنچىلەر ھېيت ئاخۇننىڭ ئۆپچۆرىسىدىن ئۆكسۈمەيتتى. توختى ئاخۇن، مەمەت، كازىملار يېتىپ كەلگەندە ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇشقانلاردىن ئالتە ـ يەتتىسى بار ئىدى.

ــ كېلىڭلار توختاخۇن، مەمەت بۇرادەر، كېلىڭلار! ــ ھېيت ئاخۇن ئورنىدىن قوپۇپ توختى ئاخۇن ۋە مەمەتلەرگە سالام بەردى. ئولتۇرغانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈشتى ۋە توختى ئاخۇن بىلەن مەمەتكە ئورۇن بو

ــ ئامان ـ ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ بۇرادەرلەر؟ ــ ھوسور ـاخۇن يەلتاپان توختى ئاخۇن بىلەن مەمەتكە ئىككى قولىنى سۇنۇپ كۆرۈشتى.

ــ ئۆزۈڭچۇ بۇرادەر، قايسى شاماللاردا ئۇچۇپ، قايسى بۇلۇتلاردا سەيلانە قىلىپ يۈردۈڭ؟ ــ توختى ئاخۇن ھوشۇر ئاخۇنغا چاقچاق قىلدى.

ــ ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدىم.

ــ نېمە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلدىڭ ئۈرۈمچىدىن؟ ــ دەپ سورىدى مەمەت.

ــ كۆرگىنىمنى ئېيتايمۇ؟ ئاڭلىغىنىمنىمۇ؟

ــ كۆز بىلەن قۇلاقنىڭ ئارىلىقى تۆت ملڭ چاقىرىم دەيدۇ، كۆرگىنىڭنى ئېيت! ــ دېدى مەمەت.

ــ ئاۋۋال ئاڭلىغىنىڭنى، ئاندىن كۆرگىنىڭنى ئېيتقىن، سەن يەلتاپانلا ئەمەس، بەلكى «ئۇزۇن قۇلاق»، ــ دېدى توختى ئاخۇن.

ھوشۇرئاخۇن يەلتاپان شامالدەك تېز ماڭىدىغان ئادەم بولۇپ،

گۆچۈگىدىن ئۈرۈمچىگە ئۈچىنچى كۈنىلا يېتىپ بارالايتتى. ئەگەر ئالدىراش خەۋەر بولۇپ، يۇقىرى ھەق تۆلىسە، كېچىسى كۈندۈزگە ئۇلاپ ماڭسا، ئۈرۈمچىدىن گۆچۈگىغا ئىككى كېچە - كۈندۈزدىلا يېتىپ كېلەلەيتتى. خەقلەر ئۇنى بىر جۈمە ئارىلىقتا ھېلى جىمساردا كۆرسە، ھېلى ئۈرۈمچىدە، ھەپتە ئاخىرىسىدا يەنە گۆچۈگدا كۆرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىشاتتى. دەرۋەقە، ھوشۇرئاخۇن پىيادە يول يۈرسە ئادەتتىكى ئاتلىق ئادەملەردىن تېز ماڭاتتى. ئۇ شۇ ھۈنىرىگە تايىنىپ، گۆچۈڭ - جىمسار، گۆچۈڭ - ئۈرۈمچى، گۆچۈڭ - مورى، ھەتتا گۆچۈڭ - تۇرپان ئارىلىقلىرىدا خەت - خالتا، ئۇچۇر - خەۋەر يەتكۈزۈپ جان باقاتتى. يۇرتلار ئارا ماشىنا قاتنىشى ياكى تېلېفون ئالاقىسى بولمىغان شۇ زاماندا ھوشۇر ئاخۇننىڭ يۇرتلار ئارا چېپىپ يۈرۈشى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىدى.

بۇ ئادەم توختى ئاخۇن، مەمەت، ھېيت ئاخۇنلار بىلەن زامانداش ھەم قۇرداش بولۇپ، ئوتتۇز ياش ئەتراپىدا، قاتاڭغۇر، شادىپاچاق، كۆمۈردەك قارا ئىدى. بۇ يامغۇر - يېشىن، قار - شىۋىرغان، بوران - چاپقۇنغا قارىماي دائىم يول يۈرۈپلا تۇرغاچقا، رەڭگى - ئۆڭى چۆچۈلىدەك بولۇپ كەتكەن. كۆزىنىڭ ئېقى، چىشى ئاق، چىرايى قارا ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى يەلتاپان ھوشۇر ئاخۇن، قارا ھوشۇر ئاخۇن، ئۇزۇن قولاق ھوشۇر ئاخۇن دەپ ئاتىشاتتى. گەرچە بۇ ئادەمنىڭ رەڭگى قارا بولغان بىلەن كۆڭلى ئاق ئىدى. خەقلەرنىڭ پۇل - پوچەك، خەت - خالتا ۋە ئامانەت گەپ - سۆزلىرىنى جايىغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزەتتى. يۇرت ئىچىدە بۇ ئادەمنىڭ خېلى ئىناۋىتى بار ئىدى.

— ئەمىسە مەن ئاۋۋال ئاڭلىغىنىمنى سۆزلەپ بېرەي، دەپ گەپ باشلىدى ھوشۇرئاخۇن، — شىنخەي ئىنقىلابى دېگەن ئىنقىلاب غەلىبە قىلىپ، مەنچىڭ سۇلالىسى غۇلاپ، جۇڭگودا

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلۇپتۇ. شىنجاڭنىڭ تەپتىش بېگى، قوشۇمچە دىخۇانىڭ[①] باسقىچى ياڭ زېڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇقبېگى بوپتۇ. بۇ ئادەم مەدرىسەلەردىكى دىنىي ئوقۇتۇشلارغا ئانچىۋالا چەك قويۇپ كەتمەيدىكەن. قومۇل، تۇرپانلاردا تۆمۈر خەلپە، مۆيدىن غوجا باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇدەك. ئاڭلىغانلىرىم مانا مۇشۇلار.

— ئامبال سۇخۇناشنىڭ ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتكىنى شۇ سەۋەبتىنكەن-دە؟

— مەدرىسەلەردىكى دىنىي ئوقۇتۇشلارغا ئانچە چەك قويۇپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ياڭزېڭشىن دېگەن تۇتۇقبېگى خېلى ئىنسابلىق ئەمەلدار ئوخشىمامدۇ؟

— چۈجەڭنى كۈزدە سانا، دەپتىكەن كونىلار، كېيىن كۆرىمىز ئۇنداق ئەمەلدارلارنى، ھەرقانداق چوڭ ئەمەلدارمۇ باشتا بىرقانچە ياخشى پەرمان جاكارلاپ، خەلق كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ، كېيىنكە بارغاندا ئۆشنىسىدىكى قوي تېرىسىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ-دە، تۈكلىرى پاخپايغان، چىشلىرى ھىڭگايغان بۆرە قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ، ئايىنىپ كېتىدۇ ئۇلار!

— نېمىلا دېگەنبىلەن مەدرىسەلەردىكى دىنىي ئوقۇتۇشنى چەكلىمەپتۇ. شۈكرى، بىزگە شۇ كۇپايە،— دېيىشتى ھوشۇرئاخۇننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقانلار.

«پۇقرالىرىمىزدا مانا مۇشۇنداق شۈكرىچىلىك چۈشەنچىسى تۇرسا، كۆڭلىرىمىز مۇشۇنداقلا ئۆتەرمۇ؟ بىزمۇ مانجۇلاردەك يۇرت سوراپ ئۆتسەك ياراشماسمىدى؟ ئاۋامنى سەگىتسەك بولاتتى. بىراق، مېنىڭ ئوقۇغىنىم، بىلگىنىم تايىلىق تۇرسا، جانبازلىق بىلەن خەلقنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغىلىلا بولىدۇكى، ئۆز تەقدىرىنى

---

① دىخۇا — ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى خەنزۇچە ئاتىلىشى — ئا.

ئۆز قوللىرىدا تۇتۇشقا ئۇيۇشتۇرۇش ئىمكانى ئارغۇ؟» توختى ئاخۇن بايام ئاڭلىغان گەپتىن كېيىن كاللىسىدىن شۇ خىياللارنى ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە هوشۇرئاخۇنغا قۇلاق تىڭشايتتى.

— هە هوشۇراخۇن، ئەمدى كۆرگىنىڭنى دەپ باقسىلا، — دېدى مەمەت.

— ئۇرۇمچىدە كۆنچى مەهەللىسىدىكى دەڭگە چۈشتۇم، — دەپ گەپ باشلىدى هوشۇر ئاخۇن، — ئۇ يەردە نەچچە كۈن تۇرساڭمۇ زېرىكمەيدىكەنسەن، ئۇ دەڭنىڭ ياتاقلىرىنىڭ پۇلى ئەرزان، ئاخشىمىسى بولسا بىر ئۆيدە قىمار، بىر ئۆيدە سازەندە - رەققاسلار، يەنە بىر ئۆيدە مەدداھ، شائىرلار تۆت ئىقلىمنىڭ گېپىنى قىلىشىدۇ ئۇلار. مەن قۇلىقىمنى يەنىمۇ «ئۇزارتاي» دەپ ئاشۇ مەدداھ، شائىرلار بار ئۆيگە كىرىپتىمەن، ئۆيدە بويى ئۇچ گەز كېلىدىغان، باش - كۆزى، قۇلاقلىرى دۈشىنىڭكىگە ئوخشايدىغان، بۇرۇن تۆشۈكلىرى چاشقان تۆشۈكىدەك يوغان، شاپ بۇرۇتىنىڭ هەربىر تەرىپىدىكىسى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا كېلىدىغان بۇرۇتلۇق بىر ئەزىمەت بار ئىكەن، ئۇ ئولتۇرۇپ قولىنى تىزىغا قويسا بارماقلىرى هوشۇقىغىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. بىر چۈشلۈك غىزاسىغا بىر پاقالىنى پىشۇرۇپ يەيدىكەن. ئۇنىڭ ئىسمىنى قۇربان زور دېيىشتى. ئۇنىڭ چەت - چۆرىسىدە چاپانچىلىرى خۇشامەت بىلەن خىزمىتىنى قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇلارنىڭ بىرسىنىڭ ئېيتىشىدا، قۇربان زور دېگىنى ئالتە شەهەرنىڭ نوچىسىكەن. ئالتە شەهەرنىڭ قايسى بىرىبىرىدە تاۋكا قۇرۇلسا، ئۇنىڭ نامىغا چوتار ئايرىپ قويۇلىدىكەن. ئۇ تەرەپلەردە ئۇنىڭغا تەڭ تۇرغۇدەك پالۋان، نوچى يوقمىش......

— سەن چۆچەك ئېيتىۋاتامسەن قانداق؟ كۆندۈزى چۆچەك ئېيتساڭ كۆتۈكگە چىش چىقىدۇ جۇمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— ئەزىبىرايى خۇدا، كۆرگىنىمنى سۆزلەۋاتىمەن، — دېدى

ھوشۇرئاخۇن قىزىشىپ.

— ئۇ ئادەم مەدداھمۇ ياكى قوشاقچى - شائىرمىكەن؟— دەپ سورىدى ھېيت ئاخۇن،— بولمىسا ئۇ مەدداھلار ئارىسىدا، شائىر - قوشاقچىنىڭ يېنىدا نېمىش قىلىدۇ؟

— ئۇمۇ مەدداھلارنىڭ جەڭنامە ئېيتىشىغا، قوشاق - بېيىت ئاڭلاشقا خۇشتار ئادەمكەن، شۇڭا شۇ سورۇنغا كىرگەنىكەن،— ھوشۇرئاخۇن ئالدىغا قويۇلغان چىنىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ كېكىردىكىنى نەمدەۋېلىپ، ئەھە! - ئۆھھۇ! دەپ كانىيىنى قىرىپ، خۇددى مۇقام توۋلايدىغانلار ئاۋازىنى چىقىرىشقا تەرەددۇت قىلغاندەك ھەرىكەت قىلدى. ھېيت ئاخۇن شىرەدىكى چايلارنى لىقلاپ قويدى.

ھوشۇر ئاخۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇدى:

— مەدداھلار ئالدى بىلەن نۇزۇگۇم داستانىنى، ئاندىن ياچىبەگ داستانىنى شۇنداق تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىدىكى، ئادەمنى ئاشۇ زامانغا، ئاشۇ ئىشلار بولۇۋاتقان جايغا سۆرەپ كىرىپلا كېتىدىكەن. مەدداھلاردىن كېيىن بېيىت - قوشاقچىلار سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى، كۆچ - كۆچ قوشاقلىرىنى، ياقۇپبەگ ھەققىدە توقۇلغان قوشاقلارنى ئېيتىشتى.

— ياقۇپبەگ ھەققىدىكى قوشاق قانداق قوشاقكەن ئۇ؟— دەپ سورىدى ھېيت ئاخۇن،— بىر ئاڭلىمىغان قوشاق ئوخشىمامدۇ؟

— ياقۇپبەگنىڭ بىر نۆكىرى ھەققىدىكى قوشاقكەن ئەمەلىيەتتە،— دېدى ھوشۇرئاخۇن.

— قېنى، ئېيتىپ باقسىنا، ئاڭلاپ باقايلى.

— ياقۇپبەگنىڭ بىر نۆكىرى تۇرپاندا ۋاكالەتچى بولۇپ تۇرۇپ، خەلققە زورلۇق - زومبۇرلۇق قىلغانىكەن، خەلق ئۇنى چالما - كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپ، قومداۋان دېگەن يەرگە

كۆمۈپتۇ، ئۇنىڭ ھازىسىنى ئاچىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايتۇ، شۇ زالىم نۆكەرنى مەسخىرە قىلىپ توقۇلغانىكەن.
— قېنى ئېيتىپ باقە، ئاڭلاپ قالايلى، — دېدى مەمەت. ھوشۇرئاخۇن تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتىپ بەردى:

لىڭگىر - لىڭگىر تاقتاق،
ئەيسا دېگەن پاخپاق.
ئەيسا دېگەن ئۆلۈپتۇ،
قۇمداۋانغا كۆمۈپتۇ.
يىغلايدىغان كىشى يوق،
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ.

— ۋاي - ۋۇي، بۇ قوشاقنى بىزنىڭ باللار ئېيتىپ يۈرەتتىغۇ؟ — دېدى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى.
— لېكىن، سەن ئۇنىڭ قەيەردە، نېمىش توغرۇلۇق چىققان قوشاق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن- دە؟ — دېدى ھوشۇرئاخۇن ئۇ بۇرادەرگە.
— ئۇغۇ شۇنداق...... — ئۇ ئادەم شۈك بولدى.
— ھە يەنىچۇ؟ — سورىدى مەمەت.
— قۇربان زور دېگەن پالۋان بىلەن بىرگە كەلگەن بىر شائىر باركەن. ئۇ كىشى ئۇرۇمچىگە تۇنجى رەت كەلگەنىكەن، ئۇرۇمچى توغرىسىدا شۇنداق بىر قوشاق توقۇپتۇكى، ئاڭلىساڭ ھەيرانۇھەس قالىسەن. ئۇ قوشاقتا ئۇرۇمچى دېگەن شەھەر شۇنداق جايىدا تەسۋىرلىنىپتۇكى، ئەيىۇھەنناس......
— قوغۇنچى ئۆز قوغۇنىنى داڭلاپ ساتقاندەك، ئۆزۈڭ ئاڭلىغان قوشاقنى داڭلاپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى مەمەت، — ئاۋۋال ئېيت، بىزمۇ ئاڭلايلى، ئۇرۇمچىگە بىزمۇ بارغان، ئۇ قوشاقچى

شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ قوشاق توقۇپتىمۇ زادى؟— دېدى.
— ھەقىقەتەن قاملاشتۇرۇپتۇ، — دېدى ھوشۇرئاخۇن.
— ئېيتىپ باقسىنا ئەمسە!؟
— ئېيتىتىم ئەمىسە، ئاڭلاڭلار! — ھوشۇرئاخۇن قوشاقنى ئېيتتى:

مەن قەشقەردىن چىقىپ كەلدىم،
ئاتمىش ئۆتەڭ بېسىپ كەلدىم.
ئۇرۇمچىگە ھېرىپ كەلدىم،
ئازابلىقتۇر بۇ يوللىرى.

ھاكچى قوۋۇقىدىن كىرىپ،
تىزىمغىچە پاتقاق كېچىپ.
ئەتراپىمغا لايىنى چېچىپ،
قەدەم قويدۇم شەھەرسېرى.

سەنشىخاڭزا پەنتەي خاڭزا،
ئىمارەتلەر ياڭزا - ياڭزا.
بەزىلىرى ئەسكى پاڭزا،
غارايىپتۇر كوچىلىرى.

سۇمىنزىنىڭ ئىچى - تېشى،
روزاجىمدۇر يۇرتىنىڭ بېشى.
مىسكىنلەرنىڭ ئاققان يېشى،
ھېچكىمنىڭ يوق پەرۋالىرى.

مېنىرلاپ ئەپ گەزلەپ ساتقان،

جىڭغا جانى كۆپلەپ قاتقان،
خېرىدارنى ئوتقا ئاتقان،
دىيانەتسىز سودىلىرى.

مەن قەشقەرلىق موللا ناسىر،
ھارۋىكەشمەن ئۆزەم ھازىر.
سۆزلىرىمدە بولسا قاسىر،
كەچۈرگەيلەر بارچىلىرى.
......

— پاھ - پاھ - پاھ! ھەقىقەتەن ئوخشىتىپتۇ، ھەقىقەتەن! بۇ موللاناسىر دېگىنى راستتىنلا ئۇستا قوشاقچىكەن جۇمۇ؟ — دېدى ئولتۇرغانلاردىن بىرى، — ئۇرۇمچىنى ئەينەن سۈرەتلەپتۇ بۇ قوشاقچى.

— قوشاقچى ئەمەس، مۇنداقلارنى شائىر دەيدۇ كىشىلەر، شائىر، — كازىم كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇرۇپ گەپ قاتتى.

— توغرا، شائىر دەيدۇ شائىر، — دېدى ھوشۇر ئاخۇن، — مەنمۇ بايام قوشاقچى دەپتىكەنمەن.

— قوشاقنىڭمۇ جايىدا توقۇپتۇ، ئاڭلىدۇق، باياتىن خاماندا كازىم «ھوشۇراخۇن توختاخۇنغا مۇھىم بىر گېپىم بار» دېدى دەۋاتاتتى. نېمە گەپتى ئۇ؟ — دېدى توختى ئاخۇن ھوشۇر يەلتاپانغا قاراپ.

— ھە راست، بۇ مۇھىم گەپ ئىدى، تاسلا قاپتىمەن ئۇنتۇپ قالغىلى.

— قېنى، ئېيتىپ باققىنا، نېمە گەپتى ئۇ؟

— ھېلىقى قۇربان زور دېگەن ئالتە شەھەردىن چىققان نوچى گۆچۈڭغا بېرىپ توختاخۇن جانباز بىلەن بىر ئېلىشىمەن،

دېگەنىدى، پات ئارىدا كېلىشى مۇمكىن،— دېدى هوشۇرئاخۇن.
— كەلسۇن! مەردنى مەيداندا سىنا دەپتىكەن، مەن تەييار!— دېدى توختى ئاخۇن.
شۇ گەپ بىلەن ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەزنىڭ يېنىدىكىلەر بىرلەپ - ئىككىلەپ قايتىشتى. مەمەت ئىككى جىگىلىقتىن ئىككى بۆلەك قىلىپ ئۆپكە - ھېسىپ جىگىلىتىپ، بىر بۆلىكىنى پوتىسىغا تۇگدى. يەنە بىر بۆلىكىنى توختى ئاخۇنغا تۇتقۇزدى:
— ئۆيۈڭگە ئالغاچ كەتكىن ئاغىنە،— دېدى.
— رەھمەت، سېنى جۇۋىتىپ قويدۇم ئاداش،— توختى ئاخۇن تۇزۇت قىلدى. دە، ئۆپكە - ھېسىپنى بېلىدىكى پوتىسىغا ئوراقلىق قەغەز بىلەنلا تۇگۈپ، ھېيت ئاخۇن ۋە مەمەتلەر بىلەن خوشلىشىپ قايتتى.
كازىم ھېيت ئاخۇن قۇيۇپ بەرگەن بىر پىيالە زاسۇي شورپىسىنى شاپىلدىتىپ ئىچىپ قالدى.

× × ×

بازار كۈنى، كوچىلاردا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ئەر - ئايال، ياش - قېرى، ھەرخىل كىيىنگەنلەر، قوللىرىدا ھەرخىل نەرسە كۆتۈرۈۋالغانلار، ئاتلىق، ئېشەكلىك، پىيادىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشمەكتە؛ سېتىقچىلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاشپۇزۇللاردىن چىققان قىڭراق - چۆمۈچلەرنىڭ ئاۋازلىرى، مال بازىرىدىكى كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ھارۋىكەشلەرنىڭ «پوش! - پوش! يول بېرىڭلار!» دەپ توۋلاشلىرى، ئېغىر يۈك ئارتىلغان تۆگىلەرنىڭ كولدۇرما ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ، گۇچۇڭ بازىرىنىڭ قايناق ھالىتىنى ھاسىل قىلغانىدى.
مال بازىرى غول ئېقىن تەرەپتىكى بوشلۇقتا جايلاشقان

بولۇپ، مەيدان ئەتراپىغا نۇرغۇن موما ياغاچلار قېقىلغان. ياغاچلار ئوتتۇرىسىغا قىل ئارقانلار تارتىلىپ، ئارقانلارغا ئات، كالا، قېچىر ـ ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلار باغلانغان. مەيدانىنىڭ بىر تەرىپىگە لىم ـ بادرىلار بىلەن توسۇق ـ توسۇق دائىرىلەر ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، بۇ دائىرىلەر ئىچىگە قوي ـ ئۆچكىلەر قامالغانىدى. مەيدانغا چوڭ ـ كىچىك ماللار ئۈزۈكسىز ھەيدەپ كىرىلمەكتە. مال بازىرىغا كىرگەن ئادەمنىڭ كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. مال ئىگىلىرى ۋە بېدىكلەر سېتىلىدىغان ھايۋانلارنى ماختاپ ۋارقىرىشاتتى. خېرىدارلار ھايۋانلارنىڭ دۈمبە، بىقىنلىرىنى سىلاپ، كالپۇكلىرىنى قايرىپ چىشلىرىنى كۆرسە، بېدىكلەر ساتقۇچى بىلەن ئالارمەننىڭ يەڭلىرى ئىچىگە قوللىرىنى تىقىپ ①، سالا قىلغىلى تۇراتتى. مەيدانىنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ماللار، ساتارمەن، ئالارمەنلەر، بېدىكلەر بەس ـ بەستە تۋۋلاشماقتا. ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، قويلارنىڭ مەرەشلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ تۋۋلاشلىرى كىرىشىپ كەتكەن. مال بازىرىغا ئۈزۈكسىز تۈردە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ماللار ھەيدەپ كېلىنمەكتە. سېتىلغان ماللار بىر تەرەپتىن سىرتقا ئاچىقىلماقتا......

بازار مەيدانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە چوڭ بوشلۇق بولۇپ، بۇ يەردە خاڭجۇ ـ سۇجۇنىڭ يىپەك بۇيۇملىرى، ھەرخىل گەزلىمىلەر، ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان جانان چىنە ـ

① ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەر ئىچىدە ساتارمەن بىلەن خېرىدار ئوتتۇرىسىدا باھانى باشقىلاردىن خۇپىيانە تۇتۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان، قول بارماقلىرى بىلەن قارشى تەرەپكە كۆڭلىگە پۈككەن باھانى ئۇقتۇرىدىغان سودىلىشىش ئۇسۇلى بار. بۇنىڭدا قول يەڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، باھا ئۇقتۇرۇلىدۇ. بۇ «يەڭ سودىسى» دېيىلىدۇ. بەزى خۇپىيانە ئىشلارمۇ مۇشۇنىڭغا تەقلىد قىلىنىدۇ ـــ ئا.

قاچىلار؛ ئورۇستىن كىرگۈزۈلگەن تاتلىق - تۇرۇملار؛ سەرەڭگە - كىرسىن، مىخ، يىڭنىلەر؛ سوكىنا - سارجىلار؛ تۈركىيەنىڭ خۇرۇم بۇيۇملىرى؛ بۇلغار ئۆتۈكلىرى؛ قەشقەر، خوتەننىڭ ئەتلەس - گىلەملىرى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ماللىرى سېتىلاتتى.

قايناق بازاردا ئىككى ئادەم كىشىلەرنى ئارىلاپ لىخۇا جەنزە تەرەپكە سىغدالماقتا. ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ بويى پاكار، دوغىلاق بولۇپ، ئۈستىنىسىدە يوللۇق خۇرجۇن بار ئىدى. ئۇ بويىنىڭ پاكارلىقىدىن ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ پەقەت پۇتىنىلا كۆرۈپ، باش قىسمىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇ بېشىغا تېرە تۇماق كىيىۋالغانلىقتىن، كۆز ئايلىرىنىڭ تېخى كۈنىنىڭ تەپتى يانمىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا بويۇن، پېشانە، يۈزلىرىدىن ئېقىۋاتقان تەرىنى يېڭى بىلەن تىنماي سۈرتەتتى.

يەنە بىر ئادەمنىڭ بويى ئۈچ گەزچە كېلەتتى. ئۇ رەستىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ بېشىغا كىيگەن بۆك، تۇماقلىرىنىلا كۆرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغىنى كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئاتلىق بىر ئادەم قارشى تەرەپتىن كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇدۇللاشقاندا، بۇ ئادەم شۇ ئاتلىقنىڭمۇ بۆكىنىڭ گۈللىرىنى ئوچۇق كۆردى. ھېلىقى ئاتلىق ياقىسىنى تۇتۇپ «تووۋا! مەن دېۋىنى كۆردۈممۇ ياكى ئادەمنىمۇ؟» دەپ ھەيران قېلىپ، ئېتىنى توختىتىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۆتۈشۈۋاتقان ئادەملەر يولنى توراپ تۇرۇۋالغان ئاتلىققا: «يولنى بوشات! يولۇڭغا ماڭ!» دېگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى.

كوچىدىكى ئادەملەر بىرى ھەددىدىن ئېگىز ھەم يوغان، يەنەبىرى بەكمۇ پاكار، دوغىلاق، بۇ ئىككى ئادەمگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپلا قېلىشماقتا. ئۇلار دەل ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپان

«ئۇرۇمچىدە ــ كۆنچى مەھەللىسىدە كۆردۈم» دېگەن قۇربان زور بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھى ئىدى.

بۇ ئىككى ئادەم ئاشپۇزۇللار جايلاشقان رەستىگە كەلگەندە مانتىپەز، سامسىپەز، كاۋاپچىلارنىڭ:

ــ مانا ـ مانا، ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشىدە ئېتىلگەن مانتا! يېگەنلەر دەرماندا، يېمىگەنلەر ئارماندا!

ــ ياغ يەپ يات! ياغ يەپ يات! بەررە كاۋاپ! مەررە كاۋاپ!...... دەپ تووۋلاشلىرىدىن، كاۋاپ، مانتىلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنىڭ دىماقلىرىغا ئۇرۇلۇشىدىن ئىشتىھالىرى قوزغالدى.

ــ قۇربان چوڭام، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام دەپتىكەن، قورساقلىرىمۇ ئېچىپ قالغاندۇ ھەقىچان، ئالدى بىلەن ماۋۇ گۇچۇڭ دېگەن شەنىڭ تائاملىرى بىلەن قورساقنى چىڭ خۇيلاپ، ئاندىن توختاخۇننى سۈرۈشتۈرمەيلىمۇ؟ ــ دېدى پاكار بويلۇق ئادەم.

ــ شۇنداق قىلامدۇق؟ بولاپتۇ، بۇمۇ بەلەن گەپ! ــ قۇربان زور يول بويىدىكى چوڭراق ئاشپۇزۇلنىڭ بىرىگە كىردى. ئاشپۇزۇلدا غىزالىنىۋاتقان ئادەملەر ئېغىزلىرىغا سالغان لوقمىلىرىنى بوغۇزىغا يۇقۇشقا ئۈلگۈرمەي، بۇ ئاجايىپ زور گەۋدىلىك ئادەمگە قاراپ قېتىپلا قېلىشتى.

ئوتتۇرىدا تووۋلاپ يۈرگەن مۇلازىم بۇ ئىككى مېھماننىڭ ئالدىغا يورغىلاپ كەلدى.

ــ ئىككىلىرى نېمە يەيدىلىكىن؟

ــ مانتىدىن يۈز دانە، زىخلىق كاۋاپتىن ئاتمىش، پولۇدىن بىر تاۋاق، بىرتاۋاق نارىن، توت نان، ئىككى چەينەك چاي ئەكەلسىلە ئالدى بىلەن، ــ دېدى پاكار، دوغىلاق كەلگەن مېھمان.

ــ مۇشۇ ئىككىلىرىگىما!؟ ــ مۇلازىمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.



www.uyghurkitap.com

— غىزا - تائاملىرى يېتىشمەي قالىدىغان ئوخشىمامدا؟!

— يوغسۇ، بىر تويىنىڭ ئادىمى كەلسىمۇ ئۇزاتقۇچىلىكىمىز بار! — دېدى مۇلازىممۇ جاۋابەن.

— بولسىلا ئەمسە، ئىمكانلىرى بولسا، ئاپقۇر قاچىغا قوش مۇشتەك ناۋات سېلىپ ئەكەلسىلە، چايلىرى تورۇق ئاتنىڭ قېنىدەك قېنىق بولسۇن جۇما! — دېدى پاكار، دوغىلاق مېھمان، — قۇربان چوڭامنىڭ ناۋات چاي خۇمارى بار!

— بولىدۇ مېھمان! مانا ھازىر، — مۇلازىم توۋلاپ ئاشپۇزۇلنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى:

— يۈز مانتا: ئاتمىش زىخ كاۋاپ! پولۇدىن بىر تاۋاق، نارىنىدىن بىر تاۋاق! تۆت نان بىلەن قېنىق دەملەنگەن چاي! يوغان ئاپقۇرغا ناۋات سېلىنسۇن!

ئاشپۇزۇلدا غىزالىنىۋاتقانلار قوشۇق - چوكىلىرىنى تۇتقىنىچە قېتىپلا قېلىشتى.

توساتتىن كوچىدا قىيا - چىيا، سۈرەن - چۇقان، چىرقىراق ئاۋازلار، ۋاي - ۋۇي، ئاللا - توۋا كۆتۈرۈلدى. ئاشپۇزۇلدىكىلەر دۈرپۈرلىشىپ سىرتقا چىقىشتى. پاكار، دوغىلاق ئادەم بىلەن قۇربان زور ئالدىغا كەلگەن تائاملارغا ئەمدىلا قول كەلتۈرۈۋاتقاندا، كوچىدىكى يەر تەۋرىگەندەك ئالامەت ئۇلارنىمۇ تالاغا تارتتى. كۆردىكى، غەربىي قوۋۇق ياقتىن ھارۋىغا قوشۇلغان بىر ئات ئۈركۈپ كېتىپ، لىخۇاجەنزە تەرەپكە ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپ شىددەت بىلەن چېپىپ كەلمەكتە. ئۇ ئات ئۇدۇل كەلگەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنى ھارۋا بىلەن سوقۇپ، دەسسەپ - چەيلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. كىشىلەر ئۆزىنى چەتكە ئاران - ئاران تاشلاپ ئۈلگۈرمەكتە. ئەگەر بۇ ئات ھارۋىسى لىخۇا جەنزە مەيدانىغا كىرىدىغان بولسا، قىيامەت قايىم بولاتتى. خەۋپ - خەتەر قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىغا يېتىپ قالغان شۇ دەقىقىدە،

بىرەيلەن خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى.

بۇ توختى ئاخۇن ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ چىقتى. تەلۋىلەشكەن ئات بەئەينى ساداقتىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك كېلىۋاتاتتى. ئادەملەر: «ياپىرىم! ياپىرىم!» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشماقتا. توختى ئاخۇن ئىچكى كۈچىنى ئوڭ ئالىقىنىغا يىغىپ، چېپىپ كەلگەن ئاتنىڭ قاشقىسىغا ئۇدۇللاپ شۇنداق ئۇردىكى، «گۈلدۈر - غاراس!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئات يىقىلىپ، ھارۋا ئۆرۈلدى، ھارۋىنىڭ بىر چاقى ئۈستىدە «پىر - پىر» قىلىپ چۆرگىلىمەكتە. كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ كۆردىكى، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن، بوتقىسىمان مېڭە قېتىقى قۇلاق تۆشۈكى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى......

— بارىكاللا! ئاپىرىن توختاخۇن! خۇدا ئۆمرىڭنى ئۇزاق قىلسۇن! — توۋلىشاتتى ئەتراپقا ئولاشقان خەقلەر.

— ئاتنى بىر ئالىقان بىلەن ئۇرۇپ يىقىتقان بۇ كىم ئۆزى؟! — قۇربان زور يېنىدا تۇرغان مۇلازىمدىن سورىدى.

— توختاخۇن جانباز دېگەن ئادەم شۇ! — دېدى مۇلازىم مەغرۇر قىياپەتتە.

قۇربان زور يېنىدا ئاتقا بويۇنداپ قاراۋاتقان پاكار، دوغىلاق ھەمراھىنى نوقۇشلىدى- دە، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ خورجۇنىنى ئېلىپ، ئۈستەلگە ئىككى تۈمپۈرنى[1] قويۇپلا، ئاش - تائامنى شۇ پېتى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۈرۈمچى يولىغا چۈشكەندىلا ئاندىن ھەمراھىغا:

— توۋا، ھېلىمۇ بىزنى خۇدا ساقلاپتۇ، شۇنچە يىراق يولنى بېسىپ توختاخۇن بىلەن ئېلىشىمەن دەپ كەپتىمەن. ئوقتەك

[1] تۈمپۈر — كۈمۈش تەڭگە، شۇ زاماندا ئىشلىتىلگەن پۇلنىڭ بىر خىلى — ئا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېلىۋاتقان ئاتنىڭ مېڭىشىنى بىر ئالىقان بىلەن چۈۋۈۋەتكەن ئادەمگە قانداقمۇ تەڭ كەلگىلى بولسۇن!؟ تۇۋا - تۇۋا! خۇدا ساقلاپتۇ مېنى، ئالتە شەھەر تەرەپتە كۈن ئالغىنىم ئەۋزەلكەن مېنىڭ!— قۇربان زور ئىچىدە ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ماڭماقتا ...... ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ قۇربان زور دېگەن ئادەمنىڭ ئاغزى بىلەن توختى ئاخۇن جانبازنىڭ داڭقى ئالتە شەھەر تەرەپكە تارالغانىكەن.

«يېتىم خۇداغىمۇ ئۆگەي» دېگەنىدەك، شۇ كۈنىدىكى ئۇركۈگەن ئات سۆرىگەن هارۋىنىڭ ئاستىدا، دەلدەڭشىپ يۈرگەن كازىم قېپقاپتۇ. «بالا ئۇچرار يوقسىزغا، كېپەك ئۇچرار ئوقسىزغا» دېگەنىدەك ئىش بوپتۇ. توختى ئاخۇن باشلىق بىرنەچچەيلەن كازىمنى شۇ كۈنىلا يەرلىكىدە قويۇۋەتتى. ئۇلار تۇپراق بېشىدا ئۇزاق دۇئا قىلىشىپ، ئاللاتائالادىن كازىمنىڭ روھىنى ئۇدۇنيادا خاتىرجەم قىلىشنى تىلەشتى. تۇپراق بېشىغا چىققانلار كازىمنىڭ قەبرىسىگە يېنىش - يېنىشلاپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە كازىمغا تارتىنشقۇسى بار ئىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن توختى ئاخۇنلار بۇ كازىم بىلەن قۇرداش، بىر يۇرتتا، بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. ئۆز يۇرتىنىڭ مۇشۇكى بولسىمۇ، ئۆلۈپ كەتسە ھەركىم تارتىنشىدىغۇ؟......

توختى ئاخۇن، مەمەت، ساتتار ۋە بىرقانچەيلەن تۇپراق بېشىدىن يېنىپ، ھېيت ئاخۇن زاسۇپېزىنىڭ يېنىغا كەلدى. ھېيت ئاخۇننىڭ شىرەسىنى چۆرىدىشىپ تۇرغانلار دۈررىدە قوپۇشۇپ، توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىگە جاي بوشاتتى. ھېيت ئاخۇن ئۇلارغا قىزىق چاي قۇيدى ۋە بىر تاۋاق ئۆپكە - ھېسىپ توغراپ ئالدىغا قويۇپ:

— ئالە ئاغىنە، ئۆپكە - ھېسىپ بىلەن بولسىمۇ سېنىڭ بۇگۈنكى باتۇرلۇقۇڭغا رەھمەت ئېيتاي! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆپكە ـ ھېسپىگدىن كۆرە، باياتىن توقۇغان قوشىقىڭنى ئېيتسىنا ھېيتاخۇن! — دېدى چۆرىدەپ تۇرغانلارنىڭ بىرى.

— تـوغرا، ئەڭ چـوڭ تـارتۇق ـ مۇكاپـات دېـگەن شـۇ! — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— قوشاق توقۇپمۇ ئۆلگۈرۈپسەن ـ دە، ھېيتاخۇن؟! — دېدى ساتتار ھېيت ئاخۇنغا قاراپ.

بولىدۇ ئەمىسە، مۇنداق چوڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئاغىنەمنى قوشاققا قاتمايزە، كىمنى قاتاتتىم بۇرادەرلەر؟! ئوقـۇدۇم ئەمـسە! — ھېيـت ئـاخۇن بايـاتىن بىـرى كـۆرگەن ـ ئاڭلىغـانلىرى ئاساسىـدا توقۇپ چىققان قوشىقىنى ئېيتتى:

باتۇر جانباز توختاخۇن،
توسۇۋالدى ئاپەتنى.
ئاتا قىپتۇ ھەق ئىگەم،
ئاڭا قۇۋۋەت، ئامەتنى.

ئون ئىككى ئاي ئىچىدە،
تولمايدىغان ئاي بولماس،
بۇ يۇرتلاردا جانبازلار،
توختاخۇنغا تەڭ بولماس.

كېچىلەرنى يورۇتقان،
ئاسماندىكى ئاي نۇرى.
ئەلگە پىدا توختاخۇن،
جانبازلارنىڭ باتۇرى.

توختاخۇننىڭ مۇشتۇمى،

تاشتىن قاتتىق، مىلك پاتمان.
بىر مۇشت ئۇرسا بىر چوڭ ئات،
ئۆلۈپ قالدى شۇ هامان.

هەركەتلەنسە پۇت - قولى،
بوران دەۋرەپ كېتىدۇ.
شۇ بوراننىڭ ئاۋازى،
هەممە يۇرتقا يېتىدۇ.

— بارىكاللا! ئاپىرىن! ئاغزىڭغا ناۋات هېيتاخۇن! — چۇرۇدىشىپ تۇرغانلار تووۋلاشتى.

— مېنى مۇنچىۋالا ماختىمساڭلار بولاتتى ئاغىنىلەر، «ئادەمگە ئاتاق يامان» دېگەن گەپ بار،— دېدى توختى ئاخۇن سەل ئوڭايسىزلىنىپ.

— سېنى بۇ يەردىلا ئەمەس، مانا مەن بۇ قوشاقنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ئوقۇپ، شۇ يەردىكىلەرگىمۇ سېنى ماختاپ بېرىمەن!— دېدى هوشۇر ئاخۇن يەلتاپان باشقىلار ئېغىز ئاچقۇچە سۆزلەپ،— خوش ئاغىنىلەر، مەن هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۈرۈمچىگە خەت - خەۋەر ئېلىپ ماڭدىم، ئامانچىلىق بولسا كەلگەندە كۆرۈشەيلى! — هوشۇر ئاخۇن گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشە - چۇشمەيلا غۇيۇلداپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قويۇنتازدەك «هايت - هۇيت» دېگۈچىلا، لىخۇاجەنزە مەيدانىدىن يىتتى.

هېيت ئاخۇن توقۇغان قوشاق بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا جىمىسار، مورى، ئۈرۈمچى، تۇرپان تەرەپلەرگە تارقالدى.

ئۆتى ئىزدەپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، گەنسۇدىن مۇچىڭتەي دېگەن جانباز، ئۈرۈمچىدىن مۇبار دېگەن خۇيزۇ جانباز ئىزدەپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئون ئۈچىنچى باب

# قول بېرىشكەن ئاغا ـ ئىنىلەر

كەچ كۈز، قۇياش نۇرى ئاجىز. تەبىئەت دۇنياسى تۈگۈلۈشكە باشلىدى. كەچ كۈزنىڭ بۇلۇت ـ تۇمانلىرى ئاستىدا ھەرخىل، رەڭلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆڭۈشكە باشلىدى. ئېگىز چوققىلار دەسلەپكى قارلار بىلەن قاپلاندى. تۈزلەڭلىكلەرنى قويۇق تۇمان باستى...... شەھەر قىنىق كۆل رەڭ پەرەنجىسىنى يېپىنىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان قىشنى ئۆتكۈزۈشكە تەييارلاندى. لىخۋاجەنزىدىكى دۇكانلار، سانسىزلىغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرمۇ كۆل رەڭ تۈسكە كىردى. ئاسمان ۋە كوچىلارمۇ سۇس رەڭ ئالدى؛ ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ غول ـ شاخلىرى شەبنەمدە نەملەشكەن دەل ـ دەرەخلەر ئۇن چىقارماي ئاستا يىغلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قاقشال دەرەخلەر، ئۇچۇپ يۈرگەن توپا ـ چاڭلار ھاۋانى تېخىمۇ غەمكىنلەشتۈرۈۋەتتى. سوغۇق شامال خۇددى شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك، ئۇزۇن كوچىلاردا يۈگۈرەيتتى. دەرەخ شېخىدا ئاندا ـ ساندا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان قۇشقاچلار، تۈكلىرىنى پاخپايتقان ئىتلار، ئاپتاپ چۈشكەن يەردە دۈگدەرەپ ئولتۇرغان مۈشۈكلەر، ئاسماندا قاقىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن توك قاغىلار قىشنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى.

توختى ئاخۇن لىخۋاجەنزىدىكى قاراۋۇللۇققا ئاجرىتىپ بەرگەن ئۆيگە مەش ئورنىتىپ بولۇپ، ئەمدىلا تۇنجى قالام كۆمۈرنى مەشكە

سېلىپ تۇرۇشىغا، گەنسۇلۇق سەنگۇجاڭ[1] لەقەملىك جانباز مۇچىڭتەي بىلەن ئۇرۇمچىلىك خۇيزۇ جانباز مۇبار كىرىپ كەلدى. بۇ ئىككىسىنىڭ توختى ئاخۇننىڭ ھۇزۇرىغا ئۇچىنچى رەت كېلىشى ئىدى.

— كېلىڭلار، ئورۇندۇققا كېلىڭلار، — توختى ئاخۇن ئۇ ئىككىسىنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى. ئۆزى يالغۇز كىشىلىك كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— بۇگۈنكىنى قوشقاندا سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۈچىنچى رەت كېلىشىمىز، — دېدى مۇچىڭتەي، — ئون كۈن ئىلگىرى تۇنجى رەت كەلگىنىمىزدە ئېيتقان سۆزلىرىمىزدىن سىزنىڭ كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىدى. ئۇ چاغدا بىز سىزنى سىناپ كۆرگەنىدۇق، دەرۋەقە سەن ئالىيجاناب جانبازكەنسەن. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى سۆزلەشكىنىمىزدە ئوي - خىيالىمىز ئاساسەن بىر نۇقتىغا توغۇنچەكلەندى. قانداق؟ بۇگۈن قول بېرىشكەن ئاغا - ئىنىلەر بولۇش قائىدىسىنى قىلىۋېتەمدۇق؟ سىزنىڭچە قانداق، توختاخۇن؟

— شۇنداق قىلايلى توختاخۇن، — دېدى مۇبارمۇ سۆز قوشۇپ.

توختى ئاخۇن يەنە بىردەم ئويلاندى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان تۈزۈكمۇ ياكى رەت قىلغان تۈزۈكمۇ؟ بۇلار بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشسا ئۇنىڭ پايدىسى قانچىلىك؟ ئاغا - ئىنى بولۇشمىسا زىيىنى قانچىلىك؟ توختى ئاخۇن كۆڭلىدە بۇ ئىشنى يەنىمۇ دەڭسەشكە باشلىدى.

بۇنىڭدىن ئون كۈن ئىلگىرى، لى جۇڭ بۇ ئىككىسىنى مۇشۇ ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، توختى ئاخۇنغا تونۇشتۇرغانىدى. ئەسلىدە،

[1] سەنگۇجاڭ — خەنزۇچە سۆز، «ئۈچ ئىلمەك بارماق» دېگەنلىك. مۇچىڭتەي جانباز مۇشۇ ماھارەتتە داڭ چىقارغان — ئا.

www.uyghurkitap.com

مۇ چىڭتەي گەنسۇدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مۇشۇ مۇبارنىڭ ئاكىسى ئاچقان سارايغا چۈشۈپ، مۇبار بىلەن تونۇشۇپ قالغان. سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ئىككىلىسىنىڭلا «جانبازلار يۇرتى» دەپ ئاتالغان گۇچۇڭغا كېلىپ ئۆزلىرىگە ئىستىقبال ئاچماقچى بولغانلىقى مەلۇم بولغان. مۇبارمۇ ئاكىسى ئاچقان سارايدا يۈگۈر - يېتىم ئىشلارغا قارىشىپ، چوڭراق ئىتتىبارغا ئېرىشەلمىگەچكە، ئىچى پۇشۇپ يۈرگەنىكەن. «قارىغۇ قارىغۇنى ئاي قاراڭغۇسىدا تېپىپتۇ» دېگەندەك، بۇ ئىككىسىنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقىپ، گۇچۇڭغا كەلگەن. مۇچىڭتەي لى جۇڭغا ئانا تەرەپ شىرەم تۇغقان كەلگەچكە، بۇ يەرگە ئۇ شۇنى پاناھ تارتىپ كەلگەن. مۇ چىڭتەينىڭ توختى ئاخۇن بىلەن تونۇشقۇسى بارلىقنى بىلگەن لى جۇڭ ئۇ ئىككىسىنى توختى ئاخۇنغا تونۇشتۇرغان.

مۇ چىڭتەي ئون كۈن ئىلگىرى كەلگەندە، توختى ئاخۇن، مۇبار ۋە ئۆزىنىڭ قول بېرىشكەن ئاغا - ئىنىلەردىن بولۇپ ئۆتۈشىنى خالايدىغانلىقنى، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى، جىملىدىن شىنجاڭ تەۋەسىدە، ئەگەر ئۇلار ئۇچى بىرلەشسە، خان - بەگلەردەك ياشايدىغانلىقنى ئېيتقان. ئەمما، توختى ئاخۇن قەتئىي رەت قىلغانىدى. مۇچىڭتەي بىلەن مۇبار ئامالسىز شىلەيشاڭدىكى سارايغا قايتىپ كېتىپ، باش قاتۇرۇپ مەسلىھەت - پىلان قىلىشقاندىن كېيىن، بۈگۈندىن ئۈچ كۈن ئىلگىرى توختى ئاخۇننىڭ ھوزۇرىغا ئىككىنچى رەت كېلىپ، ئۈچى بىرلىشىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ماھارىتىنى گۇچۇڭدىن ئىبارەت بۇ چەت - ياقا يۇرتتا يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار غايىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ كەلگەنلىكلىرىنى ئېيتىشقان. تۇنجى رەت كۆرۈشكەندە ئېيتقان گەپلىرىنىڭ توختى ئاخۇننى «چېكىپ بېقىش» مەقسىتىدە ئېيتقانلىقنى ئىزاھلاپ، ئۆزرە ئېيتىشقانىدى.

شۇ چاغدا توختى ئاخۇن «ئويلىنىپ باقاي» دەپ، ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويغانىدى.

توختى ئاخۇن ئالدى بىلەن لى جۇڭ ساقچىنى ئىزدەپ باردى. لى جۇڭ بۇ كۆڭلەردە ئالدىراش ئىدى. چىڭ سوئاللىرى ئاغدۇرۇلۇپ، مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئامبال سوخۇناشىن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. لى جۇڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولدى. سوخۇشارا خىزمەتتە خاتالىشىپ، ئادەتتىكى ساقچىلىققا چۈشۈرۈلگەنىدى. ساقچى باشلىقى بولغان لى جۇڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىغا قارىماي، بۇ قەدىناس دوستى توختى ئاخۇنغا مۆچىكتەينىڭ ئەھۋالىنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بەردى.

مۆ چىكتەي گەنسۇ خېجولۇق، ئاتىسى چىڭ سوئاللىرىنىڭ چوڭ ئەمەلدارى بولغان. مۆچىكتەي جانبازلىق ماھارىتىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئۇچ ئىلمەك بارماق» ماھارىتىنىڭ يىراق - يېقىنغا داڭقى چىقىپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئورنىغا «سەنگۇ جاڭ» لەقىمى ئالماشقان. ئۇ گەرچە جانبازلىق ماھارىتىدە كامالەتكە يەتكەن بىلەن، ئۆزى ياشىغان يۇرتىكى ئوغرى - قىمارۋاز، ھاراقكەش - لۈكچەكلەرنىڭ ئاتامىنى بولۇۋېلىپ، «ئىشەك ھاگىرىغان، داپ داراڭلىرىغان» يەرلەردە يۈرۈپ، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، ئاتىسىنىمۇ، ئەل - يۇرتىنىمۇ قاقشىتىپ، يۇرتىدا تۇرالماي، بۇ يۇرتقا كەلگەنىكەن.

— ئەگەر، — دېدى لى جۇڭ توختى ئاخۇنغا، — مۆچىكتەي يامان يولدىن يېنىپ، جانبازلىق ماھارىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزگىلەرگە ئۆگىتىپ، جانبازلىقنى بۇ يۇرتلاردا راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە سىزنىڭ بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشىمەن دېسە، بۇ ياخشى ئىش، قول بېرىشسەڭ بولىدۇ. بۇ يۇرتتا ئۇ سىزنىڭدەك بىر داڭقى چىققان جانبازنى ئۆزىگە يار - يۆلەك قىلماي پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى شۇ. ئەگەر يەنە يولدىن چىقسا، ئۇنى

ئەدەپلەپ قويۇشقا سىنىڭ چامىڭ يېتىدىغۇ؟ قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل، دوستۇم.

توختى ئاخۇن ئۇستازلىرى يىپ جەنجاڭ، دىڭ ئاخۇن، گا ئىماملاردىنمۇ شۇ تەرزدىكى جاۋابنى ئالدى.

— بولىدۇ، مەن سىلەر بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇشاي، جانبازلىق ماھارىتىڭدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆزئارا ئۆگىنىش ياخشى ئىش. ناۋادا خەلققە زۇلۇم سالىدىغان، باشقىلارنى بوزەك قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق قىلىدىغان ئىشلار ئارىمىزدا كۆرۈلسە، كىمكى شۇنداق سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزسە ياكى ناشايان قىلىقلارنى قىلسا، شۇنى ئارىمىزدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىمىز ھەم ئۇنى جازالايمىز، مۇشۇنىڭغا قوشۇلامسىلەر؟!

توختى ئاخۇن ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ئەنە شۇنداق قىسقا ھەم كەسكىن تەلەپنى، شەرتنى ئېيتتى. مۇبار بىلەن مۇچىڭتەي دەرھاللا ئىپادە بىلدۈردى:

— بولىدۇ، شەرتكە بويسۇنمىغانلارنى چاقماق سوقسۇن! — دېدى مۇچىڭتەي.

— جانمۇ ئېغىزدىن، گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ، — دېدى مۇبار.

توختى ئاخۇن بىلىگە ئېسىقلىق غىلىپىدىن پىچاقنى چىقىرىپ، سول بىلىكىنىڭ ئىچ تەرىپىنى كىچىككىنە تىلىپ قان چىقاردى، مۇبار بىلەن مۇچىڭتەيمۇ شۇنداق قىلدى ۋە بىلەكلىرىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈشۈپ تۇرۇپ:

— بىز ئۈچ ئاغا - ئىنى بىر - بىرىمىزگە مەڭگۈگە سادىق بولۇپ، جاپادا ھەم ھالاۋەتتە بىللە بولۇپ، جۇڭگوۋا ئېلىنىڭ جانبازلىق ماھارىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشتە ھەمدەمدە بولىمىز. كىمكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلسا ئۇنى تەڭرى جازالىسۇن! — دېيىشتى.

يېشىغا قاراپ مۇچىگىتەي چوڭ ئاغا، مۇبار ئىككىنچى ئاغا، توختى ئاخۇن كەنجى تاي بولدى. شۇ يىلى توختى ئاخۇن ئوتتۇز ئىككى ياشتا ئىدى.

مەشتىكى ئوت تۇتىشىپ، ئۆي ئىچى بارا - بارا قىزىدى. يېگىدىن قول بېرىشكەن بۇ ئۈچ ئاغا - ئىنى كەچكىچە پاراڭلىشىپ ئاندىن تارقاشتى. توختى ئاخۇننىڭ ئىككى شاگىرتى كەچلىك قاراۋۇللۇققا يېتىپ كېلىشتى.

× × ×

قول بېرىشكەن بۇ ئۈچ ئاغا - ئىنى دەسلەپتە ھەر ئۈچ - بەش كۈندە بىر قېتىم باش قوشۇپ، جانبازلىق ماھارەتلىرى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرىلەر قىلىشىپ تۇردى. ۋۇداڭشەن، شاۋلىن گۇمپىسى، جەنۇبىي جۇڭگو جانبازلىقى، شىمالىي جۇڭگو مەزھىپى، تەيجى گۇمپىسى، ياچۇەك گۇمپىسى، يىلان ھەرىكىتى، مايمۇن ھەرىكىتى، خو ئائىلىسى گۇمپىسى، جاۋ ئائىلىسى گۇمپىسى...... دېگەندەك چوڭ - كىچىك مەزھەپلەرنىڭ گۇمپا - ماھارەتلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئالاھىدە تەرەپلىرىنى مۇلاھىزە تېمىسى قىلىشتى ۋە ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ماھارەت - گۇمپىلارنى ئىسلا قىلىشقا، كۆچەيتىشكە، تاكامۇللاشتۇرۇشقا تېگىشلىك جايلىرىنى تىلغا ئېلىشىپ، كۆرسەتمىلەر بېرىشتى. مۇنداق بەھسكە ئاستا - ئاستا يېڭى جەنجاڭ، دىڭ ئاخۇن، گا ئىمام قاتارلىق پېشقەدەم جانبازلارمۇ ئىشتىراك قىلدى. گاھىدا سەنشىمياۋ بۇتخانىسى، گاھىدا داميياۋ بۇتخانىسى، نياڭ نياڭ مياۋ بۇتخانىسى سەينالىرىدا، بەزىدە چوڭ مەسچىت ئالدىدا كىچىكرەك مەيدانلار تۈزۈلۈپ، بەسلىشىش، ماھارەت كۆرسىتىش، سىنىشىش قاتارلىق مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلدى.

توختى ئاخۇن بىلەن مۇچىڭتەي، مۇبار، مالاۋۇۋ، مالاۋسى، ۋاڭتاۋ، جاڭسەنلەر ۋە يېڭىدىن يېتىشىپ چىققان شاگىرتلار ئۆزئارا خىلى خىلى بىلەن ئويۇن كۆرسىتىشىپ تۇردى. دەرۋەقە، مۇچىڭتەي جانبازلىق ماھارەتلىرىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن كىشى ئىدى. بىرقانچە رەت ئويۇن كۆرسىتىش، سىنىشىش، بەسلىشىش نەتىجىسىدە مۇچىڭتەي توختى ئاخۇن بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ئەگەر سەللا ئېھتىياتسىزلىق، بىپەرۋالىق قىلسا، مۇچىڭتەي توختى ئاخۇنغا يېڭىلىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. توختى ئاخۇندىكى كۈچ - قۇۋۋەت، سالماقلىق، دەللىك، چەبدەسلىك، ئىچكى ئېنېرگىيەنى تەڭشەش، بەدەن ساپاسى ئالاھىدە ئىدى. بۇنى مۇچىڭتەي پەملىدى. يې جەنجاڭ، دىڭ ئاخۇن، گا ئىماملارمۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى، كەسپىي سەزگۈرلۈكى بىلەن بۇنى سەزگەنىدى. توختى ئاخۇن بولسا قاتتىقلىق بىلەن ئەۋرىشىملىكنى، چەبدەسلىك بىلەن دەللىك ۋە سالماقلىقنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ مۇچىڭتەي، مۇبار ۋە باشقا جانبازلاردىكى ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىقلارنى ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان تەرەپلەرنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ تۇردى.

كۈنلەر شۇ تەرزدە ئۆتۈپ بىرەر يىل بولغاندا، مۇچىڭتەي قول بېرىشكەن ئاغا - ئىنىلەر ئۇچرىشىشقا ھەپتىدە بىرەر قېتىم ياكى ئون - ئونبەش كۈندە بىرەر نۆۋەت، گاھىدا ئايدا بىرەر قېتىممۇ كەلمەس بولدى. مۇبار ئۇنى ئىزدەپ شىلەيشاڭغا بىرقانچە رەت بارغىنىدا، ئۇنى گاھى قىمارخانىدا، گاھى قاۋاقتا، گاھىدا پاھىشىخانىدا كۆردى. خەيرىيەت، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەردى. بىركۈنى مۇچىڭتەي ھاراقنى كۆپ ئىچىۋېلىپ، شىلەيشاڭدىن لىخۇا جەنىزە تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، چاپىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق، بىر پۇتىدا خەي، بىر پۇتى يالاڭئاياغ، بىر پۇچقىقى تۈرۈكلۈك ئىدى. ئۇ گاھىدا دەلدەڭشىپ كوچىنىڭ ئۇ

www.uyghurkitap.com

بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۆتسە، گاھىدا باغلاقتىن بوشاپ كەتكەن بۇقىدەك ئۇدۇل كەلگەننىگە چېپىلىپ، ئۇرۇپ - سوقۇپ كېلىۋاتاتتى. شىلەيشاڭدىن لىنخۇا جەنزە تەرەپكە قايرىلىدىغان دوقمۇشتا مۇبارغا ئۇچرىغان مۇچىڭتەي دىۋىدەك بەستلىك مۇبارنىمۇ خۇددى چاپاننى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى ۋە ئۆزىمۇ دەلدەڭشىپ بىرىپ تام تۈۋىگە يىقىلىپ قالدى. مۇبار ئورنىدىن قوپۇپ توپا - چاڭلىرىنى قاقماستىنلا لىنخۇا جەنزىگە كەلدى. بۇ شام ئارىلاپ قالغان چاغ بولۇپ، توختى ئاخۇن قاراۋۇللۇق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئەمدى ئېچىپ تۇراتتى.

— لاۋدا[1] كوچىدا يىتىپ قالدى. مەن يولەي دەپ قېشىغا بارسام مېنى چاپاننى چۆرۈگەندەك چۆرۈۋەتتى. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مۇبار.

— يۆرە، ئىككىمىز بىرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىۋالايلى، — توختى ئاخۇن ئىشىكنى ئېتىپ تالاغا چىقتى، — بۇ ئاغىمىز ھاراقتىن چىققان كۈنى قاغا پوق يېمەس بولىدۇ. نېمىدېگەن تويمىغان نەپسى ئۇنىڭ ھاراققا!؟ — دەپ غودۇڭشىپ قويدى توختى ئاخۇن ۋە گۈس - گۈس دەسسەپ مۇچىڭتەي بار جايغا يۈرۈپ كەتتى.

مۇچىڭتەي كوچىدا يەنە دەلدەڭشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى چاپىنى يوق، ئۆزى خۇددى ئېشەك سويىدىغان قاسساپلاردەك بەتبەشىرە كۆرۈنەتتى.

ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغانلاردىن بىر - ئىككىسىنى ئۈچ بارمىقى بىلەن ئىلىپلا تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر توپ بالا ئۇنىڭغا تاش - داڭگال ئاتماقتا، بىراق تاش - داڭگال ئۇنىڭ تارشىدەك قاتقان يەدىنىگە چىۋىن چاققانچىلىكمۇ تەسىر قىلمايتتى. لېكىن،

[1] لاۋدا — خەنزۇچە ئاغا، چوڭ ئام دېگەن مەنىلەردە — ئا.

گۈچۈك تەۋەسىدە ناھايىتى تېزلا تونۇلغان بۇ جانبازنىڭ شۇ تۇرقىغا يولدىن ئۆتكەن چوڭراق ئادەملەر ئەپسۇسلىنىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ «تووۋا ـ تووۋا! بۇ داڭلىق جانبازنىڭ قىلىشى يۈرىكىنى قىلىقىنى قاراڭلار!» دېيىشمەكتە. بۇ گەپلەردىن توختى ئاخۇن بىلەن مۇبار خېلىلا ئوڭايسىزلاندى. توختى ئاخۇن مۇچىڭتەيگە يېقىنلاپ بېرىپ ئۇنىڭ سول بىلىكىنى شۇنداقلا تۇتۇشىغا، مەستلىكتە دەلدەڭشىپ ئاران كېتىۋاتقان مۇچىڭتەي، خۇددى ئوت ـ چۆپ ئارىسىدىن ۋاشىلداپ يىلان چىققاندەكلا، ئوڭ قولىنىڭ ئۇچ بارمىقىنى ئىلمەك قىلىپ توختى ئاخۇنغا چاڭ سالدى. توختى ئاخۇن ئۇنىڭ تۆمۈردەك قولىنىڭ بىغىشىدىن كاپلا قىلىپ تۇتتى. مۇچىڭتەي بۇ قول ئىگىسىنى بىلدى ـ دە، كۆندۈرۈلگەن يىلپىز ئىگىسىنىڭ يېتىلىگىنىگە بويسۇنغاندەك، ياۋاشلىق بىلەن سوكۇلداپ ماڭدى. مۇبار ھەيرانۇھەس قالدى. ئۇ توختى ئاخۇنغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولدى.

ئۇلار مۇچىڭتەينى توختى ئاخۇننىڭ قاراۋۇلخانىسىغا ئەكىلىپ كارىۋاتتا ياتقۇزۇۋىدى، مۇچىڭتەي كەينى ـ كەينىدىن قاتتىق ھۆ قىلىشقا باشلىدى. مۇبار ئۇنىڭ قەي قىلىدىغانلىقىنى پەملەپ، كۆمۈر ئالىدىغان داسنى ئەكىلىپ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە قويدى. دېگەندەك، مۇچىڭتەي خۇددى قوي قېرىنىدىن ژىن تۆككەندەكلا كەينى ـ كەينىدىن قۇسۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئادەم تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەتىسى پېشىندىن يانغاندا توختى ئاخۇن كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئۆي ئىچىدىن ئېچىغان ئاشنىڭ ھىدى كەلمەكتە. ئۇ مۇچىڭتەينى ئويغاتتى. مۇچىڭتەي بېشىنىڭ يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى، بەدەن بېشىنىڭ خۇددى ئۇرۇپ يانجىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. توختى ئاخۇن كارىۋاتنىڭ تېگىدىكى قۇسۇق بار داسنى ئېلىپ مۇچىڭتەيگە

كۆرسەتتى. مۇچىڭتەي ئۇنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندى بولغاي، گەپ - سۆز قىلمايلا داسنى كۆتۈرۈپ سىرتقا ئاچىقىپ قۇسۇقنى ئەۋرەز ئېرىقىغا تۆكتى- دە، داسنى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغا قويۇپ قويۇپلا، تۇختى ئاخۇنغا ئۈندىمەستىن كېتىپ قالدى. ئۇ شۇ كەتكەنچە ئىككى ئاي ئۈن - تىنسىز ئۆتتى، ئۈچىنچى ئېيىغا كەلگەندە، تۇختى ئاخۇن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالدى. خەتنى مۇبار ئوقۇدى:

*«قول بىرىشكەن ئىنىلىرىم لاۋزىبىر، لاۋسەنگە، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ؟ مەن سىلەرگە مۇشۇ خەتنى يېزىشقىمۇ مىڭبىر خىجالەتكە پاتتىم، مەن سىلەردەك مۇسۇلمان ئىنىلىرىمنىڭ ئالدىدا ھاراقكەشلىك قىلىپ بىھايا قىلىقلارنى قىپتىمەن. قول بىرىشكەندىكى ئەھدىمىزگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلىپ، «ئىت بېشىنى تەخسىگە ئالسا تەخسىدە تۇرماپتۇ» دېگەندەك، ئىززەت - ھۆرمىتىمنى قىلغىنىڭلارغا يارىشا ئەدەپلىك يۈرمەپتىمەن. خەيرىيەت، ئەمدى مەن ئىلىدا ئوبدان ياشاۋاتىمەن. ئىلىمۇ گۇچۇڭغا ئوخشاش باياشات يۇرتكەن. لېكىن، يېنىمدا سىلەردەك قول بىرىشكەن ئىنىلىرىم بولمىغاچقا، كۆڭلۈم پەرىشان ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇ يەردىمۇ قىمارۋاز، ئوغرى - لۈكچەكلەر مېنى ئىككى ئايغا بارمايلا تونۇپ كېتىشتى. ھەممىسىلا «ۋاي مۇچىڭتەي ئاغا، ۋاي لاۋدا» دەپ تۇرۇۋشىدۇ. گەدەنكەشلىك قىلغانلاردىن بىر - ئىككىسىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋىدىم، ھازىر ھەممە لۈكچەك - قىمارۋاز شۈكلەپ كېتىشتى. ھەر قېتىم ھۇزۇر - ھالاۋەت سۈرگەندە ئىنىڭلارنى ئەسلەپ قالىمەن. ئەگەر كەلسەڭلەر، ئىلىدا*

*ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ دەۋران سۈرىمىز، بولۇپمۇ توختى ئاخۇن ئىنىم، چوقۇم كەلگىن. گۈچۈكىدىنمۇ ئۆزۈم يۇرتۇم، ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر ئارىسىدا كىرىلىپ، كۈلۈپ - ياىراپ ياشىيالمىدىم دېسەڭ، مانا بۇ ئىلى يۇرتۇڭدىن يىراق، تونۇش - بىلىشىڭ يوق. بىرقانچە يىل بولسىمۇ شاھ - سۇلتاندەك ياشىۋالغىن، ھۇنەر - گۈمپىدا سىڭىگدەك كامالەتكە يەتكەن ئادەم ئۆتكەن كۈنگە شۈكرى قىلىپلا ياشىسا، زايە كېتىدۇ! «ئادەم ئۆزى ئۇچۇن قايغۇرمىسا يەر يۇتۇر» دېگەن تەمسىل بار. قاغىدەك ئۈچ يۈز يىل ياشىغاندىن كۆرە، بۈركۈتتەك بىر يىل ياشىغان تۈزۈك ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ تەكلىپىمنى ئويلىشىپ، تېزدىن جاۋاب خەت ئەۋەتكەيسىلەر.*

*قول بېرىشكەن ئاغىلار*
*مۇچىكتەيدىن.»*

مۇبار خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، شادلىنىپ كەتتى. ئۇ توختى ئاخۇنغا قاراپ:

— لاۋسەن، قانداق خىيالدا بولۇۋاتىسەن؟ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ بىرقانچە يىل ياىراپ كەلمەيلىمۇ؟ — دېدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەر ئىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم، بالىچاقام بار، بىزدە بىر گەپ بار: «خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول» دەيدىغان. سەن بېرىپ كېلىمەن دېسەڭ بېرىۋەرگىن، — توختى ئاخۇن گەپنى ئۇزۇپلا ئېيتتى.

— بوپتۇ ئەمىسە لاۋسەن، مەن ئىلىغا بارىمەن. «ئاتالمىغان

ئەردىن، ئاتالغان دۆڭ ياخشى» دېگەن گەپ بارغۇ سىلەردە، ئۆلىغا بېرىپ شۇ يەردىن ئىستىقبالىمنى تاپارمەن. ئەتە كېلىمەن، خەپ - خالتا بولسا تەييارلاپ قويارسەن! — مۇبار شۇنداق دەپ توختى ئاخۇننىڭ يېنىدىن كەتتى.

توختى ئاخۇن مۇبارنى ئۇزىتىپ قويۇپلا لى جوڭنى ئىزدەپ ماڭدى. لى جوڭ توختى ئاخۇننىڭ ئېيتقىنى بويىچە مۇچىڭتەيگە خەت يازدى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

*«قول بىرىشكەنلىكىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن خىتىڭگە جاۋابەن بۇ خەتنى ساڭا ئەۋەتتىم. ئەھدىنامىمىزدە پۈتۈلگىنى بويىچە بولغاندا، سىبىنىڭ بىلەن مەڭگۈگە ئاغا - ئىنى بولۇشۇپ، جوڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ماھارەتلىرىنى يۇرتىمىزدا راۋاج تاپتۇرغان بولساق بەكمۇ ياخشى بولاتتى. بىرەر يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇ ياخشى نىيىتىمىز دەرۋەقە گۈچۈڭدا ئوبدانلا تەسىر پەيدا قىلغاندى، نىھايەت، سەن ئەسلى ماھىيىتىڭنى ئاشكارلىدىڭ، ئەمەلىيەت ئىككىمىزنىڭ ئىككى يولدىكى ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر بۇ جاھاندا ئىنسانىي سۈپەت بىلەن ياشاي دېسەڭ، ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلغايسەن!*

*توختى ئاخۇندىن*
*مىنگونىڭ 3- يىلى، گۈچۈڭ دىيارىدىن ئەۋەتىلدى.»*

ئەتىسى مۇبار توختى ئاخۇننىڭ خېتىنى ئېلىپ، ئىلى تامان يولۇپ كەتتى.

سۇ كەتتى تاش قالدى، ئوسما كەتتى قاش قالدى. توختى

ئاخۇن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ شاھ - سۇلتاندەك ياشايدىغان يولنى تاللىمىدى. ئانا يۇرتىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسىنى تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ يەنىلا گۆرۈگلىدا ياشاپ قېلىۋەردى...... ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مۇچىڭتەي ئىلىدا زورلۇق - زومبۇلۇق بىلەن ئۈچ يىل ياشاپ، قىلمىشى ھەددىدىن ئېشىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلىنىپتۇ. مۇبارنىڭ تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش - ئىزلىرى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ نام - نىشانىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭلا يوقاپ كېتىپتۇ.

ئوت تۆتىنچى باب

## ئالتاي - چۆچەك يولىدا

توختى ئاخۇن لىخۇاجەنزى بازىرىدىكى دۇكانلارنىڭ كېچىلىك قاراۋۇللۇقىنى توپتوغرا يەتتە يىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشتىن قول ئۈزدى. مانا ئەمدى ئۇ قارىھاجىنىڭ ئوغلى ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ هارۋىلىرىنى قورۇقداپ، ئالتاي - چۆچەك تەرەپكە ماڭدى. 5- ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئالتاي يايلاقلىرىدا ياۋا گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىدىغان مەزگىل. يىراقتىن قارىغاندا قىزغۇچ، هال رەڭ، ئاقۇچ، قارامتۇل كۆرۈنگەن مال توپلىرى يېقىنلاپ كەلگەندە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئات - كالا، قوي - ئۆچكە پادىلىرى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. تايچاق، موزايلار، قوزا - ئوغلاقلار قىن - قىنىغا سىغماي سەكرىشىپ ئويناشماقتا. ياۋا گۈللەرنىڭ ئۈستىدە ياۋا هەرىلەر، هەرخىل رەڭدىكى كېپىنەكلەر ئۇچۇشماقتا. ئوتلار ئارىسىدا كەكلىك، قىرغاۋۇللار چۈجىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، دەم كۆرۈنۈپ، دەم يوقاپ كېتەتتى؛ كۆكتە كېچىكىپ كەلگەن پەسىل قۇشلىرى «غاق - غۇق، غاق - غۇق» قىلىشىپ، ئۆزلىرى نىشان قىلغان يەرلەرگە قاراپ ئالدىراش ئۇچۇشاتتى. گاهى - گاهىدا كۆكنەك قۇش ئاسمان بوشۇقىدا قاناتلىرىنى دىرىلدەتكىنىچە بىر ئورۇندا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ ئاندىن يەر يۈزىگە ئوقتەك شۇڭغۇپ چۈشەتتى- دە، ئازراق ۋاقىتتىن

كېيىن كۆچلۈك تىرناقلىرىدا بىرنېمىنى قامالىغان پېتى يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى......

يەر يۈزى يۇمران ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ياپيېشىل كۆرۈنەتتى. ئەنە شۇ ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا پىچانگۈل، ھال رەڭ ھەشقىپىچەكلەر، يالاڭ بەرگلىك ياۋا ئەپيۈنگۈل، مۈشۈك كۆزى گۈللەر، ياۋا جۇخار گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، غۇر ـ غۇر شامال چىقىشى بىلەن تەڭ ئوت ـ چۆپلەر باشلىرىنى لىڭشىتىپ، بەللىرىنى تولغاشقا، ياپراقچىلىرىنى لەپىلدىتىشكە باشلايتتى.

يىراقلاشقانسىرى يايلاق تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تەبىئەتتىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭمۇ 5 ـ ئايدىكى يايلاقتىن چىرايلىق كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى. پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى يېشىللىقتىن يېشىل رەڭلىك دېڭىز ھاسىل بولغان، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا باش كۆتۈرگەن ھەرخىل، ھەر رەڭدىكى گۈللەر يىپەك گىلەم ئۈستىگە چېكىلگەن كەشتىلەردەك، ئوچۇق ھەم گۈزەل مەنزىرە — گۈلزارلىق ھاسىل قىلىشقانىدى.

ئىللىق شامال يىراق ـ يىراقلاردىن ئەمەن، يالپۇز، شىۋاق ۋە ھەرخىل گۈللەرنىڭ پۇراقلىرىنى دىماققا ئۇرۇپ تۇراتتى. ئات ئۈستىدە يىراقتىكى قارلىق چوققىلارغا، قاپتاللاردىكى قاپقارا بولۇپ كۆرۈنگەن قارىغايزارلىقلارغا، يېشىل مەخمەلدەك چىرايلىق كۆرۈنگەن كەڭرى يايلاققا تويماي قاراپ، ھەرخىل گۈل ـ چېچەك، كوكاتلارنىڭ خۇشبۇي ھىدىنى كۆكسى تولغۇچە سۈمۈرۈپ كېلىۋاتقان توختى ئاخۇن ئېتىنى دېۋىتىپ، ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن ياندىشتى.

— يايلاق نېمىدېگەن چىرايلىق ـ ھە، ئىسمائىل بايۋەچچە؟ ئاپپاق باشلىق چوققىلار، بۆكتىدە ئۆسكەن قارىغايلار، گىلەمدەك رەڭدار ئوتلاقلار، مىغىلداپ يۈرگەن مال چارۋىلار، كۆكتە بەھۇزۇر



www.uyghurkitap.com

قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلار، يەر يۈزىدىكى تۈرلۈك گۈل - گىياھلار...... يايلاق دېگەن بۇ پانىي ئالەمدىكى جەننەت ئىكەنغۇ، جەننەت!؟ — دېدى توختى ئاخۇن قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ.

— شۇنداق، ياز كۈنلىرى يايلاق جەننەتنىڭ ئۆزىلا! — ئىسمائىل بايۋەچچە توختى ئاخۇننىڭ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدى، — توختاخۇن ئاكا، سىزنىڭ ئالتاي - چۆچەك تەرەپلەرگە تۇنجى قېتىم ئۆتۈشىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، — دېدى توختى ئاخۇن پەرۋاسىزلا.

— توختاڭلار يىگىتلەر! — ئىسمائىل بايۋەچچە ھەربىر هارۋىغا بىردىن سەپلەنگەن هارۋىكەش يىگىتلەرگە قاراپ توۋلىدى. ئون نەچچە يىگىت شۇ هامان توختىدى.

— توختى ئاخۇن ئاغام بۇ تەرەپلەرگە تۇنجى قېتىم ئۆتۈشى ئىكەن، شۇڭا سەپەر قائىدىسى بويىچە ئىش قىلايلى، ئۇنداق قىلمىساق سەپىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، قېنى يىگىتلەر، توختاخۇن ئاغىمىزغا سەپەر قائىدىسىنى قىلدۇرۇڭلار! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

يىگىتلەردىن بىرى قورۇغان ئەمەن شېخىدىن بىر غېرىچچە سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىككى دانە قورۇق ئات تېزىكىنى سانجىپ ئېلىپ كەلدى.

— قېنى توختاخۇن ئاغا، تېزەكنى چىشلەپ سەپەر قائىدىسىنى[1] قىلىڭ! — دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە راستىنلا

[1] سەپەرگە ياكى بىرەر يۇرتقا تۇنجى رەت ماڭغان كىشىگە «تېزەك چىشلىتىش» قائىدىسىنى قىلىشقا زورلايدۇ. شۇنداق بولغاندا «سەپەر ئوڭۇشلۇق بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، «تېزەك چىشلىتىش» سەپەر ئۈستىدىكى زېرىكىشلىكنى ئازايتىدىغان بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل ئويۇن. بۇ ئويۇن ئۇزاقتىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن — ئا.

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ.

— هوي - هوي! يىگىتلەر! ئادەمنىڭ تېزەك چېشلىگىنىنى نەدە كۆرگەن ئىدىڭلار؟— دېدى توختى ئاخۇن تېزەك سانجىلغان ئەمەن شېخىنى نېرى ئىتتىرىپ.

— بۇنى چىشلىمىسىڭىز زادى بولمايدۇ!

— ئۇنداق قىلمىسىڭىز سەپەر ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ!

— بۇنى چىشلىمىسىڭىز قار - جۇدۇندا قالىمىز!

يىگىتلەر تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشماقتا. توختى ئاخۇن رەت قىلماقتا.

— تۇتۇڭلار توختى ئاخۇن ئاغىنى، يەرگە بېسىپ تۇرۇپ بولسىمۇ تېزەكنى چىشلىتىڭلار!— ئىسمائىل بايۋەچچە ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يىگىتلەرنى «كۇش - كۇش» قىلماقتا.

— مانا ئەمىسە! — يىگىتلەر شۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن خۇددى كوماندا بېرىلگەن چېرىكلەرگە ئوخشاش توختى ئاخۇنغا تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

بىراق، توختى ئاخۇن ئۆزىنى تۇتقۇزمىدى. ئۇ ئون تۆت - ئون بەشچە يىگىتنىنى خۇددى چاپاننى چۆرۈگەندەك هايت - هۇيت دېگۈچىلا ئوڭ - سول، ئالدى - ئارقىغا چۆرۈپ تاشلىدى. يىگىتلەر قايتىدىن تۆت - بەشتىن بىر بولۇپ، كەينى - كەينىدىن ئېتىلىپ كېلىۋىدى، نەتىجىسى ئوخشاشلا بولدى. ئۈچىنچى رەت ئون نەچچە يىگىت پىچىرلىشىپ تۇرۇپ چەمبەر شەكلىدە بىراقلا ئېتىلىۋىدى، بىر - بىرىنى ئۆسۈشۈۋېلىپ، ۋايجانلاپ كەتتى. يىگىتلەر هالقىسىمان يوپۇرۇلۇپ ئېتىلغاندا، توختى ئاخۇن يەڭگىللىك هەرىكىتى بىلەن بىرلا كۆكلەپ چىقىپ موللاق ئېتىپلا چەمبەرنىڭ سىرتىغا چۈشكەنىدى.

— بولدى - بولدى، ئوتتۇز بولۇپ كەلسەڭلەرمۇ توختى ئاخۇن ئاغامنىڭ بىر تال موينىمۇ يۇلالمىغۇدەكسىلەر، ئويۇن مۇشۇ

يەرگىچە بولسۇن، ئازراق نان يېۋالايلى!― دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ. ئىسمائىل بايۋەچچە گەرچە سەپەر ئۈستىدىكى ئويۇن «تېزەك چىشلىتىش» نى يىگىتلەرگە بۇيرۇغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ توختى ئاخۇننىڭ گۇمپا ـ ماھارىتىنى سىناپ كۆرگىنى ئىدى. ئالتاي ـ چۆچەك يولىدا پات ـ پاتلا قاراقچىلار ئۇچراپ قالاتتى.

يىگىتلەر پالازنى قولمۇقول ھارۋىلاردىن ئېلىپ ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە سالدى. خۇرجۇندىن نان، قاپاقتىكى سۇنى ئېلىپ كېلىپ، ھەممىسى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ يېيىشتى.

― بايامقىسى سەپەر ئۈستىدىكى بىر ئويۇن توختاخۇن ئاغا، ئاتا ـ بوۋىلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سەپەر ئويۇنىكەن. لېكىن، بوشراق تۇرغان ئادەملەر شۇ قائىدىنى قىلماي ئامالى يوق،― دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە توختى ئاخۇنغا قاراپ،― يىگىتلەرنى ئەدەپسىزلىك قىلدى دەپ كۆڭلىڭىزگە ئېلىپ يۈرمەڭ جۇمۇ؟!

― مەنمۇ ئويۇنمىكىن دېدىم شۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىسمائىل بايۋەچچە ھارۋىلارنى قوروقداپ ماڭغان ئادەمگە گۆش يېگۈزمەي، تېزەك چىشلىتەرمىدى دەپ ئويلىدىم،― دېدى توختى ئاخۇن چاقچاق ئارىلاش.

― راست دەيسىز، سىزنى گۆش بىلەن بېقىشىم كېرەك، ھېلى بولسىمۇ ئالدىمىزدىكى ئۆتەڭدە گۆش يەپ ماڭارمىز،― دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە توختى ئاخۇنغا قاراپ كۈلۈپ.

― بايۋەچچە، توختاخۇن ئاغىمىزنىلا گۆش بىلەن بېقىپ، بىزلەرنى قاتتىق نان بىلەن بورداپ يۈرمەكچىمۇ ـ ھە؟― دېدى بايام ئەمەن شېخىغا قورۇق ئات تېزىكى سانجىپ كەلگەن مەردان دېگەن يىگىت. بۇ يىگىت ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ بېشى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— توغرا - توغرا، بايۋەچچە بىزنى قاتتىق نان بىلەن بورداپ يۈرمەس؟!— دېدى يىگىتلەر تۈشمۇتۈشتىن.

— سىلەرنىڭمۇ شۇ قاتاردا گۆش بىلەن باقۇرمەن يىگىتلەر، تەك يېگەن تەنگە سىڭەر دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!؟— دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە. ئىسمائىل بايۋەچچىمۇ ھارۋا ھەيدەشكە ياللانغان يىگىتلەر بىلەن تەڭتۇش ئىدى. بۇ بايۋەچچە كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئويۇن - تاماشىغا ئامراق، خۇش چاقچاق يىگىت بولۇپ، ئاتىسى قارىھاجىنىڭ يۈتۈن سودا ئىشلىرىنى قولىغا ئالغانىدى. بۇ سەپەرچىلەر ئارىسىدا پەقەت توختى ئاخۇننىڭلا يېشى چوڭراق ئىدى.

— ھەببەللى، بايۋەچچىمىزنىڭ مەردلىكى بار يىگىت جۇمۇ!؟— دېدى ھارۋىكەش يىگىتلەردىن بىرى.

— ئىسمائىل بايۋەچچىمىزغۇ بىزنى گۆش بىلەن مېھمان قىلىشقا ۋەدە قىلدى، توختاخۇن ئاغىمىز شۇنچە يىگىتنى بىرقانچە قېتىم يەرگە تاشلىۋەتتى. بەدەن - باش ھازىرغىچە زىڭىلداپ ئاغرىۋاتىدۇ. بۇ ئاغرىقنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان بىرەر ئىش قىلمىسۇنمۇ توختاخۇن ئاغىمىز، قانداق يىگىتلەر؟!— مەردان يىگىتلەرگە «كۈش - كۈش» قىلدى.

— توغرا، شۇنداق قىلسۇن!

— قىزىقراق بىرەر ھېكايە ئېيتىپ بەرسۇن!

— چۆچەك ئېيتىپ بەرسۇن!

يىگىتلەر تۈشمۇتۈشتىن تووۋلاشتى.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن سىلەرگە بىر قاراقچىنىڭ جەننەت ياكى دوزاخقا كىرىش - كىرمەسلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي. ئىسمائىل بايۋەچچە بايام بۇ يوللاردا قاراقچىلار ئۇچراپ قالىدۇ دېۋىدى، شۇ گەپ مېنىڭ ئېسىمگە قاراقچى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى كەلتۈردى،— دېدى توختى ئاخۇن.

— بولىدۇ، ئاگلايلى، — دېدى ھارۋىكەش يىگىتتىن بىرى، — قاراقچىنى كۆرۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ھېكايىسىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرايلى.

— قاراقچىمۇ جەننەتكە كىرەلەمدىكەن؟ — دېدى يەنە بىر يىگىت.

— ئاڭلاپ باقمايلىمۇ ئاۋۋال، شۇك تۇرۇڭلار! — دېدى مەردان.

توختى ئاخۇن ھېكايىسىنى باشلىدى:

ئىلگىرىكى زامانلاردا بىر قاراقچى ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھاياتىدا توقسان توققۇز ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قېرىپتۇ. قىلمىشلىرىغا تووۋا قىلىدىغان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، بىر تەقۋادار ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆيلىگىنىنى ئېيتىپتۇ. ھېلىقى تەقۋادار ئادەم:

— سەن توقسان توققۇز ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئەشەددىي گۇناھكار ئىكەنسەن، قانچىلىك تووۋا قىلغىنىڭ بىلەنمۇ ئاللاتائالا سېنىڭ گۇناھىڭدىن ئۆتمەيدۇ. ساڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق! — دەپ كېسىپلا ئېيتىپتۇ. بۇ گەپ قاراقچىنىڭ زەردىسىنى قاينىتىپتۇ-دە:

— بوپتۇ ئەمىسە، ئاللاتائالا گۇناھىمدىن ئۆتمىسە، سېنىمۇ ئۆلتۈرەي، ئۆلتۈرگەن ئادىمىم يۈز بوپكەتسۇن! — دەپ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ، ياخشى گەپ قىلمىغان ئۇ تەقۋادار ئادەمنى بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، قاراقچىنىڭ يەنە تووۋا قىلغۇسى كېلىپ، بىرەر ئادەم تېپىپ، قانداق تووۋا قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىماق بولۇپ، يۇرت ئىچىنى ئارىلاپتۇ. ئۇ ئارىلاپ يۈرۈپ ئاپپاق ساقاللىق بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ، شۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ ئوي - خىيالىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئادەم ئاپپاق ساقلىنى سىلاپ تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— سەن دەرۋەقە ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئادەم ئىكەنسەن، بىراق توۋا قىلساڭ ئاللاتائالا كەچۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن، سەن يامان قىلمىش قىلغان بۇ شەھەردىن كەتكىن، باشقا بىر شەھەردە چىن كۆڭلۈڭ بىلەن توۋا - ئىستىغپار ئوقۇساڭ، بەلكىم تىلىكىڭ ئىجابەت بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن،— دەپتۇ.

ھېلىقى قاراقچى ئاپپاق ساقاللىق كىشىنىڭ سۆزىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، توۋا - ئىستىغپار ئوقۇش ئۈچۈن باشقا شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بىراق ئۇ، يېرىم يولدا جان تەسلىم قىپتۇ. ئۇنىڭ جان تەسلىم قىلغان يېرىگە دوزاخ ۋە جەننەتنىڭ پەرىشتىلىرى شۇ ھامان يېتىپ كەپتۇ. دوزاختىن كەلگەن پەرىشتىلەر: «بۇ قاراقچىنىڭ روھىنى دوزاخقا بەند قىلىش كېرەك، چۈنكى ئۇ ئۆمرىدە يۈز ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئەشەددىي قاراقچى» دېيىشە؛ جەننەتتىن كەلگەن پەرىشتىلەر: «توۋا گۇناھنى يەر، سەدىقە بالانى يەر. بۇ ئادەم قاراقچىلىق قىلغاندا يۈز نەپەر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ئاخىردا ئۇ گۇناھىنى تونۇپ، توۋا قىلىش يولىغا ماڭغان. شۇڭا، ئۇنى جەننەتكە ئاپىرىش كېرەك» دەپتۇ. بۇ تالاش - تارتىش ئۇزاققا سوزۇلۇپتۇ. بىر چاغدا غايىبتىن بىر سادا كەپتۇ:

— ئەي پەرىشتىلەر، سىلەر كۆپ تالاشماڭلار، سىلەر ئۆلگەن ئادەم ياتقان يەر بىلەن ئۇنىڭ ئەسلىي يۇرتى بولغان شەھەر ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار، ئاندىن كېيىن ئۇ ئادەم توۋا - ئىستىغپار ئۈچۈن ماڭغان شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەپ چىقىڭلار. ناۋادا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلگەن ئورنى ئۆز يۇرتى يەنى يامان قىلمىش قىلىپ، كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان شەھەر پاسىلى ئىچىدە بولسا، ئۇنى دوزاخ تامان ئېلىپ بېرىڭلار. ئەگەر، ئۇنىڭ ئۆلگەن ئورنى ئۇ توۋا قىلىشنى خالاپ سەپەر قىلغان شەھەر پاسىلى ئىچىدە بولسا، ئۇ توۋا - ئىستىغپار ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەتكە

ئۆتـۈپ ئانـدىن بـاقىي ئـالەمگە رىھلەت قىلغـان بولـدۇ. ئۇنـداقتا، ئۇنىڭ گۇناھى كىبىرى ئەپۇ قىلىنغان بولىدۇ. ئۇنى جەننەت تامان ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ.

پەرىـشتىلەر شـۇ ھامـان ئۆلچەشـكە كىرىـشىپتۇ. ئـاخىر مەلـۇم بوپتـۇكى، ئـۇ قـاراقچى تـوۋا ـ ئىـستىغپار قىلىـش ئۈچـۈن سەپەر قىلغـان شـەھەر پاسـىلىغا بىـر گەزچە كىرگەنـدە جـان تەسـلىم قىلغانىكەن. جەننەتتىن كەلـگەن پەرىـشتىلەر ئـۆلگەن قاراقچىنىـڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ مېڭىپتۇ......

توختى ئـاخۇن ھېكايىـسىنى ئېيتىـپ تـۈگەتتى. يىگىـتلەردىن بەزىلىرى ياقىسىنى چىشلەشتى:

— تووا، يۈز ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاراقچى تووا قىلىشقا نىيەت باغلاپ، ئاخىر جەننەتكە كىرگىنىنى قاراڭلار!؟ — دېيىشتى.

ئىسمائىل بايۋەچچە يىگىتلەرگە قاراپ:

ئاللاتائالا مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاللانىـڭ لۇتفى ـ كەرەمـى كەڭدۇر، — دېدى.

— مېنىڭچە، — دېدى مەردان، — ساۋابنى ھېلىقى ياخشى گەپ بىلەن نەسىھەت قىلغـان ئاپپـاق سـاقاللىق ئـادەم ئـاپتۇ جۇمـۇ بۇرادەرلەر!

— مەردانىنىـڭ گېپـى تـوغرا، — دېـدى تـوختى ئـاخۇن يىگىتلەرگە بىرقۇر قاراپ چىققانـدىن كېيىن سـالماقلىق بىلەن، — ئاپپاق ساقاللىق بـوۋاي ياخـشى گەپ ـ سۆز بىـلەن ئـۇ قاراقچىغا يامان يولدىن يېنىپ، تووا ـ ئىستىغپار ئېيتسا، گۇناھتىن ساقىت بولغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چوڭ ساۋابقا ئېرىـشتى. ياخـشى گەپ تاشنى يارار، يامان گەپ باشـنى يـارار، دېـگەن شـۇ. ياخـشى گەپ بىـــلەن بىراۋغـــا يـــول كۆرســـىتىش ئەخـــلاق ـ پەزىـــلەت جۈملىـــسىدىندۇر، — تـــوختى ئـــاخۇن ھەر دائىـــم شـــاگىرتلىرىغا ئەدەپ ـ ئەخـلاق توغرىـسىدا ئۇسـتازى ئەسـلا بەگنىـڭ تەلىمـى

بويىچە مانا مۇشۇ تەرزدە تەربىيە بىرەتتى. سەپەر جەريانىدا تونۇشقان بۇ يىگىتلەر گەرچە ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى بولمىسىمۇ، چوڭلارنىڭ گېپى كەلگەندە ياشلارغا ئۈگۈت ـ نەسىھەت قىلىپ، تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى سەۋەبىدىن، يۇقىرىقىدەك ھېكايە ئارقىلىق ئۇلارغا ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ساۋاق بەرگەن بولدى.

ــ رەھمەت توختىئاخۇن ئاغا، رەھمەت، بىزگە ياخشى بىر ساۋاق بەرگەن بولدىڭىز، ــ دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن.

سورۇن يىغىشتۇرۇلۇپ، ھارۋىلار قاتار تىزىلىشىپ يولغا چىقىشتى. بىرئاز يول يۈرگەندىن كېيىن غۇر ـ غۇر شامال چىقىشقا باشلىدى. شامال چىقىش بىلەن تەڭ يايلاقتا قاتمۇقات دولقۇنلار ھاسىل بولۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ غوللىرى ئىرغاڭلاشقا، يوپۇرماقلىرى پىلدىرلاشقا باشلىدى. ياۋا ئەپيۇن گۈلىدەك بەرگى نازۇك گۈللەرنىڭ سېرىق، ھال رەڭ بەرگىلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ياپيانسىز دالىنى قاپلىغان سالقىن شامالدا ئاتنىڭ قۇلاقلىرى ۋىڭىلدايتتى. پېشانىلەرگە يامغۇرنىڭ نەم تەپتى ئۇرۇلماقتا. ئاسماندىكى پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار خۇددى قارا قوي پادىلىرى بىر يەرگە توپلاشقاندەك يىغىلىپ قويۇقلاشماقتا. يايلاقنىڭ يىراق چېتىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلماقتا. سەپەرداشلار يامغۇرنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەشتى ـ دە، ئاتلارغا تارسىلدىتىپ قامچا ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاتلارمۇ ئۆتەڭگە ئالدىرىغاندەك، ئۇقۇرەك تاشلاپ چېپىشقا باشلىدى.

× × ×

ئالتاي يولىدا ئۈچ كۈن ماڭغان سەپەرداشلار تۇيۇقسىز كەتكەن

ئوتلاقتا قازاق ئاۋۇللىرىنىڭ بىرىدە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان توي مەرىكىسىگە ئۇدۇل كەلدى. ئىسمائىل بايۋەچچە يىگىتلەرگە ھارۋىلارنى توختىتىپ، چۈشكۈن قىلىشنى تاپىلىدى. يىگىتلەر ئاتلارنى ھارۋىدىن چىقىرىپ، پۇتلىرىغا چىدەر[1] سېلىپ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، قولمۇقول چېدىرلارنى تىكىشتى ۋە ھەممە نەرسىنى تەخلەپ، ئاتلارغا، يۈك - تاقلارغا قارايدىغان ئىككى نەپەر يىگىتنى قالدۇرۇپ، مەرىكە بولۇۋاتقان سورۇنغا كېلىشتى.

سورۇنغا ئاۋۇل - ئاۋۇللاردىن نەچچە يۈزلەپ ئادەملەر ئاتلىق، تۆگىلىك، ھەتتا كالا - قوتازلارغا مىنىشىپ كېلىشكەنىدى. بۇ ئادەملەر ئارىسىدا قازاق قەبىلىلىرىدىن نايمان، كېرەي، قىزاي، ئىتئىلى قاتارلىقلارنىڭ ئادەملىرى، موڭغۇل، ئۇيغۇر كىشىلىرىمۇ بار ئىدى. سورۇننىڭ بىر تەرىپىدە بەيگە - ئوغلاق، بىر تەرىپىدە چېلىشىش، يەنە بىر تەرىپىدە ئاقىنلار ئېيتىششى ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى. ئىسمائىل بايۋەچچە ئالتاي - چۆچەك تەرەپلەردە دائىم سودا - تىجارەت بىلەت شۇغۇللانغان بولغاچقا، بۇ يەردىكىلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە ئادەملىرى بىلەن ئاز - تولا تونۇشلۇقى بار ئىدى. ئۇ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، بۇ تويىنىڭ نايمان قەبىلىسىدىكى جارقىنباي دېگەن چارۋىدارنىڭ ئوغلىنىڭ نىكاھ تويى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئىسمائىل بايۋەچچە بۇ بايدىن يىلىغا يۈك - تېرە ئالاتتى، ئۇنىڭ بىلەن باردى - كەلدىسى قويۇق بولغاچقا، ئۆزى بىلەن بىرگە كەلگەن يىگىتلەرنى باشلاپ ئۇدۇل چېلىشىش سورۇنىغىلا كەلدى. جارقىنباي ھېلى ئاقىنلار ئېيتىشىش بولۇۋاتقان جايغا، ھېلى بەيگە - ئوغلاق مەيدانىغا، ھېلى چېلىشىش مەيدانىغا كېلەتتى. ئىسمائىل بايۋەچچە جارقىنباينىڭ چېلىشىش بولۇۋاتقان سورۇندا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ،

[1] چىدەر — ئاتلارنىڭ پۇتىغا سېلىنىدىغان تۇشەك، كىشەن — ئا.

يىگىتلەرنى شۇ سورۇنغىلا باشلاپ كەلگىنى ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، توي قۇتتى بولسۇن جارقىنباي ئاغا! — دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە جارقىنبايغا قاراپ غولىچىنى كەڭ يېيىپ.

جارقىنبايمۇ بۇ كونا بۇرادىرىنىڭ قۇتلۇق توي كۈنى كەلگىنىدىن خۇش بولۇپ، ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئۇنىڭ يىگىتلىرى بىلەنمۇ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مال - شارۋاڭ ئامان، تەندەرىڭ ساق، قەلئەلىرىڭ ھەيبەتما، جارقىنباي ئاغاتاي؟ — ئىسمائىل بايۋەچچە جارقىنباي بىلەن باشقىدىن قىزغىن سالاملاشتى.

— جۆن، جۆن، ئامانچىلىققوي باۋرىم، مانا ئۆزۈڭ كۆرگەندەك ئامانچىلىق، توي جاساپ تۇرىمىزغۇي، كەلگەندەرىڭ جاقسى بوپتۇ، چېلىشقا ئاتاپ بۆكە - بودراچ[1] ئالغاچ كەلگەن شىغارسەن؟!

— ئەلۋەتتە ئالغاچ كەلدىم.

— جۆن، جۆن، ئۆتە جاقسى، — جارقىنباي مېھمانلارنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى.

ئىسمائىل بايۋەچچىمۇ تويىنىڭ يارىشىقىنى قىلىپ، تاختا چاي، گەزمال، قەنت - ناۋاتتىن يىگىتلەرگە كۆتۈرتۈپ ئېلىپ كەلگەنىدى. جارقىنبايىنىڭ يۈگۈر - يېتىمغا قارىشىۋاتقان كىشىلىرى ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ سوۋغا - سالىمىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، رەھمەت ئېيتىشتى.

چېلىشىش سورۇنى قىزىماقتا، پالۋانلار بىرىنى بىرى يىقىتىپ،

[1] بۆكە — بودراچ — قەدىمكى تۈركچە سۆز، باتۇر، پالۋان، چېلىشچى مەنىسىدە — ئا.

ئاخىرىدا بىر قازاق يىگىتى مەيدانىنى ئىگىلىدى. ئۇ ھۆركۆرەيتتى. نەرە تارتىپ، پۇتى بىلەن يەرنى چاپچىيتتى. بۇ قىلىقلىرى «ماڭا چۈشىدىغان پالۋان بارمۇ؟» دېگەندىن بىشارەت ئىدى.

— ھاي، ئىسمائىلباي، ئالىپ كېلگىن بۆكەك قايدا؟ مەيدانغا چۈشۈرمەيسەنبا؟!— دېدى جارقىنباي ئىسمائىل بايۋەچچىگە قاراپ.

— جەڭگەن بۆكەتايغا سىيلىقىڭىز[1] باي شىغار ئاغاتاي؟!— دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە چاقچاق قىلىپ.

— بار بولماغاندا، ئاناجاقتا ئېگەرلەنگەن قارا ئايغىر بارغۇ باۋرىم! — جارقىنباي قولى بىلەن سورۇننىڭ بىر تەرىپىگە باغلاقلىق تۇرغان ئېگەر - توقۇملۇق قارا ئاتنى كۆرسەتتى.

يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. مەردان يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما، ئۇ بىرىنچى رەت تۇتۇشۇشتىلا يەرگە چاپلاشتۇرۇلۇپ، ئىككىنچى رەت چېلىشىشقا مادارى قالمىدى. ئوتتۇرىدىكى چېلىشچى پۇتلىرى بىلەن چاپچىپ - چاپچىپ قوياتتى.

— ئۇسۇ جىگىتتان باسقا جىگىتىڭ جوقما ئىسمائىلباي؟— دېدى جارقىنباي كۈلۈپ تۇرۇپ،— بىر رەتكە پايلاماي قالدىغۇ ئۇ بۆكە؟— جارقىنباينىڭ گەپ - سۆزىدە تەمەننا پۇرىقى بار ئىدى.

ئىسمائىل بايۋەچچە ئوڭايسىز ھالەتتە توختى ئاخۇنغا قارىدى:

— توختى ئاخۇن ئاغا، ئوتتۇرىغا ئۆزىڭىز چۈشمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ، شۇنچە يىراقتىن كېلىپ دۇمبىمىزنى توپا قىلىپ كېتەمدۇق؟

توختى ئاخۇن ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىغا قارىدى. ئۇلارنىڭمۇ كۆزىدىن ئىلتىجا ئۇچقۇنلىرىنى كۆردى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئوتتۇرىغا چۈشتى. بۇ ئۇيغۇرنىڭكىدەك بەلگە پوتا باغلاپ بەل

---

[1] سىيلىق — مۇكاپات، تارتۇق — ئا.

تۇتۇشىدىغان ياكى ئۇڭ يوتىغا پوتا چىگىپ شۇنى قاماللاپ تۇتۇپ چېلىشىدىغان شەكىلدىكى ئەركىن چېلىشىش ئەمەس ئىدى. كىم رەقىبىنىڭ قول، بىلەك، مۈرە ياكى بېلىنى ئالدى بىلەن تۇتۇۋالسا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىنى تاپىدىغان چېلىشىش ئىدى.

ئىككى چېلىشچى بىر - بىرىگە خېلىغىچە خىرىس قىلىشتى. يۇ، يۈگۈرۈپ بېرىپلا بىر - بىرىگە قول سېلىشمىدى. ھەر ئىككىسى قارشى تەرەپنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايتتى، خۇددى كۆز ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى دەڭسەۋاتقاندەك، گويا كۆز ئارقىلىق رەقىبىنىڭ پەنت - ماھارىتىنى سىناۋاتقاندەك ئىدى. ئىككى چېلىشچى تۆنجى رەت بىر - بىرىنىڭ بىلەكلىرىنى تۇتۇشۇپ يەنە شۇ ھامانلا قوللىرىنى سىلكىشىپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ بىلىكىنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋېلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئىككىنچى رەت يەنە شۇ ھالەتتە بىر - بىرىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ ئىتتىرىشىپ تىرىكەشتى. ئۇلارنىڭ پۇتى يۇمشاق يايلاق توپىسىغا ئۇششۇقىغىچە پاتتى. ھېلى قارشى تەرەپ رەقىبىنى كەينىگە بىرقانچە ماڭدام سۈرسە، ھېلى توختى ئاخۇن قارشى تەرەپنى بىرقانچە ماڭدام ئارقىغا چېكىندۈرەتتى. بۇنداق كۈچ سىنىشىش بەئەينى بۇقىلارنىڭ تىرىكەشكىنىگە ئوخشايتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۈچ - ماغدۇرى بىر - بىرىگە ئايان بولدى. شۇنداق تىرىكىشىپ تۇرغاندا، توختى ئاخۇن كونا ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ قارشى تەرەپنى ئوڭ يانپېشىغا ئېلىپ يەرگە ئاتتى. توختى ئاخۇن تۇنجى رەتتە ئۇتتى.

ئىككىنچى رەت چېلىشىش باشلاندى. بۇ قېتىم قارشى تەرەپ ناھايىتى سەگەك تۇرۇپ، توختى ئاخۇننىڭ ئوڭ تەرەپ يانپېشىغا ئېلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، توختى ئاخۇننى مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاشقا، يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئىرغىتىپ تاشلاشقا تىرىشاتتى. توختى ئاخۇن قارشى تەرەپنى يەنە

ئـوڭ يانپېـشىغا ئالدىغانـدەك قىيـاپەتتە بىـر - ئىككـى رەت ئىرماشـتى. رەقىبـى تـوختى ئاخۇننىـڭ ئۇنـداق پەنـتىگە ئەمـدى ئالدىنىپ قالدىغاندەك ئەمەس، ئۇ ناھايىتى ھوشيار ئىدى. قارشى تەرەپنىـڭ زېھنـى ئـوڭ تەرەپ يانپاشـقا چىقىـشىنىڭ مۇداپىيەسـىگە مەركەزلىشىپ تۇرغان ئاشۇ پەيتتە، تـوختى ئـاخۇن بىلىقتەك بىـرلا تولغىنىپ، رەقىبىنى سول يانپاشقا ئىلىپ يەرگە ئاتتى......

توختى ئاخۇن يەڭدى، يىگىتلەردىن بىرى ئىگەر - توقۇملۇق قارا ئايغىر باغلانغان موما ياغاچ تەرەپـكە يۈگۈرۈۋىـدى، جارقىنبـاي ئۇنى توختىتىۋالدى:

— ھـاي جىگىـت، تۇراتـۇر، توڭكـۆرۈس تېخـى ئاياقتـالغىنى جوق! — دېدى.

ئىسمائىل بايۋەچچە قازاقچىنى بىلمەي، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ تۇرغان ئۇ يىگىتنى قول ئىشارىتى بىلەن قايتۇرۇپ ئەكەلدى.

جارقىنبـاي يېنىـدىكى بىـر مۇلازىمغـا بىرنېمىلەرنـى پىچىـرلاپ قويۇپ، ئاندىن ئىسمائىل بايۋەچچىنىـڭ يېنىغـا كەلـدى ۋە ئۇنىـڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— توختى ئـاخۇن جاقسى ئەر جىگىـتكەن. بىـزدە بىـر بـۆكە بـار. تـوختى ئـاخۇن ئەنـدى ئوسـۇ بـۆكەمەنەن توڭكۆرسـىپ كۆرسە قانداي؟— دېدى.

ئىـسمائىل بـايۋەچچە جارقىنباينىـڭ گېپىنـى تـوختى ئاخۇنغـا ئۆرۈپ بەردى. ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ چىدىغانغا چىقارغان، بوپتۇ، توختى ئاخۇن باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇقنى بىلدۈردى.

بىردەمـدىلا ئىككـى قـازاق يىگىـت ئاجايىـپ زور گەۋدىلىـك چىپار ئايغىرغا تونـۇردەك يوغـان بىـر ئايـال چېلىـشچىنى مىنـدۈرۈپ ئېلىـــپ كەلـــدى. چىپـــار ئايغىرنىـــڭ بېلـــى ھېلىقـــى ئايـــال چېلىـشچىنىڭ بەسـتىنىڭ ئېغىرلىقىـدىن ئېگىلىـپ كەتكەنـدى. تۆت - بەش يىگىت ئۇ ئايالنى مىـڭ تەسـلىكتە ئـاتتىن چۈشـۈردى

ۋە ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ مېڭىپ سۇر — ھەيۋە كۆرسىتىپ مەيدان ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئادەتتىكى ئادەملەر خۇددى ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان كىچىك بالىدەك كۆرۈنەتتى. قارىغاندا، ئۇ ئايال چېلىشچى ئۆرە تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئولتۇرۇپ چېلىشىدىغاندەك تۇرقتا ئىدى. چۈنكى، ئۇ مەيداندا ئاياغدا دەسسەپ ئۇزاق تۇرالماي، ئولتۇرۇۋالغانىدى.

— مانا ئۇسۇ ئەيەل بىز ئايتقان بۆكە، توختاخۇن تۆڭكۆرسىپ كۆرسۈنبا؟! — جارقىنباي ئىسمائىل بايۋەچچىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غالىبلىق تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى.

ئىسمائىل بايۋەچچە توختى ئاخۇنغا جارقىنباينىڭ مەقسىتىنى ئېيتىۋىدى، توختى ئاخۇن ئۇنى رەت قىلدى. بۇنى ئۇققان تويچىلاردىن بەزىلىرى ئىسقىرتىپ، بەزىلىرى ئوچۇقتىن - ئوچۇقلا توختى ئاخۇننى: «ئايال كىشىنىڭ بېلىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى»، ‹قىز بالا بىلەن چېلىشما، قىسراق[1] بىلەن چېپىشما› دېگەن قەدىم سۆز بار ئەمەسمۇ؟ ئايال كىشىدىن يېڭىلىپ قالسا سەت بولىدىغىنىنى بىلدى- دە، بۇ سارت!» دەپ مەسخىرە قىلىشتى.

توختى ئاخۇن پەرۋا قىلمىدى. «بىزدە ئايال كىشى بىلەن چېلىشىدىغان ئادەت يوق، ئەر چېلىشچى تېپىپ كېلىڭلار، دىۋە سۈپەت بولسىمۇ ئەر كىشى بىلەن چېلىشىمەن!» توختى ئاخۇن مۇشۇ گەپتە چىڭ تۇردى. بۇ گەپتىن ئەيمىنىپ قالغان جارقىنباي ئىككى يىگىتنى ئاتلاندۇردى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بوي - بەستى بايامقى ئايال چېلىشچىدىن ئانچە قېلىشمايدىغان ياش بىر ئەر چېلىشچىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ كېلىشتى. چېلىشىش باشلاندى. توختى ئاخۇن ئىچكى كۈچىنى يىغىپ ياش پالۋاننى

---

[1] بۇ ماقال «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىندى. مەنىسى: قىز بالا بىلەن چېلىشما، قىسىر بايتال بىلەن چېپىشما، دېگەنلىك — ئا.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەردىن يۇلۇپ ئالدى- دە، بىر نەرە تارتىش بىلەن ئۇنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، ياش پالۋان خۇددى قاساپ سويۇپ يەرگە تاشلىغان قوي تېرىسىدەك يەرگە چاپلىشىپلا قالدى.

ياش پالۋان يىقىلغان جايىدىن خېلىغىچە تۇرالمىدى. باشقىلار كېلىپ ئۇنى يۆلەشتۈردى. ئۇنىڭ تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانىدى. چېلىشىش ئاياغلاشتى. ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ يىگىتلىرى توختى ئاخۇننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ يۇقىرىغا ئېتىشتى، چۇقان - سۈرەن سېلىشتى......

تويچىلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، تاۋاقلاردا گۆش تارتىلدى. ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن توختى ئاخۇنغا بىر تاۋاقتا گۆش قويۇلدى. بۇ تاي گۆشى ئىدى. گۆشنىڭ ئۈستىگە قوي بېشى، ئاستىغا تاينىڭ يانپاش گۆشى قويۇلغان بولۇپ، بۇ قازاقلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە ئەڭ مۆتىۋەر، مەرتىۋىلىك مېھماننى كۈتۈش ئۇسۇلى ئىدى. ئىسمائىل بايۋەچچە بۇنى توختى ئاخۇنغا سۆزلەپ بەردى. توختى ئاخۇن باش لىڭشىتىپ مەمنۇن بولغانلىقىنى، قازاق قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىززەتلىگىنىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

ئىسمائىل بايۋەچچە ئەتىسى ھەمراھلىرى بىلەن چۆچەك تامان يولغا چىقتى. جارقىنباي خوش ئېيتىپ قالدى. توختى ئاخۇن ئەمدى ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئېتىنى ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇپ، جارقىنباي تارتۇقلىغان قارا ئايغىرنى مىنگەنىدى. قارا ئايغىر ھارۋىلارنىڭ ئالدىدا سىلىق يورغىلاپ ماڭماقتا. يىراقتا چۆچەكنىڭ ئاقباش تاغ چوققىلىرى كۆرۈندى، كەڭرى كەتكەن يايلاق، ئەگىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى، ساپ ھاۋا ئادەمگە ئاجايىپ ھۇزۇر بېغىشلايتتى. كەڭ دالىدىكى ساپ ھاۋادا تېنى

يايرىغان، قېرىنداش خەلقنىڭ ئىززەتلىنىشىدىن كۆڭلى سۆيۈنگەن توختى ئاخۇن سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدە ئۆزىنى يەڭگىل، خۇشۋاق ھېس قىلماقتا. توختى ئاخۇن ئاسمانغا نەزەر سالدى. ئاسماندا بىر بۈركۈت قاناتلىرىنى كەرگىنىچە لەرزان ئەگىمەكتە. توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە «ئەجەب ئىش- ھە؟ مەيلى قايسى تائىپىدىن بولسۇن خەلق ھامان پالۋانلارنى ئاجايىپ ئىززەتلەيدىكەن. ‹ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە، ئەلنىڭ بالىسى بول› دېگىنى ھەقىقەتەن جايىدا ئېيتىلغان گەپ ئىكەن. ئەلگە ياققان خار ئەمەس...... توغرا، ئەل - يۇرتنى كۆڭۈلدىن چىقارماسلىق كېرەك، ناۋادا ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا دۈشمەن — ياۋ تىغ تەڭلەپ قالسا مۇشۇ ئۆگەنگەن ھۈنىرىم بىلەن ئۇنى يەكسان قىلارمەن.......» دېگەننى ئويلىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىسسىق ھارارەت ئۆرلىگەندەك قىلدى، ئۇ قارا ئايغىرنى دېۋىتتى، قارا ئايغىر گويا ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك، كەڭ دالىدا ئالغا قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى.

× × ×

ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ سودىسى روناق تېپىپ قالغانىدى. قارىھاجى تۇرپاندىن گۇچۇڭغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن دىندارلارنىڭ، جامائەتنىڭ ئالقىشىغا تېزلا سازاۋەر بولۇپ، چوڭ مەسچىتكە ئىمامەتچىلىككە تەيىنلەنگەنىدى. ئۇ گەرچە بىر مەزگىل تالا - تۈزگە ئانچە كۆپ چىقماي، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىستىقامەتتە ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ بىر تەقۋادار ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان بولسىمۇ، «مەسچىتنىڭ مورىسى يوق، ئادەتنىڭ دورىسى يوق» دېگەندەك، قىمارغا بولغان ھەۋىسىنى تاشلىيالمىدى. ئۇ ئاستىرتىن شىلەيشياڭ تەرەپلەرنى ئايلىنىپ

كېلەتتى. «قىمارۋاز توۋا قىلماس، تووا قىلسا قولى قويماس» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن كىشىلەر. شۇ چاغلاردا چېك سۇلالىسى لاتارىيە بېلىتى تارقىتىشنى يولغا قويغان مەزگىللەر بولغاچقا، شىلەيشياڭ تەرەپتە پات - پاتلا لاتارىيە بېلىتى تارقىتىلىپ تۇراتتى. قارىھاجى بىر كۈنى سەللە - پەرىجىسىنى تاشلاپ ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپلا شىلەيشياڭ تەرەپكە ئۆتۈپ، لاتارىيە بېلىتىگە بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىنى دەسمايە سالدى. تووا! بەزى كىشىلەر بۇ جاھانغا قىمار ئوينىغىلى تۇغۇلغانمىكىن، قارىھاجى ئامىتى كېلىپ ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭغا مىڭ سەرلىك مۇكاپات چىققانىدى! قارىھاجى ئەنە شۇ دەسمايە بىلەن سودا قىلدى. ئۇنىڭ سودىسى روناق تاپتى. لىنخۋاجەنزىدە بىرمۇنچە دۇكانلارنى ئاچتى، چارۇسىيە سودىگەرلىرى بىلەن يۇڭ - تېرە، ئۆچكە، پاختا سودىسى قىلىپ، ناھايىتى تېزلا بېيىدى. ئىسمائىلنى سودىغا ئۆگەتكەن قارىھاجى مانا ئەمدى بارچە سودا ئىشلىرىنى چوڭ ئوغلى بولغان ئىسمائىلغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئىسمائىل رۇسىيە تەرەپ بىلەن قىلىشىۋاتقان سودىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇ تەرەپكە يۇڭ - تېرە، تىۋىت، پاختا - كەندىر، قۇرۇق مېۋە - چېۋە ئۆتكۈزۈپ، بۇ تەرەپكە گەزمال، قەنت - شېكەر، كىرسىن، سەرەڭگە، تەلەڭگە - جاۋۇر، قايچا - بولقا، مىخ، تۆنىكە دېگەندەك يېڭىلىك سانائەت ماللىرىنى ئۆتكۈزۈپ راسا پۇل تاپتى. چۆچەكتە سودا ساراي، مېھمانساراي سالدۇردى. ئات - كالا، قوي - ئۆچكە پادىلىرىنى پەيدا قىلدى. ئۇ يىلدا بىرقانچە نۆۋەت ئالتاي - چۆچەك تەرەپكە قاتناپ تۇراتتى. بۇ تەرەپتە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرى بار ئىدى.

— ۋاي دوستۇم توختاخۇن، ئامانمۇ سەن، تىنچمۇ سەن؟ بالىچاقاڭ تىنچ - ئامانمۇ؟ يۇرت ئىچى تىنچلىقمۇ؟ — ساراي ۋاكالەتچىسى توختى ئاخۇننى تونۇپ، تىنچلىق سوراپ بىر تالاي

سۆزلىۋەتتى. توختى ئاخۇن سىنچىلاپ قاراپ ئىچلىق سوراشقان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كىچىك چېغىدىكى ئاغىنىسى قادىر ئىسكەنلىكىنى تونۇدى- دە، غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ۋاي قادىر ئاغىنە، سەن بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسەن ئەمدى؟ — دېدى توختى ئاخۇن.

قادىر خۇشاللىق ياشلىرىنى سۈرتكەچ، ئۆزىنىڭ گۈچۈگىدىكى روزى قاساپقا ياللىنىپ ئالتاي تەرەپتىن بىرقانچە قېتىم مال ھەيدىشىپ بېرىشتە يەرلىكتىكى چارۋىدارلار بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، شۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئالتاي تاغلىرىدا ئوۋ ئوۋلاپ تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈپ مۇشۇ تەرەپلەرگە كۆنۈپ قالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى نورۇزغا ئۆلگۈرۈپ گۈچۈگىغا ئۆتكەندە توختى ئاخۇن ۋە ساتتارلار بىلەن ئۇچرىشىپ قايتقاندىن كېيىن، قايتاشىدا ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن سەپەرداش بولۇپ قىلىپ، چۆچەكتىكى مۇشۇ مېھمانسارايدا ۋاكالەتچى بولۇپ ئىشلەپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئادەم ئۆلمىسىلا يەنە كۆرۈشۈپ قالىدىكەن- ھە، توختاخۇن ئاغىنە؟ — دېدى قادىر توختى ئاخۇنغا دوستانە قاراپ، توختى ئاخۇننىڭ چىرايىغىمۇ قورۇقلار ئىز سېلىشقا باشلىغانىدى.

— شۇنداق، تەقدىر- قىسمەت بىلەن ئادەملەر ھەرجايدا تىرىكچىلىك قىلىسىمۇ، ھامان بىر كۈنلەردە ئۇچرىشىشقا نېسىپ بولىدىكەن. كەتكەنلەر كېلۇر، كەتمەنلەنگەنلەر كەلمەس دېگەندەك، سەن ئون يىل ئىلگىرى يۇرتقا بېرىۋېدىڭ، كۆرۈشكەنىدۇق. مانا ئەمدى بىزمۇ تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ قېلىۋىدۇق، سەن بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلىشىپ تۇرۇۋېتىمىز، — دېدى توختى ئاخۇن قادىر ئاغىنىسىنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

— ئادەم يۇرتتىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا غېرىب- مۇساپىر

بولۇپ يۇرگەندە ئۆز يۇرتلۇقلىرىنى كۆرسە خۇددى ئاتا ـ ئانىسى تىرىلىپ كەلگەندەك خۇش بولۇپ كېتىدىكەن ئاغىنە!ــ قادىر دەرۋەقە ئۆز يۇرتىنى سېغىنغانىدى. ئۇنىڭ بالا ۋاقتىدا تونۇشۇپ، ئىككى يىل بىرگە بولغان ئاغىنىسى توختىغا تۇگىمەس گەپ ـ سۆزى، مۇڭ ـ پىراقى باردەك قىلاتتى.

ــ ئەقىللىك دېھقان چامغۇر تېرىيدۇ، ئەركىشىنىڭ ئۇبدىنى يۇرتىدا قېرىيدۇ، دەيدىغان گەپ بار قادىر ئاغىنە، بۇ يۇرتلاردا يىلتىزىدىن ئايرىلغان قامغاقتەك، سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋېرەمسەن؟ــ دېدى توختاخۇن،ــ بالىچاقاڭ، ئۆي ـ ماكانىڭ بارمۇ بۇ تەرەپلەردە؟

ــ يوق ئاغىنە، ھازىرغىچە يەككە ـ يېگانە، ھېلىم دىۋانە دېگەندەك يالغۇز ياشاپ كېتىۋاتىمەن.

ــ يۇرتقا كەتكىن ئاغىنە، ۋىتىلداقتەك قەيەرگە بارساڭ شۇ يەرنى ماكانىم دەپ ياشاۋەرمە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، گۇچۇڭ ـ جىمسار، تۇرپان ـ توقسۇن، پىچان ـ مورى دېگەن يۇرتلارنىڭ يىلتىزى بىر خەقلەر، بۇ يۇرتلارنىڭ ئادەملىرى ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلەرنى «داۋان ئاشتى» دەپ ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. قانداق دەيسەن ئاغىنە؟ــ دېدى توختى ئاخۇن قادىر ئاغىنىسىنىڭ قىرىق ياشقا ئۇلىشىپ قالاي دېگۈچە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، نەسىھەت تەرىقىسىدە.

ــ توغرا دەيسەن ئاغىنە، ئات چۆرگۈلەپ ئوقۇرىنى تاپۇر دېگەندەك، مەنمۇ يۇرتقا قايتىپ كېتىشنى ئويلاشقىنىمغا خېلى بولغانىدى. ئوبدان ۋاقتتا كەلدىڭلار، نېسىپ بولسا بىرگە كېتەرمىز،ــ قادىر توختى ئاخۇن بىلەن شۇ تەرزدە سۆزلىشىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالاي دېگەننى تۇيماي قالدى. ئۇ پەنجىرىدىن سىرتقا قاراپ:

ــ گەپنىڭ قالغىنىنى كېيىن دېيىشەيلى ئاغىنە، سەن ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

ھامماغا چۇشۇۋال، يول ئازابى گۆر ئازابى دەپتىكەن، — دېدى قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بولىدۇ، ئەتىگىچە پاراڭلىشارمىز، — توختى ئاخۇن خوشلىشىپ قالدى.

ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ چۆچەكتىكى مۇشۇ مېھمانسارىيى ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئۆز زامانىسىدا خېلى ئاۋات مېھمانسارايلاردىن ھېسابلىناتتى. قادىر ئۆز يۇرتلۇقلىرىنى، بولۇپمۇ كىچىكىدە تونۇشقان ئاغىنىسى توختى ئاخۇننى كۆرۈپ قەۋەتلا شادلىنىپ كەتتى. ئۇ غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ، مېھمانسارايىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىۋىدى، ئۆي ئىچىدە پاق - پۇق، ھايت - ھۇيت قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ بېرىۋىدى، چوڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيگە چۈشكۈن قىلغان تۇركىيەلىك مىگبېشى كۈنتېگىن قول ئاستىدىكى ئون نەچچە چېرىكنى بىر تەرەپكە تىزىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇلارغا جانبازلىقتىن ماھارەت نەمۇنىسى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ قادىرنىڭ پەنجىرىدىن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە، ماھارەت كۆرسىتىشنى دەرھاللا توختىتىپ سىرتقا چىقىپ:

— قادىر بەي ئەپەندى، سىزنىڭمۇ جانبازلىق ماھارەتلىرىدىن خەۋىرىڭىز باز ئوخشىمامدۇ، پەنجىرىدىن ھەۋەسلىنىپ قاراپ كەتكىنىڭىزگە قارىغاندا؟ — دېدى. بۇ ئادەم تۇركىيەلىك ياللانما چېرىكلەرنىڭ ئاتامانى — كۈنتېگىن مىگبېشى ئىدى. رۇسىيەدە ئۆتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندا، چاررۇسىيەگە ياللانغان چېرىكلەر تەركىبىدىكى بۇ ئون نەچچە چېرىك ئۆزلىرىنىڭ قىسمىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، جۇڭگو چېگراسى ئىچىگە كىرىپ قالغانلار ئىدى. ئۇلار يۇرتىغا كېتىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغىنىغا بىرنەچچە ئاي بولۇپ قالغانىدى.

— ياق، مىگبېشى ئەپەندى، مېنىڭ جانبازلىق

ماھارەتلىرىدىن خەۋىرىم يوق، ئۆيدىن «پاق - پۇق» ئاۋاز چىقتى، «نېمىش بولغاندۇ؟» دەپ قىزىقىپ قارىغىنىم. بۈگۈن مېنىڭ بىر يېقىن ئاغىنەم گۇچۇڭدىن يېتىپ كەلدى. مانا شۇ ئادەم ئۇستا جانباز، — دېدى قادىر.

كۆنتېيگىن قادىرنىڭ گېپىگە قىزىقسىندى. دە، دەرھاللا:

— قادىر بەي ئەفەندى، مېنى ئاشۇ ئاغىنىڭىز بىلەن كۆرۈشتۈرەلەمسىز؟ — دېدى.

— ھازىر بولمايدۇ، ئۇلار ئۇزۇن يول بېسىپ ئەمدى كەلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، ئەتە ئەتىگەندە كۆرۈشتۈرەي.

قادىر ئىككىنچى قەۋەتتىن يېنىپ چۈشتى. ئەتىسى سەھەردىلا كۆنتېيگىن مېگىبېشى مېھمانسارايىنىڭ ھويلىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېگىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا قادىر ھويلىغا يۇمىلاق شىرە ۋە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلارنى قويۇپ، ئىسمائىل بايۋەچچە ۋە توختى ئاخۇنلارغا ناشتىلىق داستىخىنى راسلاۋاتاتتى.

— قېنى ئۇ جانباز ئاغىنىڭىز؟ — دېدى كۆنتېيگىن مېگىبېشى.

ئۇنىڭ بېشىدا كۆك رەڭ پاپاق، ئۇچىسىدا تۈركىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ماش رەڭ ھەربىي فورمىسى، پۇتىدا بۇلغار ئۆتۈك، يېنىدا غىلاپلىق قىلىچ ئېسىقلىق ئىدى. ئۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى يا جەڭگە قاتنىشالماي ياكى بىرەر ئادەم بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ پۇخادىن چىقالماي، قولى قىچىشىپ، ئىچى تىتىلداپ يۈرەتتى. ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى چېرىكلەر بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىشتىن تومۇس قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن ئىدى. ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن چېرىكلىرىگە قىلىچۋازلىقتىن، جانبازلىقتىن ئاز - تولا ھۈنەر كۆرسىتىپ قويۇپ، شۇلارنىڭ مەشقىگە گول بولۇپ كۆڭلىنى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

— مانا، ھازىر چىقىدۇ، ئالدىراپ كەتمەڭ مېگىبېشى،

www.uyghurkitap.com

ناشتىدىن كېيىن سۆزلەشسەڭلەرمۇ بولىدىغۇ؟ — دېدى قادىر تولۇق فورما بىلەن جەڭگە چۈشىدىغاندەك تۇرغان كۈنتىگىن مىڭبېشىغا قاراپ.

— جانبازلارنىڭ سەھەردە ماھارەت مەشقى قىلىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز قادىر بەي ئەفەندى، سەھەردە بىر - ئىككى رەت قىلىچ ئۇرۇشسا ئاندىن پۇخادىن چىققىدۇ كىشى، — دېدى مىڭبېشى.

— تېخى سۆزلەشمەي، تونۇشماي تۇرۇپلا قىلىچۋازلىق قىلىشامسىلەر؟ — قادىر مىڭبېشىنىڭ سۆزىگە ھەيران قالدى.

— بولمىسا ئۇ جانباز ئاغىنىڭىزنى ئاۋۋال مېھمانغا چاقىرىپ، ئاندىن قىلىچۋازلىق قىلامدۇ؟ ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس، دېگەن سۆز بارغۇ؟ — مىڭبېشىنىڭ گېپى ئارا تۇرۇشىغا، توختى ئاخۇن بىلەن ئىسمائىل بايۋەچچە ئۆيدىن چىقىشتى. قادىر پايپاسلىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ نېمىلەرنىدۇر دېدى. توختى ئاخۇن بىلەن ئىسمائىل بايۋەچچە ھويلىدا قەددىنى رۇسلاپ، خۇددى ئۇرۇشقاق خورازلاردەك ئەلپازدا تۇرغان مىڭبېشىغا قارىدى- دە، سەھەردە بىر قەپەس قىلىچۋازلىق قىلىشقا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەن توختى ئاخۇن بېشىنى لىڭشىتتى. ئاڭغىچە مەردان يىگىتلەر بىلەن ھويلىغا ناشتىلىققا چىقتى. توختى ئاخۇن مەردانغا بېمىلەرنىدۇر دېۋىدى، مەردان توختى ئاخۇن ياتقان ئۆيدىن ئۇنىڭ قىلىچىنى ئېلىپ چىقتى. مىڭبېشىنىڭ توۋلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئون نەچچە چېرىكىمۇ ھويلىدا ھازىر بولدى.

قىلىچۋازلىق باشلاندى. مىڭبېشى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا بولۇپ، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ گويا قەپەستىن بوشىتىلغان يىلپىزدەك قەھرلىك ئېتىلماقتا. ئۇ خۇددى راستتىنلا جەڭگە چۈشكەن باھادىردەك شۇنداق شىددەت بىلەن قىلىچ ئۇراتتىكى، قىلىچلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ئەتراپقا ئوت ئۇچقۇنلىرى

چاچرايتتى. قاراپ تۇرغانلار «ياپىر! ياپىر!» دېيىشمەكتە. مېڭىبېشىنىڭ قىلىچ ئويۇنى ئاجايىب تېز، سالمىقى ئېغىر ئىدى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم جەڭ كۆرگەن، ئۆز مۇھىتىدا ماھىر قىلىچۋازلاردىن ئىدى. توختى ئاخۇن دەسلەپ مېڭىبېشىنىڭ قىلىچ ئويۇنىغا تاقابىل تۇرۇپلا ھۇجۇمغا ئۆتمىدى. ئۇ بارا - بارا مېڭىبېشىنىڭ قىلىچ ئويۇنى يوللىرىغا ئۆزلەشتى - دە، تۇيۇقسىز بىر ھەملە بىلەنلا قىلىچىنى مېڭىبېشىنىڭ بويىنىغا تىرىدى. قائىدە بويىچە مېڭىبېشى بۇ نۆۋەتلىك ئېلىشىشتا يېڭىلدى.

ئىككىنچى رەت ئېلىشىشقاندا مېڭىبېشى تېخىمۇ قەھىر بىلەن قىلىچ ئويۇنىغا باشلىدى. ئۇلار مەيداننى بىر چۆرگىلەپ چىقىشتى. توختى ئاخۇن يول قويا، يول قويا چېكىنىپ تۇرۇپ، مۇۋاپىق پەيتتە مېڭىبېشىنىڭ قىلىچىنى بىر زەربە بىلەنلا قېقىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قىلىچىنى مېڭىبېشىنىڭ يۈرىكىگە تاقىدى. مېڭىبېشى يەنە يېڭىلدى.

مېڭىبېشىنىڭ يېڭىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭ قىلىچىنى يەردىن ئېلىپ بەردى. پالۋانلار ئۈچىنچى رەت ئېلىشتى. مېڭىبېشى بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ كەينى - كەينىدىن قىلىچ ئۇردى. توختى ئاخۇن ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈشنى خالىمىدى بولغاي، مېڭىبېشىنىڭ دەھشەت بىلەن چېپىلغان قىلىچىنىڭ بىسىنى سول قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى جۈپلەپ كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى. مېڭىبېشى قىمىرلىيالماي قالدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق نازۇك ھۈنەرنى، ئۇنداق كۈچلۈك بارماقلارنى كۆرمىگەنىدى.

— بارىكاللا! ئاپىرىن! — دەپ توۋلىۋەتتى مېڭىبېشى، — تۈركىي خەلقلەرىدىنمۇ ساڭا ئوخشاش باھادىر، پالۋان، ئۇستا جانباز چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن قېرىندىشىم! ئۆمرۈمدە كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچنىڭ بىسىنى بارماقلىرى ئارىسىغا قىسىپ تۇتۇۋالغاننى مانا بۈگۈن كۆردۈم، كارامەت! — مېڭىبېشى

قىلىچىنى تاشلاپ، توختى ئاخۇننى قۇچاقلىدى. مۇنداق ئادەتلەنمىگەن توختى ئاخۇن ئۆزىنى مىڭبېشىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىتىپ، ناشتىلىق راسلانغان شىرەگە كەلدى. مىڭبېشىمۇ شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— باھادىر، پالۋان بىلەن ھەمداستىخان بولۇشۇمغا ئىجازەت قىلغايسىزلەر!؟ — دېدى ۋە چاي ئىچكەچ توختى ئاخۇننىڭ ماھارىتىنى تەكرار ماختىدى.

ناشتىدا مىڭبېشى يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، تۈرك، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، تاتار، قىرغىز، قارا قالپاق، پەچەنەك، تۈركمەن...... دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر يىلتىزدىن، تۈركىي خەلق ھېسابلىنىدىكەن. ئەگەر، توختى ئاخۇندەك جانبازلىقتا كامالەتكە يەتكەن ئادەم تۈركىيەدە بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم تۈركىيە سۇلتانىنىڭ خاس قوغدىغۇچىسى، دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ باش مەشقاۋۇللۇقى مەنسىپى، دېگەندەك ئالىي مەنسەپلەرگە نائىل بولاتتىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە جانبازلىق ماھارىتىدە يېتىشكەن مۇنداق ئۇستىلار ناۋادا تۈركىيەگە بېرىپ ھېچبولمىغاندا جانبازلىق سالونلىرىنى[1] قۇرسا، كاتتا بايلاردىن بولۇپ قالىدىكەن......

— كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول، دېگەنىكەن ئاتىلار، — دەپ كەسكىن رەت قىلدى توختى ئاخۇن كۈنتېگىن مىڭبېشىنىڭ نەچچە كۈنلەپ قىلغان تەكلىپلىرىنى، — مەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان يۇرتۇمنى، ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارمايمەن. سىزنىڭ ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت!

— بارىكاللا! — دېدى ئىسمائىل بايۋەچچە، — ئاغزىڭىزغا

[1] جانبازلىق سالونى — جانبازلىق كۇلۇبلىرى، جانبازلىق مەشىق ئورۇنلىرى دېمەكچى — ئا.

ناۋات، كارامەت! توختى ئاخۇن ئاغا.

مەردان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى. مىڭبېشى لېۋىنى چىشلىگىنىچە كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپلا قالدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىسمائىل بايۋەچچە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ گۇچۇڭ تامان يولغا چىقتى. شۇ قاتاردا قادىرمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ئون بەشىنچى باب

## نىزامىدىن بىلەن ئەلى تۆگە

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە. ھەش - پەش دېگۈچە تۇختى ئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى نىزامىدىنمۇ 18 ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇمۇ ئەمدى ئاتىلاردىن قالغان ئۇدۇم بويىچە، بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىتلەر بىلەن بىرگە توي - تۆكۈن، باغ - باراۋەت، مەشرەپ ۋە چېلىشىش سورۇنلىرىدىن قالمايدىغان بولدى.

گۇچۇڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن غەربىي شىمالىغا سوزۇلغان غول ئېقىن ئىچى گۇچۇڭلۇقلارنىڭ ئەتىيازدىن كۈزگىچە نورۇز ئۆتكۈزىدىغان، باغ - باراۋات، سەيلە - ساياھەت قىلىدىغان مەنزىرىلىك ئورۇنلىرىدىن بىرى بولۇپ قالاتتى. بۇ غول ئىچىدە چىملىقلار تەبىئىي سەينا - سورۇن ھاسىل قىلغان. بەزى جايلاردا مىڭلارچە بۇلاق كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ ئۆرلەپ تۇرغان، قويۇق دەرەخلىك ئىچىدە ھەرخىل قۇشلار خۇش ناۋا قىلىپ تۇرىدىغان ياخشى جاي ئىدى.

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، نىزامىدىن ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە غول ئىچىگە كېلىپ سورۇن تۈزەپ، باراۋەت قىلدى. بۇ ئاغىنىلەرنىڭ چوڭى يىگىرمە ياشتا، كىچىكلىرى ئون سەككىز ياشتا بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەلى تۆگە لەقەملىك بويى ئېگىز، بەستى يوغان، كۆچتۈڭگۈر بىرى بار ئىدى. ئۇ ھەم چېلىشچى،

ھەم سازەندە، ھەم قىزىقچى بولۇپ، يىگىرمە ياشتا ئىدى. بۇ ئاغىنىلەر قاتارىدا ھەسەن - ھۈسەن ئىسمىلىك قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىلارمۇ بار ئىدى.

يىگىتلەر دەسلەپ بىرھازا كۈلكە - چاقچاق قىلىشتى. ئارقىدىن ئەلى تۆگە بىلەن مەردان دۇتار، تەمبۇرنى سازلىدى، نىزامىدىن داپنى قولىغا ئالدى، ناخشا - ئۇسسۇل باشلاندى. سازەندىلەر دەسلەپ «دەردىڭ يامان»، «گۈليار»، «ئانا نۇرخان»، «زىمىن» كۈيلىرىگە چېلىپ، ناخشىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى، ئاندىن «قەمبەر خانىم»، «سۇ بولۇپ ئاقتىم»، «نازىركوم» قاتارلىق ئۇسسۇل پەدىلىرىگە چېلىپ سورۇننى قىزىتتى. ئەتراپتىن كىشىلەر بىرلەپ - ئىككىلەپ كېلىپ بۇلارنىڭ سورۇنىغا قوشۇلدى.

ناخشا - ئۇسسۇلدىن كېيىن ئۇلار داستىخان يېيىپ، سامسا، پەرمۇدە، تونۇر كاۋىپى، نان، قوغۇن - تاۋۇزلارنى تۆكمە قىلدى. سورۇنغا كەلگەنلەر تەڭ غىزالاندى.

— ئەمدى قىزىقارلىق پاراڭدىن بىر - ئىككى قوۋۇز ئېيتامسەن ئەلى ئاغىنە؟ — دېدى مەردان.

— نېمىنى دەپ بېرەي؟ ئاڭلىغانىنىمۇ ياكى كۆرگەنىنىمۇ؟ — دېدى ئەلى سورۇندىكىلەرگە ھەيپارلارچە قاراپ.

— مەيلى ئىختىيارىڭ! — دېيىشتى سورۇندىكىلەر.

— ئەمىسە سىلەرگە مۇشۇ ئارىمىزدا ئولتۇرغان ھەسەن - ھۈسەنلەرنىڭ بىر قىزىق ئىشىنى دەپ بېرەي، — دېدى ئەلى تۆگە قوشكېزەكلەرگە قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ ئىككىسى قانداق قىزىقارلىق ئىش قىپتىكەن؟ — سورۇندىكىلەر قوشكېزەكلەرگە قارىدى، قوشكېزەكلەرمۇ بىر - بىرىگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قويىدى.

— بولتۇر ياز، — دەپ گەپ باشلىدى ئەلى تۆگە، — تۇرپان

بۇيلۇقتىن بىر باققال ئۆرۈكنىڭ باش بۇرنىنى سۈكەنگە قاچىلاپ بىرقانچە ئېشەككە ئارتىپ گۇچۇڭغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ چاغلاردا گۇچۇڭدا تېخى مېۋە - چېۋە پىشمىغان چاغ بولۇپ، ئۇ باققال لىخۇا جەنزىدىكى بىر سودا سارىيىغا چۈشكەنىكەن. ئۇ باققال ئەمدىلەتىن سۈكەنلىرىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ دەسلەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، ھەسەن شۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. يېڭى پىشقان ئۆرۈكلەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلغانىكەن، ئېلىپ يەي دېسە يانچۇقىدا تەڭگىسى يوق، — گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سورۇندىكىلەر ھەسەن - ھۈسەنلەرگە قاراشتى. ھەسەن - ھۈسەنلەر پەرۋايى پەلەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. سورۇندىكىلەرنىڭ خىيالىچە، ئەلى تۆگە قوشكېزەكلەرنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئىدى، — ھەسەننىڭ خىيالىغا بىر ئوي كەپتۇ - دە، باققالنىڭ ئالدىغا بېرىپ سوراپتۇ:

— ئۆرۈكنى قانداق ساتىسىلا ئاكا؟

— يەپ تويۇۋېلىشنىڭ بىر شىلىڭ[1] بۇغداي ئۆكەم، — دەپتۇ باققال.

— بەك قىممەتكەن ئاكا!

— قىممەت ئەمەس، ئويلاپ باققىنا ئۆكەم، بۇيلۇقتىن گۇچۇڭغا تاغ يولى بىلەن ئۈچ - تۆت كۈندە ئاران كېلىسەن، گۇچۇڭلۇقلارغا ئۆرۈكنىڭ باش بۇرنىنى يېگۈزىمەن دەپ كەلگەن ئىسسىق كۆڭلۈمنىڭ ئەتىۋارىنى بىلىش كېرەككۇ؟

ھەسەن بۇ گەپدىن باققالغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي:

— ئۇ تەرىپىغۇ شۇنداق، مەن ھېلى كېلەي، — دەپ مېڭىپتۇ.

---

[1] شىلىڭ — بۇغداي، قوناق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. بىر شىلىڭ بۇغداي تەخمىنەن تۆت جىڭ ئەتراپىدا كېلىدۇ — ئا.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۆكسى ھۆسەنى تېپىپ، باققالنىڭ ئۆرۈكىدىن تويغۇچە يەپ كېلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ - دە، ھېلىقى باققال چۈشكەن دەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىشىپتۇ. ھەسەن ئىنىسى ھۆسەنگە:

— سەن مۈشۈ ئەتراپتا تۇرۇپ تۇر، مەن يەپ چىققاندىن كېيىن سەن كىرىسەن، سەن چىققاندىن كېيىن مەن كىرىمەن، شۇنداق قىلىپ، باققالنىڭ ئۆرۈكىنى كېكىرگۈچە يەيلى، — دەپتۇ.

ھۆسەن سىرتتا قاپتۇ، ھەسەن ساراي ھويلىسىغا كىرىپ باققالنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە:

— مانا مەن كەلدىم ئاكا، ئۆرۈكنى يەپ تويغاندىن كېيىن ئاندىن پۇلىنى تۆلەيمەن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— گېپىم گەپ ئۇكەمەي، بىمالال يەۋەرگىن! — باققال خىيالىچە «بىر ئادەم بۇ يېگەندىن پىشقان ئۆرۈكنى قانچىلىك يەپ كېتەلەيتتى» دەپ ئويلاپتۇ.

ھەسەن ئۆرۈكنى يەپتۇ، بىرھازا يېگەندىن كېيىن:

— مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، — دەپتۇ.

— بوپتۇ ئۇكەم، چىقىپ ئىچ - قارنىڭنى بوشىتىپ كىرەرسەن، — دەپ چاقچاق قىپتۇ باققال. باققال ئۆزىچە « بۇ بالىنىڭ قورسىقى چىڭقىلىپ كەتتى بولغاي، سىرتقا چىقىپ كىرىپ يەنە يېسە تايىنلىق بەش - ئالتە دانە يەر، ئاڭغۇچە ئۇنىڭ چىشى قاماپ، «ۋاك» دەيدۇ» دەپ ئويلاپتۇ - دە، بەخىرامان ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

ئەمدى ھۆسەن كىرىپ يەپتۇ، ئۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاشلا جىق يەپتۇ ۋە بىرھازادىن كېيىن «سىرتقا چىقاي» دەپتۇ، ھەسەن كىرىپتۇ، ئارقىدىن يەنە ھۆسەن كىرىپتۇ......

باققالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ، «مۇنداقمۇ بەرا[①]

[①] بەرا — تويماس — ئا.

ئادەم بولامدۇ؟ سۈكەنىنىڭ بىر بېشىدىكى ئۆرۈكنى يەپ ئۆرۈكتىن مەن زىيان تارتىسامغۇ مەيلى، ئەممازە، ئۆرۈكنى جىق يېۋېلىپ ئۇنىڭ قورسىقى ئىسسىپ ئۆلۈپ قالسا، بىكاردىن ـ بىكار بالاغا قالماي، بولدى، ئۆرۈكنىڭ پۇلىنىمۇ ئالماي، بۇ يەرانى ۋاقتىدا كەتكۈزۈۋېتەي» .

— هوي ئۆكەمەي، سۈكەنىنىڭ بىر بېشىدىكى ئۆرۈكنى يەپ بولدۇڭ، ئەمدىغۇ تويغانسەن؟— دەپتۇ باققال كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— تويغاندا ئۆزەم يالتىيىپ قالىمەن ئاكا،— هەسەن شۈنداق دەپلا سۈكەنىنىڭ يەنە بىر بېشىدىكى ئۆرۈككە قول ئۇزىتىپتۇ.

— بولدى قىل! — دەپ ۋارقىراپتۇ باققال هەسەننىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ،— سېنىڭدىن قورقتۇم، ئۆرۈكنىڭ پۇلىنىمۇ ئالماي، هازىرلا بۇ يەردىن كەتكىن. ماڭا ئىش تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايسەن! — دەپتۇ. باققالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەنىكەن.

هەسەن كۈلۈپ قويۇپ سىرتقا مېڭىپتۇ.

— ئوھ! تۇۋا! هەرنېمە بولسا بۇ بالاتەگكۈردىن قۇتۇلدۇم، مېنى بۇگۇن جىن ئۇرغان ئوخشايدۇ، تۇۋا! تۇۋا!— دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ باققال.

— شۇنىڭ بىلەن هەسەن ـ هۈسەن بىكارغا بىر سۈكەن يېشى ئۆرۈكنى يېۋاپتۇ دەگىلار؟!— دېدى سورۇنغا سىرتتىن قاتنىشىپ قالغان بىرەيلەن.

— سەن بىزنىڭ ئاغىنىلەرنى نېمە كۆرۈۋاتىسەن؟ گۆچۈگلۈقتىن قايسىبىرىنىڭ ئىنسابسىزلىق قىلغىنىنى كۆرگەنسەن؟!— ئەلى ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ دىۋىدەك بەستىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن هېلىقى بۇرادەر ئالمان ـ

تالمان:
— مۇنداقلا دەپ باقتىم بۇرادەر، — دېدى.
ئەلى كۈلۈپ كەتتى ۋە ھېلىقى بۇرادەرگە چاقچاق قىلىپ ھەيۋە قىلغىنىغا ئۆزرە ئېيتتى.
— بىردەمدىن كېيىن ھەسەن - ھۈسەن ساراي ھويلىسىغا قولىدا بۇغداي قاچىلانغان بىر بۆز خالتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. باققالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، تېخىمۇ يوغىناپ كېتىپتۇ. «(قورققانغا قوش كۆرۈنەر) دېگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. ئەمدى بۇ بەرا ئىككى بولۇپ قالدىغۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرغىنىدا، ھەسەن ئۇ باققالغا مۇنداق دەپتۇ:
— ئاكا، بىز ئەسلىدە قوشكېزەك ئاكا - ئۇكا بولىمىز، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ سىلىگە شۇنداق چاقچاق قىلغانىدۇق. مانا، ئۆرۈكلىرىنىڭ ھەققى! — دەپ قولىدىكى بۇغداي قاچىلانغان بۆز خالتىنى باققالغا سۇنۇپتۇ. بۆز خالتىدا بەش شىڭچە بۇغداي بار ئىكەن.
— ھا - ھا - ھا! بەكمۇ شەيتانلىق قىپسىلەر يىگىتلەر، رەھمەت! مېنى خۇش قىلدىڭلار! — دەپتۇ باققال چىنىدىن قىلىنغان چاقچاقنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇغداي قاچىلانغان خالتىنى بىكار قىلىپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئۆرۈكنى قاچىلاپ:
— بۇنى ئۆيىۋېڭلەرگە ئاپىرىپ يەڭلار، بەرگەن ھەققىڭلەر ئېشىپ كەتتى، سودامنى دەسلەپ قىلىپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت يىگىتلەر! — دەپتۇ باققال.
— بۇ قىزىقچىلىق مەھەللە - كويغا تېز تارقىلىپتۇ. سىلەر ئاڭلىماپسىلەر - دە؟! — دېدى ئەلى تۆگە سورۇندىكىلەرگە قاراپ.
— مانا بۈگۈن ئاڭلىدۇق، — دېيىشتى كۆپچىلىك.
ئارىدىن يەنە بىرەيلەن:
— بۇ قوشكېزەكلەرنى ئايرىماق بەك تەسكەن، قايسىسى

ئاكىسى، قايسىسى ئۇكىسى ھېچ پەرق - ئىلغا قىلغىلى بولمايدىكەن. بۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى قانداقمۇ پەرقلەندۈرەر؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

— ئېشەك چېغىدا ئۆز ئوقۇرىنى تاپىدىغۇ. كاشكى بۇلار ئادەمغۇ؟! — يەنە بىرەيلەن ھازىر جاۋاب قىلدى.

— ھا - ھا - ھا - ھا! — سورۇندىكىلەر ھېلىقى ھاماقەتلەرچە سورالغان سوئال ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جاۋابقا تېلىقىپ قالغۇچە قاتتىق كۈلۈشتى.

ئەمدىكى گەپنىڭ نۆۋىتىنى مەردان ئالدى. ئۇ ئالتاي - چۆچەك يولىدا تاسادىپىي قاتنىشىپ قالغان تويدا توختى ئاخۇن جانبازنىڭ قانداق چېلىشقانلىقىنى قىزغىن سۆزلەپ بەردى. گەپنىڭ تېمىسى «جانباز يامانمۇ؟ چېلىشچىمۇ؟» دېگەنگە يۆتكەلدى.

— سىناپ كۆرسەكلا مەلۇم بولىدىغۇ؟ قانداق ئاغىنىلەر؟ — دېدى مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— شۇنداق بولسۇن! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

مەردان بىرىپ ئەلى تۆگىنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقاردى. باشقىلار توختى ئاخۇننىڭ ئوغلى نىزامىدىننى ئىتتىرىپ يۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. نىزامىدىننىڭ چېلىشقۇسى يوق ئىدى. ئاغىنىلەر ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويمىدى.

چۆرىدىشىپ تۇرغانلارنىڭ بىر قىسمى «جانباز يامان» دېيىشسە؛ بىر قىسمى «چېلىشچى ئۇتۇۋالىدۇ» دېيىشتى. مەردان «جانباز ئۇتىدۇ» دېگەنلەر قاتارىدا، ھەسەن - ھۈسەنلەر «چېلىشچى ئۇتىدۇ» دېگەنلەر قاتارىدا تۇردى. ئەگەر قايسى تەرەپنىڭ ئۇتتۇرغىنى مەلۇم بولسا، شۇ تەرەپ ئۇتقان تەرەپنى ئاشپۇزۇلغا باشلايدىغان بولۇپ كېلىشتى. مەردان توختى ئاخۇننىڭ ئالتاي - چۆچەك يولىدىكى توي مەرىكىسىدە داڭلىق چېلىشچىنى

يېڭىپ، ئېگەر - توقۇملۇق قارا ئايغىرنى ئۇتتۇۋالغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى نىزامىدىنىڭمۇ چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەسەن - ھۈسەنلەر بولسا ئەلى تۆگىنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. چۈنكى، ئەلى تۆگە مۇشۇ كەمگىچە توي - تۆكۈن مەرىكىسىدىكى، نورۇز سەيلىسىدىكى چېلىشلاردا بىرقانچە قېتىم ئۇتۇپ، كالا بېشى ئالغانىدى. ئۇنىڭ مۇشۇ كەمگىچە يانپېشى يەرگە تەگمىگەن چېلىشچى ئىكەنلىكىنى ھەسەن - ھۈسەنلەر ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلى ئېگىز، بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر بولغاچقا، ئۇنىڭغا «تۆگە» دەپ لەقەم قويۇلغان. ئۇنىڭ يېنىدا ئوتتۇرا بوي نىزامىدىن ئۇنىڭ ئۈكىسىدەكلا تۇراتتى.

چېلىش باشلاندى. نىزامىدىن بىلەن ئەلى تۆگە بەل تۇتۇشتى. ئەلى تۆگە بىرلا ئېتىلىپ بېرىپ نىزامىدىننى بېلىدىن قۇچاقلاپلا تۇرۇۋالدى. نىزامىدىن ئەلى تۆگىنىڭ قۇچىقىغا چۆكۈپلا كەتكەندەك، مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. ئەلى تۆگىمۇ نىزامىدىننى يا پەنت قىلىپ يىقىتمىدى، ياكى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئاتمىدى. ئۇلار شۇ تەرزدە بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، مەردان كېلىپ ئەلى تۆگىنىڭ قولىنى تارتىپ ئاجراتتى ۋە:

— سىلەرنى قۇچاقلىشىپ تۇرسۇن دېمىدۇق، چېلىشىڭلار! بىر - بىرىڭلارنى يىقىتىڭلار! — دېدى.

كۆپچىلىكمۇ چۇرقىراشتى. ئەمەلىيەتتە، ئەلى تۆگە ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى، نىزامىدىنىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئۆزىچە نامايان قىلغىنى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆرەڭلىكى ھەسەن - ھۈسەنلەرگە تېخىمۇ چوڭ ئۈمىد ئاتا قىلغانىدى. لېكىن، مەردان ئىچىدە «چۈجەڭنى كۈزدە سانا» دېگەننى ئويلاپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ جانبازلاردا «ئايرىم ھۈنەر بار» لىقىغا ئىشىنەتتى. ئىككىنچى رەت بەل تۇتۇشۇش باشلاندى. بۇ قېتىممۇ ئەلى تۆگە

www.uygurkitap.com

ئاۋۋال كۈچ ئىشلىتىپ، هايت - هۇيت دېگۈچىلا نىزامىدىننى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. نىزامىدىن تىپىرلاپ قالدى، قارىغاندا ئەلى تۆگە نىزامىدىننى يەرگە ئۇرىدىغاندەك قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر قىيقاس - چۇقان سېلىشتى:

— يەرگە ئات ئەلى!

— قاراپ تۇرماي چاپسان يەرگە تاشلا! — هەسەن - هۈسەن تەرەپتىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىراشتى. مەردانىنىمۇ سوغۇق تەر باستى.

— ياپىرىم! — ئەلى تۆگە بىرلا كۈچەپ نىزامىدىننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. «ئىم!» دەپلا قالدى مەردان لېۋىنى چىشلەپ.

شۇ دەقىقىدە نىزامىدىن مۇشۇكتەك بىرلا ئىرغىپ چاسىغا چۈشتى - دە، چاقماق تېزلىكىدە ئىككى قولى بىلەن ئەلى تۆگىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئىچى تەرىپىگە كۈچەپ زەربە قىلدى. ئەلى تۆگىنىڭ ئىككى پۇتى كېرىلىپ، ئۆزى سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەلى سەنتۈرۈلگەن شۇ پەيتتە، نىزامىدىن ئىچكى ئېنېرگىيەسىنى تەڭشەپ پۇتۇن كۈچىنى ئالقىنىغا يىغىپ تۇرۇپ، ئەلى تۆگىنىڭ قورساق قىسمىغا «تۆمۈر ئالقان» گۇمپىسىنى ئىشلىتىپ ناهايىتى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئەلى تۆگە مۇنداق زەربىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ خۇددى ئەسكى تام ئۆرۈلگەندەك ئارقىسىغا «گۇپ!» قىلىپ يىقىلدى - دە، خېلىغىچە دېمى كەلمەي يېتىپ قالدى. كۆپچىلىك ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە كىچىك - كىچىك ئالتۇن يۇلتۇزلار چىمىرلاشقا باشلىدى. قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ، پۇتلىرى غال - غال تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ هالىتىنى كۆرگەن هەر ئىككىلا تەرەپ هەيرانۇهەس قالدى.

ئەلى تۆگە لام - جىم دېمەستىن كېتىپ قالدى. ئۇتتۇرغان ۋە ئۇتقانلارمۇ ئاشپۇزۇلنىڭ گېپىنى قىلىشمايلا تارقاشتى.

× × ×

ئارىدىن بىر جۇمە ئۆتكەندە، ئەلى تۆگىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئالاھىدە داستىخان راسلاپ، توختى ئاخۇنىنىڭ ئۆيىگە كەلدى ۋە بىرمۇنچە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئەلىنى «گۆشى سىزنىڭ، ئۇستىخىنى بىزنىڭ» دەپ توختى ئاخۇنغا شاگىرتلىققا تۇتقۇزدى. خەيرىيەت، ئەسلىدە جانبازلىقنى باللارغا كىچىكىدىن ئۆگەتسە ئۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولاتتى. ئەلىدەك يىگىرمە ياشقا كىرىپ، سۆڭەكلىرى «قېتىشقا باشلىغان» دا جانبازلىق ماھارىتىنى ئۆگىنىش سەل تەس ئىدى. نىھايەت، ئەلى تۆگىنىڭ بەدەن سۈپىتى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، ئېغىر مەشقلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىدى ھەم توختى ئاخۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئورۇنلىغاندىن سىرت، ھەمساۋاق ئاغىسى — توختى ئاخۇنىڭ چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا خەلپەتتىنمۇ ئەتىسى - ئاخشىمى ۋە جۇمە — دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

ئەلى تۆگە جانبازلىق مەشىقىگە جان - جەھلى بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تاپاۋىتى ياخشى ئىدى. ئاتىسى ئابدۇرېھىم ئاخۇن ئۇستا تېۋىپ بولۇپ، تۇرپان دىيارىدىن گۇچۇڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان كىشى ئىدى. بۇ ئائىلىدە مۇشۇ ئەلى بىرلا پەرزەنت بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە باقاتتى. ئەلى جانبازلىق ماھارىتىدە تېز يېتىلىشكە باشلىدى. تۆتىنچى يىلىغا بارغاندا ئۇ ئىككى يۈز جىڭ كېلىدىغان قۇم خالتىنى ئوڭ قولىدىن سول قولىغا ئەركىن، يەڭگىل تاشلاپ ئوينايدىغان بولدى. كىچىكرەك تونۇردەك تاشنى بىمالال كۆتۈرۈپ، كۆكرەك قىسمىغىچە ئاچىقالايدىغان، بىر ئالىقان ئۇرۇپ ئۇستى -

ئۈستىگە تىزىلغان بەش - ئالتە خىشنى كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتەلەيدىغان بولدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بىر مۇشت بىلەن كىچىكرەك بۇقىلارنى ئۆرۈپ يىقىتىۋەتكۈدەك ھالەتكە يەتتى.

بىر كۈنى پېشىندىن يانغان مەزگىلدە، شاگىرتلار توختى ئاخۇننىڭ ھويلىسىدا پارلىشىپ مەشىق ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. توساتتىن ئەلى تۆگە نىزامىدىننى قوچاقلاپ، ئېگىكى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى بېسىپ، نىزامىدىننى مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى. نىزامىدىن خېلى يۇلقۇنۇپ باققان بولسىمۇ، ئەلى تۆگىنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقالمىدى. ئەلى تۆگىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە ھازىر ماھارەت - ھۈنەر قوشۇلۇپ، ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلىنىپ كەتكەنىدى. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدىكى سۇپىغا سېلىنغان گىلەمدە تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان توختى ئاخۇن بۇ ھالەتنى كۆرۈپ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى - دە، شاگىرتلارنى مەشىقلەندۈرۈۋاتقان ھىدايىتۇللا خەلپەتكە ئىشارەت قىلىپ نىزامىدىننى چاقىرىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. توختى ئاخۇن ئورنىدىن شاققىدە قوپۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ نىزامىدىن مەشىق مەيدانىدىن يىتىپ كەتتى. قىرىق كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ھويلىدا قايتىدىن پەيدا بولدى.

توختى ئاخۇن يەنە سۇپىغا چىقىپ تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرۇپ، ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ باللارنى مەشققە سېلىشىنى كۆزەتمەكتە. ئەلى تۆگە يەنە ھەر كۈندىكىدەك قۇم خالتىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېتىپ مەشىق قىلىۋاتاتتى. نىزامىدىنمۇ ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە قوش قىلىچ مەشىق قىلىۋاتاتتى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، شاگىرتلار ئالدى ئېزىملىنىدىغان، يەكتەك ئۈزۈن ماتا پىنجەك كىيىشكەنىدى. بۇ كۈنلەردە توختى ئاخۇننىڭ شاگىرتلىرى يۈزدىن ئاشقان بولۇپ، چۈشتىن بۇرۇن بىر تۈركۈمى،

چۈشتىن كېيىن بىر تۈركۈمى مەشىققە كېلەتتى. ھويلىغا سىغمىغانلىرى دەرۋازا ئالدىدىكى بوشلۇقتىمۇ مەشىق قىلاتتى. توختى ئاخۇن كۈندە شاگىرتلارغا نەمۇنە كۆرسىتىپ قويۇپلا، ئۆزىنىڭ باشقا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھىدايىتۇللا خەلپەت گەرچە توختى ئاخۇننىڭ تۇنجى تۈركۈمدە يېتىشتۈرۈپ چىققان شاگىرتلىرىدىن بولسىمۇ ھەم ئۇنىڭ ھەمساۋاقلىرىدىن ھەمدۇللا، مەتنىياز، ئابابەكرى، ئابدۇكېرىم، ھەبىبۇللا دېگەنلەر ئۇستازىدىن دۇئا ئېلىپ يۇرتلىرىغا قايتىشقان ياكى ئۆز ئالدىغا شاگىرت تەربىيەلەشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، توختى ئاخۇننىڭ تەكلىپى بىلەن ھىدايىتۇللا خەلپەت ئۇستازىغا ياردەملىشىپ ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى مۇشۇ ھويلىغا كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. توختى ئاخۇن بولمىغاندا، ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن نىزامىدىن ئىككىسى تۇنجى تۈركۈمدىكى ھامساۋاق شاگىرتلاردىن بولۇپ، جانبازلىقتا توختى ئاخۇنغا تەگلىشىپ قالاي دېگەن بولغاچقا، شاگىرتلارنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىقالايتتى. بىراق، ئەلى تۆگە بۇ كۈنلەردە كۆرەڭلەپ، نىزامىدىنغا ھە دېسە خىرىس قىلاتتى. بۇ ئىش توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغانىدى. شۇڭا، توختى ئاخۇن نىزامىدىننى قىرىق كۈن ئايرىم تەربىيەلىدى. توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلى ئەمدى تەسكىن تاپتى. ئۇ نىزامىدىننى يېنىغا چاقىرتتى، ئاندىن ئەلىگە قاراپ:

— ئەلى،— دەپ توۋلىدى توختى ئاخۇن،— بۇياققا كەل!

— لەببەي ئۇستاز،— ئەلى يۈگۈرۈپ كەلدى.

— قىرىق كۈن ئىلگىرى سەن نىزامىدىننى چىڭ قۇچاقلىغانىدىڭ، شۇ ھەرىكىتىڭنى يەنەبىر كۆرسىتە،— دېدى.

ئەلى تۆگە ھېچبىر ئويلىنىپ تۇرمايلا يېنىدا تۇرغان نىزامىدىننى چىڭ قۇچاقلاپ، ئېگىكى بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى بېسىپ، ئۇنى مىدىرلىيالمايدىغان ئەھۋالغا كەلتۈردى. توختى

ئاخۇن نىزامىدىنغا كۆز ئىشارىتى قىلدى. نىزامىدىن ئېچىگە دەم سولاپ تۇرۇپ بۇرما مىخ ھالىتىدە شىددەت بىلەن ئايلىنىپ «قارا قۇيۇن ھەرىكىتى» نى قىلىۋىدى، ئەلى تۆگىنىڭ ئىككى بىلىكىنىڭ ئىچى تەرىپى، قورساق قىسمى خۇددى بىر قەۋەت تېرىسىنى شىلىۋەتكەندەك، قىپقىزىل ھالەتكە كەلدى. ئەلى تۆگىنىڭ جېنى سىرقىراپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى، خېلىغىچە ئورنىدىن قوزغىلالمىدى......

توختى ئاخۇننىڭ يۈزى قىزاردى. بۇ مەمنۇنلۇق كۆلكىسىنىڭ تەپتىدىن قىزىرىش ئىدى. ئەلى تۆگە شۇ كۈندىن ئېتىبارەن توختى ئاخۇننىڭ ھويلىسىغا دەسسىمىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ يۇرتى تۇرپانغا كېتىپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

# ئاتا ـ بالىنىڭ ئېلىششى

ئەلى تۆگە ئاتىسىنىڭ يۇرتى تۇرپانغا كەتكەندىن كېيىن، توختى ئاخۇننىڭ شاگىرتلىرى نىزامىدىنىڭ جانبازلىق ماھارىتىدىكى كامىللىقنى گاھىدا ئۇنىڭغا ئاگلىتىپ، گاھىدا خۇپىيانە سۆزلىشىپ، ئۇنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىدىغان بولدى، توختى ئاخۇننىڭ ھويلىسىدىمۇ، كوچا ـ كويلاردىمۇ شۇ گەپ. بۇنداق ماختاشلاردىن مەغرۇرلانغان نىزامىدىن ئاز ـ تولا كىبىرلىك بولۇپ قالدى. ئاتىسى يوق چاغلاردا، ھويلىدىكى مەشىق ۋاقىتلىرىدا ھەمساۋاق ئاغىسى ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ ئالدىدىمۇ كېرىلىپىراق يۈرىدىغان بولۇۋالدى. ھىدايىتۇللا بۇنى سەزسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ يۈردى. ئەمما، «بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق، قازىنىڭنىڭ قاينىشىغا باق» دېگەندەك، توختى ئاخۇن نىزامىدىنىڭ كۆرەڭلەيدىغان بولۇپ قالغىنىنى شاگىرتلىرىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن، نىزامىدىنىڭ قىسمەن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن تۇيۇپ قالغانىدى. بۇ توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز قىلىشقا بىرقانچە رەت تەمشىلىپ كۆرگەن توختى ئاخۇن يەنىلا گەپ قىلمىدى. چۈنكى، توختى ئاخۇن نىزامىدىنىڭ كۆڭلىنى ئايىدى. نىزامىدىن تۇغۇلۇپلا ئانىسى گۈلسارە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى توختى ئاخۇننىڭ جاپاكەش ئانىسى ھاشىخان ئۇ ئۆي، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆيدىكى يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ ئېمىتىپ يۈردى. نىزامىدىن تۆت ئايلىق بولغاندا ھاشىخانىڭمۇ سۈت كىرىپ قالدى. بىراق، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك، نىزامىدىن بىر يېرىم ياشقا كىرگەندە ھاشىخان ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ چاغدا توختى ئاخۇننىڭ سىڭلىسى رايىمانخانمۇ تالالىق قىلىنغان بولغاچقا، نىزامىدىننى بېقىش ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا قالدى. «ئەتىگەندە تويمىغان قورساق كەچكىچە تويماپتۇ» دەپتىكەن چوڭلار. توختى ئاخۇن ئۆزىمۇ كىچىك چېغىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قىلىۋىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى نىزامىدىنمۇ تۇغۇلۇپلا ئانىسىز قالدى. توختى ئاخۇن ئامالسىز قايتا ئۆيلەندى. ئىككىنچى ئايالى مايىسخان ياۋاش، مېھرىبان ئايال ئىدى. ئۇ نىزامىدىننى باغرىغا باستى، ئۇنىڭغا كېچىلىرى قوپۇپ بۇلماق ئەتتى. كۈندە يۇمشاق نان، قۇۋۋەتلىك ھەم سىڭىشلىك تاماقلار بىلەن نىزامىدىننى باقتى. ئۇنىڭغا خۇدايىتائالا بالا مېھرىنى سالدى بولغاي، نىزامىدىن تۆت ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ ئىنىلىرى شاھىدىن، غوسىدىن، مۇئەززىدىنلەر تۇغۇلدى. توختى ئاخۇننىڭ باللىرى كۆپەيدى. شۇنداقتىمۇ، توختى ئاخۇن توڭگۇل، مايىسخان نىزامىدىنغا ئالاھىدە ئامراق ئىدى. «باققان بالىنىڭ مېھرى كۈچلۈك بولىدۇ» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مايىسخان ئۆزى تۇغقان باللىرىنى بىر تەك، نىزامىدىننى بىر تەك كۆرۈپ كەلدى. توختى ئاخۇن نىزامىدىننى ئالاھىدە چوڭ كۆرگەچكە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىرنېمە دېمىگەندى.

بىر كۈنى نىزامىدىن ئانىسى مايىسخاننىڭ يېنىدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. مايىسخان ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ نىزامىدىن بالام، يېشىڭمۇ يىگىرمىگە بېرىپ قالدى، تۇغقانلارنىڭ قىزلىرىدىن بىرەرسىنى تاللىساڭ ئۆيلەپ قويايلىمىكىن

سىنى؟ــ دېدى.
ــ ياق ئانا، هازىر سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ. مەن جانبازلىق ماھارىتىدە تېخى ئاتام بىلەن تەڭلەشكۈدەك بولمىدىم. ئاتامنىڭ ھۈنىرىنى تەلتۆكۈس ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆيلىنىسەممىكىن دەپ ئويلاپ يۈرىمەن،ــ نىزامىدىن ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىيالىنى ئانىسىغا ئوچۇقلا ئېيتتى.
ــ باشقىلار سېنى ئاتىسى بىلەن ماھارەتتە تەڭ دېگۈدەك بولۇپ قالدى دېيىشىدىغۇ؟
ــ مەنمۇ شۇنداقراق ھېس قىلىپ يۈرەتتىم، بىراق بىرقانچە ۋاقىت ئىلگىرى ئەلى تۆگە مېنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرمىغاندا، ئاتام ماڭا باشقا يەردە قىرىق كۈن ئايرىم ھۈنەر ئۆگىتىۋىدى، قىرىق كۈندىن كېيىن مەن ئەلى تۆگىنى يېڭىپ قويدۇم. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاتام بەزى ھۈنەرلىرىنى ماڭا تېخى ئۆگەتمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. خەقلەرمۇ: «ئۇستاز بولغان كىشى شاگىرتلىرىغا ھامان بىر ھۈنىرىنى ئۆگەتمەي ئۆزىدە ساقلاپ قالىدۇ» دېيىشىدىكەن ئانا. مەن جانبازلىقنى تەلتۆكۈس ئۆگىنىپ بولۇپ ئاندىن ئۆيلىنەي،ــ دېدى نىزامىدىن.
ــ ئاتاڭنىڭ ساڭا ھۈنىرىنى تولۇق ئۆگەتمىگەنلىكىنى قانداق بىلىسەن؟ بولمىسا سوراپ كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ــ نىزامىدىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مايسىخانمۇ ئىككىلىنىپ قالغانىدى.
ــ سورىسام بولمايدۇ ئانا، ئۇنداق قىلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.
ــ ئەمىسە قانداق بىلىسەن بالام، ئاتاڭنىڭ ساڭا ھۈنىرىنى تولۇق ئۆگەتمىگىنىنى؟ــ مايسىخان تەئەججۇپلەندى.
ــ بىر قېتىم ئېلىشىپ باقايمىكىن ئاتام بىلەن ......ــ نىزامىدىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى تولىمۇ تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتتى.

www.uygurkitap.com

ــ ئاتــا ـ بــالا يىرىكلىــشىپ قالمــاڭلار جومــۇ بــالام؟ــ مايىسخان نىزامىددىننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

ــ ياق ئانا، ئەنسىرەپ كەتمىگىن، «باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە، قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» قىلارمەن،ــ نىزامىددىن شۇ گەپ بىلەن مايىسخاننى خاتىرجەملەندۈرگەندەك قىلدى.

× × ×

شام ئارىلىقىدا نىزامىددىن كوچىغا چىقتى. قىش كۈنلىرى گۇچۇڭدا سوغۇق قاتتىق بولاتتى. قېتىپ كەتكەن زېمىن قىراۋ بىلەن قاپلانغانىدى. قىراۋلار كىشىلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدا غىرىسلايتتى. قىش خۇددى مېيتقا يېپىلغان يوپۇقتەك، پۈتكۈل شەھەرنى، پۈتكۈل زېمىننى قار ـ قىراۋغا چۈمكىگەنىدى. قىش كۈنلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك قارا بۇلۇتلىرى ئاسماندا بىر ياققا قايغۇلۇق سۈرۈلمەكتە. يۇلتۇزلارنىڭ ئەڭ باشتا پەيدا بولغانلىرى قارا بۇلۇتلارنىڭ ئاراچلىرىدىن تۈۋەنگە ماراپ قارايتتى. دەرەخ شاخلىرىدا ئاندا ـ ساندا قېپقالغان يوپۇرماقلار يەڭگىل چىقىۋاتقان شامالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دەرەخ تۈۋىلىرىگە چۈشمەكتە. شىۋىرغاننىڭ شەپىسى بىلىنمەكتە.

نىزامىددىن پاختىلىق چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تىكلىۋالدى. ئۇ قولىنى گاھىدا پوتىسىنىڭ قېتىغا، گاھىدا يېڭىگە تىقاتتى. سوغۇق كۆچىيىۋاتاتتى. نىزامىددىن ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، توڭ يەر ئۇنىڭ ئۆتۈكىنىڭ چەمى ئاستىدا تىنماي غىرىسلايتتى. خۇپتەنگە تاك ـ تاك ئۇرۇلۇپ، كەينىدىنلا مەزىننىڭ ئەزان توۋلىغان زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. يەنە بىرئاز كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. نىزامىددىن ئاتىسى توختى ئاخۇننىڭ خۇپتەندىن قايتىشىنى يول ئۈستىدە ساقلاۋاتاتتى.

توختى ئاخۇن خۇپتەن نامىزىدا ئىمامنىڭ ئەمر - مەرۇپىتى ئاڭلاپ سەل ھايال بولۇپ ياندى. چوڭ مەسچىت بىلەن تۆگمەنبېشى مەھەللىسى ئارىلىقى بىر ئۇن يېتىمچە كېلەتتى. كوچىدا بىرەر ئادەممۇ يوق، ھەممىلا ئادەم ئۆچەككە كىرىپ كەتكەندەك ئىدى. نىزامىدىن ساقلاپ تاقىتى تاق بولدى. شۇ ئەسنادا توختى ئاخۇن ئىچىدە دۇرۇت ئوقۇپ، سالماق قەدەم بىلەن كېلىۋاتاتتى. نىزامىدىن ئاياغ تىۋىشىدىن ئاتىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، پۇتلىرىنى سىلكىپ، ئۆزىنى ئېلىشىشقا رۇسلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن ئۆزىنىڭ پەدەرى ھەم ئۇستازى، بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ئاتىسى بىلەن ئېلىشاتتى. ئاتىسى يېقىنلاپ كەلمەكتە، ئۇنىڭ سالماق تاشلىغان ھەربىر قەدىمىدىن توڭلاپ كەتكەن يەر تىترىمەكتە، نىزامىدىننىڭ ۋۇجۇدىدا قىنى ھاياجاندىن دولقۇنلىماقتا. ئۇنىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ سوقۇپ تۇرسىمۇ، ئۇستۇنلۈككە بولغان ئىنتىلىشى، يىگىتلىك جاسارىتى ئۇنىڭغا تۈرتكە بولۇپ، ۋۇجۇدىغا جۈرئەت بېغىشلىدى- دە، شىرنىڭ ئالدىنى توسقان يولۋاستەك، تۇيۇقسىزلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقتى.

— كىمسەن!— دېدى توختى ئاخۇن بۇ كېچىدە تۇيۇقسىز يول توسقانغا خىتاب قىلىپ.

— سەن بىلەن ئېلىشقىلى كەلگەن ئادەممەن، ھۈنەرلىرىڭنى ئىشقا سال!— نىزامىدىن ئاۋازىنى بومراق قىلىپ سۆزلىدى ۋە شىددەت بىلەن ھەملە قىلىپ ئېتىلىپ كەلدى.

ئاتا - بالا ئېلىشماقتا، زەنجىرسىمان پەشۋا، ئۇدۇل ۋە ئەگىتمە مۇشتلار كەينى - كەينىدىن ئېتىلماقتا. مۇشت - پەشۋالار ئوخشاش ئۇسۇلدا قايتۇرۇلماقتا. زەربە بېرىش ۋە زەربىنى بوشقا كەتكۈزۈپ رەتلەش يوللىرى ئوخشىشىپ قېلىۋاتاتتى. توختى ئاخۇن

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن بىرنېمىنى گۇمان قىلغانىدەك بولدى- دە، زەربىنىڭ سالمىقىنى، قېتىم سانىنى كۈچەيتتى ھەم زەربە بېرىش ئۇسۇلىدا تېز - تېز ئۆزگىرىش ياسىدى. نىزامىدىنمۇ تېزدىن ماسلىشىپ بىراق، ئۇنىڭ كۈچلۈك زەربىلىرىنى توختى ئاخۇن يەڭگىللىك بىلەن رەت قىلاتتى. چۈنكى، توختى ئاخۇن قاراڭغۇدا زەربىنى توسۇشقا ماھىر ئىدى. قايسىبىر يىلى ئۇ بازاردىن بىر قېچىر سېتىۋالغانىدى. بۇ شۇنچىلىك خۇيى سەت قېچىر چىقىپ قالدىكى، ئالدىدىن كەلگەننى چىشلەپ، كەينىدىن كەلگەننى تېپىپ يېقىن كەلتۈرمەيتتى. يەم - بوغۇزنى پەقەت توختى ئاخۇنلا بېرەلەيتتى. ئېغىلغا كىرگەن ھەرقانداق ئادەمگە تېپىك سالاتتى. يامان ئىشنىڭمۇ ياخشى تەرىپى بولغىنىدەك، توختى ئاخۇن قېچىرنىڭ تېپىكىنى توسۇشنى ئۆزىنىڭ زەربىنى قايتۇرۇشتىكى بىر ئۈنۈملۈك مەشىق ئۇسۇلى قىلدى- دە، قاراڭغۇدا قېچىرنىڭ تېپىكىنى توسۇشقا كىرىشتى. بۇ ئۇسۇل ھەقىقەتەن ئۈنۈم بەردى. ھەرقانچە سالماقلىق ۋە تۇيۇقسىز زەربىمۇ يامان قېچىرنىڭ تېپىكىدەك بولمايتتى. مانا بۈگۈن كەچتىكى ئېلىشىشتا توختى ئاخۇننىڭ ئاشۇ مەشقى كارغا ياراپ قالدى. نىزامىدىن ئۆگەنگەن ھۈنەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىشلىتىپ باقتى، لېكىن ئاتىسى بارا - بارا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. نىزامىدىن ئۆزىنىڭ ئاتىسى تەرىپىدىن سېزىلىپ قالغانلىقىنىمۇ ئاتىسىنىڭ بىر - ئىككى قېتىم يول قويغانلىقىدىن پەملەپ قالدى- دە، كەينىچە بىرقانچە موللاق ئېتىپلا غايىب بولدى. توختى ئاخۇن قوغلىمىدى. بىراق، ئۇ بۇ قېتىمقى ئېلىشىشنىڭ نېمە سەۋەبتىن بولغانلىقىنى كۆڭلىدە تەخمىن قىلىپ بولغانىدى.

توختى ئاخۇن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. مايسىخان مەشكە ئوتنى ئۇلۇغ قالاپ، جىنچىراغ تۈۋىدە يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى. كاڭدا توت - بەشى تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. نىزامىدىننىڭ ئورنى

بوش تۇراتتى.

— نىزامىدىن قېنى؟ — سورىدى توختى ئاخۇن.

— مەردان ئاغىنەمنىڭكىدە قونۇپ قالىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، بىرەر ئىش بارمىدى؟ — دەپ سورىدى مايىسخان.

— ياقەي، مۇنداقلا سوراپ قويدۇم. ئوغۇل بالا دېگەننىزە، چوڭ بولۇپ قالغاندا ئۆيدە تۇرۇۋكرەكمۇ تۇرمايدىكەن، — دېدى توختى ئاخۇن، — ۋاقتىدا ئۆيلەپ قويساق بولاتتى، سەن ئانىسى بولغان ئادەم سۆزلىشىپ كۆرمىدىڭمۇ؟

— سۆزلىشىپ كۆردۇم، — دېدى مايىسخان توختى ئاخۇنغا چۆگۈندىن قىزىق چاي قۇيغاچ، — ئاتامنىڭ ھۈنىرىنى تولۇق ئۆگىنىپ بولغاندا ئاندىن بىرگەپ بولار دەۋاتىدۇ.

— ھىم! — دېدى توختى ئاخۇن. مايىسخاننىڭ بۇ سۆزى توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

— ئۇستىباشلىرىدىن تەر پۇراپ كېتىپتۇغۇ؟ — دېدى توختى ئاخۇننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغان مايىسخان.

— سەل تاۋىم يوق، مەسچىتتىمۇ شۇنداق تەرلەپ كەتكەنىتىم، — توختى ئاخۇن يول ئۇستىدە بىركىم بىلەن ئېلىشقىنىنى يوشۇردى.

— شوۋىگۈرۈچ قاينىتىپ بېرەيمۇ ھازىر؟

— ياقەي، بىر ئۇخلاپ قويسىلا ئۆتۈشلىپ قالىمەن، خاتىرجەم بولغىن.

— ئەمىسە ئەتە بامداتقا ئىچ كىيىملىرىنى يۆتكەپ بارسىلا، — دېدى مايىسخان.

مايىسخان پاكىز، شىپا، تىرىشچان ئايال ئىدى. ئۇ ئۆينى پاكىز تۇتۇپلا قالماي، ئېرى ۋە بالىلىرىنىمۇ پاكىز كىيىندۈرەتتى. ئۇ دائىم بالىلىرىغا: «پاكىز يۈرۈڭلار بالىلىرىم، پاكىزلىق ئىماننىڭ جۈملىسىدىن» دەپ تاپىلايتتى.

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلاي،ــ دېدى توختى ئاخۇن يېتىشقا يېشىنىۋېتىپ.

توختى ئاخۇن كىچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، تۈزۈكرەك كۆز يۇممىدى. مايسىخانمۇ ئېرىنىڭ بۇ ھالىتىدىن نىزامىدىنىنىڭ نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۆزىگە ئېيتقان ئىشنى قىلغانلىقىنى پەملىدى، ئۇنىڭمۇ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچتى.

دەرۋەقە، ئۈچ كۈندىن كېيىن مەردان توختى ئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ نىزامىدىنىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كىچىك ئانىسى رايىمانخاننىڭ يېنىغا كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇدا ئاتىسى بىلەن ئېلىشقىنىغا قاتتىق ئۇيالغىنىنى ئېيتقانلىقىنى دېدى. توختى ئاخۇننىڭ پەرىزى توغرا چىقتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نىزامىدىن ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالدى.

## ئون يەتتىنچى باب

# گۈلشەن مەكتىپى

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خۇاڭ شيۇچۇەن، كاڭ يوۋى، يەن فۇ قاتارلىق ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار جۇڭگو خەلقىنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاقارتىش، ئىسلاھاتچىلىق ۋە دېموكراتىيە يولىنى ئىزدىگەنىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىدە شىنجاڭدىكى بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارمۇ ئەنە شۇ يولغا ئىنتىلدى ــ ئالدى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇش، دېموكراتىك غايىلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. 1911 ـ يىلىدىكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ «سەنمىنجۇيى» ئىدىيەسى شىنجاڭغا يۈزلەنگەندە، شىنجاڭدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىمى تېخىمۇ كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. 20 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى شىنجاڭدىكى ئازسانلىق مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىسلاھاتچىلىق ۋە دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم ئىلغار زىيالىيلار خەلق ئارزۇسىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مەرىپەتچىلىك ئىدىيەسىنى كەڭ تەرغىب قىلدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت

شەكلى ئارقىلىق مەيدانغا كەلدى. يېڭى مائارىپ — ئاقارتىش پائالىيەتلىرى كەڭ ئەۋج ئالدى. مۇنداق زور مەدەنىيەت ھادىسىسى يېڭىدىن ئويغىنىشقا باشلىغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىك - دېموكراتىك غايىسىنىڭ ئەكس ساداسى ئىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ئارزۇسىغا ئەينى زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر ۋەكىللىك قىلدى[①].

20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن قەشقەر — ئاتۇش، كۇچا، تۇرپان، ئىلى رايونىدىكى تەرەققىيپەرۋەر سودىگەرلەر ۋە ئۆلىما - زىيالىيلار «جەدىت مەكتىپى» دەپ ئاتالغان يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، مەدرىسە مائارىپىدىن يېڭىچە مائارىپ يولىغا كۆچۈشكە يۈزلىنىپ، خەلقنى زامانىۋى پەننىي بىلىملەر بىلەن ئويغىتىپ، تەرەققىيات ۋە قەد كۆتۈرۈش يولىغا باشلاشقا بەل باغلاشتى. بۇ مەزگىل دەل قومۇل ۋە تۇرپان - پىچان رايونلىرىدا تۆمۈر خەلىپە باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى، پىچان پاڭخىيەدىكى «لىگا» لەقەملىك ئابدۇرېھىم دېگەن كىشىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى «لىگالار يېغىلىقى»، ئامىر باشچىلىقىدىكى «ئامىرلار يېغىلىقى» كەينى - كەينىدىن يۈز بەرگەن؛ ئاتۇش زېمىنىدا نادانلىققا قارشى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا قارشى ئىلى، ئاتۇش، قەشقەرلەردە شەكىللەنگەن «مىللىي سودىنى راۋاجلاندۇرۇش» دولقۇنى، تۇرپاندا مەخسۇت مۇھىتىلار ئائىلىسىنىڭ يېڭىچە مەرىپەت ئېچىش ھەرىكەتلىرى پەيدا بولۇۋاتقان چاغ ئىدى.

ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك بىرقاتار ئىجتىمائىي ھادىسىلەر،

---

① مەھمۇت زەيدى، مەھمۇت ئەكبەر، ئىسمائىل تۆمۈرىلەر نەشرگە تەييارلىغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» نىڭ كىرىش سۆز قىسمى 5 - ، 6 - بەتلەردىن ئېلىنغان ئابزاس.

ھەرىكەتلەر تۆرتكىسىدە، «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان يولنىڭ شىمالىي لىنىيەسىدىكى مۇھىم بىر ئۆتەڭ بولغان گۇچۇڭدا، تەرەققىيپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك زاتلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن «گۈلشەن مەكتىپى» قۇرۇلغانىدى.

× × ×

توختى ئاخۇن جۈمەدىن يېنىپ ھويلىسىدىكى سۇپىدا تەسۋى تارتقاچ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. بۈگۈن شاگىرتلار «ئازاد» قا[1] چىقىرىلغان بولغاچقا، ھويلىدا باللار يوق ئىدى. توختى ئاخۇننىڭ ئۆزىنىڭ باللىرىمۇ ئۇيىنغىلى چىقىپ كېتىشكەن.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — توختى ئاخۇننىڭ ھويلىسىغا دۇگامەت ئەپەندى بىلەن شاۋۇدۇن ئەپەندى كىرىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭىزلەر مېھمانلار، قېنى سۇپىغا مەرھەمەت! — توختى ئاخۇن ئورنىدىن قوپۇپ مېھمانلار بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار سۇپىغا كېلىپ پاتىھە قىلىپ يۈزلىرىنى سىيپاشقاندىن كېيىن قايتىدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتى.

بۇ ئىككى مېھمان بېشىغا ئوخشاشلا بۆك، ئۇچىسىغا كۆك سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا، پۇتىغا شىبلىت كىيگەن، ئاق چۈچۈنچىدىن تىكىلگەن چامچا كىيىپ، بوينىغا گالىستۇك تاقىغانىدى. بۇلارنى دىندارلار «جەدىتلەر»[2] دەپ ئاتىسا،

---

[1] ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، دىنىي مەكتەپ قائىدىسى بويىچە مەكتەپتىن قايتىش ۋە ئارىلىقتا ئارام ئېلىشلار «ئازادقا چىقىش» دېيىلەتتى — ئا.

[2] جەدىد — ئەرەبچە، يېڭى، يېڭىلىق دېگەن مەنىلەردە. ئەينى ۋاقىتتا يېڭىچە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى «جەدىتلەر» دەپ ئاتىشاتتى — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئــادەتتىكى كــىشىلەر «ئەپەنــدى» دەپ ئاتــىشاتتى. بــۇلاردىن دۇگــامەت ئەپەنــدى تۇرپــان ئاســتانىدىن، شــاۋۇدۇن ئەپەنــدى ئاتۇشــتىن بولــۇپ، ھەر ئىككــىسلا گۇچۇڭــدا ئېچىلغــان «گۇلــشەن مەكتىپى» نىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىدى. بۈگۈنكىسىنى قوشقاندا، بۇ ئىككى ئەپەنــدىنىڭ تــوختى ئاخۇننىــڭ ھۇزۇرىغا ئــۈچىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى.

ـــ تــوختى ئــاخۇن ئاكــا، مەرتەم ـ مەرتەم ئــۈچ مەرتەم دەپتىكەن، ئالــدىڭىزغا مانــا ئــۈچىنچى قېتىم كېلىــشىمىز. گۇلــشەن مەكتــىپىگە بىرىــپ بىــر كــۆرۈڭ، جانبــازلىق دەرســتى باللارغــا سۆزلەپ، ئۆگىتىپ بېقىڭ، ناۋادا ئەپلىشىپ قالغۇدەك بولسا بىــرگە ئىشلەپ قالايلى، ـــ دېدى دۇگامەت ئەپەندى.

ـــ گۇچۇڭــدا ســىزنىڭ يــۈز ـ ئــابرۇيىڭىز ناھــايىتى چــوڭ توختاخۇن ئاكا، سىز گۇلشەن مەكتىپىگە كېلىپ تەن دەرسى ـــ جانبازلىقتىن ساۋاق بەرسىڭىز، مەكتەپكە نۇرغۇن باللارنى جەلپ قىلغىلى بولاتتى. يۇرت ئىچىدىكى نۇرغۇن مۆتىــۋەرلەر بــۇ گۇلــشەن مەكتىپىنى ناھايىتى ياخشى قوللىدى. پۇلى بــارى پۇل چىقاردى، بەزىــسى ھــويلا ـ قورۇســىنى «مەكــتەپ قىلىڭــلار» دەپ بەردى. ئاۋامنىــڭ بــالىلىرىنى ئوقۇتــۇپ قويــساق ســاۋابى چــوڭ بولــىدۇ، ـــ دېــدى شــاۋۇدۇن ئەپەنــدى، ـــ مەكتەپــتىن ســىزنىڭ ئــىش ھەققىڭىزگە ھەرئايدا ئىككى سەر كۆمۈش بېرىدۇ.

تــوختى ئــاخۇن بىــردەم ئويلانــدى، شــۇ زامــانلاردا دىنىــي مۇتەئەســسىپلىك كۈچلــۈك ئىــدى. گەرچە، يــېڭىچە مەكــتەپلەر يۇرتلاردا قۇرۇلغان بولسىمۇ، ياش زېڭشىن ئۇنى تەقىب قىلغانــدى. بىرىنچــى قېتىملــىق تەقــىبلەنگەن ۋاقىتتــا دۇگــامەت ئەپەنــدى ئاستانىدىن گۇچۇڭغا، شاۋۇدۇن ئەپەنــدى ئــاتۇش ئىكساقتىن بــۇ تەرەپكە باش قاچۇرۇپ كېلىــپ، بــۇ يەردىكــى گۇلــشەن مەكتىپىدە ئىشلەپ تۇرۇپ قالغانىدى. ئاز ساندىكى ئىلغار پىكىرلىــك ئۆلىمــا ـ

سودىگەرلەر، مۆتىۋەر زاتلار گۈلشەن مەكتىپىنى قوللىغان بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپچىلىك خەلق تېخى بۇنداق يېڭىچە مەكتەپلەرنى چۈشىنىشتىن، ئۇنى ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ قوبۇل قىلىشتىن خېلى يىراقتا ئىدى؛ ھەتتا ئەپەندىلەرنىڭ كىيىنىشلىرىنىمۇ مەسخىرە قىلىشىپ، ئۇلار كوچا - كويلاردا ماڭسا ئۇلارغا يانچە قاراپ «جەدىت كېلىۋاتىدۇ» دېيىشەتتى. شۇڭا، ئەپەندىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، كىيىم - كېچىكى، يۇرت ئىچىدىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغ دېگەندەك سورۇنلاردىكى تەشۋىق - تەربىيەلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە تىنماي يېڭىچە ئىدىيە، يېڭىچە كۆز قاراش، يېڭىچە چۈشەنچە - پىكىرلەرنى سىڭدۈرۈپ بېرىشقا جان - جەھلى بىلەن تىرىشاتتى. يېڭىچە مەكتەپ خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندا ۋاللىدە قۇياش پارلىغاندەك، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى چاقناتقانىدى. قاراڭغۇلۇقتا، زۇلمەتتە كۆنۈپ كەتكەن خالايىق ئۇنداق تۇيۇقسىز پارلىغان قۇياش نۇرىغا دەماللىققا كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىشى تەس ئىدى.

— بولىدۇ، سىزلەرمۇ ئېرىنمەستىن ئۈچ قېتىم ھۇزۇرۇمغا كەلدىڭىزلەر، مەنمۇ قەدرىمنى قىلغىنىڭلارنى بىلمىسەم بولماس، ئۇنىڭ ئۈستىگە باللارغا ساۋاق بېرىش ساۋابلىق ئىشكەن. ئەتە بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، ئاندىن بىر نېمە دېيىشەرمىز، — دېدى توختى ئاخۇن ئۇزاق ئويلىنىشتىن كېيىن.

— ھەببەللى! — دېيىشتى ئەپەندىلەر تەڭلا، — ئەتە سىزنى گۈلشەن مەكتىپىدە كۈتىمىز ئەمىسە!

توختى ئاخۇن ئىككى ئەپەندىنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

گۈلشەن مەكتىپى لىنخۇاجەنزە مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا سوزۇلغان كوچىدىكى بىر ھويلا - قورۇ ئىچىدە بولۇپ، بۇ قورۇنى

www.uyghurkitap.com

مەرىپەتپەرۋەر زات سەمەتهاجى ئىنئام قىلغانىدى. تۇختى ئاخۇن چاشگاھ ۋاقتى بىلەن گۇلشەن مەكتىپىگە كەلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ قوشقوۋۇقى تۈۋىدە بىردەم تۇرۇپ، ھويلا ئىچىگە سەپسالدى. ھويلا ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. ھويلىدا يىگىرمىچە بالا قاتار تىزىلغان پېتى بىر - ئىككى - بىر، بىر - ئىككى - بىر دېگەن كوماندىغا پۇتلىرىنى كەلتۈرۈپ دەسسەپ، ھويلىنى ئايلىناتتى. كوماندىنى شاۋۇدۇن ئەپەندى بەرمەكتە. باللارغا قاراپ تۇرغان دۇگامەت ئەپەندى بىلەن ئاۋامسلىم دېگەن دىنىي زات ئاربلاپ بىرنىمىلەرنى دېيىشىپ قوياتتى. باللار بىرنەچچە رەت ئايلانغاندىن كېيىن شاۋۇدۇن ئەپەندى ئۈنلۈك قىلىپ توۋلىدى:

— ئەمدى شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ ئايلىنىڭلار!

باللارنىڭ بوي - تۇرقى ئېگىز - پەس، كىيىملىرى ھەرخىل، ياش قۇرامى پەرقلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار تەكشى ئاۋازدا شېئىر ئوقۇپ، رەتلىك دەسسەپ ئايلىنىشقا باشلىدى:

ئوقۇت مېنى ئەزىز ئاتام،
ئوقۇتمىساڭ تاشتەك قاتاڭ.
ھېچنېمە كۆرمەي، ھېچنېمە بىلمەي،
ئىختىيارسىز بىكار ياتاڭ.

بىرلەشىڭ مەكتەپ ئاچىڭ،
نادانلىقنى ئاستىق باسىڭ.
شۇنداق قىلىپ بىز ياشلارنىڭ،
ئىلىم بىلەن كۆزىن ئاچىڭ.

يىغلاتماڭىز بىز ياشلارنى،

تۆكتەرمەگىز كۆز ياشلارنى.
زىنھار ئانام، ئاتام زىنھار،
ئوقۇتىڭىز بىز ياشلارنى.

زامان ھازىر شۇنداق زامان،
ئوقۇمىغان ئىتتىن يامان.
ئوقۇغانلار بولۇر ئامان،
ئوقۇتىڭىز بىز ياشلارنى.
......

توختى ئاخۇنغا ئاخىرقى بىر كۇپلېت شېئىر تەسىر قىلدى. راست ئەمەسمۇ؟ «ئوقۇمىغان ئىتتىن يامان» دېگىنى چىن سۆزغۇ بۇ؟ ئوقۇمىغانلار ئېغىر ئەمگەك بىلەن يىل بويى شىللىسىگە توپا چېچىپ كەتمەن چاپىدۇ. مانا، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولغان كازىم ئىلىپنى «تاياق» دېيەلمەي كوچىلاردا ئاشقان ـ تاشقاننى يەپ، ئاخىر يەنە كوچىدا ئۆلۈپ كەتتىغۇ؟ ئوقۇش كېرەك، باللارنى ئوقۇتۇش كېرەك، بۇ ئەلنى ئويغىتىش كېرەك......

توختى ئاخۇن مەكتەپ ھويلىسىغا كىردى. شاۋۇدۇن ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندى، ئاۋامىسلىم موللا قىزغىن چاۋاك چېلىشتى، ئۇستازلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ باللارمۇ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكوم، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ ئەپەندىلەر!؟— توختى ئاخۇن ئۇچۇق چىراي، گۇس ـ گۇس دەسسەپ كېلىپ ئەپەندىلەر بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.

— مەرھابا، مەرھابا، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك توختى ئاخۇن ئاكا!— ئەپەندىلەر توختى ئاخۇن بىلەن ئارقا ـ ئاقىدىن كۆرۈشتى.

— مانا ئەمدى ياخشى بولدى، تۆتىمىز بىرلىكتە بۇ گۈلشەن مەكتىپىنى خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقارغۇدەك قىلىپ ئاچىمىز، — دېدى شاۋۇدۇن ئەپەندى.

— كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى بۇرادەر، بالىلارغا بىرلىكتە ساۋاق بەرسەك نېمىدېگەن ياخشى ئىش بۇ!؟ — دېدى ئاۋامسلىم موللىمۇ تەبەسسۇم بىلەن.

— ئەمدى بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز تولۇق بولدى. ئاۋامسلىم موللا ھەركۈنى بالىلارغا ئىككى سائەت دىن دەرسى بېرىدۇ. شاۋۇدۇن ئەپەندى جۇغراپىيە ۋە ئاسترونومىيە دەرسى بېرىدۇ. مەن ئانا تىل بىلەن ھېساب دەرسى بېرىمەن. سىز تەن دەرسى— جانبازلىقتىن ساۋاق بېرىسىز، — دېدى دۇگامەت ئەپەندى.

— جانبازلىقتىن ساۋاق بېرىلىدۇ، دېگەننى ئاڭلىغان بالىلار خۇشاللىقىدا چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

— ھېلى سىز ئاسترونومىيە دېگەندەك بىر گەپنى قىلدىڭىز، ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟ — دېدى توختى ئاخۇن ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي دۇگامەت ئەپەندىدىن سوراپ.

— ئاسترونومىيە دېگىنىمىز ئاسمان جىسىملىرى يەنى يۇلتۇز، ئاي، قۇياش قاتارلىقلار ھەققىدىكى ساۋاق، — دېدى دۇگامەت ئەپەندى چۈشەندۇرۇپ.

— مۇنەججىملىك دەڭە!؟ — توختى ئاخۇن تېزلا چۈشەندى، — بىگى گەپلەرنى ئادەم تازا ئاڭقىرالماي قالىدىكەن.

— مۇنەججىملىك دەپ چۈشەنسىڭىزمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇ پالچىلىقتا ئائىت مۇنەججىملىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا قۇياش، ئاي، يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ جايلىشىشى، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىشى، ئۇلارنىڭ پەسىللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئۆزگىرىش ھالەتلىرى سۆزلىنىدۇ، — دۇگامەت ئەپەندى تەپسىلىي

چۈشەندۈردى.

— مۇنداق گەپكەن- دە، ئاسترونومىيە دېگەن، — توختى ئاخۇن بېشىنى لىڭشىتىپ چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادە قىلدى.

— ساۋاقلىرىمىزدا يېڭىچە ساۋاق، يېڭىچە ئاتالغۇ - ئۇقۇملار بولغاچقا، شۇڭا خەقلەر «جەدىت مەكتىپى» دەپ ئاتىشىۋاتامدۇ بۇ گۈلشەن مەكتىپىنى، — شاۋۇدۇن ئەپەندى «جەدىت» دېگەن سۆزنى شەرھلىدى.

— ھىم، ئەمدى چۈشەندىم بۇ مەكتەپنى، — توختى ئاخۇن راست گېپىنى ئېيتتى.

— ساۋاقداشلار! — دەپ گەپ باشلىدى دۇگامەت ئەپەندى ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، — بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇستا جانباز توختى ئاخۇن ئاكا سىلەرگە جانبازلىق ساۋاقلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ئوقۇغۇچى دېگەن ساغلام بەدەن، ساپ ئەقىل، ھۈنەر - بىلىم ئىگىسى بولۇشى كېرەك. زامانغا يارىشا ئىلىم بىلەن دىنىي ئىلىم ھەم تەن دەرسى — بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاشلا مۇھىم، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ھەممە تەرەپتىن تەڭ يېتىلىشنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، ئىشەنچىڭلار بارمۇ؟

— ئىشەنچىمىز بار! — باللارنىڭ چىرقىراق ئاۋازى مەكتەپ ھويلىسىدىن ھالقىپ كوچا تەرەپكىمۇ يېيىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توختى ئاخۇن گۈلشەن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ شاھىدىن، غوسىدىن، مۇئەززىدىن دېگەن ئوغۇللىرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گۈلشەن مەكتىپىدە ساۋاق ئالدى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈلشەن مەكتىپىدە ئوقۇيدىغانلار ئاۋۇدى. توختى ئاخۇن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ ھويلىسىدىكى شاگىرتلىرىغا ھەم مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا قېتىرقىنىپ ساۋاق بەردى. بۇنىڭ بىلەن توختى ئاخۇننىڭ يۇرت

ئۇچىدىكى ئابرۇيى يەنىمۇ ئۆستى. يازلىق يىغىم ۋاقتى ئۆتۈپ، كۈزلۈك ئوقۇش باشلىنىش ئالدىدا دۇگامەت ئەپەندى تۇرپان ئاستانىگە بىرىپ يەنە ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى ئىلىپ كەلدى ھەم پات ئارىدا مەرىپەتپەرۋەر باي مەخسۇت مۇھىتىنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن گۇچۇڭغا كېلىدىغانلىق خەۋىرىنىمۇ ئىلىپ كەلدى.

× × ×

كۈز كۈنلىرى، يۇرت ئىچى «تۆگە قارنى يىرىلدى» دىگەن مولچىلىققا تولغان ۋاقىتلار. قوزا - ئوغلاقلار چوڭىيىپ، خامانلار ئىلىنىپ، قوغۇن - تاۋۇز، ئالما، ئانار تۆكمە بولغان مەزگىل. مۇشۇنداق مەمۇرچىلىق ۋاقىتتا، تۇرپان ئاستانىدىن مەخسۇت مۇھىتى تۇرپان شەھىرىدىكى مىجىت ھاجى باينىڭ نەۋرىسى— شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن گۇچۇڭغا كەلدى.

تۇرپان ئاستانىدىكى مۇھىتلار ئائىلىسى، تۇرپان شەھىرىدىكى مىجىت ھاجىلار شۇ زاماندىكى تۇرپان بايلىرى ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىدىنلا چاررۇسىيە، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كىيىن سوۋىت ئىتتىپاقى بىلەن سودا - تىجارەت قىلىدىغان باي سودىگەرلەر ئىدى. بۇ بايلار ئەينى مەزگىلدە ئاتۇشتىكى مۇساباي، قەشقەرلىك ئاخۇنباي، ئوبۇلھەسەن ھاجى، ۋىلىباي، قومۇلدىكى ھەسەن بالا ھاجىلار قاتارىدا شىنجاڭدىكى مەشھۇر بايلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

مەخسۇت مۇھىتلارنى ئىسمائىل بايۋەچچە ئۆز ھويلىسىدا تاي سويۇپ كۈتۈۋالدى. ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ يىڭى قوۋۇق مەھەللىسىدە چوڭ ھويلىلىق قورۇ - جايى بار بولۇپ، مىھمانلار مۇشۇ ھويلىغا چۈشكەنىدى.

چوڭ ھويلا پىشايۋانلىق بولۇپ، ھويلا ئىچى گۈلزارلىق ئىدى.

مېھمانلار پېشايۋاندىكى سورۇندىن ئورۇن ئېلىشتى. تۆردە مەخسۇت مۇھىتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئولتۇردى. ئۇلۇغ تەرەپتە سەمەتھاجى، قارىھاجى، ئابدۇكېرىمباي، ئىمىنبايلار ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا دۇگامەت ئەپەندى، شاۋۇدۇن ئەپەندى، تۇختى ئاخۇن، ئاۋامىسلىم، يەنە يېڭىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر ئاستانىلىك ئەپەندى، ھىدايىتۇللا خەلپەت قاتارلىقلار ئولتۇردى. ئىسمائىل بايۋەچچە مەخسۇت مۇھىتىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى. مۇلازىملار پايپېتەك بولۇشۇپ خىزمەت قىلىشماقتا ئىدى.

ئىسمائىل بايۋەچچە مېھمانلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇردى ۋە مەخسۇت مۇھىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى:

— مەخسۇت ئاكام تۇرپاننىڭ چوڭ بايلىرىدىن، بۇ ئادەم پۇلنى قانداق يەرگە سەرپ قىلىشنى بىلگەن ئادەملەركەن. تۇرپاندا يېڭىچە پەننىي مەكتەپ قۇرغان، خەلقنى مەرىپەت يولىغا باشلاۋاتقان ئۇلۇغ بىر زات. دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت دەپتىكەن چوڭلار، بۇ ئادەم بىلەن دىدارلىشىشقا نېسىپ بولغىنى بىزنىڭ تەلىيىمىزدۇر. مەخسۇت ئاكام رۇس ئېلىغا قانچە قېتىملاپ بارغان. ئۇ يۇرتلاردىكى ئىلگىرىلەشلەرنى كۆرگەن. بۈگۈن ھەرقايسىلىرىنى بۇ سورۇنغا جەم قىلىشتىكى مەقسەت شۇكى، مەخسۇت ئاكىمىزنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىدىن ئاز - تولا نېسىۋە ئالالاشتىن ئىبارەت. قانداق مەخسۇت ئاكا، رۇس ئېلىدىكى يېڭىلىقلاردىن بىزلەرنىمۇ خەۋەردار قىلغان بولسىلا؟

— شۇنداق قىلسىلا مەخسۇتباي، بىزلەر قۇدۇقنىڭ ئىچىدىكى پاقىدەك، جاھان مۇشۇ دەپ گۇچچۇڭ، ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەردىن باشقا يەرنى كۆرمىگەن، پەقەتلا شۇ ھەج ئۆچۈن مەككە - مەدىنىنىلا كۆرگەن، — دېدى سەمەتھاجى.

— شۇنداق، شۇنداق، كۆزىمىزنى ئېچىپ قويسىلا، — سورۇندىكىلەر مەخسۇت مۇھىتىغا قاراشتى. مەخسۇت مۇھىتى بېشىغا

قىزىل دۇخاۋىدىن مانچىستىر بۆك، ئاق گىرپىتىن ياۋروچە كۆڭلەك، قارا سارجىدىن كاستۇم – بۇرۇلكا كىيىگەن، گالستۇك تاقىغان، بۇغداي ئۆڭ، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان، قاڭشارلىق، قاراقاش، كۆزلىرى چوڭ، ئىللىق چىراي، كۆزلىرىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق، كەڭ گەۋدىلىك ئوتتۇز يەتتە – ئوتتۇز سەككىز ياشلاردىكى ئادەم ئىدى.

— مەن بۇ گۇچۇڭغا كېلىپ ھەرقايسىلىرى بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن، — مەخسۇت مۇھىتى ئالدىرىماي، سالماقلىق بىلەن سۆزلىدى. ئۇنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى سورۇندىكىلەرنى جەلپ قىلاتتى، — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بۇ يىللىق يەرمەنكىگە ئىككى يۈز تۆگىلىك مال يۆتكىمەكچىدىم، ئاتۇشتىن ھازىر تۆگە كارۋىنىدىن تۆت كارۋان بۇ تەرەپكە يولغا چىقتى. سوۋېت ئېلىگە ئاپىرىدىغان يۇڭ – تېرىنى ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن كېلىشكەندۇق، بۇ بايۋەچچە گۇچۇڭ – جىمىسار، ئالتاي – چۆچەك تەرەپلەردىن يىغقان يۇڭ – تېرىلىرىنى ماڭا ئۆتكۈزمەكچى بولغان. شۇ ئىش بىلەن گۇچۇڭغا كېلىپ ھەرقايسىلىرىغا مۇلاقات[1] بولدۇم، — مەخسۇت مۇھىتى سەل تىنىۋېلىپ يەنە سۆزلىدى، — رۇس ئېلىدە يېڭىلىق كۆپ، ئۇلار ئوت ھارۋىسىدا، ماشىنىدا، پاراخوتتا، سامالىيوتتا يۈرىدۇ؛ بىز تېخىچە كالا ھارۋىسى، ئات – ئېشەكتە يول يۈرىمىز. ئۇلاردا ئادىل – ئادالەت، ھۆررىيەت، ئەركىنلىك، تەرەققىيات، باراۋەرلىك بار. بىزدە بولسا مەھكۇملۇق، ئېزىلىش، نادانلىق، قالاقلىق، قاششاقلىق بار......

ئوتتۇرىدا چاي قۇيۇپ، پايپېتەك بولۇپ مۇلازىملىق قىلىۋاتقان مەردانىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ئوت ھارۋىسى، پاراخوت،

---

[1] مۇلاقات — ئەرەبچە، ئۇچراشماق، يولۇقماق، كۆرۈشمەك مەنىلىرىدە — ئا.

سامالىيوت دېگىنى نېمىدۇ؟ تەرەققىيات، ھۆرىيەت دېگەنلەرچۇ؟.......

— بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىدىن بولغان؟ ئىلىم - مەرىپەتتىن، ھۈنەر - سانائەتتىن بولغان. ئۇلاردا مۇتەئەسسىپلىك ئاز، يېڭىلىققا ئىنتىلىش كۈچلۈك. لېكىن، بىزدىمۇ ھازىر ئىلگىرىلەش بار. تۇرپاندا، قەشقەر — ئاتۇشتا، ئىلىدا، جۇملىدىن گۇچۇڭدىمۇ يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلدى. سەمەتھاجى، ئىمىنھاجى، قارىھاجى، ئابدۇكېرىمباي ۋە ھەرقايسىلىرىدەك يۇرت مۆتىۋەرلىرى خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىشقا ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن ئاتلىنىپتۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى باشلىنىش. خەلقىمىزنىڭ مەرىپەتكە ئىنتىلىشىمۇ ياخشى. ئادەمنى ئۈمىد ياشنىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ. بىزدە ئارمان كۆپ، دەرمان يوق. «ئۈمتۈلگەن ئەرگە دەريا سۈيى ھوشۇقىغا كەلمەس» دېگەن ماقال بار. توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك، ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار دېگەندەك، بىر كۈنى قەد كۆتۈرۈپ، بىزمۇ رۇسلاردەك ئىلگىرىلەشكە، تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيمىز. ئۆتكەنگە پۇشايمان، بۈگۈنگە قانائەتلەنمەسلىك، كەلگۈسىگە ئۈمىد — مانا بۇ ئىنسانغا خاس ھايات مەنتىقىسى. يالغۇز دەرەخ ئورمان بولمىغاندەك، يۇرت ئىچىدىكى بىرقانچە باي بىلەن ئەل كۈچلەنمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئومۇمىي خەلقنى نادانلىقتىن ئويغىتىپ، مەرىپەتكە ئۈندەش، زامانغا لايىق ئىلىم - بىلىم بىلەن ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش كېرەك. ساغلام بەدەن، ساپ ئەقىل، بايلىق، ھوقۇق، ئىلىم — مانا بۇلار ئەلنى يۈكسەلدۈرىدىغان نەرسىلەر. بۇلار نەدىن كېلىدۇ؟ مەرىپەتتىن كېلىدۇ. مەرىپەت نەدىن كېلىدۇ؟ يېڭىچە مەكتەپلەردىن كېلىدۇ. بىز ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى ئىللەتلەرنى، ئىلىم ئىگىلەشكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان مەپكۇرە، چۈشەنچىلەرنى ۋۇجۇدىمىزدىن ئىرغىتىپ تاشلاپ، يېڭىچە ئاڭ، چۈشەنچە

www.uyghurkitap.com

تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا بىز ئىلگىرىلەش ياسىيالايمىز.

— بەرھەق، تـوغرا، يـۇرت كـۆرگەن ئـادەم دېـگەن باشقا بولىـدۇ جۇمـۇ؟ — دېـدى سـەمەتھاجى چارلاشـقان سىياقاللىرىنى سىلاشتۇرۇپ.

— يېڭىلىقنـى كـۆرگەن ئادەملەرنىـڭ گەپلىرىمـۇ يـېڭىچە، چۈشەنچىسىمۇ يېڭىچە بولىدىكەن، — دېدى ئىمىنباي.

— ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، يېڭىچە ئاڭ، چۈشـەنچە تۇرغـۇزۇش دېـگەن سـۆزلىرىنىڭ خېلـى تـورى بـاردەك قىلىـدۇ. لـېكىن، مەن ئۇنىـڭ چوڭقـۇر مەنىـسىگە تـازا يېتەلمىـدىمۇ قانـداق؟ — دېـدى ئىسمائىل بايۋەچچىنىڭ ئاتىسى قارىھاجى.

مەخسۇت مۇھىتى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا قاراپ:

— ئىنىم، مەن كـۆپ سـۆزلىدىم، ئەمـدى سـىز كـۆپچىلىككە «بـاردۇر» دېـگەن شـېئىرىڭىزنى ئوقـۇپ بېرىـڭ، قارىھاجىنىـڭ سوئالىغا سىزنىڭ ئاشۇ شېئىرىڭىزدىن ئېنىق جاۋاب تېپىلىـدۇغۇ؟ — دېدى.

— بولىـدۇ، ئوقـۇپ بېـرەي، — ئابـدۇخالىق ئۇيغـۇر تـۈزۈت قىلىـپ ئولتۇرمـىدى. ئـۇ قويـۇن يانچۇقىـدىن بىـرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئالدى، — بۇ شېئىرنى يېقىنـدىلا يېزىۋىـدىم، تېخـى ئاققا كۆچۈرگـۈدەك بولمىـدىم، ھەرقايىـسىلىرىنىڭ نەزەرلىـرىگە مەنـزۇر بولارمىكىن؟

— ئوقۇسـىلا، سـىلىنىڭ مۇبـارەك نـاملىرىنىلا ئـاڭلاپ، شـېئىرلىرىدىن ھـۇزۇر ئېلىـشقا تېخـى مۇۋەپپەق بولمىغانىـدۇق، — ئاۋامىسلىم موللا شائىرغا مۇراجىئەت قىلدى.

كۆپچىلىـــك ئابـــدۇخالىق ئۇيغۇرغـــا نەزەر ئاغدۇرۇشـــتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بېشىغا قارا شىلەپە، ئۇچىسىغا ھاۋارەڭ كـۆڭلەك ئۈستىگە كەرشناۋاي سارجىدىن كاستۇم - بۇرۇلكا كىيگەن، ئوتتۇرا بوي، سېمىزرەك كەلگەن، ئاق يۈزلۈك، قوي كۆزلۈك، يىگىرمە بىر -

يىگىرمە ئىككى ياشلار چامىسىدىكى ئەر ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن جۇشقۇنلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كۆپچىلىككە بىرقۇر قارىغاندىن كېيىن، «باردۇر» دېگەن شېئىرىنى ئۇنلۇك ئوقۇشقا باشلىدى:

جاھالەت سەمەرەسىدىن بىزگە بىر كۈن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ، بۇگۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسىبىرىدە ساپا باردۇر.

زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىيو سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

ئىلىمنىڭ ئېھتىياجىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر،
ئوقۇرمىز - ئوقۇتۇرمىز سىغىز چايناشىمىز باردۇر.

تەئاۋۇنۇ - تەناسۇر ئورنىغا بىزلەردە بىر ئادەت،
يېڭى باشنى كۆتۈرگەننى ئۇرۇپ يىغقانىمىز باردۇر.

يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسى - مۇشكۈل،
ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بېرىپ ياتقانىمىز باردۇر.

ئومۇمنىڭ پايدىسىغا يۈز يىلدا ھەم ئەسلا چۈشەنمەيمىز،
زىيان قىلماق ئۈچۈن بولسا ئەجەب چاققانىمىز باردۇر.

بىرى بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ يادىنى قىلماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ ئەۋرەتلىرىن ئاچقانىمىز باردۇر.

ئەگەر مىللەت ئۈچۈن بىر پۇل چىقىش كەلسە تاپالماسمىز،
چىقىمى يوق ناۋا پۇلغا تولا ئىخلاسىمىز باردۇر.

www.uyghurkitap.com

ئىخۋان[1] ھەم بۇرادەرلىك نىشانى قالمىدى بىزدە،
مەگەر دوست بولساقمۇ ئەسلىي، بۆلەك مۇددىئايىمىز باردۇر.

خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولۇپ قالسا،
يوشۇرماي بىرگە ئوننى تىپىپ قاتقانىمىز باردۇر.

بابالار شۆھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سېغىنماسىمىز،
قىلىپ غەپلەت جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز، پو ئاتقانىمىز باردۇر.

كىرەكسىز مۇشتەھەپ ئىشلار ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلماق،
ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا، تورۇپ قاچقانىمىز باردۇر.

ئويۇن - چاقچاق تۆپەيلىدىن ئۆزئارا يىئەپ بولساق،
ياراشتۇرۇپ قويۇش نەدە، ئارىغا ئوت ياققانىمىز باردۇر.

خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۈستىسى ھەم يوقتۇر،
قۇۋلۇقۇ شۇملۇق بىلەن رەڭمۇرەڭ يالغانىمىز باردۇر.

ئىت ئۇرغانىنى تونۇر دەپ بار ئىدى بىر تەمسىلى،
لويى، ئامبال ۋە دارىن دەپ سىمىز باققانىمىز باردۇر.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە - ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئىشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

گۈركىرەپ كەلسە ئاپتوموبىل، نىمە بۇ ئەي خۇدايىم دەپ،

---

[1] ئىخۋان — قېرىنداشلىق.

ئەقىلنى ئىشلىتەلمەي ھالىڭ ـ تالڭ قىتىپ قالغانىمىز باردۇر.

ھۈنەر بىلەن سانائەتتە «يېتىشتۈق» ئەمدى ئىش پۈتتى،
ئۇماچ ئىچمەككە خۇمداندا غىدىر قۇيغانىمىز باردۇر.

مىسلى جەننەت تاغۇ ـ دەريانى بىزەشكە يوق كىشى،
ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ بىغەم ياتقانىمىز باردۇر.

مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،
تونۇ ـ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز ـــ سۇلتانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋەيا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك-تۈمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ئەل ـ يۇرتىنىڭ دەردىگە قىلچىمۇ دەرمان بولمىدۇق بىزلەر،
كېلۇر بىر كۈن ئاشۇ چاغدا ئورنىغا كەلمەس پۇشمانىمىز باردۇر.
......

ـــ بارىكاللا! ئاپىرىن! شائىر دېگەننىڭ كۆزى روشەن. تىلى ئۆتكۈر بولىدىكەن. ھە!؟ ـــ سەمەتھاجى باشىمالتىقىنى چىقىرىپ ماختىدى.

ـــ خۇددى جاھانىنامە ئەينىكىدە كۆرگەندەك خەلقىمالەم ئىچىدىكى ئىشلارنى ئەينەن تەسۋىرلەپتۇ بۇ شائىر! ـــ ئىمىنبايمۇ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى.

ـــ بەئەينى تېۋىپنىڭ ئۆزى! تېۋىپ بولغانىدىمۇ ئۇستا تېۋىپنىڭ ئۆزىكەن! ئۇيغۇرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى كېسەل ـ ئىللەتنىڭ بەرىنى تېپىپ چىقىپتۇ بۇ شائىر! ـــ ئاۋامىسلىم موللىمۇ ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قايىللىقىنى بىلدۈردى.

قارىھاجىمۇ ئېغىز ئاچتى:

— باشقا يەرلىرىغۇ ئاجايىپ ئوخشاپتۇ. بىراق، شۇ «تونۇ - سەللە، نەپسى بالا موللىمىز — سۈلتانىمىز باردۇر» دېگەن مىسرا سەل - پەل چىگىت چاقامدۇ قانداق، تەخسىر؟— قارىھاجى بۇ سۆزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا شېرىك ئىزدىگەندەك، سەمەتھاجى، ئىمىنبايلارغا نەزەر ئاغدۇردى. ئۇلار ئاغزىنى ئۈمەللەپ بىرنېمە دېگۈچە، مەخسۇتباي مۇنداق دېدى:

— بۇ مىسرا پەقەت ئالدىنقى مىسرادىكى «مۇنەججىم ھەم ئىنژېنېر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا» دېگەن مەزمۇنغا قىلىنغان سېلىشتۇرما، بۇنى ئۇزلىرىگە ئېپ كېتىشمىسىلە!

— ئۇغۇ شۇنداقراق سۆزكەن، مەن ئۆزۈمچە...... ئەمدى مۇنداقلا...... قارىھاجى دۇدۇقلاپ قالدى.

— مەخسۇتباينىڭ شەرھىسى توغرا،— دېدى سەمەتھاجى،— بۇ ئادەم خېلى ئىلغار پىكىرلىك، مەرىپەت ياقلايدىغان، خەلقپەرۋەر ئادەم ئىدى، بىزلەردىمۇ پەننىي ئالىملاردىن بىرقانچىسى بولغان بولسا، ئۇچقۇ، پاراخوت، ئوت ھارۋىسى دېگەنلەر بولاتتى. دىنىي ساۋاتتىن باشقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ھەممىلا نەرسىنى خۇدانىڭ يارىتىشىغا ياغلاپ، سەۋەب قىلىشقا ئىنتىلمەيدىغان موللىلار بىزدە كۆپ. قۇرئان كەرىمدە ئاللاتائالا «بۇ جاھاننى سىلەرگە ياراتتىم، تىرىشىپ، تىرمىشىپ ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئىگىلەپ، كۆنۈلۈكلارنى باياشات ئۆتكۈزۈڭلار، يارىتىش مېنىڭدىن، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن. بىزدە «خۇدانىڭ قۇدرىتىنى قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپلا، ھەممىنى ئاللاغا باغلاپ قويۇپ، ئىزدەنمەي ياتىدىغان موللىلار كۆپ. بىز، بۇ ئابدۇخالىق شائىر مىسرالىرىدا تەسۋىرلىگىنىدەك، سېغىز چاينىغاندەك كونا ئوقۇتۇشقىلا ئېسىلىۋالماي، يېڭىچە مەكتەپلەر ئارقىلىق پەننىي

بىلىملەرنىمۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشىمىز، ئومۇمىي خەلقنى مەرىپەتكە ئۈندىشىمىز لازىم،— سەمەتهاجى باشقىلارنىڭ سۆز قىلىشىغا ئىمكان قالدۇرمىدى. بۇ ئادەم ئىككى قېتىملىق ھەج سەپىرىدە ئايروپىلان، پاراخوت، ماشىنا، پويىزلارنى ياۋروپا ئەللىرىدە كۆرگەن، بىرقەدەر يېڭى پىكىرلەرنى قوللىغۇچى زات ئىدى.

تۇختى ئاخۇن ئابدۇخالىق شائىرنىڭ شېئىرىنى ۋە مەخسۇتباي، سەمەتهاجىدەك يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ بايان، شەرھلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلى - كۆكسىنىڭ خېلى يورۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ باللىق چاغلىرىدا ئۇستازى ئەسلابەگدىن ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرىغىمۇ ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاق، توغرىلىق، سەممىيلىك، ئىنساب - دىيانەت قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلەپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى سورۇندا ئۇ ئابدۇخالىقنىڭ شېئىرىدىكى «زامانىنىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماق»، «ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا» دېگەن سۆزلەردىن يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىش، پەننىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش، زامانىنىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇپ مېڭىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يېڭىچە بىلىم بېرىلىدىغان «گۈلشەن مەكتىپى» دە تەلىم - تەربىيەچى بولغىنىدىن پەخىرلەندى. بالىلارغا ساغلام بەدەن، ساپ ئەقىل، يېڭىچە مەپكورە - ئىدىيە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشنى دائىم تەكىتلەپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

سورۇندا گۇدۇر - گۇدۇر، پىچىر - پىچىر بىردەم ئەۋج ئالدى. مەخسۇت مۇھىتى سەمەتهاجى، ئىمىنبايلار بىلەن سۆزلەشمەكتە، ئاۋامسىلىم موللا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆھبەتلەشمەكتە. مەردان ھېلى دۇگامەت ئەپەندىدىن، ھېلى شاۋۇدۇن ئەپەندىدىن سامالىيوت دېگەن نېمە؟

ئوت ھارۋىسىغا ئوت قالاپ ھەيدەمدۇ؟ تەرەققىيات دېگەنچۇ؟...... دېگەنلەرنى سوراشتۇرماقتا. ئۆزئارا سۆھبەت سەل پەسەيدى، مەخسۇت مۇھىتى ئەمدى توختى ئاخۇنغا قاراپ:

— توختاخون ئاكا، سىلىنىڭ داڭقىلىرىنى تۇرپاندا جىق ئاڭلىغانىدۇق، دىدارلىرىنى مانا بۈگۈن كۆرۈشكە نېسىپ بولدى. دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت، سىلى ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىن مۇشۇ زاماندا يېتىشىپ چىققان يېتۈك جانباز ئىكەنلا، ماھارەتلىرىدىن كۆرۈپ كۆزىمىز ئېچىلغان بولسا؟ — دېدى.

مەخسۇت مۇھىتى سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ توختى ئاخۇننىڭ ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

— مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىگە بىر - ئىككى ھۈنەر كۆرسىتىپ بېرەيلى، — دېدى توختى ئاخۇن تۈزۈت قىلىپ ئولتۇرماي، — ئالدى بىلەن مېنىڭ شاگىرتلىرىمنىڭ تۇنجىسى بولغان ھىدايىتۇللا خەلپەت ماھارەت كۆرسەتسۇن، قېنى ھىدايىتۇللا، مېھمانلارغا بىر - ئىككى رەت ئويۇن كۆرسەتكىن.

ھىدايىتۇللا توغرىلىق، مۇرىسى كەڭ، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، يىگىرمە تۆت - يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى قاۋۇل يىگىت ئىدى. ئۇ ئۇستازىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بېلىدىكى پوتىسىنىڭ قېتىغا ئېلىپ تېڭىۋالغان قىلىچنى چىقاردى. ئۇ پوتىسىنى قايتىدىن چىگىتىپ، سەينا ئالدىدىكى بوشلۇقتا قىلىچ ئويناتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېز، چەبدەس ھەم سالماق بولۇپ ئوڭ - سولغا، ئالدى - كەينىگە شىلتىغان قىلىچىدىن ۋىژىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ چۆرگۈلىشى قۇيۇنتازدەك شىددەتلىك ئىدى. ئۇ قىلىچ ئايلاندۇرۇپ، ئورنىدىن ئۆرلەپ چىقىپ يەرنى تەپكەندە، باشقىلارغا خۇددى يەر تىترىگەندەك تۇيۇلدى. ھىدايىتۇللا قىلىچ ئويۇنىدىن كېيىن كالتەكۋازلىق ئويۇنى كۆرسەتتى، ئۇ چۆرگۈلەپ كېلىپ كالتەكنى كۈچ بىلەن بىر



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىلكىۋىدى، كالتەكىنىڭ ئۇچى «شارتتىدە» ئۈزۈلۈپ تام تۈۋىگە بېرىپ چۈشتى. ئۇ قولىدىكى كالتەكنى تاشلاپ، ئىككى ئالقىنىنى ئىككى تىقىمىغا بىرلا ئۇرۇپ، ئىككى غۇلاچچە ئېگىزلىكتىكى ھويلا تېمىغا بىرلا سەكرەپ چىقتى ۋە ئۇ يەردىن يەنە بىر سەكرەپ دالان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقتى- دە، ئۇ يەردىن بىر موللاق بىلەن بايام ئۆزى كالتەك ئويناۋاتقان مەيدانغا تىك چۈشۈپ، سورۇندىكىلەرگە بىر قېتىم، ئۇستازىغا ئايرىم تەزىم قىلىپ جايىغا ئولتۇردى.

توختى ئاخۇن ئورنىدىن تۇردى، ئۇ ئالدى بىلەن ئات مىنىشتە تۇرۇپ، ئىككى ئالقىنىنى كېرىپ قولىنى ئالدىغا سوزدى، ئاندىن دېمىنى ئىچىگە سولاپ ئوڭ - سول، ئارقا - ئالدىغا ئايلىنىپ تۇرۇپ ئالقان ئۇردى. بۇ «شام ئۆچۈرۈش» ماھارىتى ئىدى. ئالقاندىن ھاسىل بولغان يەلنىڭ كۈچىدىن سورۇندىكىلەرنىڭ يەكتەك، ساقال، سەللىلىرىنىڭ پەتتالىرى يەلپۈنۈپ كېتەتتى. توختى ئاخۇن ئىككىنچى رەتتە «خۇگۇڭ گۇمپىسى» نى كۆرسەتتى. ئۇ ھويلىنىڭ بوش يېرىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ۋاشىلداپ ئۆتەتتى، سورۇندىكىلەر پەقەت ۋەش - ۋۇش قىلغان شەپىنىلا ئاڭلاپ، ئوتتۇرىدا بىر سىيمانىڭ غىل - پال، غىل - پاللا ئايلىنىۋاتقىنىنى غۇۋۋالا ئاڭقىرىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا ئۇ ھىدايىتۇللاغا تاش تېپىپ كېلىشنى ئېيتىۋىدى، ھىدايىتۇللا ھويلىنىڭ بىر يېرىدىن كېسەك چوڭلۇقىدا يالپاقراق قارا تاشتىن بىرنى تېپىپ كېلىپ يەرگە قويدى. توختى ئاخۇن كۆزىنى يۇمۇپ، يەر تېگىدىن ئىككى تال نۇرنىڭ تاپىنى، يىرىقى، يوتىسى، قورسىقى، كۆكرىكى ھەم بىلىكى ئارقىلىق ئالقانغا چىققان ھېس - تۇيغۇغا كىرىپ تۇرۇپ، ئورنىدىن تۇيۇقسىزلا يۇقىرىغا كۆكلەپ - ئۆرلەپ چىقىپ چاپىغا چۈشتى- دە، ئوڭ ئالقىنى بىلەن تاشقا شۇنداق قاتتىق زەربە قىلىۋىدى، كېسەك قېلىنلىقتىكى قارا تاش نەچچە پارچە بولۇپ ئەتراپقا چاچرىدى.

سورۇندىكىلەر:

— ياپىرىم! يا ھەزرەت! — دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى، ئارقا - ئارقىدىن قىزغىن چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

— جانبازلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى مانا بۈگۈن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئاپىرىن! ئاپىرىن! يۈز ياشقا كىرگەيلا! — دېدى مەخسۇت مۇھىتى ئورنىدىن قوپۇپ توختى ئاخۇننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، — بۇ ھۈنەرنى كىمدىن ئۆگەنگەن ئىدىلە توختى ئاخۇن ئاكا؟ — دەپ سورىدى مەخسۇت مۇھىتى توختى ئاخۇنغا ھەۋەسلىنىپ ئۇنىڭغا باشقىدىن سىنچىلاپ قارىغاچ.

توختى ئاخۇن ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، جاپالىق تۇرمۇش ۋە قاتتىق مەشقتىن ئۇنىڭ چېكە چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغانىدى.

— مەن دەسلەپ لۈكچۈن ۋاڭلىقىنىڭ كاھ بېگى بولغان ئەسلا يەگدىن ئۆگەنىدىم. كېيىن خەنزۇ، خۇيزۇ ئۇستىلاردىن ئۆگەنىدىم. جەمئىي يەتتە ئۇستىنىڭ قولىدىن ھۈنەر ئۆگەنىدىم، — توختى ئاخۇن مەخسۇت مۇھىتىغا ئۆزىنىڭ جانبازلىقنى ئۆگىنىش جەريانىنى قىسقىچىلا سۆزلەپ بەردى.

— ئىمكان بولسا ياش باللارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرسىلە، ساغلام بەدەندە ساپ ئەقىل دەپتىكەن دانىشمەنلەر، بەدەن كۈچلۈك، ساغلام بولسا، ئۇنداق ئەرلەر ئەل - يۇرتقا ناھايىتى كېرەكلىك بولىدۇ توختاخۇن ئاكا، — دېدى مەخسۇت مۇھىتى سەمىمىي ھالدا.

— ئېيتقانلىرى كەلگەي ئىلاھىم، — توختى ئاخۇن بۇ ئوچۇق - يورۇق ئادەم بىلەن شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

مەردان مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. داستىخان سېلىندى. لېگەن - تاۋاقلاردا مەززىلىك تاي گۆشى، نارىن، پولۇلار



www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈلـدى. مېھمـانلار «خـوش - خـوش» بىـلەن داسـتىخانغا بېقىشتى.

دۇئادىن كېيىن مېھمانلار تارقاشتى. مەخسۇت مۇھىتى تـوختى ئاخۇننىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— مەن بـۇ يىـل قىـش، كـېلەر يىلـى ئەتىيـازغىچە سـوۋېت ئىلىـدە تـۇرۇپ قـالىمەن. يـاز يورۇشـى بىلەنـلا تۇرپانغـا قـايتىمەن. تۇرپانغا بىر بارسىلا، قەدىمىي يـۇرت، بىـر كۆرگـۈچىلىكى بـار، — دېدى.

— ئىنـشائاللا، بېرىـشقا نىيـىتىم بولـۇر، كـېلەر يىلـى يـازدا تۇغقانلارنىڭ ئوغلىنىڭ تويىمۇ باركەن تۇرپاندا.

— چوقۇم بارسىلا! — مەخسۇتباي، ئابدۇخالىقلار مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئون سەككىزىنچى باب

## توختى ئاخۇن تۇرپاندا

توختى ئاخۇننىڭ ئانىسىنىڭ سىڭلىسى جەمىلەخان ئەينى ۋاقىتتا تۇرپان يېڭىشەھەرگە ھېسامىدىن دېگەن سودىگەرنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمانغا ياتلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنجى ئوغلىنى ئۆيلىمەك بولۇپ، گۇچۇڭدىكى تۇغقانلىرىنى تويغا چاقىردى. توختى ئاخۇن ئاغىنىلىرىدىن ساتتار، مەمەت، قادىرلار ۋە چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا بىلەن بىرگە تۇرپانغا قاراپ ئاتلىق يولغا چىقتى.

تاغ يوللىرىنى بېسىپ كەلگەن بۇ بەش ئاتلىق ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يوغانتېرەك غولىنىڭ «چىلەك تۈز» دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشكۈن قىلدى، يەنە بىر كۈنلۈك يول قالدى. بۇ تاغ يولىنى ساتتار ئاتلىق كىراكەشلىك قىلغاندا نەچچە قېتىملا ماڭغانىدى.

بۇ مېھمانلار تاڭ سەھەردە تۇرپان تامان يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار قاشالىق ئېغىز، ئېشەك داۋىنى، كېچىك، يۇلغۇنلۇق دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ تۈز كەتكەن سايلىققا چىقتى. ئاق باش تەگىرىتېغى بارا - بارا يىراقتا قالماقتا، تۇرپان تامان تۆۋەنلىگەنسېرى ئاپتاپنىڭ تەپتى كۈچەيمەكتە. گەرچە 9- ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. كەڭرى كەتكەن سايلىقتا تاش - شېغىلدىن باشقا، بىرەر مەنزىل

يەرگىچە ئوت - چۆپ ئۇچرىمىدى. ئاۋۋال ئاتلارنىڭ قۇلاق كەينى تەرلەشكە، بارا - بارا بويۇنلىرى، سەرى، دۈمبە - يانپاشلىرىدىن تەر سىزىقچىلىرى كۆرۈنۈشكە، ماگداملىرى ئۇششاقلاپ، قۇلاقلىرى سالپىيىشقا باشلىدى. ئاسمان كۆپكۆك، باش ئۈستىدە بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت يوق، قۇياش ئاسماندا خۇددى ئوت شارىدەك قىزىرىپ، يەر يۈزىگە ئوت - لاۋا چاچقاندەك، كائىناتنى خۇددى تونۇردەك قىزىتماقتا. يىراق - يىراقلاردا خۇددى سۈپسۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقاندەك ۋىل - ۋىل — ئېزىتقۇ كۆرۈنەتتى. ئېزىتقۇ چۆلدىكى سەپەرچىلەرنى كۆل بويىغا چاقىرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. بىراق، قانچە ماڭساڭمۇ ئۇنىڭغا يېتىپ بارالمايسەن......

يولۇچىلار ئاتلارنى بىر ئاش پىشىم ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بەردى. لېكىن، كۈننىڭ ئۆرلىشى بىلەن هاۋا تېخىمۇ قىزىشقا باشلىدى. يىراقتىن بىر پارچە يېشىللىق كۆرۈندى. بۇ يارغول ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەر ئىدى. تاقەتسىزلەنگەن يولۇچىلار ئاتلىرىغا قامچە سالدى. ئاتلار ئوقۇرەك تاشلاپ چېپىشقا باشلىدى. بىر ئاش پىشىم ماڭغاندىن كېيىن، يولۇچىلار مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چىڭقىچۈش بولۇپ، قۇياش باش ئۈستىگە تىكلەشكەنىدى. قىزىق هاۋا يولۇچىلارنىڭ يۈزىگە هوپ - هوپ ئۇرۇلاتتى. ئادەمنىڭ نەپسى بوغۇلاتتى، تاغ ئارقىسىغا كۆنۈككەن بۇ ئادەملەرگە تۇرپان بەئەينى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان خۇمداندەكلا بىلىندى. كوچىدىكى تال - تېرەكلەر خۇددى كېسەل تەگكەن ئادەم قول - پۇتىنى مىدىرلىتىشقىمۇ ماجالى يەتمىگەندەك، يوپۇرماقلىرىنى مىدىرلىتايمۇ دېمەيتتى. شاخلار مىدىرلاپ قويۇشقىمۇ هۇرۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك، سالپىيىپ تۇرۇشاتتى. مەھەللىدىكى ئىتلارمۇ هاۋشىشتىن توختاپ، قىپقىزىل تىللىرىنى چىقىرىشىپ، تام تۈۋىلىرىدە هاسىراپ ياتماقتا. توك - پەيلىرىنى بىركىملەر قەستەنگە يۇلۇۋەتكەندەك قىپقىزىل گۆشى كۆرۈنۈپ قالغان خورازلار

ئېرىق بويىدىكى ئەم يەرگە پوكىنىنى قويغىنىچە، بۇغدىيىكىنى تىنماي لىپىلدىتىپ يېتىشاتتى. دەرەخلەردە نە چۇرۇقلىشىدىغان قۇشقاچلار، تام ئاراچىلىرىدا نە چىرىلدىغان چېكەتكىلەر كۆزگە چېلىقمايتتى......

يولۇچىلار قىزىق ئاپتاپتا يۈزلىرى گىردىدەك قىزارغان، كۆپچۈپ ـ ئىسسىلغان، ئاتلار خۇددى كۆلدىن چىققاندەك سۇغا چۆمۈلۈپ ـ تەرلىگەن ھالەتتە تۇرپان يېڭىشەھەرگە يېتىپ كەلدى.

باللار ئاتلارنى مېھمانلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ سوۋۇتۇشقا ماڭدى. جەمىلىخان جىيەنى توختى ئاخۇنغا ئېسىلىپ بىرھازا يىغلىدى. ئۇ ئاچىسى ھاشىخان ۋاپات بولغاندا گۇچۇڭغا ئۆلگۈرۈپ بارالمىغانىدى. جەمىلىخان ئاچىسى ھاشىخانغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. توختى ئاخۇنمۇ بىرئاز كۆز يېشى قىلدى. تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىنلا مېھمانلار گەرەمىگە[1] باشلاندى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، قاپاقلاردا مۇزدەك كارىز سۈيى، كوزا ـ كومزەكلەردە ئۇيۇتۇلۇپ، كارىز ئېلىمىسىدا مۇزلىتىلغان قېتىق، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۈزۈملەر تۆكمە قىلىندى. ئاپتاپلىق سايدا يېرىم كۈن يول يۈرۈپ، قىزىق ھاۋادا جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندەك ئاران يېتىپ كەلگەن بۇ يولۇچىلارغا سالقىن گەمە، مۇزدەك ئىچىملىك، شەربەتكە تولغان مېۋە ـ چېۋىلەر بەئەينى جەننەتنىڭ ھۆرۈرىنى ئاتا قىلغانىدى.

× × ×

تۇرپان يېڭىشەھەر مۇسۇلمانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان

[1] گەرەمە — تۇرپانلىقلار يازلىقى سالقىنلايدىغان ئۆي، ئولتۇراق ئۆيلەرنىڭ تەكتىگە — يەر ئاستىغا كولىنىپ ياسالغان ئۆيلەر، مۇنداق ئۆيلەر سالقىن بولىدۇ — ئا.

شەھەر بولۇپ، خەنزۇچە خۇيچېڭ (回城) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ شەھەر 1870 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان. ھېسامىدىن سودىگەرنىڭ قورۇسى يېڭىشەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كوچىدا ئىدى. ئىككى قەۋەتلىك سېلىنغان قورۇنىڭ ھويلىسى خېلى كەڭرى بولۇپ، ئەتىگەندىلا ئادەملەر تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆگزىدە ناغرا - سۇناي چېلىنماقتا. توينىڭ يارىشىقىنى قىلغان يېقىن - يورۇقلار كۆك، قىزىل، يېشىل تاۋارلارنى، يوتقان تېشىنى، ئەتلەس، دۇخاۋا، دۇردۇنلارنى ئىككى تال ئۇزۇن تاياققا كېرىپ باغلاپ، ئۇنىڭغا پۇل - پۇچەكلەرنى تىكىپ - قاداپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرىشمەكتە. بۇنى يەرلىكلەر «بوست قىلدى»، «چارچاڭ قىلدى» دەپ ئاتىشاتتى. ھويلىدا مەخسۇس تەيىنلەنگەن ئادەم بۇ سوۋغاتلارنى «پالانچى، توينىڭ يارىشىقىنى قىپتۇ، جۇۋاپتۇ!»، «پوكۇنچى، توينىڭ يارىشىقىنى قىپتۇ، رەھمەت - ھەشقاللا!» دەپ توۋلاپ قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇ مېھماننى ساھىبخانىلار داستىخان راسلىغان ئۆيلەرگە باشلايتتى. ناغرا - سۇنايچىلارمۇ «چارچاڭ» قىلىپ كەلگەنلەر دەرۋازىدىن كىرىشكىلا كۈي پەدىسىنى شادىيانىگە يۆتكەيتتى. توي كۆچۈرۈشتىن ئىلگىرى ئوغۇل تەرەپتە ئاشۇ تەرزدە مېھمانلار كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. مۇلازىملار مېھمان كۈتۈپ پايپېتەك بولۇشماقتا......

ھويلىدا بوۋاي - مومايلار، قىز - يىگىتلەر، ھەتتا ئۇششاق بالىلارمۇ بەس - بەستە ئۇسسۇل ئويناشماقتا. مېھمانلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. قىز كۆچۈرۈپ كېلىندى. ناغرا - سۇناي، ئۇسسۇل بىرھازا ئەۋجىگە چىقىپ توختىدى. ئاش ۋاقتى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تويغا دەسلەپ بىرقانچە تەڭتۇشلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى، چۈنكى ھېسامىدىن سودىگەر ئابدۇخالىقنىڭ بوۋىسى مىجىت ھاجىدىن ھەردائىم رۇسىيەنىڭ

www.uyghurkitap.com

ماللىرىنى توپ سېتىۋېلىپ، ئۆز دۇكىنىدا پارچە ساتاتتى. ئۇلار سودىگەرلەر تەبىقىسىدىن بولغاچقا، ئابدۇخالىق بايۋەچچىنى تويغا ئاتايىن تەكلىپ قىلغىنى ئىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر هويلىغا كىرىپلا توختى ئاخۇننى تونۇپ قالدى- دە، توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى. ئۇلار ئەمدى تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ تۇراتتى، ئەلى تۆگە ئىككى ئاغىنىسى بىلەن هويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇستازى توختى ئاخۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ چىڭ قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن هەمساۋاق ئاغىسى هىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، هويلىنى بىر چۆگىلىتىپ چىقتى. كىشىلەر دىۋىدەك يوغان بۇ ئادەمنىڭ قىلىقىغا كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ناغرا - سۇنايچىلار ئۇسسۇللۇق ئېچىشكە توختىغانىدى. ئەلى تۆگە ئۇزاقتىن كۆرۈشمىگەن ئۇستازى بىلەن هەمساۋاق ئاغىسى هىدايىتۇللانى كۆرۈپ هاياجىنىنى باسالمايلا قالدى. ئۇ هويلىدىكى تويچىلارغا قاراپ توۋلىدى:

— خالايىق! ئىشىتمىدىم دېمەڭلار! كۆرمەپتىمەن دېمەڭلەر! مانا بۇ يەردە يۇرت - يۇرتلارغا داڭقى كەتكەن ئۇستا جانباز توختاخۇن ئۇستام تۇرماقتا، كېلىپ كۆرۈشۈۋېلىڭلار! ئارماندا قالماڭلار!......

ئەلى تۆگىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا تويچىلار دەۋرەپ كېلىپ توختى ئاخۇننى چۆرىدىۋالدى ۋە بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ، توختى ئاخۇننىڭ چىرايىغا تويماي قاراشتى.

— ئاجايىپ قاۋۇل ئەركەن بۇ توختاخۇن دېگەن كىشى- هە!— دەيتتى بىرى پىنىدىكىسىگە پىچىرلاپ.

— قوللىرى تۆمۈردەك قاتتىقكەنا بۇ ئادەمنىڭ!— كۆرۈشكەنلەردىن بىرى چەتكە چىقىۋېتىپ شۇنداق دېدى.

— بويىغا قارىمامسىلەر بۇ ئادەمنىڭ، سوقما تامدەك چىڭ

ھەم قاۋۇل كۆرۈنىدىكەن، — شىددەت بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ بېشىغا بىر مۇشت سېلىپلا ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتىكەن بۇ توختاخۇن، سىلەر بۇنى ئاڭلىماپتىكەنسىلەر-دە؟!

— شاش بۇقىنىڭمۇ بويىنىنى تولغاپلا ئۈزۈۋېتىپتىكەن، تاسلا قاپتۇ ئۇ بۇقا پىچاققا ئۆلگۈرمەي قالغىلى!

— ھۈنىرىنى بىر كۆرسەك بوپتىكەن.

— ماھارەت كۆرسىتىپ بەرسە قانداق، توختاخۇن ئۇستا؟!— دەپ توۋلىدى بىرەيلەن.

— بولىدۇ!

— بۇ ئادەمنىڭ ھۈنىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقايلى!

— ......

تويچىلار تۇشمۇتۇشتىن توۋلاشتى. ئۆيدىكىلەرمۇ يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقىشتى، ھويلا سىرتىدىكىلەر ھويلىغا تىقىلىشتى. ئۇششاق باللار ھويلىدىكى تونۇر بېشىغا قىز كۆچۈرۈپ كەلگەن ھارۋىنىڭ ئۈستىگە، كۆپىنچىسى تام ۋە ئۆگزىلەرگە خۇددى قاغا قونۇشقاندەك ئولتۇرۇشتى. توختى ئاخۇن دەسلەپ ئىچىدە ئەلى تۆگىنىڭ ئۇنى ئاشكارىلاپ توۋلىغىنىغا سەل رەنجىگەنىمۇ، بۇنىڭ بىلەن تويىنىڭ بەزمە سورۇنى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قالغىنىغا ئەپسۇسلانغانمۇ بولدى، بىراق يەنە خالايىقنىڭ ئىززەت-ھۆرمەت بىلدۈرگىنىنى يەردە قويغىسىمۇ كەلمىدى.

توختى ئاخۇن شۇ خىياللار بىلەن ئارىسالدى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر:

— خالايىق سىلىنىڭ داڭقىلىرىنى ئىلگىرىدىنلا ئاڭلاپ يۈرگەن، بۈگۈن دىدار غەنىيمەت بولغاندا بىرەر ماھارەت كۆرسىتىپ، خالايىقنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغايلا، تويىنىڭ يارىشىقى بولۇپ قالغۇسى،— دېدى.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق قىلسىلا!

— كۆزىمىزنى بىر ئېچىپ قويسىلا!

ئەتىراپتىكىلەر تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشتى. توختى ئاخۇن ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى ۋە ئەلى تۆگىگە قاراپ:

— ئەلى، بىلەكتەك يوغانلىقتىكى ياغاچتىن بىرنەچچە تال تېپىپ كەلسىڭىز! — دېدى.

ئەلى تۆگە ھايال ئۆتمەيلا شىراقتەك يوغانلىقتىكى بادرىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى ۋە مۇلازىملاردىن بىرىگە دەپ ھەرە، كەكە تاپتۇردى. ئۇ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن بادرىنى ھەرىدەپ يەتتە تال قوزۇق راسلىدى ۋە مەيداندىكى ئادەملەرنى بىر ياققا سۈرۈپ، يەتتە تال قوزۇقنى مەيدان ئوتتۇرىسىغا ياي شەكلىدە قاقتى. قوزۇقلار يەرگە ئۈچ - تۆت غېرىچچە قېقىلدى، يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان قىسمى يەنە ئۈچ غېرىچچە كېلەتتى. توختى ئاخۇن قوزۇقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ، كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، بىر تىزىنى شارتتىدە پۈكۈپ بىر پۇتىنى ئۇزىتىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزاتقان پۇتى بىلەن ئوڭدىن سولغا بىر زەربە قىلىۋىدى، شىراقتەك يوغانلىقتىكى قوزۇقلارنى تاراسلىتىپ ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ توختى ئاخۇننىڭ گا ئىمامدىن ئۆگەنگەن «تۆمۈر ئاياغ گۇمپىسى» ئىدى.

— بارىكاللا! بارىكاللا!

— ئاپىرىن! توختاخۇن ئۇستا، ئاپىرىن!

— يەنە بىر ماھارەت كۆرسەتكەيلا!

— ......

تويچىلار تۇشمۇتۇشتىن تووۋلاشماقتا. توختى ئاخۇن ھىدايىتۇللا بىلەن ئەلى تۆگىگە قارىدى. ئۇ ئىككىسى ئۇستازىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى بولغاي، خالايىققا قاراپ ئەلى تۆگە يەنە تووۋلىدى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى توختى ئاخۇن ئۇستامنىڭ چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن پەقىر ئەلى تۆگە ماھارەت كۆرسىتىمىز!

تويچىلار ئەلىنىڭ گېپىدىن كۆلۈشۈپ كەتتى.

دەسلەپ ھىدايىتۇللا خەلپەت بېلىگە باغلىغان ماتا پوتىسىنىڭ قېتىدىن قىلىچنى چىقىرىپ بىرھازا ۋاشىلدىتىپ قىلىچ ماھارىتى كۆرسەتتى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ قىلىچ ئويناتقاندا، چۆرىدىشىپ تۇرغان تويچىلار ئىختىيارسىز ئارقىغا داجىشاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر قىلىچ شىلتىشىدىن ۋىژ - ۋىژ، ۋاش - ۋاش قىلغان ئاۋاز چىقاتتى. ئىگىزگە ئۆرلەپ چۈشۈپ يەرنى تەپكەندە قاراپ تۇرغانلار سەنتۈرۈلۈپ كېتىشتى. قىلىچ ماھارىتىدىن كېيىن ھىدايىتۇللا خەلپەت «لاچىن قانات گۇمپىسى» ھەرىكىتىنى كۆرسەتتى. ئارقىدىن بىرلا سەكرەپ ھويلىنىڭ قورۇق تېمىغا، ئۇ يەردىن ئالقىنى بىلەن تېقىمىغا بىرلا شاپىلاقلاپ، قۇشتەك يەڭگىللىك بىلەن دالان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە سەكرەپ چىقتى- دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا بىر موللاق ئېتىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك چۈشتى. تويچىلار ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

ئەمدى ئەلى تۆگە ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇ ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى قۇدۇقنىڭ ئاغزىغا يېپىلغان كونا تۆگمەن تېشىنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ھويلىنى ئۈچ ئايلىنىپ چىقىپ تاشنى ئورنىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئۆكۈزنىڭ پۇتىدەك قۇۋۋەتلىك، كۆكسى ئېيىقنىڭكىدەك تۈكلۈك، مۇرىسى بۇلغۇنىڭكىدەك كەڭ ئىدى. ئۇ ئەمدى بېلىگە پوتا باغلىغان ئىككى يىگىتنى پوتىسىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ مەيدانني بىر ئايلىنىپ چىقىپ يەرگە قويدى. ئەلىنىڭ دېۋىدەك كۈچ - قۇدرىتىگە تويچىلار ئۇستى - ئۇستىلەپ ئالقىش ياغدۇرۇشتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئابدۇخالىق بايۋەچچە بىلەن ئەلى تۆگە

كېلىپ ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن جەملىخان ئايلىدىن توختى ئاخۇن بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى سوراپ ئېلىپ كەتتى. توختى ئاخۇن كىچىك ئانىسى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن بىراقلا خوشلاشتى. ئۇ ئاستانە ۋە پىچان تەرەپلەرگە ئۆتسە، بەلكىم شۇ تەرەپ بىلەن گۇچۇڭغا قايتىپ قېلىشنى پەملىگەنىدى. جەملىخان ئايلا توختى ئاخۇنغا قىيمىغان ھالدا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئۇزىتىپ قالدى.

× × ×

توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئەلى تۆگە ھۇزۇرىدا ئۈچ كۈن مېھمان بولۇپ، يارغول قەدىمىي شەھىرى، سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ۋە باغرى - بۈيلۈقنىڭ جەننەت كەبى مېۋىلىك باغلىرىنى سەيلە قىلدى. باغرى - بۈيلۈقنىڭ قاپقاراڭغۇ باغلىرى، شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇرغان غول ئېقىنلىرى، تىلنى يارغۇدەك شېرىن - شەربەتلىك سايىۋا، كىشمىش، قىزىل سايىۋا، مۇناقى، بىچاقى، قاشقىر ئۈزۈملىرى، ئەنجۈر، ئەتشاپتۇل، ئالما، ياڭاق، پىستە - بادام، ئەينۇلا - ئالۇچىلىرى توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. گۇچۇڭ تەۋەسىدە ئالما، ئۆرۈك، قوغۇن - تاۋۇز دېگەندەك مېۋە - چېۋىلەر بولسىمۇ، لېكىن باغرى - بۈيلۈقتىكىدەك توققۇزى تەل مېۋىلىك باغلارنى توختى ئاخۇنلار پەقەت چۆچەكلەردىنلا ئاڭلىغان، كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قولى بىلەن ئۈزۈپ، تېتىپ - يەپ كۆرمىگەنىدى.

تۆتىنچى كۈنى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئەلى تۆگە بىرلىكتە مېھمانلارنى ئاستانىگە — مەخسۇت مۇھىتىلارنىڭ ھەمشەمەتلىك

كۆرەسىگە[1] باشلاپ باردى. مەخسۇت مۇھىتى توختى ئاخۇنلارنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە بىرقانچە مال سويۇپ، مەرىكە ئۆتكۈزگەندەكلا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى چىللاپ زىياپەت بەردى. كۈندۈزى زىياپەت، كەچلىكى مەشرەپ ئۆتكۈزۈلدى. «ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى توختى ئاخۇن ئەمدى ھېس قىلدى. ئەل - يۇرت ئۆزىنىڭ خەلقپەرۋەر مۆتىۋەرلىرىنى، مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلىرىنى، ساخاۋەتلىك بايلىرىنى، مەردۇمەردانە پالۋانلىرىنى ھەقىقەتەن قەدىرلەيدىكەن ئەمەسمۇ! «ئەلگە ياققان خار ئەمەس» دەپ توغرا ئېيتىلغانىكەن. توختى ئاخۇن ئاتا ماكانلىرىدىن بىرى بولغان بۇ قەدىمىي تۇرپان خەلقىنىڭ ئۆزلىرىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالغىنىدىن تولىمۇ سۆيۈندى. «يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە، ئەركىڭنى ئەل ئارىسىدىن» دېگەندەك، ئەل - خەلققە ياققان بۇ پالۋان ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەنگەندەك بولدى. «ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە، كېچە - كۈندۈز غېمىنى يە» — توختى ئاخۇن ئەنە شۇ تۈيغۇغا كەلدى. ئۆيدىن - ئۆيگە مېھماندارچىلىققا چاقىرىش باشلىنىپ كەتتى. ئون كۈن بولغاندا توختى ئاخۇن مەخسۇت مۇھىتىغا ئۆزرە قويدى:

— مەخسۇتباي ئىنىم، يۇرت خەلقىنىڭ كۆڭلى ئۆتە تېگىل بولدى. ھەرقانداق مېھمانمۇ ئۈچ كۈنگىچە مېھمان، ئاندىن خىيمان بولىدۇ. بىزگە ئىجازەت بېرىلسە، — دېدى تەۋەززۇ بىلەن.

— زېرىكىپ قالدىلىمۇ توختاخۇن ئۇستام، بۇ ئاستانىدىن؟ — مەخسۇت مۇھىتى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى.

— يوغىسۇ، يىللاپ تۇرسامۇ زېرىكمىگۇدەكمەن بۇ يۇرتلاردىن. بىز كەلگىلىمۇ يېرىم ئاي بولۇپ قالدى.

---

[1] كۆرە — چوڭ ھويلا - قورۇ — ئا.

www.uyghurkitap.com

ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت، ئەمدى لوكچۇن تەرەپكە ئۆتۈپ، مېنىڭ تۇنجى ئۇستازىم ئەسلا بەگنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغاچ شۇ يەردىن قايتساممىكىن دەۋاتىمەن، — تۇختى ئاخۇن مەخسۇت مۇھىتىنىغا ئۆيلىگىنىنى ئېيتتى.

— ئۇستازنى يوقلاش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش. بوپتۇ، يەنە ئۈچ كۈن تۇرۇشسىلا، ئاندىن يولغا سېلىپ قوياي.

— ئەمدى بولا مەخسۇتباي، ھېلىمۇ كۆپ تۇردۇق. بوگۈنلا لوكچۇن تامان يولغا چىقساقمىكىن، — تۇختى ئاخۇن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى.

— ئەمىسە ئەتە بىر كۈن تۇرسىلا، بىزنىڭ «مەكتىپى مەخسۇدىيە» نى بىر كۆرۈشسىلە، ئاندىن ئەششاتامان بىرىپ قەدىمىي شەھەرنى زىيارەت قىلغايلا، بۇ يەرگە كېلىپ ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنى، تۇيۇق غوجامنى كۆرمەي قانداقمۇ قايتىشىدىلا؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەمدى يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان تۇختى ئاخۇن:

— بوپتۇ مەخسۇتباي، مېھمان دېگەن قويدىن ياۋاش، گەپلىرىگە ماقۇل دېمەكتىن باشقا چارە يوق، — دېدى كۈلۈپ.

— ھەببەللى، مانا ماۋۇ گەپلىرى توغرا بولدى!

شۇنىڭ بىلەن تۇختى ئاخۇنلار ئاستانىدە يەنە بىر كۈن تۇردى. ئۇلار ئالدى بىلەن «مەكتىپى مەخسۇدىيە» نى كۆزدىن كەچۈردى.

ئىككى سىنىپلىق «مەكتىپى مەخسۇدىيە» بىر ئازادە ھويلىدا ئىدى. پەنجىرىلىك سىنىپ ئازادە بولۇپ، قاتار - قاتار پارتىلار قويۇلغان، قارا دوسكا تامغا ئېسىلىپ، كۈيە بىلەن سىرلانغان، ئالىقانچىلىك تاختايغا كىگىز پارچىسى بوغقۇچ بىلەن چىڭ چىگىلىپ ئۆچۈرگۈچ قىلىنغان. تاغدىن قېزىۋېلىنغان پىشقىن -

سىگىرتاش كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا ئازراق سۇيۇقلاندۇرۇلغان يارىپلىم بىلەن بارماقتەك ـ بارماقتەك قاتۇرۇپ ياسالغان بورلار دوسكىنىڭ گىرۋىكىگە تىزىپ قويۇلغانىدى. تامغا دەرس جەدۋىلى چاپلانغان، ئۇنىڭدا ھەپتىسىگە ئۆتۈلىدىغان ئانا تىل، ھېساب، جۇغراپىيە، تارىخ، تەبىئەت، ئەسىر سائادەت (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمھالى)، شېئىر قاتارلىق ساۋاقلار كۈنلەر بويىچە تەقسىملىنىپ، پۈتۈلگەنىدى.

— گۇچۇگدىكى «گۈلشەن مەكتىپى» بىلەن بۇ «مەكتىپى مەخسۇدىيە»نىڭ قايسى جەھەتلەردە پەرقى بار ئىكەن توختاخۇن ئاكا؟— دېدى مەخسۇت مۇھىتى سىنىپلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولۇپ ھويلىغا چىققاندا.

— پەرقى بار ئىكەن، بىزنىڭ «گۈلشەن مەكتىپى» دە باللار ئاستىغا تېرە سېلىپ، تاماق شىرەسىنى ئالدىغا قويۇپ خەت ـ ئىنشا يازىدۇ. دەرس مەزمۇنى بۇ يەردە تولۇقراق ئىكەن، بىزدە تەبىئەت دەرسى، تارىخ، شېئىر دەرسى كەمچىلىكەن،— دېدى توختى ئاخۇن.

— توغرا دېدىلە توختاخۇن ئاكا، دەسلەپتە شۇنچىلىك قىلغىنىڭلارمۇ چوڭ ئىش، «مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا» دېگەندەك، بارنى كۆچەيتمەك ئاسان، يوقنى بار قىلماق تەس. بىزدە تەنتەربىيە دەرسى مەزمۇنىدىكى جانبازلىق يوق، سىلەردە تارىخ بىلەن تەبىئەت دەرسى يوقكەن، ئۇنى ئۆزئارا تولۇقلىساق بولىدۇ،— دېدى مەخسۇت مۇھىتى.

— شېئىر دەرسىنىمۇ تىلغا ئېلىش كېرەك مەخسۇت ئاكا! — دېدى ئابدۇخالىق مەخسۇت باينىڭ گېپىنى تولۇقلاپ،— شېئىر دېگەن ئىنسان قەلبىنى تىترەتكۈچى قۇدرەتكە ئىگە نەرسە، ئادەمنىڭ نازۇك ھېسسىياتىنى شېئىردىن باشقىسى جايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

— توغرا، بۇ تەرىپىنى تولۇقلاپ قويغىنىڭىز ياخشى بولدى ئابدۇخالىق ئىنىم، — مەخسۇت مۇھىتى گەپنى كەم قىلغىنىنى بويىنىغا ئالدى ۋە توختى ئاخۇنغا قاراپ:

— جانبازلىقتىن ساۋاق بەرگۈدەك ئادەمدىن بىرنى بىزگە تەۋسىيە قىلالامدىلا؟ — دېدى.

— مانا يانلىرىدىلا تۇرامدۇ؟ — دېدى توختى ئاخۇن ئەلى تۆگىنى كۆرسىتىپ.

— ھە راست، چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ دېگەندەك ئىش بوپتۇ-دە! — مەخسۇت مۇھىتى ئەلى تۆگىگە قارىدى، — قانداق ئىنى، بىزنىڭ ئاستانىگە كېلىپ جانبازلىق ساۋىقىنى بېرەمسىز، باللارغا؟

— قۇللۇق مەخسۇت ئاكا، قۇللۇق! — دېدى ئەلى تۆگە خۇشاللىق بىلەن.

— كونا گەپنى قىلمايسىز بۇ يەردە «قۇللۇق، قۇللۇق» دەپ، بىز شۇ نادانلىقتىن، قۇللۇقتىن، مەھكۇملۇقتىن، قاششاقلىقتىن قۇتۇلىمىز دەپ «جەدىت مەكتىپى» ئېچىۋاتىمىز ئەمەسمۇ ئىنىم؟ — دېدى مەخسۇت مۇھىتى سالماقلىق بىلەن.

— لەببەي دەمدىم ئەمىسە؟ — ئەلى تۆگە قىزىقچىلىق قىلدى.

— ماقۇل، خوپ! دېمەمسىز؟

— خوپ مەخسۇتباي ئاغا! — دېدى ئەلى تۆگە ھەربىيلەردەك قەددىنى رۇسلاپ.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ قىلىقىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئەلپەتتاھ غوجام مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ بولۇپلا كونا شەھەرگە — قەدىمكى قوچۇبالىققا يۈرۈپ كەتتى. مەخسۇت مۇھىتى ئۆيىدە قالدى.

قوچۇبالىق ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جىنلار ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەندەك خارابىلىككە ئايلانغان تاشلاندۇق شەھەر ئىدى.

خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن سېھىرلىك تىلسىملىق قەلئەدەك تۇرغان بۇ خارابە شەھەرنىڭ سېپىللىرى ھېلىمۇ ئۇن نەچچە گەز ئېگىزلىكتە، پۇختا، مەزمۇت ئىدى. ئىشكلىرى ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىلگەن كېمىر ئۆيلەر، بۇتخانىلار، چوڭ - چوڭ زالدەك خانىلار ئاغزىنى چوڭ ئېچىشقان دىۋىلەردەك كۆرۈنەتتى. يېرىمى ئۆرۈلگەن بۇتخانا مۇنارلىرى، بۇتلىرى چېقىلغان ساگراملار ھاڭغىرقاي ئوچۇق پېتى ئىدى. تاشقى شەھەر ھەيۋەتلىك سېپىل بىلەن قورشالغان، تۆت تەرەپ تۆت چوڭ قوۋۇقنىڭ ئىزناسى، شىمالىي قوۋۇقتا يېقىن يەردە ئىچكى شەھەر سېپىلى ئوقچۇپ تۇراتتى، ئىچكى شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئوردا شەھەر شۇمشەيگەن پېتى يېتىمسىراپ مۆڭ - قايغۇغا پېتىپ ياتماقتا.

— بۇ بىر جىنلىق تامدەك ئەسكىھىسار ئىكەنغۇ؟ — دېدى ساتتار تاشقى شەھەرنى ئايلىنىۋېتىپ.

— ئەگەر قورقساڭ ئايەتلكۇرسىنى ئوقۇپ ماڭ! — دەپ چېقىشتى مەمەت.

— ئايەتلكۇرسىنى ئوقۇپ ماڭغۇچە ئەلى تۆگە بىلەن ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ماڭساڭلا جىن - ئالۋاستىلار ساڭا چېقىلالمايدۇ! — قادىرمۇ چاقچاق قىلدى. توختى ئاخۇن گەپكە ئارىلاشتى:

— كۈپكۈندۈزدە ئايەتلكۇرسىنى ئوقۇيمىز دېگۈچە «قالۇ ئىننە لىللاھى ۋە ئىننەئىلەيھى راجىئۇن» نى ئوقۇپ ميڭىڭلار! مۇنداق بۇيۇك شەھەردە چوقۇم ئۇلۇغ زاتلار ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا قوشۇپ «رەببەنا» نى ئوقۇڭلار، ئىلگىرى ۋاپات بولغانلارنىڭ روھى ئەمىن تاپىدۇ.

— بۇ بىر تاشلاندۇق شەھەرغۇ؟ يا ئۇلۇغ مازار ئەمەسقۇ؟ — دېدى ئەلى تۆگىمۇ گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئەلى بۇرادەر، توختاخۇن ئاكامنىڭ دېگىنى توغرا، بۇ

www.uyghurkitap.com

شەھەردە بىزنىڭ ئۇلۇغ خاقانلىرىمىز، بەگلىرىمىز، ئۆلىمالىرىمىز، باھادىرلىرىمىز ئۆتكەن، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ گەپ قىتىپ.

— ھە راست، ئابدۇخالىق بايۋەچچە، سىزنى كۆپ كىتاب ئوقۇغان، خەنزۇچە، رۇسچە، ئەرەب - پارسچە كىتابلارنى سۇۋارى ئوقۇيالايدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدۇق. مۇشۇ تاشلاندۇق شەھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى بىر سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز؟ — دېدى توختى ئاخۇن، — بۇرادەرلىرىمىنىڭ ۋە مېنىڭمۇ كۆزۈم ئېچىلىپ قالارمىكىن!؟

— بولىدۇ، تارىخنى بىلىش مۇھىم، تارىخنى بىلگەندىلا ئاندىن ئادەم بۇ جاھاندا ئىنساندەك ياشىغان بولىدۇ، بولمىسا قويدەكلا ياشاپ بۇ ئالەمدىن كېتىدىغان گەپ. ئىسلام دىنىدىمۇ «مەن نەدىن كەلدىم، نەگە بارىمەن؟ بۇ جاھاندا نېمىش قىلىشىم كېرەك؟» دېگەننى بىلىش تەشەببۇس قىلىنىدىغۇ؟ قىزىقساڭلار سىلەرگە بۇ تاشلاندۇق شەھەرنىڭ ئۆتمۈشىنى مۇۋاپىق بىر پەيتتە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر. ئۇلار ئەمدى لۈكچۈن تامان يۈرۈپ كەتتى.

× × ×

توختى ئاخۇن ھەمراھلىرى بىلەن لۈكچۈنگە بېرىپ شاگىرتى ھەمدۇللا بىلەن ئۇچراشتى. ھەمدۇللا ئۇستازى توختى ئاخۇننىڭ ئالدىرىغىنىغا قويماي، بەش كۈن تۇرغۇزۇۋالدى. ئالتىنچى كۈنى ئۇلار سىركىپ ئېغىزىدىن يۇقىرىلاپ، تامغىلىق تاش[1] بار يەردىن

---

[1] تامغىلىق تاش — پىچان ناھىيەسىنىڭ لەمجىن يېزىسىدىكى يول ئۇستىگە چۈشۈپ قالغان ئۆيدەك يوغانلىقتىكى تاش. بۇ تاشقا بۇددا ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چېكىلگەن. يەرلىكلەر بۇ تاشنى «تامغىلىق تاش» دەپ ئاتايدۇ. — ئا.

ئۆتۈپ، لەمجىن غولى ئىچىگە چۈشتى ۋە ھەمدۇللانىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇككىدە دەرەخلىق ئىچىگە سىڭىنغان خىلۋەت ھويلىدىن ئەسلا بەگنى تاپتى. ئەسلا بەگ دەسلەپ بۇ يەتتە - سەككىزچە ئادەمنى كۆرۈپ سەل تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ توختى ئاخۇننى تونۇغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. ئەسلا بەگ بىلەن توختى ئاخۇن كۆرۈشمىگىنىگە توپتوغرا ئوتتۇز يىل بولغانىدى. گەرچە ئەسلا بەگنىڭ يېشى سەكسەن گە ئۇلىشىپ، چاچ - ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بولسىمۇ، ئۆزى تېتىك، قۇلىقى ساز، كۆزى روشەن ئىدى. ئۇ ئادەم تىنچلىقنى خالاپ، ئائىلىسىنى لۈكچۈندىن مۇشۇ لەمجىن غولىغا كۆچۈرۈپ چىققانىدى.

توختى ئاخۇن ئۇستازىغا ئاتاپ ئەكەلگەن رەخت، پۇل - پۈچەك، قەنت - گېزەك ۋە تاختا چايلارنى ئالدىغا قويۇپ، ئۇستازىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئەسلا بەگ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا قىلىپ، توختى ئاخۇنغا رەھمەت ئېيتتى. توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى مال سويۇپ كۈتۈۋالدى. ھېچنېمىگە ئۇنىماي، توختى ئاخۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئۈچ كۈن تۇرغۇزۇۋالدى. شۇ جەرياندا توختى ئاخۇن ئۆزىنىڭ ئوتتۇز يىللىق كەچمىشىنى ۋە تۇرپاندىكى ئەھۋاللارنى توختىماي سۆزلەپ بەردى. ئەسلا بەگ توختى ئاخۇننىڭ يەنىمۇ زور شۆھرەت قازىنىشىغا دۇئا قىلىپ، خوشلىشىپ قالدى. توختى ئاخۇن بىر ئاي بولغاندا ھەمراھلىرى بىلەن قارىغايلىق داۋىنى ئارقىلىق مورىغا ئۆتۈپ، گۇچۇڭغا يېتىپ باردى. ئابدۇخالىق، ئەلى تۆگە ۋە ھەمدۇللالار توختى ئاخۇن بىلەن لەمجىندىلا خوشلاشقان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئون توققۇزىنچى باب

## ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭدا

— ھەي خالايىق! ئىشتمىدىم دېمەڭلەر! گا سىلىڭ — ماجۇڭيىڭ قوماندان گۇچۇڭنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى! بۈگۈن شۇ غەلىبىنىڭ شەرىپىگە ھەربىي گازارما ھويلىسىدا مەيدان تۈزەپ، جانبازلار ئېلىشىشى ئۆتكۈزمەكچى! جىمى پۇقرا شۇ تەرەپكە مېڭىڭلار! بارمىغانلار جازاسىنى تارتىدۇ! — بۇ ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپاننىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر خۇيزۇ ئەسكەر قولىدىكى مىس جاڭنى ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇرۇپ قويياتتى ۋە خەنزۇچە توۋلاپ، شەھەر خەلقىنى ھەربىي گازارما تەرەپكە ئۈندىمەكتە ئىدى.

ھەربىي گازارما جەنۇبىي قوۋۇق بىلەن شەرقىي قوۋۇق ئارىلىقىدا بولۇپ، بۇ يەرنى ئەسلىدە جىڭ شۇرېننىڭ گۇچۇڭنى ساقلاۋاتقان قوماندانى لى خەيرۇي ئىگىلىگەنىدى. 1933- يىلى 4- ئايدا يەنى ماجۇڭيىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا چىقىپ بىر ئاي بولغاندا، شېڭ شىسەي ئۆزۈمچىدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانىدى. ماجۇڭيىڭ مورى ئارقىلىق گۇچۇڭغا كېلىپ لى خەيرۇينىڭ قولىدىن بۇ گازارمىنى ئوڭايلا تارتىۋالدى. بۇ مەزگىلدە ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەن جىڭ شۇرېننىڭ بىر قىسىم قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، شېڭ شىسەيگە ئاشكارا قارشى چىقتى. لى

خەيرۇيمۇ شىنىڭ شىسسەيگە ئىنائەت قىلماي، خوجىنىياز ھاجىغىمۇ قوشۇلماي، ئۆز ئالدىغا ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن. جىنىڭ شۇرىن بولسا سىبىرىيە ئارقىلىق نەنجىڭ تەرەپكە يېتىپ بارماق بولۇپ قېچىپ كەتكەن. كېلىشىم بويىچە خوجىنىياز ھاجى گۇچۇڭنى ئېلىشنى ماجۇڭيىڭغا قالدۇرۇپ، ئۆزى جىمسارغا تېگىش قىلماق بولۇپ، گۇچۇڭنىڭ تەنپامۇڭ دېگەن يېرىدىكى ئۇزۇن قىر دېگەن تاغ ئۈستىدە پەيت كۈتۈپ تۇرغانىدى. ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەمدىلىكتە ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىپ، ئۈرۈمچى تەرەپكە ئەسكەر تارتىپ، تېخى ھاكىمىيىتى مۇستەھكەملەنمىگەن شىڭ شىسەينى بىر يوللا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانىدى[①]. بۈگۈنكى مەيدان تۈزەپ داغدۇغا قىلىشتىكى مەقسىتىمۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ئىدى.

كىشىلەر ھەربىي گازارما تەرەپكە ئاقماقتا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، ھەتتا بازارغا مال ساتقىلى كىرگەن قازاق، موڭغۇللارمۇ؛ يۇرت مۆتىۋەرلىرى، جانبازلار، سودىگەرلەر، بازارچىلار، ھەتتا بازارغا ئوت - سامان ساتقىلى كىرگەن دېھقانلارمۇ بار ئىدى.

ھەربىي گازارما مەيدانى كەڭرى بولغىنىغا قارىماي، ئادەمگە لىق تولغانىدى. مەيدان چۆرىسى ۋە گازارما ئىشىكى تەرەپتە قاراۋۇللار تۇرۇشقان، ھەتتا ئۆگزىلەردىمۇ ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكىرىدىن ئون - ئون بەش ئادەم قورال تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ «جانبازلىق ماھارىتى كۆرسىتىلىدۇ» دېيىلگەن مەيدان بەئەينى جازا

① ماجۇڭيىڭ شىنجاڭنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، روسىيەنى ئېلىپ ئاندىن ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىپ تۈركىيەدىن تاكى شەرقىي دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتا بۈيۈك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ چىقماقچى بولغان — ئا.

www.uyghurkitap.com

ئىجرا قىلىدىغان مەيداندەك سۈرلۈك تۈس ئالغانىدى.

مەيداننىڭ تۆر تەرىپىگە ياغاچتىن كۆتۈرمە قىلىپ ئىككى ئادەم بىمالال ئېلىشقۇدەك سۇپا هازىرلانغان، سۇپىنىڭ ئەتراپىدا ماجۇڭيىڭ ۋە ئۇنىڭ لەشكەر باشلىقلىرى - ئوفىتسېرلىرى ئورۇن ئالغان، ئۇلارنىڭ يېنىدا دىڭ ئاخۇن، سەمەتهاجى، ئىمىنباي، قارىهاجى قاتارلىق مۆتىۋەرلەر ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان. ئۇلارغا ئۇلىشىپ، گا ئىمام شاگىرتلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا بولسا توختى ئاخۇن، ساتتار، مەمەت، قادىر، دۇگامەت ئەپەندى، شاۋۇدۇن ئەپەندى، هىدايىتۇللا خەلپەت، هوشۇر ئاخۇن يەلتاپان، هېيىت ئاخۇن زاسۇپىيەزلەر ئورۇن ئالغان؛ سۇپىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە يېڭى جەنجاڭنىڭ چوڭ شاگىرتلىرىدىن ۋاڭ تاۋ، جاڭسەنلەر ئورۇن ئالغان؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا دەم ئېلىشقا چىققان ساقچى باشلىقى لى جۇڭمۇ بار ئىدى. بۇ سورۇندا پەقەت ئىككى يىل بۇرۇن ۋاپات بولغان يېڭى جەنجاڭ بىلەن، ئانىسىنى، خوتۇن بالىلىرىنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتكەن سۇخۇشارادىن باشقا، گۇچۇڭدىكى چوڭ - كىچىك جانبازلارنىڭ هەممىسى بار ئىدى.

— بۇ قېتىمقى مەيدان بىر قېتىملىق كۆرەك، دوستانە ماهارەت كۆرسىتىش بولىدۇ، — دەپ جار سالدى مەيدان باشقۇرغۇچى ئوفىتسېر، — گۇچۇڭ جانبازلار يۇرتى هېسابلىنىدۇ، شۇڭا هەرقايسى مەزهەپ، هەرقايسى مىللەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ماهارەت كۆرسەتسۇن! ماهارەتتە كامالەتكە يەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ هەم ماجۇڭيىڭ قوماندان خالىغانلارغا هەربىي ئەمەل ئاتا قىلىپ، ئۆز قوشۇنىدىن خىزمەت بېرىدۇ!

سورۇندىكىلەر گۇدۇڭ - گۇدۇڭغا چۈشتى. بەزى ياشلار يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىشتى.

ئالدى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئەسكەرلىرى ئىچىدىكى جانبازلار ئارقا - ئارقىدىن ماهارەت كۆرسەتتى، ئاندىن گۇچۇڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جانبازلىرىدىن گائىمىنىڭ شاگىرتى بەيسۇڭ، يىپ جەنجاڭنىڭ شاگىرتلىرىدىن جاڭسەن، ۋاڭ تاۋلار ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھىدايىتۇللا خەلپەت، ئۇنىڭدىن كېيىن توختى ئاخۇن ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىدى.

توختى ئاخۇن مەيدانغا چۈشكەندە مەيدان تىمتاسلىققا چۆمدى، بارچە ئادەم ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھەرىكەتلىرىگە ھايرانلىق بىلەن كۆز تىكمەكتە. توختى ئاخۇن ئالدى بىلەن ئۇن سەككىز خىل قورال ئويۇنتىش ھەرىكىتىنى قىلىپ، قوش قىلىچ، ئۇلانما كالتەك، سويلىما تىغ، نەيزە سانجىش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىدى. ئارقىدىن ئۇن سەككىز خىل تېپىك ھەرىكىتىنى، ئالتقان بىلەن شام ئۆچۈرۈش ماھارىتىنى كۆرسەتتى. ئاخىرىدىراق خۇگۇڭ گۇمپىسىنى كۆرسەتتى. ئۇ مەيداندا ئۇياقتىن - بۇياققا ۋاشىلداپ ئۆتسە، كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ غۇيۇلداپ ئۆتكەن شەپىسىنىلا ئاڭلاپ، غۇۋا بىر سىيمانىڭ ھېلى شەرق تەرەپتە، ھېلى غەربتە، ھېلى مەيداننىڭ كۈنگەي تەرىپىدە، ھېلى تەسكەي يېقىدا ئەرۋاھتەك ئۇچۇپ يۈرگىنىنىلا بايقاشتى. ئۇنىڭ قويۇنتاز ياكى توختى ئاخۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بېشى قايسى تەرەپتە، ئايىغى قايسى ياقتا ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىشقا ئىمكان تاپالمىدى. توختى ئاخۇن خۇگۇڭ ھەرىكىتىدىن توختىغاندا، مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

توختى ئاخۇن ئەڭ ئاخىرىدا خۇگخۇگدىيەن ماھارىتىنى كۆرسەتتى. بۇ ماھارەتنى يىپ جەنجاڭ ئۇستاز بېيجىڭدىن كەلگەن خارچىن ھەزرەتكە تاقابىل تۇرىدىغان چاغدا توختى ئاخۇنغا ئاستىرتىن ئۆگەتكەنىدى. بۇنى توختى ئاخۇن «لاچىن قانات ماھارىتى» دەپ ئاتاپ، شاگىرتلىرىدىن پەقەت ئوغلى نىزامىدىن بىلەن ھىدايىتۇللا خەلپەتكىلا ئۆگەتكەنىدى. بۇنداق ھەرىكەتنى گۇچۇگدىكى جانبازلارنىڭ تولىسى بىلمەيتتى. شۇڭا، بۇ ماھارەتنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسەتكەندە ماجۇڭيىڭنىڭ جانبازلىرى، گوجۇڭدىكى جانبازلار ھەيرانۇھەس قالدى. توختى ئاخۇنمۇ بۇ «لاچىن قانات ماھارىتى» نى ئاجايىپ نەپىس ئويىنىدى. ھەتتەگەي، مۇشۇ ئايىتا مۇشۇ مەيداندا يى جەنجاڭ ئۇستاز بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ بۇ ئۇيغۇر شاگىرتىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بۇ ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويىنىغىنىدىن قانچىلىك زوقلانغان بولاتتى- ھە؟

توختى ئاخۇن ئاشۇ ھېسسىياتتا «لاچىن قانات ماھارىتى» نىڭ ئاخىرقى بىر ھەرىكىتىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئوينىدى. ئۇ ئورنىدىن كۆكلەپ ئادەم بويى ئۆرلىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ ئىككى پۇتىنى كېرىپ چاسىغا چۈشتى، شۇ دەقىقىدە گا ئىمامنىڭ يېنىدا تۇرغان مالاۋسى بىلەكتەك توملۇق، بىر گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ياغاچنى توختى ئاخۇننىڭ چاترىقىغا ئۇدۇللاپ ئاتتى، بۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن توختى ئاخۇننىڭ جا يېرى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى...... تاماشىبىنلار ئاجايىپ دەل جايىغا چەنلەپ تۇيدۇرماي ئېتىلغان بۇ توقماقنى كۆرمىگەچكە، توختى ئاخۇننىڭ بۇ نەپىس ماھارىتىگە توختىماي ئالقىش ياغدۇردى. ئەمما، تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلۇر دېگەندەك، توختى ئاخۇن قاتتىق ئاغرىقتىن ئازابلىنىپ تولغىنىپ كەتتى......

مالاۋسىنىڭ كىچىكىدىنلا توختى ئاخۇنغا ئۆچى بار ئىدى. مالاۋسىنىڭ ئىنىسى مالاۋۋۇ ئەينى ۋاقىتتا خامانىدا يىللىقچى ماچىڭگوينى ئۇرغاندا توختى ئاخۇن ئارىغا كىرىپ ماچىڭگويگە ھېسداشلىق قىلىپ مالاۋۋۇنى ئەدەپلەپ قويغان، كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىسى بىرلىشىپ تويدىن يانغان توختىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئېلىشقاندا، توختى ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتكەن. گا ئىمام ئۇ ئىككىسىنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا، مالاۋسى خېلى جىق تاياق يېگەن بولاتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىنكى

ئاشكارا ئېلىشىش مەيدانىدا مالاۋسى توختىدىن يەنە يېڭىلىپ قالدى...... مالاۋسى توختىدىن هامان بىر كۈنى ئۆچ ئالماقنى كۆڭلىدىن چىقارمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى ئىنىسى مالاۋۇۋ بىلەن ماجۇگىيىڭغا ئەسكەر بولغان. ئىنىسى مالاۋۇۋ گەنسۇدا ئۆلۈپ كەتكەن. مالاۋسى هازىر لىيەنجاڭلىق ئەمىلىدە ئىدى. ئۇ ماجۇگىيىڭغا ئەگىشىپ ئىچكىرىنى بىر ئايلىنىپ، شىنجاڭغا يەنە يېنىپ چىققان. بۇ قېتىمقى ماهارەت كۆرستىشنى ئۇ توختىدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ، بايامقى نامەردلىكنى قىلغانىدى.

مالاۋسىنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆزى ئۆتكۈر جانبازلاردىن بىرقانچىسى بايقاپ قالدى، بۇنى هىدايىتۇللا خەلپەتمۇ كۆردى. ئۇ يوگۇرۇپ بېرىپ توختى ئاخۇننى سۆرىدىن يۆلەپ ئېلىپ چۈشتى. توختى ئاخۇننىڭ چىرايى تاتارغانىدى. ئەمما، ئۇ قەتئىي چاندۇرمىدى. «قۇۋۇلۇقتىن شۇملۇق چىقۇر» دېگەندەك، گا ئىمام يېنىدا تۇرۇپ نامەردلىك قىلغان شاگىرتى مالاۋسىنى غەزەپ بىلەن بىر شاپىلاق قويۇۋىدى، سەنتۈرۈلۈپ توختىغان مالاۋسى ئاچچىقىدا تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئۆزىگە سەككىز - ئون يىل هەۋەر - ماهارەت ئۆگەتكەن ئۇستازى گا ئىمامنى «پاڭ!» قىلىپلا ئېتىپ تاشلىدى. بەيسۇڭ ئۇستازىنى ئۆلتۈرگەن قارانىيەت خۇمپەر مالاۋسىنىڭ كانىيىنى بىرلا سىقىپ، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. باشقا جانبازلارمۇ دەۋرەپ كەتتى. «پاڭ - پۇڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەيدان پاتىپاراقچىلىققا چۆمدى، شۇ پاراكەندىچىلىكتە بىرقانچە بىگۇناھ پۇقرا، دىنىي مۆتىۋەر سەمەتهاجى، دىڭ ئاخۇنلارغا ئوق تېگىپ قازا قىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرەك گۇچۇڭلۇقلارغا بالايىئاپەتكە ياغدۇردى. مۆتىۋەرلەردىن سەمەتهاجى، دىڭ ئاخۇن، گا ئىماملارنىڭ قازا قىلغىنى گۇچۇڭ خەلقىنىڭ ماجۇگىيىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغىۋەتتى. گۇچۇڭدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، موڭغۇل، مانجۇ، قازاق، تاتار خەلقلىرى ماجۇڭيىڭنى قارغاپ، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ئوقۇدى. ماجۇڭيىڭ غىپپىدە قېچىپ جىمسار تامان تىكىۋەتتى.

× × ×

خوجىنىياز ھاجى جىمسارنى ئالدى، لېكىن ھېيلىگەر لى شۇفۇ[1] ئىككى مىڭ تالدەك قورالنى خوجىنىياز ھاجىغا بەرمەي، كېچىسى ماجۇڭيىڭنىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن گەنسۇدىن ئىككىنچى رەت چىللاپ چىقىلغان ماجۇڭيىڭ قومۇل، تۇرپان، گۇچۇڭ، جىمسار خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچرىدى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ يولىدا سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ قاتتىق بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ، ئاخىر قالدۇق قىسىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شىنجاڭدىن بۇلاپ - تالىغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئېلىپ ئەركەشتام ئارقىلىق سوۋېت يېرىگە ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە خوجىنىياز ھاجى گەنسۇغا ئىككى رەت ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى شىنجاڭغا چىللاپ چىقىپ، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتكە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېيلىدىن ھالۋا ياساپ، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى ئاستىرتىن ئۆز قولىغا يىغىۋېلىپ، نىيىتىنى بۇزدى. خەلق، جۈملىدىن قوزغىلاڭچى قوشۇن ھەم ئۇنىڭ يولباشچىسى بولغان خوجىنىياز ھاجى بۇ ئالانىيەت ماجۇڭيىڭدىن قاتتىق يىرگەندى. ماجۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ يامان قىلمىشىدىن شىنجاڭدا پۇت تىرەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن

[1] لى شۇفۇ — تۆمۈر خەلىپىنى ئالداپ ياڭ زېڭشىنگە تۇتۇپ بەرگەن كىشى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ جىمسارنى قوغدىغۇچى ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ تۇرغانىدى — ئا.

مەھـرۇم قالـدى. ئۇنـىڭ ھىيلىگەرلـىك بىـلەن شەخسىي مەنـپەئەت ئۈچۈن كۆرەشكىنى ئـاق كۆڭـۈل شـىنجاڭ خەلقىنـىڭ قەلبىـدە يـارا ئـىزى قالـدۇردى. خوجىنىيـاز ھاجىنىـڭ مەسلىھەتچىـسى بولغـان نەمەت خەلـپەت ماجۇڭيىڭنىـڭ يامـان قىلمىـشىدىن نەزىـلەر پۈتـۈپ قالدۇرغانىدى.

× × ×

توختى ئاخۇن شۇ قېتىمقى زەربىـدىن بىرقـانچە كـۈن ئـورۇن تۇتـۇپ يېتىـپ قالـدى. بىـر كـۈن دۇگـامەت ئەپەنـدى، شـاۋۇدۇن ئەپەندى ۋە ئاۋامسلىم موللا توختى ئاخۇننى يوقلاپ ئۇنىڭ ئـۆيىگە كەلـدى. ئـۇلار مەكتەپنىـڭ ئوقۇتـۇش ئـىشلىرى، شـۇ قېتىمقـى كـۆرەكتىكى ماھـارەت كۆرسـىتىش جەريـانى ۋە خوجىنىيـاز ھـاجى بىـلەن ماجۇڭيىڭنىـڭ ئارىـسى بۇزۇلغـانلىق توغرۇلـۇق خېلـى ئـۇزاق پاراڭ سېلىشتى. توختى ئاخۇننىڭ ئورنىدا ھىـدايىتۇللا خەلپەتنىـڭ گۈلشەن مەكتىپىدىكى بالىلارغا جانبازلىقتىن ساۋات بېرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلدى.

— ئەمـدى ھىـدايىتۇللا مېنىـڭ ئورنۇمـدا داۋاملىـق سـاۋاق بېرىۋەرسۇن، مۇشۇ كۈنلەردە چوڭ ئوغلۇم نىزامىدىن تولا چۈشـۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. ھوشۇر ئاخۇندىن ئاڭلىسام ئۇ ئۈرۈمچىـدە ئوتتـۇرا كـۆۋرۈكتە ئولتۇرۇۋېتىپتـۇ. ئۆيلـۈك - ئوچـاقلىق، ھەتتـا باللىۋاقىلىقمۇ بوپتۇ. ئـۇ مەن بىـلەن خۇپىيـانە ئېلىـشىپ قويغىنىغا خىجالەت بولۇپ گۇچۇڭغا ئاياغ باسمايۋاتىدۇ. مەن بولسامۇ بىرىـپ ئۇنى كۆرۈپ كەلمىسەم بولماس. ئـۇ مېنىـڭ چـوڭ ئوغلـۇم- دە! — توختى ئاخۇن شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ بىرھـازا جىمىـدە بولـۇپ قالـدى. دۇگـامەت ئەپەنـدىلەر تـوختى ئاخۇنغـا نېمـدەپ تەسـەللى ئېيتىشنى بىلەلـمەي، تېڭىرقـاپ تـۇرۇپ قالـدى. بـۇ ھـالەتنى مـوللا

www.uyghurkitap.com

ئاۋامسلم بۇزدى:

— بۇرادەرلەر، يېقىندا جىمسارغا بېرىپ كېلىۋېدىم، شۇ يەردىكى بىر ھەمساۋاق بۇرادىرىمدىن ماجۇگىيگىنىڭ قىلمىشى ھەققىدە خوجىنىياز ھاجىنىڭ يېتىدىكى «كەمى»[1] تەخەللۇسلۇق بىر تېرەن موللىنىڭ يازغان شېئىرىنى كۆچۈرۈۋېلىپ كەلگەنىدىم، خالىساڭلار شۇنى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟— موللا ئاۋامسلم توختى ئاخۇنغا ۋە دۇگامەت ئەپەندىلەرگە قارىدى.

— بولىدۇ، ئاڭلاپ باقايلى،— دېدى توختى ئاخۇن ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

موللا ئاۋامسلم يەكتىكىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىرقانچە ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۈنىڭدىكى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

تولا غاپىل ئىكەنمىز، ھەي، بۇنى بىلمەپتىمىز، يارەب[2]،
قوتانغا بۆرىنى كەل دەپ، خاتا چىللاپتىمىز، يارەب.

مۇسۇلمان دېسە بۇ شەيتان، كالامنى بىلىپ ھەق راست،
دۇئا - تەكبىر بىلەن باشتا ئۇنى يادلاپتىمىز، يارەب.

«ئىشەنگەن تاغدا ياتماپتۇ كېيىك» دەپ بىر ماقال تۇرسا،
ئاتالار سۆزىگە چىن دىل ئەمەل قىلماپتىمىز، يارەب.

---

[1] كەمى— نەمەت خەلپىتىمنىڭ 1910- يىلىدىن باشلاپ قوللانغان تەخەللۇسى. بۇ شائىر 1888- يىلى پىچان لۈكچۈنىدە تۇغۇلۇپ، 1962- يىلى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق يېزىسىدا يەتمىش تۆت يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ يېتىشكەن شائىر، موللا، جامائەت ئەربابى بولۇپ، خوجىنىياز ھاجى قوزغىلىڭىغا ۋە كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئىشتىراك قىلغان — ئا.

[2] بۇ شېئىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومانىدىن ئېلىندى.

تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئىكەن ھەي، بىز چۈشەنمەستىن،
ئەجەب ئاسان، قېرىنداش دەپ ئۈمىد باغلاپتىمىز، يارەب.

ئۇ مەككار ھەر قەدەمدە ھېسابلاپ قۇم ساناپ يۈرسە،
گۆدەكتەك گول بولۇپ بىز، ھەي، تاش ساناپتىمىز، يارەب.

بۈگۈن ئۇقساق تېخى بىزنى جەھەننەم سارى باشلارمىش،
ئېچىپ كەڭرى قويۇننى بىز يىلان ئاسراپتىمىز، يارەب.

ئۇنىڭ باتىل خىيالىچە بويارمىش قانغا دۇنيانى،
بۇنىڭدەك زور گۇناھ بولماس، خاتا چاغلاپتىمىز، يارەب.

«ئاتاڭغا بەرمىگىن بىلگەن يولۇڭنى» دەر ئىدى دانا،
نادامەت ئۇتىدا ئەپسۇس، جىگەر داغلاپتىمىز، يارەب.

گاھى تۇلپارمۇ تۈز يولدا مۈدۈرۈلۈپ كېتىدۇ دەيدۇ،
سىراتىل مۇستەقىم[1] بەرگىل، خاتا ئويلاپتىمىز، يارەب.

كەمى نەمەت يېزىپ ئەشئار، سۇخەندانلىق قىلىپ قويدى،
كېچىرگەي مېنى دوست - يارلار، بۇرۇن بىلمەپتىمىز، يارەب.

— بارىكاللا! مانا شېئىر، مانا بېيىت - قوشاق دېگەن! بۇ كەمى دېگەن شائىر مەككار ماجۇگىنىڭ قىلمىشىنى ئەجەب قاملاشتۇرۇپ يېزىپتا، «ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە» دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن چوڭلار. سىناشمىغان ئادەمگە ئەسلا ئىشەنگۈلۈك

[1] سىراتىل مۇستەقىم — ئەرەبچە، توغرا يول.

ئەمەس! ــ توختى ئاخۇن ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى.

ــ بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلمايدۇ، دىگەن گەپ بار، لېكىن بۇ مەككار ماجۇگىيلىڭ خوجىنىياز ھاجىمغا قارا سانىپ، جىمى ئولجىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ ئەمەسمۇ.

ــ شۇگا، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى ئەتتى- دە، ئۇ ئاچ كۆز!

ــ يات بىلەن بىرگە بولساڭ ئاي پالتاڭ قوينۇڭدا بولسۇن، دېگىنى توغرىكەن،ــ دېدى توختى ئاخۇن ئاھ ئۇرۇپ،ــ بىز خەقنى دوست دېگەن بىلەن ئۇلار بىزنى دوست قاتارىدا كۆرمەپتۇ ئەمەسمۇ؟!

بۇرادەرلەر شۇنداق پاراڭلار بىلەن كەچ كىرگەندە ئاندىن توختى ئاخۇننىڭ يېنىدىن قايتىشتى.

www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى باب

# ساتىراشخانىدا

قەھرىتان قىش كەتكىنىگە خېلى بولدى. يەر - جاھان ئىللىدى. كۆنلەر تېز ئۆتمەكتە. ھەش - پەش دېگۈچىلا باھار ئاخىرلىشىپ قالدى. دەرەخلەر كۆكىرىپ، قۇشلار جانلاندى. بارا - بارا دەرەخلەر باراقسانلاپ، كاككۇك ۋە باشقا قۇشلارنىڭ ساداسى ھەممىلا يەردە ياڭرىدى. غول ئېقىن بويىدا، كۆلچەكلەردە پاقىلارنىڭ كۇركىراشلىرى ئەۋج ئالدى؛ غۇر - غۇر شامال يېڭى ئېچىلغان ياۋا گۈللەرنىڭ، كوكاتلارنىڭ، نەمخۇش تۇپراقنىڭ ھىدىنى يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇرۇپ كېلىپ دىماققا ئۇراتتى. كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان باھار ھەرخىل خۇش پۇراقلارنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ، ھاياتقا شاد - خۇراملىق ۋە جانلىقلىق ئاتا قىلاتتى.

توختى ئاخۇن بۈگۈنمۇ شاگىرتلىرىغا ساۋاقنى بېرىپ بولۇپ، ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا بولقا - بازغاننى تاراڭلىتىشقا باشلىدى. توختى ئاخۇن ئاتا كەسىپىنى تاشلىمىغانىدى. ئۇ بىرئاي ئىلگىرى ئائىلىلىك بىر قازاق باينىڭ مىڭ ئاتلىق تاقا - مىخ زاكالىتىنى قوبۇل قىلغان. بۇنى چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا خەلپەت بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشلەپ تۈگەتەي دېدى. بۇ كۈنلەردە گۈلشەن مەكتىپى تاقىلىپ قالغاچقا،

www.uyghurkitap.com

هىدايىتۇللانىڭ قولى بوش ئىدى. بۇگۇن ئەللىك ــ ئاتمىش ئاتلىق تاقىنىڭ مىخىنى سوقۇۋەتسىلا، بۇ زاكالەت ئىشى پۈتەتتى.

مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى هىدايىتۇللا خەلپەت توختى ئاخۇندىن ئايرىلماي دېگۇدەك ئۆتتى. شاگىرت تەربىيەلەشنىمۇ بىرگە، بۇيرۇتما ئىشنى ئىشلەشنىمۇ بىرگە، يىراق - يېقىنغا بېرىشنىمۇ بىللە ئىدى. نىزامىدىن توختى ئاخۇن بىلەن كەچتە قاراڭغۇدا كۈچ سىنىشىپ قويۇپ، خىجالەتچىلىكتە ئۇرۇمچىگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، توختى ئاخۇن هىدايىتۇللا خەلپەتنى يېنىدىن ئايرىماس بولدى. هىدايىتۇللا توختى ئاخۇننىڭ هەم ئوغلىدەك، هەم سىرداش دوستىدەك بولۇپ قالغانىدى.

هىدايىتۇللا خەلپەت دۇكاننىڭ ئوتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆمۈر سالدى ۋە شامال ساندۇقنى كۈچەپ بىرقانچە قېتىم تارتىۋىدى، دۇكاننىڭ تۆرخۇنىدىن كۆپكۆك ئىس پۇرقىراپ چىقىشقا باشلىدى.

— هىدايىتۇللا، بېرى كەل، كۆمۈر ئۆزلۈكىدىن تۇتاشسۇن، ئاڭغۇچە بىزمۇ ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالايلى، — دېدى توختى ئاخۇن نېرىراقتا قويۇلغان كىچىك شىرە يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ.

هىدايىتۇللا خەلپەت شامال ساندۇقنى يەنە بىرقانچىنى تارتىۋېتىپ، توختى ئاخۇننىڭ يېنىغا كەلدى. ئاڭغۇچە مايىسخانمۇ مىس چەينەككە دەملەنگەن چاي بىلەن ئىككى چىنىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ شىرەگە قويدى.

— بۈگۈن نېمە غىزاغا كۆڭۈللىرى تارتىدىكىن؟ تەييارلىق قىلغاچ تۇراي، — دېدى مايىسخان.

— سەۋزە قەلەم قىلىپ تۇر، بۈگۈن بىر ئوخشىتىپ پولو ئېتەيلى، — دېدى توختى ئاخۇن، — قانداق هىدايىتۇللا، پولوغا تاۋىڭ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە تاۋىم بار، ئەگەر ئۇستام ئۆزى ئەتسە، ئىككى كىشىلىك يېيىشكە ئىشتىھايىم بار بوگۇن! — ھىدايىتۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— ئەمىسە سىلى ئۆزلىرى ئېتەملا پولۇنى؟ ھىدايىتۇللا ئاخۇن مەن ئەتكەن پولۇنى ياراتمايدىغان چېغى؟ — دېدى مايسىخانىمۇ گەپكە يارىشا.

— ياق - ياق، مايسىخان ئايلا، سىزنىڭ تاماقلىرىڭىزنى ياراتمايدىغان ئىش يوق، ئەمدى ئۇستامنىڭ قولىدىن پولۇ يېمىگىلى خېلى ئۇزاق بولدى دەيمىنا شۇ...... — ھىدايىتۇللا گەپلىرىنى تاتىلىدى. ئۇ مايسىخانىنىڭ تاۋى تازۇكلۇقىنى بىلەتتى، شۇڭا گېپىنى دەرھال تۈزىتىۋالدى.

— بولىدى - بولىدى، ھىدايىتۇللانىڭ دېگىنى بويىچە بولسۇن، ئۆز قولۇم بىلەن ئوخشىتىپ بىر پولۇ ئېتەي بوگۇن، — توختى ئاخۇن ئۆزىنىڭمۇ خېلىدىن بېرى پولۇ ئېتىشكە چولىسى تەگمەي يۈرەتتى. ئۇ ھىدايىتۇللانىڭ تەكلىپىنى رەت قىلمىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن تەييارلىق قىلغاچ تۇراي، مايسىخان ئۆي تەرەپكە ماڭدى. ئۇستاز - شاگىرت بىردەم ئۇ يەر - بۇيەردىن گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ دەم ئالدى.

— نىزامىدىنىدىن ھازىرغىچە خەت - خەۋەر يوق ھىدايىتۇللا، — دېدى توختى ئاخۇن ئۇزۇن بىر ئۇھ تارتىپ، مايسىخان تۇرۇپ - تۇرۇپ يىغلاپ كېتىدۇ، نىزامىدىننى ئىزدەپ تېپىپ كەلمىدىلە، دەپ ماڭا تاپا - تەنە قىلىدۇ. قايسى يىلى تۇرپانغا چۈشكەندە قايتاشىمىزدا ئۇرۇمچى تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كەلسەكمۇ بوپتىكەن، — توختى ئاخۇننىڭ كۆزلىرىدىن ھەسرەت - نادامەت ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، نىزامىدىننىڭ جىممىدە يوق بولۇپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپان نىزامىدىننىڭ ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرا

كۆۋرۈك دېگەن يەردە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرگىنىدىن بىر قېتىملا خەۋەر بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن نىزامىدىندىن بىرەر ئۇچۇر ـ سىرتىنخ بولمىدى. نىزامىدىنغا تۇختى ئاخۇن، بولۇپمۇ مايىسخان قەۋەتلا ئامراق ئىدى. مانا بۇ يىل تۇختى ئاخۇننىڭ يېشى 50 كە يېتىپ قالدى. لېكىن، چوڭ ئوغلى يېنىدا يوق...... ھېلىمۇ ھىدايىتۇللا تۇختى ئاخۇننىڭ سايىسىدەكلا بىللە بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. تۇختى ئاخۇننىڭ باشقا باللىرى بىر تەڭ، نىزامىدىن بىر تەڭ ئىدى. ئەمما، ئۇ يېنىدا يوق......

— ئۇستام، ئەتە ـ ئۆگۈن مەن ئۈرۈمچى تەرەپكە بىر ئۆتۈپ، نىزامىدىننى قەيەردىن بولمىسۇن تېپىپ كېلەي، — دېدى. ھىدايىتۇللا ئۇستازى تۇختى ئاخۇننىڭ پات ـ پاتلا ئۇھ تارتىپ قويىدىغىنىدىن ئۇنىڭ نىزامىدىننى قاتتىق سېغىنغانلىقىنى پەملەپ يۈرەتتى.

— بولدىلا، بىر پۇرسەتنى كېلەر، — تۇختى ئاخۇن شۇنداق دېدى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاسماندا ئەگىپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەرگە قارىدى، كەپتەرلەر دەم يوقاپ، دەم پەيدا بولۇپ، مۇشۇ مەھەللە ئۈستىدىلا ئۇچۇشاتتى. «توپان بالاسىنىڭ[1] ئاخىرلاشقىنىنى خەۋەر قىلغان مۇشۇ جانىۋارلار بولسىمۇ ئوغلۇم نىزامىدىننىڭ خەۋەر ـ ئۇچۇرىنى ئېلىپ كەلسىچۇ؟» دەپ ئويلىدى تۇختى ئاخۇن. ئۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا بېشىنى كۆتۈرۈپ كەپتەرلەرگە قارايتتى — تۇختى ئاخۇننىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىشكە بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جانبازلىق ماھارىتىنى مۇشۇ چوڭ شاگىرتى ھىدايىتۇللا بىلەن چوڭ ئوغلى نىزامىدىننىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغىنىدىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرەتتى، بىراق نىزامىدىن يېنىدا

---

[1] رىۋايەتلەردە، كەپتەر توپان بالاسىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىپ، ئاغزىدا بىر تال زەيتۇن شېخىنى چىشلەپ كېلەرمىش — ئا.

يوق، ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى. شۇ گەپلەر توختى ئاخۇننىڭ كۆڭلىدە تىندۇرما بولۇپ قېلىۋېرەرمۇ؟......

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، توختاخۇن، ئەجەبا كوچا - كويلىدىمۇ كۆرۈنمەيسەن، خۇددى ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەكلا يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ — هوشۇر ئاخۇن يەلتاپان بىر خۇيزۇ، بىر خەنزۇ كىشىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى.

توختى ئاخۇن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال هوشۇرئاخۇن يەلتاپان بىلەن، ئاندىن باشلاپ كەلگەن هېلىقى ئىككى مېهمان بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا ئولتۇرۇشقا جاي كۆرسەتتى. هىدايىتۇللا لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ هوشۇر ئاخۇن ئۇستازى بىلەن كۆرۈشۇپ بولغۇچە هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىزىقلىق كىچىك ئورۇندۇقتىن ئىككىنى ئەكېلىپ مېهمانلارنىڭ ئولتۇرۇشىغا قويدى ۋە ئاندىن مېهمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، چەينەكنى كۆتۈرۈپ ئۆي تەرەپكە ماڭدى.

— ئالتايلىق قازاق باينىڭ يۈز ئاتلىق تاقا - مىخ بۇيرۇتمىسىنى ئېلىپ قويۇپتىكەنمەن، بىر ئايدىن بۇيان شۇ ئىش بىلەن قولۇم بوشىماي قالدى، سەن ئۆزۈڭچۇ بۇرادەر، بۇ يىقىنلاردىن ئۇرۇمچى تەرەپلەرگە ئۆتمىدىڭمۇ؟ — توختى ئاخۇن خۇددى «كاككۇك كاماردا، سوپى تامادا» دېگەندەك، ئوغلى نىزامىدىندىن بىرەر ئۇچۇر - سىرتىخ بارمىكىن دېگەن ئويدا هوشۇر ئاخۇنغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ئەتىيازدىن بۇيان ئۇ تەرەپلەرگە ئۆتەلمىدىم، — دېدى هوشۇر ئاخۇن توختى ئاخۇننىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۆچكەن كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، — ماۋۇ ئىككى مېهماننى باشلاپ كېلىشىمدە بىر ئىش بار، بۇلارنىڭ هەربىرىنىڭ سەككىز - ئونچە هارۋىدا ئۇرۇمچىگە ئاپىرىدىغان يۈكى باركەن. ئەگەر خالىساڭ، شاگىرتلىرىڭ بىلەن بۇ هارۋىلارنى قورۇقداپ ئۇرۇمچىگە يەتكۈزۈپ

بارىسەن. ھەربىر ھارۋا ئۇچۇن ئاتمىش سەردىن ھەق بېرىدۇ. ھارۋىكەش بۇلارنىڭ ئۆزىدىن بولىدۇ، يانىاق، تاماقىلار ئۆزۈڭلىدىن، بەش - ئالتە كۈندە يەتكۈزسەڭ بولىدۇ، قانداق؟ بۇ ئوبدان تاپاۋەت جۇمۇ توختاخۇن، قولدىن چىقىرىپ قويما! شۇ باھانىدە ئوغلۇڭ ئىزامىدىننى ئىزدەپ باقامسەن؟

ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپاننىڭ ئاخىرقى سۆزى توختى ئاخۇننى شەرتسىز ماقۇل دېگۈزدى. ھوشۇر ئاخۇن باشلاپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھەربىرى ئەللىك سەردىن جەمئىي يۈز سەر كۆمۈشنى زاكالەت ئۈچۈن توختى ئاخۇننىڭ ئالدىغا قويدى. توختى ئاخۇن ئۇ پۇلدىن ئون سەرنى ئايرىپ ھوشۇر ئاخۇنغا تۇتقۇزدى. ئىككى كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدىغانغا كېلىشىپ، مېھمانلار ئۆزىدى.

× × ×

گۇچۇڭدىن ئۈرۈمچىگە قاراپ ماڭغاندا تاغ سول تەرەپتە قالاتتى. ئوڭ تەرەپ دەسلەپتە ئېدىرلىقتىن باشلانغان يانتۇلۇق بارا - بارا تۈزلەڭلىككە ئۆزگىرەيتتى. كەڭ دالىدا چۆل گىياھلىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. ھاۋا ئىللىق ئىدى. تەكشى كەتكەن ساي يولىدا ھارۋىكەشلەر ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاتام مېنى چەڭفۇ[1] قىلىپ،
يامبۇ تاپۇرمۇ؟
چەڭفۇلۇقتا ئۆلۈپ كەتسەم،

---

[1] چەڭفۇ — خەنزۇچە سۆزدىن ئۆزگەرگەن. ئەسلىي چېفۇ، ھارۋىكەش دېگەنلىك. بۇ سۆز شەرقىي شىنجاڭ رايونىدىكى بەزى جايلاردا ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ — ئا.

قۇمدىن تاپۇرمۇ؟
ئايارەي، قۇمدىن تاپۇرمۇ.
......

بۇ ناخشا ئاياغلىشىشىغىلا ئىككىنچى بىر هارۋىكەش ناخشىسىنى باشلىدى:

مەلىگە چىرىك چىقسا،
يۇگۇرۇپ چىقتىم تالاغا.
هارۋىكەش بولۇپ قىلىپ،
خويمۇ قالدىم بالاغا.

هارۋىكەشنىڭ يول بويى،
مىڭدۇر بالا - قازاسى.
هەيدىمەي دىسەم باينىڭ،
قورقىتىدۇ جازاسى.

— قويە، ئۇنداق يىغا چىقىپ تۇرىدىغان ناخشاڭنى! — دىدى ئۈچىنچى هارۋىكەش، — سۆيگۇ ناخشىلىرىنى ئېيتامسەن ياش بولغاندىكىن؟! — ئۇ شۇنداق دىدى-دە، ناخشىسىنى باشلىدى:

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق،
گوبى ئەمەسمۇ؟
گوبىدىكى بىزنىڭ يارغا،
ئۇگال[①] ئەمەسمۇ؟

---

① ئۇگال — تورپان - گۇچۇڭ شىۋىسى، «ئۇۋال» نىڭ فونتېكىلىق ئۆزگىرىشى — ئا.

— هوي، هوي يىگىتلەر، ئاڭلاپ تۇرۇڭلار — ھە، ھارۋىكەش ناخشىسى دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ! — دېدى ئوتتۇرىدىكى بىر ھارۋىكەش قامچىسىنى تارسىلدىتىپ بىرنى سوقۇۋېتىپ، «ئوخشۇ بىلگىنىنى چىللاپتۇ» دېگەندەك، ئۇمۇ ناخشىسىنى باشلىدى:

باغلىنىپتۇ يارغا مەيلىم شۇبۇ كۆڭلەردە،
كېچە ياتسام كەلمەس ئۇيقۇم ئۇزاق تۈنلەردە.
ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق، كاج مېنىڭ بەختىم،
بەختىخانىنىڭ چار بېغىدا سۇ بولۇپ ئاقتىم.

ئېتىم تارتسا، كالام تارتماس، قالدىم بالاغا،
بىزنىڭ يارنىڭ مەيلى بولسا چىقسۇن تالاغا.
قەلەمقاشىنىڭ چار بېغىدا سۇ بولۇپ ئاقتىم.
......

بۇ ناخشىغا ھارۋىكەشلەرلا ئەمەس، ھەتتا توختى ئاخۇن، ھىدايىتۇللا، يىگىدىن ساۋاق تۈگەتكەن كۇچالىق سەلەي قارىي، قارا شەھەرلىك ھاشىم، تۇرپانلىق ئابدۇللا، پىچانلىق سىيىتنىياز قاتارلىق شاگىرتلارمۇ ئىختىيارسىز قوشۇلدى:

ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق، كاج مېنىڭ بەختىم.
بەختىخانىنىڭ چار بېغىدا سۇ بولۇپ ئاقتىم.
......
قەلەم قاشىنىڭ چار بېغىدا سۇ بولۇپ ئاقتىم.

ئىككىنچى كۈنى يول خېلى ئاۋۇغاندى، كۈن غەربكە قىيسايغاندا تۇيۇقسىزلا ھاۋا تۇتۇلۇشقا باشلىدى. تاغ ئارقىسىدىكى يۇرتلارنىڭ ھاۋارايى تولىمۇ ئۆزگىرىشچان كېلەتتى. ئەتىگەندىن



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بۇيان سۇپسۇزۇك تۇرغان ئاسماندا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. پايانسىز دالىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىدە شامال سىرتىق تۇپىلارنى ئۇچۇرۇپ، گاھ پەسىيىپ، گاھ كۈچىيەتتى ـ دە، قوغلاشماق ئوينايتتى. ئاسماننى قاپلىغان كۇل رەڭ يامغۇر بولۇتلىرى غەربكە قاراپ تۈرۈلمەكتە. قاتتىق يامغۇر ياغىدىغاننىڭ شەپىسى ئېنىقلا بولۇپ قالدى.

جىمساردىن چىقىپ ئەللىك نەچچە چاقىرىمچە يول يۈرگەن يىگىرمىدەك هارۋا شامدىن ئىلگىرى سەنتەي ئۆتىڭىگە يېتىشىلىشقا ئالدىرىدى. هارۋىكەشلەر ئەمدى ناخشىنىڭ ئورنىغا قامچىنىڭ ئاۋازىنى ياڭراتتى. شاگىرتلار هارۋىكەشلەرگە ياندىشىپ هارۋىدا ئولتۇرغانىدى. توختى ئاخۇن بىلەن هىدايىتۇللا خەلپەتلا ئاتلىق ئىدى، ئۇلارمۇ ئاتلىرىنى دېۋىتتى. يامغۇر يېغىشتىن ئىلگىرى هارۋىلار سەنتەي ئۆتىڭىگە كىرىپ ئورۇنلىشىۋالدى.

× × ×

سەنتەي ئۆتىڭىگە ئۇلاشقان هارۋىكەشلەر يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئاز ـ تولىدىن چاي ـ پاي ئېچىشىپلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن هېكايە قىلىشتى؛ بەزىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىرىنى ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشىپ، پەخىرلىنىشتى. سۆزلىرى تۈگىگەندە بىردەم دۇم ـ دۇم ئويناشتى. توختى ئاخۇن بىلەن هىدايىتۇللا خەلپەتمۇ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپلا، بۇ ياش هارۋىكەشلەر چۈشكەن ئۆيگە كىرىشىپ سۆهبەتكە داخىل بولۇشتى. هارۋىكەشلەر توختى ئاخۇننى بىردەم پاراڭ سالغۇزدى. توختى ئاخۇنمۇ بۇ هەمسەپەر ياشلارنىڭ كۆڭلىگە يارىشا ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن ۋە كېيىنكى جاپالىق

جانبازلىق مەشقلىرىدىن پاراك قىلىپ بەردى.

— سىلىمۇ جاپاكەش ئادەم ئىكەنلا ـ ھە، توختاخۇن ئۇستام؟ — دېدى بىر ھارۋىكەش.

— شۇنداق، مىنىڭ باللىق چاغلىرىم جاپادا ئۆتكەندى، — توختى ئاخۇن راست گەپنى قىلدى.

— باللىق چاغلىرىغۇ جاپا ـ مۇشەققەتتە ئۆتۈپتۇ، سىلى قانداق قىلىپ تېخىمۇ جاپالىق بولغان بۇ جانبازلىقنى خالاپ قالغان ئىدىلە؟ — دەپ سورىدى يەنە بىر ھارۋىكەش.

توختى ئاخۇن كىچىكىدە لاۋما خۇرجاغا ئىشلەمچىلىككە كىرگەن چاغدا، ئۇنىڭ مالاۋسى ۋە مالاۋۋۇ دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ ئۇنى پات ـ پاتلا بوزەك قىلىدىغانلىقىنى، بۇنى كۆرگەن سىچۇەنلىك ئىشلەمچى چىك فامىلىلىكنىڭ ئۆزىگە جانبازلىقنى ئۆگىتىپ قويغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن جانبازلىق كەسپىگە كىرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

توختى ئاخۇننىڭ كىچىك پېئىللىقىنى كۆرگەن ھارۋىكەش باللار ئۇنىڭدىن ئۇنى ـ بۇنى سوراشقىلى تۇردى. توختى ئاخۇنمۇ بىلگىنىنى ئايىماي سۆزلەپ بەردى. ئۇ باللاردىن سوراپ قالدى:

— ئىنىلىرىم، يىگىتلەر، دۇنيادا ھەممىدىن نېمە قاتتىق؟

— تاش قاتتىق.

— تۆمۈر ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق!

— پىچاق، پالتىلارنىڭ بىسىغا ئورنىتىدىغان قۇيۇچ ـ پولات ھەممىدىن قاتتىق.

يىگىتلەر تۈشمۇتۈشتىن سۆزلىگىلى تۇردى.

— يېڭىلىشتىڭلار! — دېدى توختى ئاخۇن ھارۋىكەش يىگىتلەرگە قاراپ، — يوقسۇزلۇق ھەممىدىن قاتتىق!

— توغرا، — دېدى باشتا سوئال سورىغان ھارۋىكەش يىگىت، — مانا مەن يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىدە مۇشۇ

هارۋىكەشــلىكنىڭ جاپاســىنى تولىمــۇ تارتىــپ كەتــتىم، ئــون بەش يېــشىمدا هارۋىكەشــلىك قىلغىلــى باشــلىۋىدىم، مانــا هــازىر يېــشىم ئوتــتۇزغــا تاقــاپ قالــدى، يــا ئــشتىنىم ئىككــى بولمــىدى، يــاكى ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولالمىدىم.

باشــقىلار ئۇنــىڭ چىرايىغــا قاراشــتى. گەرچە جىنچىراغنىــڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلار ئوچۇق كۆرۈنمــىسىمۇ، ئۇنــىڭ چىرايــىدا مــىسكىنلىك، غەمكىنلــىك، بىچارىلــىك ئەكــس ئېتىــپ تۇراتتى.

ــ ئــاغىلاغىلار بــۇرادەرلەر، ئــون بەش يىلــدىن بۇيــان هارۋىكەشلىكنىڭ جاپاسىنى تولا تارتىپ، شۇ جاپالاردىن تۇغۇلغان هــېس ـ تۇيغــۇ بىــلەن مۇڭــداق ئىككــى كۇپلېــت قوشــاق توقۇغانىدىم، ــ دېدى، ئاندىن مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

چۆلدە مېڭىپ گال قۇرۇپ،
مەنزىللەردە ئاھ ئۇرۇپ.
قېرىپ كەتكەن ياش تۇرۇپ،
قارغىش تەگكەن هارۋىكەش.

جامائەتنىڭ ئالدىدا يوق،
بىر ۋاق ناماز يادىدا يوق.
تاپقان پۇلنىڭ بەركىتى يوق،
قارغىش تەگكەن هارۋىكەش.

ــ ناهايىتى جايىدا ئوخشىتىپسەن، ــ دېدى توختى ئــاخۇن ئۇنىڭغــا قــاراپ، ــ دەرۋەقە، هارۋىكەشــلىكنىڭ جاپاســى كــۆپ، چــۆللەردە كېتىۋېتىــپ هارۋىنىــڭ ئــوقى يــاكى بىــرەر يېــرى سۇنۇپ كەتــسە، يــازلىقى تومــۇزدا ئۇســساپ، قىــشلىقى تــوڭلاپ ئۆلــدىغان

www.uyghurkitap.com

ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ. سەن بۇ ھارۋىكەشلىكنىڭ جاپاسىنى تازا جايىدا تەسۋىرلەپسەن. جايىدا توقۇلغان مۇشۇ قوشاق ـ بېيىتنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇرۇمچىگە ساق ـ سالامەت يەتكەندە، ئاشپۇزۇلدا سىلەر ھارۋىكەشلەرنى راسا مېھمان قىلاي!

— ھەببەللى! ھەشقاللا سىلىگە! — دېيىشتى ھارۋىكەشلەر.

— بىزلەرنىچۇ ئۇستام؟ — دېدى كۈچالىق شاگىرت سەلەي قارىي.

— سىلەرنىمۇ بىرگە مېھمان قىلاي، چۈنكى سىلەرمۇ جانبازلىق ساۋاقلىرىنى تۈگىتىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ؟! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە بىزمۇ سىلىگە ھازىرلا ھەشقاللا ـ رەھمەت دېۋېتەيلى! — دېدى سەلەي قارىي خۇشلۇقىدا چاۋاك چېلىپ.

ھارۋىكەش باللارمۇ بىرگە قوشۇلۇپ چاۋاك چېلىشتى. توختى ئاخۇن شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزلىرى چۈشكۈن قىلغان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھارۋىكەش يىگىتلەر بۇ كەمتەر، چىقىشقاق، كىبىرسىز، دىلكەش جانباز توختى ئاخۇننىڭ شېرىن گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ، بىردەمدىلا تاتلىق ئۇخلاپ كەتتى.

× × ×

ئەتىسى بىر ئاش پىشىم ۋاقىت يول باسقاندا ھارۋىلارنىڭ يولى توسۇلۇپ قالدى. ھارۋىكەشلەر ھارۋىلىرىدىن چۈشۈپ كۆردىكى، سېغىز توپىلىق يولدا قوڭغۇز شەكىللىك بىر كىچىك ماشىنا پاتقاققا پېتىپ قالغانىدى. يولنىڭ چېتىدە ئەت رەڭ كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پۇتىغا قارا خۇرۇم ئاياغ، بېشىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭ دۇخاۋىدىن سىيدام بۆك كىيگەن، يارىشىملىق بۇرۇت قويغان ئوتتۇرا بوي، سالاپەتلىك بىر ئادەم قىسقا غاڭزىسىدىن توختىماي

پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، ئۇ ياقتىن - بۇياققا چامداپ تۇراتتى. ئۇن - يىگىرمىچە ھارۋىنى كۆرگەن كانۋوي شوپۇرغا قاراپ تووۋلىدى:

— ۋاي مەخسۇت ئۇستام، چاپسان بولۇڭ، بىرمۇنچە ھارۋىلار كېپقالدى، شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ پىكاپنى لايدىن چىقىرىۋالايلى! — دېدى.

رەڭگى تاتارغان، كىيىم - كېچەكلىرى لاي - پاتقاققا مىلەنگەن شوپۇر قولى بىلەن پىكاپنىڭ ئارقا چاقىدىن پاتقاقنى كولاپ ئېلىۋاتاتتى. ئۇ لاينى چاق ئاستىدىن خېلىدىن بېرى شۇنداق ئېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېچبىر ئۈنۈمى بولمايۋاتاتتى. ئۇ كانۋوينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىكەشلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى - دە:

— ۋاي بۇرادەرلەر، سىلەرنى خۇدايىم يەتكۈزدى جۇمۇ! ئەتىگەندىن ھەپىلىشىپ بۇ پىكاپنى ئورنىدىن قوزغىتالمىدىم، چىقىرىشىپ بېرىڭلار! — شوپۇرنىڭ كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— پىكاپ دېگىنى مۇشۇكەن - دە؟

— بۇنى پىكاپ دېسە، كوڭكا دېگىنى قانداقتۇر ئەمىسە؟

— ئىككىسى بىرلا گەپ ئاغىنىلەر، بىرى ئاكىسى، بىرى ئۇكىسىدۇر تايىنلىق!

ھارۋىكەش بۇرادەرلەر شۇنداق دېيىشىپ، ماشىنىنىڭ ئالدى - ئارقىغا ئۆتۈپ ئۇنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

— بىرقانچىڭلار ئارقىدىن، بىرقانچىڭلار ئالدىدىن كۆتۈرۈڭلار بۇرادەرلەر! — شوپۇر ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ چۆگۈلەيتتى.

— ماقۇل، كوڭكا دېگەننى مانا بۈگۈن كۆرۈپتىمىز، ئىچىگە چۈشەلمىسەكمۇ كۆتۈرۈپ بولسىمۇ ئالايلى!

www.uyghurkitap.com

ھارۋىكەش بۇرادەرلەر ماشىنىغا تۇشمۇتۇلۇشتىن يېپىشتى. ئۇلار ماشىنىنى ئورنىدىن قوزغاتتى. يۇ، پاتقاقتىن چىقىرىۋالالمىدى. ئىككى - ئۈچ رەت شۇ تەرزدە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ، نەتىجە بولمىدى.

— نېرى تۇرۇڭلار، مەن بىر كۆچەپ باقاي،— دېدى توختى ئاخۇن پۇچقىنى تۇرۇپ.

— ياقەي ئۇستاز، سىز پاتقاق كېچىپ يۈرمەك، مانا بىز شاگىرتلىرىڭىز بارغۇ بۇ يەردە!؟ — دېدى ھىدايىتۇللا خەلپەت،— قېنى سەلەي قارىي، ئابدۇللا، سىيىتنىياز، كېلىڭلار! بۇ مەخلۇقنى پاتقاقتىن چىقىرايلى!

شاگىرتلاردىن ئىككىسى ئالدىنى، ئىككىسى كەينىنى تۇتتى. لېكىن، پىكاپ پاتقاقتىن چىقمىدى. توختى ئاخۇن پۇچقىنى تۇرگەچ ئابدۇللاغا قاراپ توۋلىدى:

— ئابدۇللا، سىيىتنىياز بىلەن ئىككىڭلار ئىككى پارچە تاش تېپىپ كېلىڭلار!

ئابدۇللا بىلەن سىيىتنىياز ھەربىرى ياستۇقتەك چوڭلۇقتىكى تاشتىن بىردىن كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇستىسى كۆرسەتكەن يەرگە ئاۋايلاپ قويۇپ بەردى. توختى ئاخۇن ئىچىدە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ تۇرۇپ تاشقا دەسسىدى. دە، ماشىنىنىڭ كەينىدىكى توغرا تۆمۈرنى تۇتۇپ «ياپىرىم!» دەپ توۋلاپ بىرلا كۆچەپ، ماشىنىنىڭ كەينىنى پاتقاقتىن چىقاردى، ئاندىن ئالدىغا ئۆتۈپ ئالدىدىكى توغرا تۆمۈردىن تۇتۇپ بىرلا كۆچەپ، ماشىنىنى لىككىدىلا يانغا ئالدى.

— بارىكاللا! بارىكاللا!— نېرىراقتا غاڭزىسىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ تۇرغان سالاپەتلىك ئادەم شاپاشلاپ كېلىپ توختى ئاخۇنغا ئىككى قولىنى سۇندى. توختى ئاخۇن ئۆزىنىڭ لاي يېپىشقان قولىغا قارىغىنىچە بۇ سالاپەتلىك ئادەمنىڭ قولىنى

تۈتۈشتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ قالدى.
— كېرەك يوق، كېرەك يوق، سىزنىڭ كۆچلۈك قوللىرىڭىزنى تۇتۇش ماڭا نېسىپ بولغىنىدىن خۇشالمەن، ئاجايىپ باھادىر - پالۋان ئىكەنسىز، ئىسىم - شەرىپىڭىز كىم بولىدىكىن؟— سالاپەتلىك ئادەم توختى ئاخۇننىڭ لاي قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە، كەڭ مۈرىلىرىگە ھەۋەس بىلەن قارىدى.
— ئىسمىم توختاخۇن.
— يۇرتىڭىز قەيەردىن؟
— گۇچۇڭلۇقمەن.
— سىز ھېلىقى جانباز ئۇستا توختاخۇنمۇ؟
— شۇنداق.
— خۇداغا شۈكرى، سىزنى يۇرتىڭىز گۇچۇڭدا كۆرەرمەن دېگەن ئۈمىدتە كېتىۋاتاتتىم، يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق، سىزنى بۇ چۆلدە نەس باستى، ھېلىمۇ ياخشى سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن ئىشىمىز ئوڭشالدى. مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دەپتىكەن، كۆرمىگەن بولسام ئىشەنمەيتتىم، ھەقىقەتەن كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىكەنسىز!
سالاپەتلىك ئادەم ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.
— سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟— دەپ سورىدى توختى ئاخۇن ھاياجان بىلەن سۆزلىگەن بۇ ئادەمگە قاراپ.
— ئەدەپسىزلىك بوپتۇ، ئەدەپسىزلىك! مەن ھاياجانلانغىنىمدىن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىز! ئىسمىم بورھان شەھىدى، كىشىلەر مېنى بورھان ئەپەندى دېيىشىدۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيمەن،— سالاپەتلىك ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇردى.
— ئىسىم - شەرىپلىرىنى ئاڭلىغان، كۆرۈشۈشكە بۇ يول ئۈستىدە نېسىپ بوپتۇ،— دېدى توختى ئاخۇن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار يول ئۈستىدىلا سۆزلەشتى. بورھان شەھىدى يەنە ئېغىز ئاچتى:

— گۇچۇڭغا ئالدىراش خىزمەت بىلەن مېڭىۋىدىم، يول ئۈستىدە كۆرۈشۈپ قالدۇق، سىز نەگە ماڭغان ئىدىڭىز؟

— مۇشۇ ھارۋىلارنى قوروقداپ ئۈرۈمچىگە ماڭغانىدىم.

— سىلىدەك داڭلىق ئادەمگە بۇنداق ئىش مۇناسىپ كەلمەيدۇ، ئەگەر خالىسىڭىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە ماھارەت ئۆگىتىدىغان باش مەشقاۋۇللۇق خىزمىتىگە ئۇلاشتۇرۇپ قوياي، قانداق؟ — بورھان شەھىدى توختى ئاخۇنغا قارىدى. بۇ ئادەم ئۇزاقتىن بۇيان توختى ئاخۇن توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرگەنىدى، بۈگۈن ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. شۇڭا، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن خىيالىنى توختى ئاخۇنغا ئېيتقانىدى.

— كۆڭۈللىرىگە رەھمەت بورھان ئەپەندى، بىزگە يەنىلا شۇ گۇچۇڭ ياخشى، — دېدى توختى ئاخۇن تۈزلا.

— گۇچۇڭدا يۈزلەپ شاگىرت يېتىشتۈرسىڭىز، ئۈرۈمچىدە — ئۆلكە مەركىزىدە ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئادەم تەربىيەلەيسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىرىكچىلىكىنىڭ جاپاسىنى تارتىپ، چۆللەردە ھارۋا قوروقداپ يۈرمەيسىز- دە!؟ — دېدى بورھان ئەپەندى توختى ئاخۇنغا كۆيۈنۈپ.

— مەن ئاتا - ئانامنىڭ چىرىغىنى ياندۇرغاچ يۇرتۇمدا تۇرۇۋېرەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىم ئەللىككە بېرىپ قالدى، ئەپەندىم!؟ — دېدى توختى ئاخۇن كۈلۈپ.

بورھان ئەپەندى خېلى كۆپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، توختى ئاخۇن پەقەت سىلىققىنا رەت قىلىپلا، ئۆلكە مەركىزىدە ئەسكەرلەرگە باش مەشقاۋۇل بولۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇ ئۆز يۇرتىغا، ئۆز ئانا تۇپرىقىغا مۇنچە مۇھەببەت باغلىغان توختى ئاخۇنغا بورھان

شەھەردى قايىل بولدى- دە، خوشلىنىشىپ ماشىنىغا چىقتى. ئۇ خېلى يەرگىچە ماشىنا ئىشىكىدىن قولىنى چىقىرىپ پۇلاڭلىتىپ ماڭدى. توختى ئاخۇنىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ھارۋىكەش بۇرادەرلەر توختى ئاخۇنىنىڭ شۇنچە ياخشى خىزمەتنى نېمە سەۋەبتىن قوبۇل قىلمىغىنىغا ھەيران بولۇشقىنىچە، قامچىلىرىنى تارسىلدىتىپ سوقۇپ، يولغا چۈشتى.

× × ×

توختى ئاخۇن ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن يىگىرمىدەك يۈكلۈك ھارۋىنى قورۇقداپ ئۆز قەرەلىدە ئاخىرقى مەنزىلگە — ئۈرۈمچىگە ساق - سالامەت يەتكۈزۈپ كەلدى ھەم ھارۋىلارنى نازارەت قىلىپ كەلگەن ۋاكالەتچىدىن ھەققىنى تولۇق ئالدى. توختى ئاخۇن ئەمدى ئۈرۈمچىنىڭ قايناق بازارلىرىدىن بۇلاقبېشى كوچىسى ياكى دۆڭكۆۋرۈك رەستىسىدىكى ئاۋات ئاشپۇزۇللارنىڭ بىرىگە ھارۋىكەشلەرنى ۋە شاگىرتلىرىنى باشلاپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرايلى دېيىدى، ئۇلار ئۇنىمىدى. چۈنكى، ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ يول بويى ھارۋىكەش بۇرادەرلەرگە ھەم شاگىرت باللارغا دەپ كەلگىنى بويىچە، ئۇلار توختى ئاخۇننىڭ چوڭ ئوغلى ئىزامىدىننى ئىزدەپ تېپىشىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ئاشپۇزۇلغا كىرەيلى، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. توختى ئاخۇن بۇرادەرلەرنىڭ ياخشى كۆڭلىنى يەردە قويۇشقا ئىمكان تاپالمىدى. ئۇلار ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ئىزامىدىننى ئىزدەشتۈردى.

ھىدايىتۇللا بىر تۈركۈم بۇرادەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىرداۋاندىن تاكى باداۋانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى مەھەللىلەرنى ئاتلىق يۈرۈپ ئىزدىدى. شاگىرتلاردىن سەلەي قارىي بىلەن ئابدۇللا ۋە يەنە ئىككى نەپەر ھارۋىكەش بۇرادەر ئۈچ تاشتىن پوشكالچىنىڭ

دىڭگىچە① بولغان ئارىلىقنى ئىزدەشتۈردى. توختى ئاخۇن سېيىتنىيازنى ئەگەشتۈرۈپ چوڭ كۆۋرۈك، ئوتتۇرا كۆۋرۈك، دۆڭكۆۋرۈك ۋە باش كۆۋرۈك ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنى ئىزدەشتۈردى. كەچقۇرۇندا ھەممەيلەن ھېرىپ - ئېچىپ بولاقبېشى كوچىسىدىكى دەڭگە قايتىپ كېلىشتى. ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا «نىزامىدىننى تاپالمىدۇق» دېگەن سۆز ئوخشاشلا چىقتى. چوڭ ئوغلى نىزامىدىننى كۆرۈشكە شۇنچە تەقەززا بولغان توختى ئاخۇننىڭ ئەمدى ئاچچىقى كەلدى. دە، قولىنى بىرلا سىلكىپ، نىزامىدىننى ئەمدى ئىزدىمەسلىكنى ئېيتتى.

ئەتىسى توختى ئاخۇن شاگىرتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بولاقبېشىدىكى ساتىراشخانىغا كىرىپ چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرماق بولدى. بۇ خېلى ئاۋات ساتىراشخانا بولۇپ، يەتتە - سەككىزچە شاگىرت ئۇستىسى بىلەن بىرگە چاچ ئېلىپ، ساقال - بۇرۇت ياسايتتى. خېلىدىن كېيىن توختى ئاخۇنلارغا نۆۋەت تەگدى. توختى ئاخۇن ساتىراش ئۇستىغا ئۇدۇل كەلدى. بۇ ئادەم ئاغزىدا گەپ قىلىپ تۇرسىمۇ، كۆزى بىلەن شاگىرتلىرىنى ھەم نازارەت قىلىپ، ھەم چېۋەر قوللىرى بىلەن چاچ ئېلىپمۇ تۇراتتى. ئۇ توختى ئاخۇننىڭ بېشىنى ئۆتتىقاچ، كونا ئۇلپەتتىدىن بىرىگە گەپ تاشلىدى:

— ھە، ئايدۇۋەلى مەخسۇم، ئېيتسىلا قېنى، ھازىر شىڭ دۇبەن بىلەن خوجىنىياز ھاجىم يارىشىپ قاپتۇ دېيىسلە؟

— شۇنداق، شىڭ دۇبەن ئىلگىرى ئۆزى بىلەن تىغمۇ - تىغ ئېلىشقان رەقىبى بىلەن يارىشىپ قاپتۇ. ئۇ ئادەم ھازىر دۇبەن

① پوشكالچىنىڭ دېنى— تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئورۇندا يەنى ھازىرقى توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىسىنىڭ ئورنىدا پوشكالچىنىڭ دېنى دەيدىغان بىر دەڭ — ئۆتەڭ بار ئىدى— ئا.



www.uyghurkitap.com

مەھكىمىسى ئىچىدىكى ئازادە ئۆيلەردە كۆچالىق سەتەڭ خوتۇنى چىلىپ بەرگەن دۇتاردىن ھوزۇرلىنىپ يېتىۋاتقۇدەك.

ئابدۇۋەلى مەخسۇم بۇ ساتىراشخانىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ، نۇرغۇن ئۇچۇر - خەۋەرلەرنى ئۇيياقتىن - بۇياققا توشۇيدىغان، مۇشۇ ساتىراشخانىدا كۈنلەپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا خۇشتار، ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن تاكى يەر ئاستىدىكى يىلتىزغىچە بىلمەيدىغىنى يوق، ھەممىگە چېپىلىدىغان ئادەم ئىدى.

— ئەمدى ئۇ ئادەم باشلىغان ئىنقىلاب شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقان بولدىمۇ مەخسۇم؟ — دەپ سورىدى ساتىراش ئۇستا ئابدۇۋەلى مەخسۇمدىن.

— ئۇنداق بولماس، خوجىنىياز ھاجى بىر تۈركۈم ياشلارنى سوۋېتكە ئوقۇشقا ئەۋەتىپتۇدەك، مەھمۇد مۇھىتى ھىندىستان تەرەپكە چىقىپ كېتىپتۇدەك، ئەگەر خوجىنىياز ھاجىم ھېرىپ - چارچاپ قالغان بولسا، سىرتقا ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەنلەر ئوقۇشنى تۈگىتىپ كەلگەندە ئىنقىلابنى شۇ ياشلار داۋاملاشتۇرارمىكىن، — دېدى ئابدۇۋەلى مەخسۇم.

— مۇنداق گەپلەرنى قىلىشماڭلار بۇرادەرلەر، بىكاردىن - بىكار ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق بولۇپ قالمىغاي يەنە، ھازىر ھەممىلا يەردە شىڭ دۇبەننىڭ قۇلاقلىرى بار — دېدى چاچ ئالدۇرۇشنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بىر مېھمان.

— توغرا، توغرا، بۇ بۇرادىرىمىزنىڭ گېپى توغرا، شۇنداق قىلايلى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى قويايلى بۇرادەرلەر، — دېدى ساتىراشخانا ئۇستىسى گەپنى چاقچاقلىق بىلەن ئۇلىشىپ.

— ئەمىسە مەن سىلەرگە گۇچۇڭلۇق ئۇستا جانباز توختاخۇننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەي، — ئابدۇۋەلى مەخسۇمۇ چىچەنلىك بىلەن گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى.

www.uyghurkitap.com

— توغرا، توغرا، شۇ كىشى توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەرسىلە، مەنمۇ جانبازلىقتا ھېرىسمەنلىك قىلىپ قوۇم خالتىلارغا ئاز - تولا مۇشتلاپ باقتىم، بىراق كەسلەنچۈكنىڭ يىلان بولمىقى مىسلىك يىلچىلىك دېگەندەك، ھېچبىر ئىلگىرىلەش قىلالمىدىم، — دېدى ساتىراش ئۇستا، — شۇ ئادەم توغرۇلۇق مەنمۇ جىق گەپلەرنى ئاڭلىدىم، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بىر كۆرگەن بولسام، ئاز - تولا تەلىم ئالاتتىم، — ساتىراش ئۇستا توختى ئاخۇننىڭ چېچىنى ئۆتتەپ بولۇپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ ئۇنىڭ چېچىغا ئۇستىرا سالدى.

— توختى ئاخۇن جانباز بىر كۈنى يولدا كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ ئالدىنى تۆت جانباز توسۇپتۇ، — دەپ گەپ باشلىدى ئابدۇۋەلى مەخسۇم، — توختاخۇن ئۇ تۆت جانبازنى بىرىنى بىرىگە قوشماي، يانپاشقا ئېلىپ يەرگە شۇنداق ئېتىپتىكەن، ئۇلار ئورنىدىن تۇرالماي قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خەلق ئىچىگە: سەنىشى نيەن دي چامباش، دېگىبوشاڭ توختىدى يىگا يانپاش» دېگەن قوشاق تارقىلىپتۇ.

توختى ئاخۇن گېلىنى قىرىپ قويدى. ئابدۇۋەلى مەخسۇم گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ ئادەم شۇنداق يوغان، دېۋە سۈپەت ئادەمكەن، بىر ۋاقلىق غىزاسىغا بىرەر پاقلاننى يېۋېتەرمىش، شۇنىڭغا يارىشا، بىرەر تورپاقنى كۆتۈرۈپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى دالان ئۆيگە ئەچىقىپ كېتەلەيدىكەن......

توختى ئاخۇن ئەمدى ئۇلتۇرالماي قالدى. «بۇ ئادەملەر نېمشقا بىرگە ئۇننى قېتىپ سۆزلەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. ئۇ يەنە بىردەم تەخىر قىلسا، بۇ پاراڭچى ئادەمنىڭ ئاغزىدىن تېخىمۇ چوڭ مۇبالىغە، ئەپسانىلەر چىقىدىغاندەك ئىدى. توختى ئاخۇن

ئۇلتۇرغان ھالىتىدىلا ئىچكى ئىنىرگىيەنى تەڭشەپ، پۈتۈن بەدەن قۇۋۋىتىنى باش قىسمىغا يىغدى ـ دە، ئىۋىتىلىپ تەييار بولغان چاچلىرى ئەمدىلىكتە كىرپىنىڭ تىكىنىدەك قاتتىقلاشتى. ساتىراش ئۇستامنىڭ ئۇستىرىسى خۇددى سىمغا تاقاشقاندەك توختاپ قالدى.

— ۋۇي - ۋۇي، نېمە بولغىنى بۇ ئەمدى ـ ھە؟ بىر ئوبدان كېسىۋاتقان ئۇستىرا بىردەمدىلا ئۆتمەس بولۇپ قالدىغۇ؟ — ساتىراش ئۇستا ھەيرانلىققا چۆمدى. ئۇ ئۇستىرىنى كاپلاپ باقتى، بىلەپ باقتى، تېخى ئىشلەتمىگەن زاپاس يېڭى ئۇستىرىنى ئېلىپ چاچقا سېلىپ باقتى، ئۆتمىدى. ساتىراش ئۇستا ئۇستىرىنىڭ قىلوتىنى چىقىرىپ[1]، ۋايىغا يەتكۈزۈپ بىلەپمۇ باقتى، ئۇستىرا ئۆتمىدى. ساتىراش ئۇستا ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ تۇردى. شاگىرتلار بۇ چاغدا توختى ئاخۇن باشلاپ كىرگەن ھىدايىتۇللا قاتارلىق مېھمانلارنىڭ چاچ - ساقاللىرىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ، ھەممىسىلا ساتىراش ئۇستىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقىلى تۇردى. شۇ چاغدا توختى ئاخۇن باش قىسمىغا يىغقان كۈچنى بوشاتتى ـ دە:

— ئۇستام، ئەمدى چاچنى ئېلىۋېرىڭ، ئۇستىرىڭىز ئۆتۈشى مۇمكىن، — دېدى.

دەرۋەقە، ئەمدى ئۇستىرا شارتىلداپ ئۆتۈشكە باشلىدى، بايامقى تىكەندەك چاچ ئەمدى يۇمشاپ قالغانىدى. ساتىراش ئۇستا توختى ئاخۇننىڭ چاچ - ساقاللىرىنى بىردەمدىلا چىرايلىق ياساپ بولدى. ئۇ بايامقى ھەيرانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىماي تۇرالمىدى:

— مېھمان، بىر گەپنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، بايا تىن ئۇستىرام تۇيۇقسىزلا چاچلىرىغا ئۆتمەس

---

[1] قىلوتىنى چىقىرىپ بىلەش — ئۇستىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بىلەش. بۇ سۆز تۇرپان شېۋىسىدە ساقلانغان — ئا.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى، سىلىنىڭ گەپلىرىدىن كېيىن ئۇستىرا شارتىلداپ ئۆتۆشكە باشلىدى. بۇ نېمە بائىستىندۇر؟

توختى ئاخۇن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— سىلەر گېپىنى قىلىۋاتقان توختاخۇن جانباز دېگەن مەن بولىمەن، دەسلەپتە ئۇستىرىڭىزنىڭ ئۆتكىنى مەن ھەقتىكى گەپ - سۆزلەرنىڭ ئاز - تولا توغرا بولغانلىقىدىن ئىدى، قارىسام، مۇنۇ بۇرادىرىمىز گېپىگە پونى قوشۇپ سۆزلىگىلى تۇردى، — توختى ئاخۇن ئابدۇۋەلى مەخسۇمنى كۆرسەتتى، — شۇڭا، بىر ھۈنەر كۆرسىتىپ، گېپىڭلارنى تۈزىتىۋېلىشقا شەپە بەرگەنىدىم، — دېدى.

ساتىراش ئۇستام، ئابدۇۋەلى مەخسۇم ۋە باشقا شاگىرت ھەم نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. توختى ئاخۇن چاچ ئالدۇرۇش ھەققىنى شىرەگە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ساتىراش ئۇستا بۇنىمۇ سەزمىدى. ئۇ ئاغزىنى ئاچقىنىچە:

— ئاللا كارامەت، ھەققىي جانباز دېگەن مانا مۇنداق بولىدىكەن - دە! — دېدى.

شاگىرتلاردىن بىرى توختى ئاخۇن قويۇپ قويغان پۇلنى ئۇستىسىغا سۇنۇۋىدى، ئۇستىسى كايىپ كەتتى:

— ماڭ يۈگۈر، توختاخۇن جانبازدىن قانداقمۇ پۇل ئالغىلى بولسۇن!

شاگىرت بالا توختى ئاخۇنلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

يىگىرمە بىرىنچى باب

## يۇلتۇز ئۆچتى

قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى، ھىدايىتۇللا خەلپەت بامدات نامىزىدىن يېنىپلا قەبرىستانلىققا كەلدى. زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر قاتارىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر قەبرىنىڭ ئالدىغا يۈكۈنگەن ھىدايىتۇللا خەلپەت قەبرە ئالدىدىكى ئابىدە تاشقا پۈتۈلگەن مۇنۇ خەتلەرگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى:

مىلادىيە 1882 ـ يىلى 6 ـ ئايدا گۈچۈڭنىڭ تۆگمەنبېشى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا 63 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن داڭلىق جانباز توختى ئاخۇننىڭ ياتقان جايى جەننەتتە بولغاي، ئامىن.

ھىدايىتۇللا خەلپەت ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئايەت ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئۇستازى توختى ئاخۇنغا ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئىخلاسى، ئەقىدىسى بار ئىدى. توختى ئاخۇن گەرچە ئاتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قەيسەر ئادەم جۇڭخۇا ئېلىنىڭ جانبازلىق ماھارىتىنى گۈچۈڭدەك بىر چەت ـ ياقا يۇرتتا، ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇپ، جانبازلىق ماھارىتىدە ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقان. گۈچۈڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، مانجۇ، قازاق، ئۆزبېك، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر خەلقى قەلبىدە بەكمۇ تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قالدۇرغان

بىر ئەزىمەت ئىدى. ئۇ گەرچە، بۇ دۇنيادىكى ئۆزۈلمەس ھايات ئېقىنىدا، خۇددى چاقماقتەك ۋاللىدە نۇر چاقنىتىپلا ئۆتكەن، سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەكلا كۆرۈنۈپ يىتكەن بولسىمۇ، ئۇيغۇر خەلقى قەلبىدە مەڭگۈگە ساقلىنىپ قالغۇدەك شانۇشۆھرەت قازانغان. ھىدايىتۇللا خەلپەت بۇ ئۇستازىدىن تولىمۇ پەخىرلىنەتتى. توختى ئاخۇنمۇ ھىدايىتۇللا خەلپەتكە ئامراق ئىدى. ئۇ بارا - بارا ھىدايىتۇللا خەلپەتنى ئۆز ئوغلىدەك، ئۆز قېرىندىشىدەك، دىلكەش دوستىدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چوڭ ئوغلى ئىزامىدىن يېنىدا بولمىغاچقا، جانبازلىق ساۋاقلىرىنى شاگىرتلارغا ئۆگىتىشتە توختى ئاخۇن مۇشۇ چوڭ شاگىرتىغا تاياندى. جانبازلىق ھەرىكەتلىرىدىكى بەزى نازۇك تەرەپلەر، ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك جايلارنى مۇشۇ شاگىرتى بىلەن بىرگە بەھىس قىلىشتى، مۇزاكىرىلەشتى. زېرىككەندە ئىككىسى مۇڭداشتى، ھەتتا توختى ئاخۇن ئۆيىنىڭ قاتتىق - يىرىك ئىشلىرىنىمۇ ھىدايىتۇللاغا قىلدۇراتتى. توختى ئاخۇن ئۇزۇن سەپەرلەرگە، زىياپەت، باراۋەتلەرگە، جانبازلىق مۇسابىقىلىرىگە مۇشۇ شاگىرتى بىلەن باراتتى. ھىدايىتۇللا خەلپەت بەئەينى توختى ئاخۇننىڭ سايىسىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. توختى ئاخۇن جان ئۈزەر ۋاقتىدىمۇ ھىدايىتۇللا خەلپەت ئۇنىڭ قېشىدا بولۇپ، توختى ئاخۇن پەرزەنتلىرىنىڭ ياكى تۇغقانلىرىنىڭ ئېتىكىدە ئەمەس، بەلكى ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ قۇچىقىدا جان تەسلىم قىلغانىدى. توختى ئاخۇن ئۆزىنىڭ ئىچكى سىرىنى، جانبازلىقتىكى ئۆزى ۋايىغا يەتكۈزگەن ماھارەتلەرنىڭ بارچە نازۇك تەرەپلىرىنى ھىدايىتۇللاغا تولۇق ئۆيتقانىدى. ھىدايىتۇللامۇ بۇ دىلكەش ئۇستازىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمىدى. ئۇ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈردى. ئۆز ئوغلى ئاتاۋۇللاغا جانبازلىق ماھارەتلىرىنى تولۇقى بىلەن ئۆگەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كېيىنچە ھىدايىتۇللا خەلپەتنىڭ

ئىزىنى باسقان ئاتاۋۇللا دېگەن كىشىمۇ كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. توختى ئاخۇن جانباز ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى يادىدا ساقلاپ يۈرگەن ھەم مەزكۇر رومانىنىڭ ئاپتورىغا قىممەتلىك ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلغان ئابدۇسالام ئابابەكرى مانا مۇشۇ ئاتاۋۇللانىڭ تىرىشچان شاگىرتلىرىدىن بىرى ئىكەن......

ھىدايىتۇللا خەلپەت ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئۆتكۈرلىرىنى توختىماي ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا ئادەملەر بىردىن - ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. دەسلەپ توختى ئاخۇننىڭ ئاغىنىلىرىدىن ساتتار، مەمەت، قادىرلار كەلدى. كەينىدىن مايسىخان بىرنەچچە پوشكالنى داستىخانغا ئوراپ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى. ئارقىدىن قارىھاجى ئوغلى ئىسمائىل بايۋەچچە بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىسى مەردان، ئىزامىدىننىڭ ئاغىنىلىرىدىن قوشكېزەك ھەسەن - ھۈسەنلەرمۇ كەلدى. روزى قاسساپنىڭ ئوغلى مامۇت چوڭ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغىلى چىققانىدى. توختى ئاخۇننىڭ قەبرىسى ئالدىدىكى نۇرغۇن ئادەمنى كۆرۈپ ئاتىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىشتىن ئاۋۋال توختى ئاخۇننىڭ بېشىغا بېرىپ دۇئا قىلىشنى زۆرۈر بىلدى- دە، ئۇمۇ بۇ تەرەپكە كەلدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئۇنتۇمىغان سابىق ساقچى باشلىقى لى جۇڭمۇ ھاسىغا تايانغان ھالدا كىشىلەرنىڭ كەينىدە تۇراتتى. ئاخىرىدىراق كەلگەن ئاۋامىسلىم موللا، دۇگامەت ئەپەندى، شاۋۇدۇن ئەپەندى ۋە ھوشۇر ئاخۇن يەلتاپان بىلەن ھېيت ئاخۇن زاسۇپىيەز كىشىلەرنى ئارىلاپ - قىستاپ، قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۇرتىنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاقلىرى، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك قېرىنداشلاردىن توختى ئاخۇننى بىلىدىغانلىرى ياكى يولدا كېتىۋېتىپ كىشىلەرنىڭ تۇپراق بېشىغا

ماڭغانلىقىنى كۆرگەن، سوراپ بىلگەنلەرمۇ توختى ئاخۇننىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر توپىغا ئۈزۈكسىز قوشۇلماقتا...... قارىھاجى ئۆزىنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق قىرائىتىنى باشلىدى......

كىشىلەر توختى ئاخۇننىڭ قەبرىسى ئالدىدىن ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ، قېرىنداشلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا قاراپ بىرلەپ - ئىككىلەپ تاراپ كېتىۋاتقىنىدا، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ بىر ئېگىز بويلۇق يىگىت يېتىپ كەلدى ۋە ئالدىغا ئۇچرىغان بىرەيلەندىن:

— مۇنچىۋالا جىق ئادەم كىمگە دۇئا قىلدى؟ — دەپ سورىدى.


— توختاخۇن ئۇستامنىڭ قەبرىسى ئەمەسمۇ بۇ؟ سىز سىرتتىن كەلگەن ئوخشىماسسىز؟ — دېدى ئۇ مويسىپىت.

— ھەئە، ياق - ياق، مەنمۇ گۇچۇڭلۇق، توختاخۇن دېگەنلىرى ھېلىقى ئۆز ۋاقتىدا گۈلشەن مەكتىپىدە جانبازلىق ساۋىقى بەرگەن ئادەم شۇمۇ؟ — دېدى ئېگىز بويلۇق يىگىت مويسىپىتنىڭ سوئالىغا يەنە سوئال تاشلاپ.

— نەق شۇ ئادەم.

ئېگىز بويلۇق يىگىت شۇئان جايىغىلا يۈكۈنۈپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بىلگەن ئايەتلىرىنى ئوقۇغىلى تۇردى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا گۈلشەن مەكتىپىدە ئوقۇپ، تىرىكچىلىك يولى ئىزدەپ ئۈرۈمچى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن قۇتزات دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە دارىلمۇئەللىمىنى تۈگىتىپ، شۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقتا قالغان، شائىرلىقتىن خەۋىرى بار يىگىت ئىدى. ئۇ قۇربان ھېيتنى يۇرتىدا ئۆتكۈزۈشكە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن، قائىدە بويىچە ھارپا كۈنى تۇپراق بېشىغا چىققانىدى.

قۇتزات دۇئا قىلغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قويۇن دەپتىرىنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

چىقاردى. دە، ئاندىن يوغان قارا قەلىمىنى چىقىرىپ دولقۇنلاپ تۇرغان ھېسسىياتلىرىدىن قۇرلارغا شېئىرىي مىسرالارنى تىزىشقا باشلىدى:

يۇرتۇم گۇچۇڭ دىدارىڭنى كۆرگۈم كەلدى،
تاش - توپاڭنى كۆزلىرىمگە سۈرگۈم كەلدى.
ئاتا - ئانا، يۇرتداشلارغا سالام بېرىپ،
ئالما باغدا سەيلە قىلىپ يۈرگۈم كەلدى.

گۇچۇڭ سېنىڭ تارىخلاردا داڭقىڭ قالغان،
ئىككى ياندا مورى، جىمسار ئورۇن ئالغان.
يەڭگەن چاغدا جانبازلىرىڭ جانبازلارنى،
ھەممە يۇرتلار مۇبارەكلەپ چۇقان سالغان.

ئاشلىق، كۆمۈر، چارۋىلارغا قوينۇڭ تولغان،
گۈللەندۈرۈپ پەرزەنتلىرىڭ پىدا بولغان.
شۆھرىتىڭنى كۆتۈرگەنتى قەيسەر پالۋان،
توختاخۇندەك ماھىر جانباز باتۇر ئوغلان.
......

قۇتزات دەپتىرىنى قويۇن يانچۇقىغا سالدى. دە، توختى ئاخۇننىڭ قەبرىسىگە بىرھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ:

— ھەي ئىست! ئاجايىپ بىر يورۇق يۇلتۇز ئۆچتى. دە! — دېدى ۋە چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

يورۇق يۇلتۇز ئۆچتى. بىراق، ئۇنىڭ نۇرى، سىيماسى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈگە ئورۇن ئالدى......

www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق يەنە داۋاملاشماقتا. تۇنوختى ئاخۇننىڭ شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى تۇنوختى ئاخۇن ياندۇرغان جانپازلىق شامىنى ھازىرغىچە ياندۇرۇپ، نۇرلاندۇرۇپ كەلمەكتە......

قايناق گۈچۈك بازىرى. ھېيت ئاخۇن زاسۇيپەز قوشىقىنى ئۈنلۈك ئوقۇماقتا:

بازىرىدا گۈچۈكنىڭ،
ھېيتەم دېگەن نامىم بار.
ئاتا - بوۋامدىن قالغان،
سۇ بويىدا جايىم بار.

بىزنىڭ گۈچۈك بازىرى،
دائىم شۇنداق ئاۋاتتۇر.
ھەممە نەرسە تېپىلار،
يېمەكلىرى ناۋاتتۇر.
......

2008 - يىلى 28 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

托合提拳把戏 ：维吾尔文 / 司马义·铁木尔 著. —
喀什 ：喀什维吾尔文出版社，2013.2
ISBN 978—7—5373—2575—2

Ⅰ. ①托… Ⅱ. ①司… Ⅲ. ①托合提（1882～1945）
—生平事迹—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K825.47

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第032487号

责任编辑：穆罕默德·阿布里孜伯日亚尔
责任校对：故丽巴哈尔·麦麦提依明

**托合提拳把戏**（历史小说）

| | |
|---|---|
| 作　者 | 司马义·铁木尔 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998 — 2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路 14 号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司印刷 |
| 开　本 | 880 毫米 × 1230 毫米　1/32 |
| 印　张 | 14.5 |
| 版　次 | 2013 年 3 月第1 版 |
| 印　次 | 2013 年 3 月第 1 次印刷 |
| 印　数 | 1 — 3000 |
| 定　价 | 46.00 |